# ھکابلہ

www.uyghurkitap.com

# ھېكايىلەر

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتى شىنجياڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

مىللەتلەر نەشرىياتى

بۇ توپلام 40 ـ يىللاردىن 70 ـ يىللارغىچە بولغان 30 يىل جەريانىدا يېزىلغان ھەر خىل تېمىدىكى تاللانغان ھېكايىلەردىن تۈزۈلدى.

بۇ توپلامغا 30 ـ يىللاردا قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى غەزىنىسىگە ئۈچمەس توھپە قوشقان لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى، 40 ـ ۋە 50 ـ يىللاردىن باشلاپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەرشىدىن تاتلىق، ئابلىمىت مەسئۇدى، قېيۇم تۇردى قاتارلىق بىر تۈركۈم پېشقەدەم ۋە ياش يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

بىز توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەردىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «پادىشا ساموراپىلىرى ئېغىر ھالسىراپىدۇ» دېگەن فېلىيەتونىنى ئۇقۇغىنىمىزدا، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، ۋەتەننىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن كۈنلەردە، شىنجىياڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان پادىشا ساموراپىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئارقا سېپىدە ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش يولىدا قانداق كۈرەش قىلغانلىقىنى، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» دېگەن فېلىيەتونىدىن گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيىتى قاتتىق مەسخىرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» دىگەن ئەسىردە ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسىگە ــ يەنى بۈگۈنى ۋە ئەتىسىگە بولغان يۈكسەك ئىنقىلاۋىي ئۈمىتۋارلىق ۋە غايەت زور ئىشەنچ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، غەلىبىلىرىمىزگە تەنتەنە قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە، بۇ ئەسەرلەر بىزگە ھېلىمۇ شۇنچە جەڭگىۋار، تەسىرلىك بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى كەڭ، ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى كۈرەشلىرىنى ۋە ئازاتلىقتىن كېيىنكى 30 يىلدىن بۇيان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى، بولۇپمۇ تارىخىي بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان بۇ يېڭى دەۋردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان قەھرىمانلىقلىرىنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان، لېكىن سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك، ۋاقتىنىڭ قىسقا بولۇشى تۈپەيلىدىن، توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلەردە ئۇنداق، يا مۇنداق نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىي. كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدىي ياردەم بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى

شىنجاڭ شۆبىسى

1979 ـ يىل ئۆكتەبىر.

# مۇندەرىجە


لۇتپۇللا مۇتەللىپ — ئەجەل ھودۇقۇشىدا (فېلىيەتون) ....... 1
"پادىشا سامورايلىرى" ئېغىر ھالسىرايدۇ (فېلىيەتون) ........ 6
ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق .... 9
زۇنۇن قادىرى — ماغدۇر كەتكەندە ........ 17
ئەرشىدىن تاتلىق — تۇنجى كوچىگار ........ 49
تۇردى سامساق — خوشاللىق (ھېكايە)........ 63
ئابلىمىت مەسئۇدى — ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى ........ 98
قېيۇم تۇردى — زەرەپشان بويىدا (غەرەز ئۇقمايدىغان ئەر) ........ 116
مالىك كېۋىر — تاك ئالدىدىكى ئۇچقۇنلار ........ 136
چېكىر لېنشۇ — داغۇر يىگىتى ........ 181
ئەخەت تۇردى — گۈلخان ........ 227
ئەخەت ھاشىم — ياۋا سادىق ........ 251
زوردۇن سابىر — دولان ياشلىرى ........ 283

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قادىر ھاپىز — پەلەي ...................... 330
مەھەممەت پولات — ئالتۇن چىش ...................... 342
ھېمىت مەخسۇت شېرىپىدىن ئۆمەر — ئۈچرىشىش (دولەت بايرىمىنىڭ 30 يىللىغىغا سوغا) ...................... 352
تېمۇر گۇەنچىڭفۇ — ئىنسان قەدرى ...................... 392
قاھار جىلىل — ئاچالدا ...................... 420
خالىدىن ساتتار — بوراندىكى بۇركۇت ...................... 461

لۇتپۇللا مۇتەللىپ

# ئەجەل ھودۇقۇشىدا
## (فېلىيەتون)

«مۇسسولىنى گېتلېرگە زېنىت توپ، زەمبىرەك، ئايروپىلان ئەۋەتىپ، ئىتالىيىنى مۇھاپىزەت قىلىش توغرىلىق قەتئىي تەلەپ قويغان. مۇسسولىنىنىڭ بۇ تەلىۋى گېتلېرنىڭ ئومۇمىي بولىمىنى ھەيران قالدۇرغان» (گېزىت خەۋىرى).

نىئاپولدىن بېنىتو مۇسسولىنى ئولە ـ تىرىلىشىگە باقماستىن "رىم، نەدىسەن؟" دەپ سېمىز قوسىغىدا توختىمىغان ئىشتىنىنى كوتەرگەن پېتى ۋاقىراپ چاپتى.

— ۋاي خالايىق، ئوتتۇرا دېڭىز كويۇۋاتىدۇ!

— ھە، نىمە بولدى؟

— ئوتتۇرا دېڭىزغا ئوت كەتتى!...

مۇسسولىنى ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. بونا ئارىلىدا، بىزېرتا چوققىلىرىدا ئېتىلغان توپلارنىڭ ئاسمانىنى تىترىتىپ،

www.uyghurkitap.com

قارا ئىس ـ تۈتەكلەرنى ئەرش ـ ئەلاغا كۆتىرىپ ھەيۋەت بىلەن ئېتىلىشلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئالدىراپ چاپتى. ھېرىپ بارغان بويىچە گىتلېرنىڭ قويىنىغا ئېتىلدى. مۇسسولىنى ئەكىلەپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. گىتلېر ئۇنى پەپىلەپ بەزلەشكە باشلىدى:

— دۈپ ـ دۈگىلەك پور، سېمىز مۇسسولىنىم، يىغلىما، نېمە قورقىسەن؟

— مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن. ئىتالىيە تىررىن دېڭىزى ۋە ئادرىئاتىك دېڭىزىدىكى خۇددى بىر ئۆتۈكنى سۇغا چىلاپ قويغاندەك يەر تۇرسا، ئۇنىڭغا ئوت تۇتىشىپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟

— ئەخمەق ئىكەنسەن، — دېدى گىتلېر، — ئۆتۈككە ئوخشىغان ئارالدىنمۇ غەم قىلامسەن؟

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— مەن كىيىۋالىمەن، تامام!

— ئۇنى كىيىشكە بولمايدۇ!

— نېمىشقا؟

— ئۇنىڭ سىجىلىيە دىگەن چەمى ئاجراپ كەتكەن.

— دېمەك، كىيسەم نېمە بولىدۇ؟

— پۇتۇڭغا ئوت تۇتىشىدۇ. پۇتى كويگەن توخۇ ماڭالمايدۇ.

بۇلار كۆپ تالاشتىن كېيىن ئايرىلدى. گىتلېر يولىغا راۋان بولدى. مۇسسولىنى ئۆز ئوردىسىغا (داچىسىغا) گالاجىئانى، كافىلو، دافنو، كاۋىكالىئا ناملىق مارشاللارنى يىغىپ، ئىتالىيىنى

"قۇتقۇزىدىغان" باش ھەربى ئىشلار ئومىگىنى تەشكىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. مارشاللار ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە ئائىت نەرسىلەر ئۈستىدە سوزلىشىپ كەتتى.

— سەن كافىلو، يۇگوسلاۋىيىنىڭ جۇغراپىيە ئەھۋالى بىلەن تونۇشامسەن؟

— نىمىشقا تونۇشمايمەن! يۇگوسلاۋىيە تاغلىق رايون. يۇگوسلاۋىيە پارتىزانلىرى بىر تاغنىڭ ئىچىگە سولۇۋېلىپ، مېنىڭ ئاكامنىڭ پۈتۈن بىر دىۋىزىيىسىنى قىرىپ تاشلىغان.

— دافىنو، سېنىڭ گرېتسىيە ھەققىدە مەلۇماتىڭ قانداق؟

— يامان ئەمەس. مېنىڭ دادامنى گرېكلەر ئافىنا غاردىن دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن!

— سەن كاۋىكالىئا، جەنۇپ تەرەپتە خېلى بولغانىغۇ؟ قانداق، ئۇ ياق بىلەن چىقىشالامسەن؟

— ٥ - ماي كۈندەك، ئىتتىپاقچىلارنىڭ ئەسكەرلىرى قوغلىمىسا نېگىرلارنى قاخشىتىپ ئويناش كوڭۇللۇك ئىدى.

— گالاجىئانى، سەن رۇمىنىيىدە، روسىيە جەڭ مەيدانلىرىدا بولدۇڭ، رۇسلاردىن ئەسىر ئېلىپ باقتىڭمۇ؟

— ھە، ئەلۋەتتە. سەن رۇسلارنى تۇتۇۋالغىنىڭ بىلەن ئۇلار سېنى قويۇپ بەرمەيدىكەن.

مارشال كاۋىكالىئا سوزگە ئارىلىشىپ قالدى:

— بىز ئافرىقىدىن قاچقاندا، قورقۇقانغا قوش كورۇنۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئافرىقا چۆللىرىدە ئۆسىدىغان ئادەمگە ئوخشايدىغان كاكتوس ئۆسۈملۈكىگە چاس بەرگەندەك بولۇپتۇ ـ دە، كېرەك يوق.

ــ ئەمىسە، ئىتالىيىدىن تېچ يەر يوق دىگىنە؟ــ دەپ سورىدى بىرى.

ــ گىتلېر كىيىۋالىمەن دەيدۇغۇ؟

ــ مانا بۇ مۇتلەق قاملاشمايدۇ!

ــ نىمىسى قاملاشمايدۇ؟

ــ ئوتتۇكنى قۇرۇق كىيسە پۇتنى غاجايدۇ، ئۇنىڭغا بىرنىمە ئوراش كېرەك.

ــ بىزنى ئورايدىكەن ـ دە!......

ــ ئۇلۇغ رىمغا شۈكۈر!......

ــ مۇسسۇلىنىغا شۈكۈردە، ئەخمەق!......

ــ ئۇ ئولۇپ كەتسىچۇ؟

ــ ئاندىن ئىمپېرىيىگە شۈكۈر دىسەك بولىدۇ......

ــ ئۇقماپتۇق......

مۇسسۇلىنى ئۇخلىيالمىدى. ئۇ چۈش كوردى، چۈشىدە مۇنداق بىر ئىش كوردى: مانا، نىئاپول ئۈستىدە نەچچە مىڭلىغان ئىنتىپاقچىلار ئايروپىلانلىرى ئۇچۇپ يۈرىدۇ، مانا، بومبىلار ياغ-دۇردى، مانا، كۈچلۈك پارتلاشلار ئاسمانغا كوتىرىلدى. مانا ئوتتۇرا دېڭىزغا پاراخوتلار توشۇپ كەتكەن...... ئەنە، ئەسكەرلەر قىرغاققا دەسسىدى. مانا داچىنىڭ زور بىناسى ئورۇلۇپ كەتتى......

مۇسـسۇلنى قورقۇپ:

— ۋاي ھېئەك (گىتلېر)!...... — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

— ۋالاقلـىماي جىـم يات! — دىدى گىتـلېر بوغۇق، سەت ئۈنى بىلەن.

ئىككىـسى بىر بىرىـگە يات ئادەمـلەردەك ماي تاتىـشىپ قارىشىپ، خورازلاردەك بازغىشىپ، ئوتـتۇرا دېـڭىز تەرەپتىكى دەرىزىدىن كىرىۋاتقان شامالدا مۈزلىغاندەك غوللىرىنى چىقىرىپ، ھودۇقۇپ گاڭگىراشتى. گىتلېر ئاستاغىنا دىدى:

ھوكۇمرانلىق ھارۋىمىز پاتقاقـقا پاتتى، بىر چاقى شەرقـتە، يەنە بىر چاقى غەرپتە...

— پېتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئوقىمۇ سۇندى......

— "ئوق سۇندى"!......

ئىككىسىنىڭ كوزى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى.

1943-يىل 28-ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ”پادىشا سامورايىلىرى“ ئېغىر ھالسىرايدۇ

(فېلىيەتون)

ياپون ”پادىشا ئەسكەرلىرى“نى باسقان زور سوقۇش پاراخودى ئۇلۇغ ئوكيان فورونتىنىڭ ئالدىنقى لىنىيىلىرىگە قاراپ كېتىپ باراتتى. تۇن قاراڭغۇ، دېڭىز دولقۇنلۇق...... پاراخوتتىكى 15 ياشلىق ئەسكەر يېنىدىكى 70 ياشلىق قېرى دىن بوۋايدىن سوراپ قالدى:

— ئاكا، نېمىشقا بىزنىڭ بايرىقىمىزنىڭ بەلگىسى قىزىل ھەم دۈگىلەك؟

— كىم بىلىدۇ دەيسەن، ئۇكام، ئۇنى!......

— سەنمۇ ماڭا ئوخشاش بىلمەيدىغان ئوخشايسەن؟

— مەن كىتاپ ئوقۇشنىمۇ بىلەيمەن، — دىدى بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قېرى، — شۇنداق بولسىمۇ پەرەز قىلىدىغىنىم، ئۇنىڭ قىپ - قىزىل بولۇشى قان بولۇپ، دۈگىلەك بولۇشى داغ يەنى قىزىل داغ دىگەن سۆزمىكىن دەيمەن.

— ئەمىسە، بىزنىڭ لىيەننىڭ سىياسى رەھبىرى بىزگە

"ئۇ ئۇرىنى چىچىپ تۇرغان قىزىل كۆن" دەپ چۈشەندۈردىڭغۇ؟
— بەلكى قىزىل قان چاچىدىغان دۈگىلەك كۆندۇر. مەن تۇغۇلۇپ بۇ يېشىمغا كەپتىمەن، بۇ بايراقنىڭ ئۇرۇش ھەم قان چاچقىنىنى كوردۇم، ئۇر چاچقىنى يادىمدا يوق. — دىدى قېرى ئۇنىڭ سوزىنى كېسىپ.
— مۇنداق ـ دە!
— مېنىڭچە شۇنداق ...... يەنە قانداق نىملىرىك بار، سورا!......
قېرى ماختانغاندەك ئۇنىڭغا قارىدى. خىيالى باشقا نەرسىلەرگە بېرىلىپ كەتكەن ياش ئەسكەرنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭغا ئايانچ كورۇندى.
— ئۇ قىزىل داغ بولسا، بىر بالا ـ قازا دىگىن ئەمسە؟ — يەنە بىر جۇملە سوزنى قوشۇپ قويدى ياش ئەسكەر.
— بۇ توغرا ئەمەس. بالا بىلەن قازا بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.
— ئەمسە، بالا دىگەن نىمە؟
— بىزنىڭ ئۇلۇغ ئوكيانغا سوقۇشقا كېتىپ بېرىشىمىز بالا بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.
— ھە، قازاچۇ؟
— ئەگەر جۇڭگو فۇرونتىغا سوقۇشقا ماڭساق، بۇ قازا بولىدۇ.
— ھە، ئەگەر ئىككىسى بىر قوشۇلسىچۇ؟
— بالا بىلەن قازا قوشۇلسا نىمە بولاتتى، ئىشىنىڭ كارى تامام ۋەسسالام.

www.uyghurkitap.com

كىچىك ئەسكەرنىڭ كوزلىرى زور ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئالدىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندەك بولدى. تەرىنى تۇرۇپ يەنە سورىدى:

ــ ئىككىسى قوشۇلسا گۇم بولسەن دىگىن؟

گۇم بولۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، مىجىغىڭ چىقىپ قۇم بولسەن.

بۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھەممە پادىشا ئەسكەرلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىر بىرىگە ئەلەملىك قاراشتى. دېڭىزنىڭ تۇزلۇق ئاچچىق سۇيى يىراقلاردىن دولقۇنلىنىپ كېلىپ، قەھرى بىلەن پاراخوتنى ئۇراتتى.

1942 ـ يىل 8 ـ دېكابىر.

# ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق

ئۇ ئەزەلدىنلا زور شىر ئىدى......

ئۇنىڭ شەرقىقە جايلاشقان ماكانى ئاجايىپ كەڭ بولۇپ، دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى قىزىل گۈلنىڭ يېڭى غولىدىكى يوپۇرماققا ئوخشاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوپچۇرىسى خىلمۇ-خىل ماكان ۋە ئوزىگە ئوخشاش گۈلۈستانلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە كۈننىڭ ئىسسىقلىغىدا يېتىشىدىغان ھساپسىز كوپ مىۋىلەر ئوسسە، شىمال تەرىپىدە كەڭ كەتكەن يايلاقلار، زور دەريالار، مەڭگۈلۈك ئاقۋاش تاغلار، ياز بەك ئاز بولىدىغان جايلار بار. ئۇنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە ئۇچى-چېكى يوق تۈزلۈق سۇلار يىراقلاردىن بىر خىل ئالاھىدە سۈرئەت بىلەن دولقۇنلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىگىز ئالتۇن قىرغاق-يارلىرىنى سۆيەتتى.

ئۇ (شىر) ماكانىنىڭ كەڭلىگىگە بىر سۆيۈنسە، ئۇنىڭ ئىچى-دىكى خىلمۇ-خىل تەبىەت بايلىقلىرىنى كورۇپ مىڭ سۆيۈنەر، ئىگىز ئالماس تاغلىرىغا قاراپ لەززەتلىنەر، ماكانىنىڭ يۈرەك

باغرىنى سۇغۇرۇپ قاندۇرۇپ، سالماق ئاققان دەريالىرىغا قاراپ پەخىرلىنەر، بۇلبۇللار قايىنىمى، نازاكەت گۈلۈستانى......لەتىپ چىچەكلەر بىلەن لىق تولغان باغلىرىغا قاراپ ئۆزىنى ئالىلقانداق يۈكسەك ھىس قىلار ۋە كۆرمىك خوشاللىقلار بىلەن قىن - قىنىغا پاتماس ئىدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى كەڭ ھاۋانى باشقىچە ئالار، ئۇ ئەتراپقا — يىراقلارغا ئۈمىت كوزىنى چوڭ ئېچىپ قارايتتى.

زور شىر كەڭ ماكانىمدىن ئادىشىپ قالماي دەپ بىرىنچى قېتىم كومپاسنى، ۋەتىنىگە يالماۋۇز - ئەجدىھالارنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن مىلتىق دورىسىنى، ۋەتەن ئەۋلاتلىرىمنى كويۈمچانلىق، ۋاپادارلىقتا باقاي دەپ يىپەك كىيىم - كېچەكلەرنى، ماكانىمنىڭ شان - شەرىپىنى تا ئەبەتكىچە ئۇنتۇلدۇرماي، ئەۋلاتلىرىمغا ئەڭ بۈيۈك تارىخىي توھپە قالدۇراي دەپ مىخ مەتبەنى، قەغەزنى كەشىپ قىلدى. بۇ مۇقەددەس كەشپىياتلار ئۇنىڭ ئوز ئەۋلاتلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا خەلقىغە تەقدىم قىلىنغان باھاسىز كەشپىياتلار ئىدى. بۇ شەرقنىڭ كەشپىيات دەرياسى بەلكى ئوز ۋاقتىدا بابىل - ئاسۇرىيە، يۇنان، رىم مەدىنىيەت، سەنئەت كەشپىيات مەنبەسى بىلەن بەسلىشەتتى. بىزنىڭ بۇ شىرنىڭ كەشپىيات دەرياسى غەرپنىڭ دەريالىرىغا قوشۇلدى. جاھان مەدىنىيتى، سەنئىتى ۋە ئەدىبىياتىغا توھپە قوشتى. ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا نامى مەغرۇر جاراڭلايدۇ.

ئۇ بۈيۈك ھىكمەتلەرنى جارى قىلىشتىن زادى قايتمىدى.

قومۇشتىن توقۇلغان كەڭ، دۆگىلەك قالپىقىنى كىيىپ، ئۇزۇن بامبۇك قومۇشىغا قاماق ئېسىپ، كېمىگە چۈشۈپ، دېڭىز بويلىرىدا ئۈزسە، ياكى خۇاڭخې، ياڭزىجياڭ (چاڭجياڭ) نىڭ بويلىرىدا بېلىق تۇتۇپ يۈرۈپ، تەبىئەتنىڭ باھار تويلىرىغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، غىجەك تارىنىڭ مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ۋە جاسارەتلىك ئاھاڭى بىلەن تەبىئەتنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، سوزۇپ چىرتىۋەرسە، سەن ئۇزەڭنىڭ نەدە تۇرغانلىقىڭنى ئۇنتۇيسەن. بەش مىڭ يىللىق تارىخ سەھىپىلىرى ساڭا ۋاراق ئاچىدۇ. ئالدىڭدا رىيال ئۆتمۈشنىڭ سەھنىسى ئېچىلىدۇ. كۆز نۇرۇڭ يىراقلارغا — تارىخنىڭ بۇلۇڭ-پۇشماقلىرىغا چېچىلىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى سۈرەتلىرىنى، ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتلىرىنى تاماشا قىلىسەن. ياۋروپا مۇزېيلىرىنى لىق تولدۇرغان باي، تارىخىي ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ، سەندە پەخىرلىنىش پەيدا بولىدۇ، چەكسىز خۇشاللىنىسەن. ئىجاتكار، سەنئەتكار ئاتا-بوۋاڭغا تۈگمەس مىننەتدارلىق ئوقۇيسەن-دە، قۇچىقىڭنى كېرىسەن. كۆزۈڭ يىراققا ئەمەس، ئۆز ۋەتىنىڭگە چۈشىدۇ. بۈيۈك شەنخەيگۇەن، سەددىچىنلەرگە كۆز تاشلايسەن، تەسىرلىنىسەن. سېنىڭ خىيال-پىكىرىڭدە ئۇزاقتىن- ئۇزاق سوزۇلغان ئاجايىپ پۇختا تاش تام ئاددى بولۇپ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ سېنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەۋلاتلىرىڭنىڭ قان-گۆشلىرى بىلەن تۇرغۇزۇلغان ھەيكەل..... ئۇ — سېنىڭ ئاتا-بوۋاڭنىڭ جاسارىتى، ئۇنىڭ تاشلىرى گۆش، ئۇنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرغان ئاھاكلىرى قان. ئۇ قان ۋە گۆش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن مەھكەم ئىستىھكام قۇرۇش يولىدا بىزگە ئۆتمۈشتىن ساۋاق، كەلگۈسىگە مەسلىھەت، بەلكى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق قورغان قۇرۇش، ئۇنىڭغا دۈشمەن سوقۇلسا مىجىغىنى چىقىرىش، تارمار قىلىپ، كۆلىنى نەدىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە سورۇش دېگەن تارىخىي كورسەتمىدەك سىزىلىدۇ.

يات "مېھمان"لار زور شىرنىڭ ماكانىغا كوز تاشلايدۇ. جەننەت ئۇلارنىڭ كوزلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ موجىزىلىرى بىلەن قاماشتۇرىدۇ.

دەرۋازىنى بىرى ئۇرىدۇ.

— كىم ئۇ؟ — شىر زور ئۈن بىلەن ۋاقىرايدۇ.

— ئاچ، تولا سوزلىمە، بىز "مېھمان"!......

قىرغاقتا كېمىلەر — "مېھمان" كېمىلىرى توختىدى، تۇپراققا "مېھمان"لار دەسسىدى.

شىر غەزەپلىنىپ، خۇاڭخېنىڭ بىر ساھىلىگە كېلىپ ئولتۇردى. كوزى زور ئېچىلغان، تومۇرلىرى كوپكەن، چىشلىرى غۇچۇرلىغان، چاچلىرى تىك تۇرغان، يۈرەك تېپىشى ئورلىگەن، مۇشتۇملىرى ئىختىيارسىز تۈگۈلگەن ئىدى. قارا بولۇتلار بارغانسېرى كوپەيدى. قار، يامغۇرلار ياغدى. ھاۋا دەھشەتلىك گۈلدۈرلىدى. ئۇپچورىنى زۇلمەت باستى. قار - شىۋىرغانلار كوزنى ئاچقۇزمايدۇ. بوران تاشلارنى دۈگىلىتىدۇ..... خۇاڭخې، ياڭزىجياڭغا سەل كەلدى. غەزەپلىنىپ يارلارغا ئۇرۇلدى. شىر ھاۋاغا باقتى. ئۈمىت يۇلتۇزى بىر يوقىلار، بىر كورۇنەر، بىر ھىجىيار ۋە بىر

كۆلەر ئىدى. ئۇ ھاردى، ھاسىرىدى، ئاخىر دەم ئېلىش ئۈچۈن يانپاشلاپ ياتتى. دۇنيانىڭ ئون ئىككىدىن بىرىگە چوڭ پۇتلىرىنى ئۇزاتتى. كىملەردۇر ئويغاق، كىملەردۇر ئۇيقۇدا...... شۇنداق قارا يىللار ئۆتتى، قارا بۇلۇتلار قوينىدا كوتىرىلگەن شام چىراقلار بىر خىل يانار، ئۇمىت يۇلتۇزى بورانلارنىڭ ھۇۋۇلىشىغا قارىماي نۇر چاچار ئىدى.

يېڭى بويۇنتۇرۇقلار تاراقلاشتى، زەنجىرلەر شاراقلاشتى. تاغ-جاڭگاللارنىڭ، باغ-بوستانلارنىڭ، شۇنچە گۈزەل ئانا ماكاننىڭ ھوزۇرىنى كورەلمىسەڭ، يات «مېھمان» ئەلچىلىرى ساڭا خالىغانچە ھوكۇم قىلسا، جەۋرى-زۇلۇم قىلسا، ئەسكەر-نوكەرلىرىنى تۇرغۇزۇپ، ھەر ئىشقا نازارەتچىلىك قىلىپ غادىيىپ تۇرسا، ئىچكى دەريا، دېڭىزلىرىڭدا ئوز كېمە-پاراخوتلىرىڭ ئەركىن يۈرەلمىسە، چاقىرىلمىغان «مېھمان»لار سېنىڭ سۇيۇڭدە كېزىپ يۈرسە، ئاتا-بوۋاڭ ئەسىرلەردىن بېرى ساڭا قالدۇرۇپ كەلگەن تۇپرىغىڭنىڭ ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىساڭ، بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ، زور شىر جان كۈچى بىلەن سىلكىنىدى...... يەنە بۇرۇنقى سۈرەتلەر ۋاقىتلىق كومۇلدى. قاراڭغۇلۇقنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. بۇ دائىرىنى سۇلالىلەر ئۇرۇغى، كونا خانلار (چىڭ خاندانلىقى) تېخىمۇ چوڭايتتى...

ۋاقىت يەتتى. قارغۇلۇقنىڭ خۇراپات تۇگمىنىگە ئوت قويۇلدى. چىڭ خاندانلىقىنىڭ تەختىگە يانار تاغلارنىڭ ئۇچقۇنلىرى تۇتىشىپ، ئۇچقۇنلار يالقۇنلارغا ئايلاندى. خاننىڭ تەختى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

بەختى كويۇپ كۇل بولدى..... ئىنقىلاپ داھىسى① — بۈيۈك ئادەم قاراڭغۇلۇقنى يورۇتتى. شىر سۇنماس، خورىماس كۈچكە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئۈمت يۇلتۇزى يۈزىنى ئېچىپ، تەنەززۇلىنىش② مەنزىلىدىن قۇتۇلۇشقا ئۈمتۇلدى. كەلگۈسىگە ئۈمىتلىك قاراشقا باشلىدى. ئىنقىلاپ داھىسى ئۇنىڭغا دۇنيادا ئۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ كورىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە كۈرىشىشكە ئۈگەتتى.

يىللار ئوتتى. بوۋاي پۈتۈن خىيال-پىكرىنى قالدۇرۇپ، ئويغانماس ئۇيقۇغا كەتتى. خائىنلار باش كۆتەردى، يات "مېھمان"لار ئالدىدا تىز چوكۈشكە باشلىدى. چوڭ شىر شۇندىمۇ دەرمان يىغىپ، ئۆزىدە كۈچ-قۇۋۋەت سىزىپ تۇرغان بىر مەزگىلدە ئۇنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدىكى قاخشال ئارالغا جايلاشقان پاكار ئەجدىھا③ ئوت چېچىپ شىرغا قاراپ ئۇمتۇلدى. 30 مىليون④ شىر ئەۋلاتلىرى ئۇنىڭ تىكەنلىك پۇتى ئاستىدا قالدى. بۇ خورلۇق ۋە نومۇس ئىدى. بۇ ئەزىز تەندىن بىر پارچە گوشىنىڭ كېسىلىشى دىگەن سوز ئىدى. پاكار قانخور بۇنىڭ بىلەن توختىمىدى. چوڭ كوۋرۇك لۇگۇچياۋدا يەنە بىردىنلا ئوت ئاچتى، زەھەر-ئولۇم چاچتى. شىر ئورنىدىن دەس تۇردى.

① بۇ يەردە سۇن جۇڭشەن ئەپەندى كوزدە تۇتۇلىدۇ.
② تەنەززۇللىنىش — زاۋاللىق.
③ پاكار ئەجدىھا — ياپون باسقۇنچىلىرى.
④ شۇ چاغدا شەرقىي شىمالنىڭ نوپۇسى 30 مىليون ھىساپلىناتتى.

ئۆزىدە تاغدەك كۈچ سېزىپ، پولاتتەك مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، كۈرەش ئۈچۈن تۆمۈر قەسەم بەرگەندە، پاكار ئەجدىھا ئۇنىڭغا چىۋىندەك كۆرۈندى.

دۈشمەن ئۆزىنىڭ چىۋىن جېنى بىلەن تاغ كۆتەرمەكچى بولدى، دۈشمەن ئىلان گەۋدىسى بىلەن پىل يۇتماقچى بولدى. ئاخىرىنى ئويلىمىدى. زور شىر كۈرەشكە قوزغالدى. دۈشمەننىڭ پىلانلىرىنى كەينى-كەينىدىن تارمار قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دۈشمەنگە نەپرەت، سۆزلىرى قانخورلارغا لەنەت چاچتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتى ئادەمگەرچىلىكنى ياقلاش، ئاتا-بوۋىسىنىڭ پارلاق تارىخىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك شان-شۆھرىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ داۋام قىلدۇرۇش ئىدى.

ئۇ بورانلارغا توزدى. يامغۇردەك ياققان ئوقلارغا كۆكرەك كەردى. مىليونلىغان ئېغىر زەمبىرەكلەرنىڭ دەھشەتلىك گۈلدۈرلەشلىرىگە چىداشلىق بەردى. ھىلە-مىكىرلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئۇنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى خەلقى ئالەمنى قايىل قىلدى...... زور شىرنىڭ كۆزى يىراقلارغا تىكىلدى. ئۇ كۈرەش قوينىدا مۇشەققەت ۋە قان-جان بىلەن ئېتىشىپ، داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ كىيىمى گاڭ، چويۇندىن ئىدى.

ئەتە دۇنيانىڭ مەشھۇر پايتەخت مۇنبىرىدە ۋاقىرايدۇ:

— ئازاتلىق ئۈچۈن مالال يەتكۈزگەن 100 يىللىق ئاسارەت يوقالسۇن! چېتىقلار بىكار قىلىنسۇن! كىشەنلەر ئۈزۈلسۇن! ھەي بۈيۈك شىر! سەن كۈرەش بىلەن ئۆزەڭنى تونۇتتۇڭ!

دۇنيا ئالدىدا ئورنۇڭنى كوتەردىڭ. ئازاتلىق، بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن چېلىشىشنىڭ ئاۋانگارتى ۋە دۇنيادا ئۇلۇغ ئەلنىڭ بىرى بولدۇڭ. ساڭا شان ـ شەرەپ بولسۇن! يەنىمۇ زور غەيرەت، سۇرئەت بىلەن نومۇسۇڭنى ئاقلا!......

بۇ ئاۋازلار يىراقلارغا جاراڭلاپ كەتتى. دۇنيانى بەخت ـ سائادەت، نازاكەت گۈلۈستانى قىلىشنى ئويلىغان ھەر بىر ئادەم بۇ ئاۋازنى جان ـ جىگىرى بىلەن كۈتتۈۋالدى.

شىر ئۈچۈن كۈرەش تېخى تۈگىمىدى.

1943 ـ يىل، غۇلجا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زۇنۇن قادىرى

# ماغدۇر كەتكەندە

## I

بىز تېخى كىچىك ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن دادىمىزدىن قالغان بىرنەچچە خو يەرنى ئۆزىمىز تېرىپ، باشقۇرالمايتتۇق. مەلىمىزدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن يەرلىرىگە دىخانچىلىق قىلىپ، يەنە يېرىنى تېرىيالمىغان بىرنەچچە دىخان بىلەن ئوتاقچىلىق قىلدىغان بىر خوجايىن بار ئىدى.

بىر يىلى بىزمۇ شۇ ئادەم بىلەن ئوتاقچىلىق قىلدۇق. ئەتىيازدا ئۇنىڭ يىللىقچىلىرى كېلىپ ئالتە قوش بىلەن بىر كۈندىلا بىزنىڭ توت خو يېرىمىزنى ھەيدەپ، ئۇرۇقنى توپىغا كومۇپ بېرىپ كەتتى.

يازچە بۇغدايىنى سۇغۇرۇپ، ئاسراپ ئوستۇردۇق. مانا ئەمدى كۈزدە بۇغدايىنى بىز ئورۇپ، خامان ئېلىش ئۈچۈن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەم بېرىدۇ، تۇلۇقنى بىز ھەيدەيمىز.

## II

ئۇ بېشىنى تووەن ساڭگىلاتقان ھالدا، ئارىنىڭ ئۇچى بىلەن چويۇندەك قاتقان يەرنى سىجاپ ئولتۇراتتى. مەن تۇلۇق ھەيدەۋاتاتتىم.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن تارتىپ نامازدىگەرگىچە بىر دائىرىنى ئايلىنىۋېرىش ۋە تۇلۇقنىڭ بىر خىل گۈپۈلدىگەن ئاۋازى مېنى زېرىكتۈرەتتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۈستىخانلىرىم ئاجراپ كەتكەندەك بولۇپ، پۈتۈن ئەزالىرىم سىقىراپ، ھاردۇق يېتىپ قالغان ئىدى. ئۈزۈم تايىغى بىلەن ئاتنىڭ چىۋىنىغا كۈچۈمنىڭ بېرىچە بىرنەچچە قېتىم ئۇرىمەن، دىۋىتىپ تىزگىننى سىلكىيمەن. ئات يەنە قېتراپ كېتىدۇ. 6 ـ 5 قېتىم چوگىلەپ قويۇپ ئېغىر يۈك تارتقاندەك ئاستا مېڭىشقا باشلايدۇ. مەنمۇ ئارام ئالغاندەك بولۇپ، دىمىغىمدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ خىيال سۈرۈپ كېتىمەن: "دۇكاندارلارنى قارا، ئۇلار ئاپتاپتا كويمەيدۇ، تەرلىمەيدۇ، سۇ سېپىپ قويۇپ سايىدا جىم ئولتۇرۇشىدۇ" ــ بۇ نىمىدىگەن راھەت. "خامان ئالماق ــ شەھەر ئالماق" دىگەنلەر راست ئېيتقان ئىكەن. تېخى مۇشۇ دوۋىلەگىلىك بۇغداي باغلىرىنى يۇمشىتىش كېرەك. بۇغداينى ساماندىن، توپىدىن، چادىن ئاجرىتىپ قىپ ـ قىزىل چەش قىلىش كېرەك. چەش بۇرنى

ئايرىيمىز. قەلەندەرلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ. ئۇلارغا بىر-ئىككى
گۈرجەكتىن كەپسەن بېرىمىز. ئۇ كۈنى خامانغا مانتۇ قويغانلارغا
ئىككى پۇت بېرىمىز. ئومچىلارغا توت خو بۇغداي بېرىش كېرەك.
ئۇندىن بىرىنى ئوشرىگە ئايرىيمىز، ئاندىن چەشنىك ئالدىدىكى
دانلىقراق يەردىن خاماندىلا ئۇگۈت ئېتىپ دەننى قاچىلاپ قويۇش
كېرەك. ھەم دەن، ھەم ئوشرە ئالسا، دىخانلارغا ئېغىر بولمامدۇ؟
بىرسىنى ئالسىمۇ بولىدىغۇ. بىزمۇ مۇسۇلمان بولغانلىغىمىز
ئۈچۈن ھەم ھوكۈمەتنىڭ ھەم مۇسۇلمانچىلىقنىڭ دىنىنى تولەي-
دىكەنمىز. تېخى ھاشارغا، مەدىكارغا بېرىپ قويغان پۇلى ئۈچۈن
ئوتاقچى خوجايىن يېرىم باھادا بۇغداي ھىساپلاپ ئالىدۇ،
ئۇنىڭغا قانچىلىك بۇغداي كېتەركىن. ئارپا، بېدە سېلىغى بار،
ئۇنىڭغىمۇ بۇغداي سېتىپ بېرىش كېرەك. هارۋا سېلىغى، كومۇر
سەيىسى، يەنە مەن بىلمەيدىغان قانداق دەردى-بالالىرى
باركىن. بۇغدىيىمىزنىڭ ئۇرۇغى توت خو، ئەگەر ياخشى
بولغان بولسا، قىرىق خو بولار. بۇنىڭدىن بىزگە يىگىرمە خو
تېگىپ، ئون خوسى دەنگىلا بېرىلسە، شۇنىڭ بىلەنلا يىللىق
ئوزۇقلۇققا، كېلەر يىللىق ئۇرۇقلۇققا ئاشامدۇ، يوق؟ ئاشمايدۇ،
ئەگەر دەنگە پۇل ئالسا، باشقا نەرسىلەرنى سېتىپ توگىتىپ،
ئون خوچە بۇغداي ساقلاپ قويۇش كېرەك ...... تۇرمۇشنىڭ
قاتتىق ۋە قاراڭغۇلۇق جايلىرىغا چۈشۈپ قالماي، قانداق قىلىپ
ياخشىراق-بەختلىك كۈن كەچۈرۈش خىياللىرى مېنى، ئەترا-
پىمنى ئورىۋالغان ھادىسىلەردىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئاللىقانداق

تېگى يوق دولقۇنلۇق دېڭىز ئىچىگە ئاتقان ئىدى، ئاتىنىڭ تۇيۇقسىزلا قاتتىق پۇرقىشى بىلەن خاماندا تولۇق ھەيدەۋاتقان لىغىم ئېسىمگە چۈشتى. ئات بولسا توختاپ قېلىپ بوغداي يەۋېتىپتۇ. خامان تېپىدىغان كىشى ئارىنى قوچاقلىغان بويىچە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى يېڭىدىكى سامانىنىڭ رەڭگىدەك، قاپاقلىرى ئىششىق، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئۈستىدە تۇكۇرۇك كوۋۇكلىرى گىژىلداپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتى ئاۋازلار چىقىراپ تۇراتتى. كوينەكسىز تېنىگە كىيىۋالغان ياماق ۋە چىرىپ كەتكەن پەشمىتى، مايلاشقان شاپاق بوكى، ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ كورسىتىدۇ. ئۇنىڭ كوكۇلگە غەشلىك سالىدىغان قىياپىتىنى كورۇپ مېنىڭ ئوچلۇكۇم كەلگەندەك بولدى.

"بۇ — بولۇمسىز ھورۇن ئادەم" دەيمەن ئىچىمدە، يەنە ئويلاپ ئۇنىڭغا ئىچىنىمەن، "بۇ — گاڭگىراپ كەتكەن ئادەم"، مەنمۇ چوڭ بولغىچە يولۇمنى تاپالمىسام، ئەنە شۇنداق تەمترەپ قالىمەن.

نىمىشقا نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق يامان كۈنلەرگە قالىدۇ؟ مەن بۇ سوئالىنىڭ تېگىگە ئويلاپ يېتەلمەس ئىدىم. يەنە خىيالىم لەگلەكنىڭ چىگىشلىشىپ كەتكەن تانىسىدەك بولۇپ كەتتى. كوزۇمنى چەكسىز كەتكەن ئېتىز باغرىغا تاشلىدىم.

بىر بىرىگە تۇتىشىپ سوزۇلغان ئېگىزلار ئاپتاپتا ساپ-سېرىق ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. ئېرىقنىڭ قىرلىرىدىكى چوپلەر ۋە دەل-دەرەخلەرلا يېشىل كورۇنەتتى. ئۇ ياق، بۇ ياقتىكى

خامانلاردىن ئاسمانغا فونتان بولۇپ ئېتىلىۋاتقان توپانلار ۋە بوغدايلىقلاردا مۆكچىيىپ، بەس-بەس بىلەن ئوملەپ كېتىپ بارغان ئادەملەرنىڭ ھەركەتلىرى توپىغا چېچىلىپ كەتكەن دانلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن باشلانغان كۆرەشنىڭ جىددى ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ تۇراتتى. يىراق جايلاردىن ئوما ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ:

ئومىنى تولا ئورۇپ،
بىلىكىڭ تالدىمۇ يارىم.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرىكىڭ قاندىمۇ يارىم.
"ئالتۇنۇم، ئامرىقىم، ئومىقىم......"

ئوھۇ! نە قاتارلىق يېقىملىق ناخشا ئېيتىدىغان ئادەملەر بۇ؟ ئارزۇ-ئارمانلارغا قانمىغان يۈرەكلەردىن شۇنداق پاقىراپ تۇرىدىغان ئۇنچىدەك سوزلەر ئۇزۇلۇپ چىقىدىكەن-دە.

ئەنە ئاشۇ يۈرەكلەرنى ئېزىۋەتكۈدەك دەردلىك ناخشا ئېيتىۋاتقان ئومىچى يىگىت تىنىماي ئىشلەپ قانچىلىك ھوسۇل ئالىدىكىن؟ ھە، تايىنلىق، ھەرقاچان، ئومىغا يەتكۈچە ئۇمۇ جازانىخورلارغا بىرمۇنچە قەرزدار بولغاندۇ. ياخشى، توق تۇرمۇش كەچۈرىمىز دەپ ئارزۇ قىلغان، لېكىن ياز بويى ئىشلەپ، ئايىغىدا ھوسۇل ئورنىغا ئارا، گۆرجەكنى قولتۇقلاپ قالغان دىخانلار ئازمۇ......

خامانغا بىزنىڭ ئوتاقچى خوجايىن كەلدى. ئۇ قوسىغىنى

ئالدىغا چىقىرىپ، قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ماگا قارىمايلا ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇزىمۇ ھازىرلا ئۇيقۇدىن تۇرغان بولسا كېرەك ئەتىمالىم. ئاچ بورىنىڭكىدەك قىزارغان كوزلىرىنى چەكچەيتىپ:

—ھوي باقى! — دەپ ۋاقىرىدى، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى تاپىنى بىلەن ئىتتىرىپ. —مۇشۇ ئىش بولدىما؟ ئولۇمتۇك.

باقى تەمترەپ قوپۇپ:

—يۇمشاپ كېتىپتىغۇ، مېنى نىمشقا ئويغاتمايسەن؟ — دەپ ماگا قارىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرگىچە ئوتاقچى خوجايىن جۇدۇن بىلەن:

—سېنى خامانغا بېرىپ ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالغىن دەپ ئەۋەتمىگەن-دە، يېرىم پۇت بۇغدايىنى ھالاللاپ ئالساڭ بولمامدۇ؟ — دىدى.

—مىجەزىم يوق، — دىدى باقى، ئارتۇق سوز قىلالماي يەرگە قاراپ قالدى.

—تاشلا ئارىنى! مىجەزى يوق ئىمىش. مىجەزى يوق ئادەم ئىشلىيەلمەيمەن دىيىش كېرەك. تەپسە تاغنى ئورۇيدىغان نىملەر ئىش تاپالماي يۇرىدۇ. ھەر ھالدا ئۇششاق باللىرى بار، تاپاۋىتىمىز بولۇپ قالسۇن دەپ كۇنلۇگىگە يېرىم پۇت بۇغداي بەرگەننى بىلمەيدۇ. مىجەزى يوق كىشى ئۇزىنىڭ گورىگە كىرىپ ياتسۇن، بۇ كېسەل ياتىدىغان جاي ئەمەس، بىلىپ قوي، بۇ — خامان!!

خوجايىننىڭ زەردى بىلەن قىلغان ئاچچىق سوزلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن باقى، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە، ماتەمدار كىشىلەردەك بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا مەھەللە تەرەپكە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى كېسەلدىن قىينىلىپ يۈرۈپ ئىشلىگەن ھەققىمۇ بىكار كەتتى. بولمىسا خوجايىن ئۇنىڭ يېرىم جان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەرزان ھەق بىلەن ئىشلىتىشنى ئويلىغان ئىدى. ئەمدىچۇ، مۇشۇ بانا بىلەن ئۇنىڭ بىر يېرىم پۇت بۇغدىيىنىمۇ بەرمەيدىغان بولدى. باقى كەمبەغەل بولغان بىلەن قاتتىق گەپنى كوتىرەلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن ئۇ ئاشتىن ئولسىمۇ ئەرز قىلىپ بېرىشنى ئېغىر ئالىدۇ. ئۇ، كەمبەغەللەر ئۈچۈن ياقا يىرتىدىغان سوراقچى تېپىش ھەممىدىن تەس ئىكەنلىكىنى ئوز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىدى.

## III

باھارخان كىچىككىنە قىزىنىڭ ۋاي سالغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ يېرىلغان پۇتلىرىنى چىراق يېغى بىلەن داغلاۋاتقان ئىدى.

— ئەزبىرايى خۇدا، تويدۇم مۇشۇ كۈندىن، — دېدى باقى قولىدىكى بەتىنگىنى يەرگە ئېتىپ، بىگىز سانچىلغان قولىنى سىلىكىدى، — بۇنىڭ جايى قىغ، ئالۋاستىنىڭ ...... ئوچاققا

تاشلاپ كويدۇرىمەن!

— ئەۋەي تومۇر بولىسىمۇ ئۇپرايدۇ، بۇ يىل قىش چىققىسا شۇ بەتىنىكىگە 5 يىل بولىدۇ. ھىلىمۇ ياز بويى ئۇنى ئاياپ يالاڭغىداق يۈرىمەن.

باقى خوتۇنىنىڭ بەتىنكىسىنى يەنە ياماشقا كىرىشتى. ياماپقۇ ئۇنىڭغا ياماق سېلىۋاتقىنى يوق، كەندىر چىگە بىلەن ئۇ ياقتىن — بۇ ياقتىن تارتىپ پۈرۈشتۇرەتتى. چىرىپ كەتكەن قىرىم چاك تۇتالماس ئىدى. باقى بەتىنكىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ياماشقا كىرىشتى. يىڭنە ئۆتكەن جايغا تۇكۇرۇكىنى پۈركۈپ، بارماق بىلەن بېسىپ تۇرۇپ چىگىنى ئاۋايلاپ تارتاتتى.

ئادەم بويىدىن بىر غېرىچلا ئېگىزلىكتىكى ئۆي، بۇنى ئۆي دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ، مومايلارنىڭ "ئالۋاستى كەپىسى" دىگىنىگە ئوخشاشلا بىر نەرسە. ئۆيۈقتا ئورۇن — كورپە نامى بىلەن بىر قۇچاق ئەسكى — تۈسكى نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغان. يەردە ئىككى غۇلاچچە تىتىلىپ كەتكەن كىگىز، چىلەك، چوگۈن، چومۇچ، تومۇردىن ياسالغان نەرسىلەر ئەمەس، دىخانلار ئۆزى تېرىۋالغان قاپاقلار. ناھايىتى بۇ ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك بىرلا نەرسە — كىچىككىنە بىر قازان بار ئىكەن. بىراق بۇ قۇم قازانمۇ، ياكى چويۈنمۇ بايقاپ ئالالمىدىم. بەلكى جەزمەن قۇم قازاندۇر. مەن دىخانلارنىڭ قۇم قازان، قۇم چوگۈن ئىشلىتىدىغانلىغىنى جىق كورگەن ئىدىم.

ئۆيىنىڭ بۇلۇڭلىرىدا توشقاندەك تۈگۈلۈپ 4 ـ 3 بالا ئولتۇرىدۇ. ئانا ـ بالىلارنىڭ بىر بىرىدىن پەرق قىلمايدىغان توپا رەڭ چىرايىدىن ئادەمگە يارىشىدىغان ئىسسىقلىق ـ خوشاللىقلار كۆرۈنمەيدۇ. ھەممە قاپاقلار تۈرۈك، ئۆيدە غەمكىن بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. "باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار" دىگەن سۆزلەر بۇ ئۆيدە قېنى؟ "ئىھ ـ ئىھ"لىغان ئۈنلەر، قايسى بىرسىنىڭ قاتتىقراق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلانغان ئىدى، دادىسى قاغاشقا باشلىدى.

ــ سەپرايىمنى ئۆرلەتمە! ھازىر ئۈجۈقتۇرۇۋېتىمەن! يا ئۆلمىدى، بۇ ئىنجىمارۇق جىن تەككەنلەر ...... خۇدايىم تىلىگەنلەرگە بەرسە بولمامدىغاندۇ بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنى ......

ــ نىمانچە سەپرالىق بۇ!؟ جان ئاغرىغاندىن كېيىن داتلىمامدۇ. ئۆزلىرىمۇ تاڭ ئاتقىچە غىڭشىپ، يوتىلىپ ئۇخلىيالماي چىقلىغۇ، ــ دىدى باھارخان باقىغا تىكىلىپ.

يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەتتى. قارا چىراقتىن بىر غېرىچ ئۆرلەپ تارىلىۋاتقان ئىس تام ـ تورۇسلارنى قارا رەڭگە بوياۋاتاتتا. ئۆينىڭ ئىچى بارغانسېرى گۈگۈملىشىپ ئىچىدىكى ئادەملەرنى خىيالىي بىر گەۋدىلەرگە ئايلاندۇرماقتا. مەن، ئاچچىق زەردە گەپلەر بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئۆيگە كىرىشتىن كەچتىم. بىچارە ئادەمگە ئۆزرە ئېيتىپ كېلەي دىگەن خىيالىم سۇغا چۈشكەن قاردەك ئېرىپ كەتكەن ئىدى. پەنجىرە تۈۋىدىن ئاستا ـ ئاستا بېسىپ ئارقىغا يېنىپ كەتتىم.

ئۆيگە بېرىپ ياتقاندا تېچ ئۇخلىيالمىدىم. ئۇنىڭ باللىرى شۇنچە مۇلايىم. ئۇلار باشقا كىشلەرنىڭ باللىرىدەك كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا قىقاس-چۇقان سېلىپ يۈگۈرۈشمەيدۇ. تال چىۋىقتىن ئات ئېتىپ، كوچىنى چاڭ كەلتۈرۈشنىمۇ بىلمەيدۇ. بوسۇغىدا، ئويىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا دەرمانسىز شۈمشىيىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ھەممىسى ئاغرىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەكلەرگە نەشتەردەك سانچىلىدىغان سوزلەر، سىلكىشلەر، ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم تەگرىدىن ئۆلۈم تىلەش بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ ئاغرىق، ئويدە ئوقەت قىلىدىغان كىشى يوق. پەقەت ئۇلار قارغىش، رەنجىش، كوڭۈل ئاغرىغىنى كەسپ قىلىۋالغاندەكلا كورۇنىدۇ. بۇ نە قاتارلىق ئوسال كۈن كەچۈرۈش، ھە!

باقى ھەر كۈنى مېچىت ئالدىدا يانپاشلاپ ياتىدۇ. باھارخان مەھەللە بېشىدىن ياكى ئايىغىدىن كۈلۈمسىرەپ، بولمىسا سولتۇيۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ پاخپايغان چاچلىرى، چاپاق بېسىپ قىزارغان كوزلىرى، جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن كوينىگىنىڭ يىرتىقلىرىدىن كورۇنۇپ تۇرغان كۆلرەڭ تېنى، كۈلسىمۇ، يىغلىسىمۇ باقىنىڭ "ئالۋاستى" دەپ تىللايدىغان قىياپىتىنى ئەسلىتىدىغان، لېكىن دۇنيادا باقىغا بۇنىڭدىن مېھرىۋان باشقا ھېچ نەرسە يوقمىگەن. مۇھەببەت ئۇلۇغ نەرسە دىسە، مانا شۇنىڭغا ئىشەنسە بولىدۇ. بەزى ئادەملەر يىرگىنىپ گەپلەشكۈسى كەلمىگەن بىلەن، دۇنيادا باقىغا ئۇنىڭدىن چىرايلىق

كورۈنىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەم يوق. ئۇرۇش-تىللىشىش، رەنجىش بۇ ئائىلىگە ئەسلى خاس ئەمەس. ئۇلار بىر بىرىگە نىمە يامانلىق قىلىشقان گۇنايى ئۇچۇن زەردە قىلىشىدۇ. ئۇرۇش-قۇدەك ئىش بارمۇ؟ يوق. پەقەت تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق زەھىرى مەس قىلغان چاغدىلا شۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

باھارخان نان ياققان جايدىن بىر-ئىككى نان، گايى چاغدا كوزىدا، يا ھېجىردا تاماق كوتىرىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئوي تەرەپكە قايرىلىدىمۇ، باقى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھىچ تەرەپكە قارىماي دوكۇلداپ كىرىپ كېتىدۇ. باھارخان نىمىكى تاپسا، ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇزى چەتتە قاراپ تۇراتتى. چوڭ ئادەم نەپسىنى يىغىۋېلىش مۇمكىن. لېكىن چالا تاماق يەپ قالغان كىچىك باللارنىڭ كوزىگە تىكىلىپ قاراش ناھايىتى تەس. كوكۇلنىڭ نازۇك يەرلىرىگە بولغان بۇنىڭ تەسىرىنى قوسىغى توق كىشىلەرگە چۇشەندۇرۇپ بېرىشمۇ تەس. بۇ ئائىلىدە كوپ ۋاقىتتا شۇنداق يېرىم تويۇنۇش ھوكۇم سۇرەتتى. باللار تاماقنى بىر بىرىدىن قىزغىنىپ چاپىنىماي يۇتۇشاتتى، قاچىدا ھىچ نەرسە قالمىغاندىن كېيىن تاماقنىڭ تاتلىغى قالغان قوللىرىنى يالاپ، شۇمۇپ ئانىسىغا "يەنچۇ" دىگەن مەنىدە بويىنىنى سىگا-يان قىلىپ تەلمۇرۇپ تۇرۇشاتتى.

مەن باللارنى مۇنداق قىياپەتتە كورگەندە چىداپ تۇرالماي يەرگە قارىۋالاتتىم.

# IV

— بىز شەيتاننىڭ ئەۋلادى ئەمەسقۇ! توۋا قىلدىم ...... —
دېدى باقى ياقىسىنى تۇتۇپ، — ھېچكىم بىزنى ئېلىشىۋەتكەن
تىرنىغىغا ئالمايدۇ، خۇددى بىر سۇپۇرۇندى - ئەخلەتتەك.
بىزمۇ جاھان تۇتۇپ كورگەنغۇ، ئەلنىڭ گۈلىگە گۈل، خالىغا
خال قويغان. مۇنداقلا ئەمەس ئىدۇق.

ئۇ بىر نەرسە تىڭشاۋاتقان ئادەمدەك بويىنىنى ئېگىپ جىم
بولۇپ قالدى، مەن تونۇردىن پۇتۇمنى تارتىۋېلىپ، ئاسمانغا
قارىدىم. يېقىن بىر جايدىكى قارىياغاچ شاخلىرى ئارىسىدىن
تولۇن ئاي ماراپ تۇراتتى، يۇمشاق شامالدا تىترىگەن يوپۇر-
ماقلار تونۇر بېشىدىكى ئالا كولەڭگىنى نازغىتىپ ئوينايتتى.
كېچە بەك چىرايلىق ئىدى. يىراق يەرلەردە ئېتىزدىن ئات
بېقىپ قايتقان كىشلەرنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، مەن
يەنە پۇتۇمنى تونۇرغا ساڭگىلىتىپ:

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ باقىكا. جاھاننىڭ كارى تۈگەيدۇ.
قېنى ناخشا ئېيتىڭا! — دېدىم. ئۇ، خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن
ئۇزۇن بىر ئۇھ تارتىپ، چىشىنىڭ ئېقىنى كورسەتتى:

— راست، بىز ناخشا ئېيتقان، كۈچ - قۇۋۋىتىمىز بار چاغدا،
قانداق يىگىت ئىدۇق بىلەمسەن! بىزنىڭ پېشانىمىزگىمۇ يەر
پۇتكەن — ئون خوچە يېرىم بار ئىدى مېنىڭ. بىر ئات، بىر هارۋا،

سىغىپ ئىچىدىغان بىر كالىمىز، ئۆز ئالدىمىزغا قوشقا قاتىدىغان بىر جۈپ ئۆيىمىز بار ئىدى. توغاي چۆك چىلىلغانىدا قوپۇپ، تا ئەل ياتقىچە ئېتىزدا قوش ھەيدەيدىغان، كەتمەن چاپىدىغان، ئوما ئورىدىغان ئەزىمەت ئىدۇق. بىز ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرغان چىمىنى 3 ـ 2 ئادەم ئاران كوتىرەلەيدىغان ئىدى. ناخشىنى مانا شۇ چاغلاردا ئېيتىپ ئاربىلىشىپ كەتكەن دىگىنە بىز، ھەي...... ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق!

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ياش يىگىتلىك چاغلىرىدىكى شىرىن خاتىرىلىرىنى زوق بىلەن سوزلەشكە چۈشتى:

ــ مېنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغىنىمنى ئاڭلاپتىكەنسەن ـ دە. راستىنى ئېيتقاندا، مۇشۇ مەھەللىدە مېنىڭچىلىك ناخشا ئېيتالايدىغان كىشى يوق ئىدى، مەن قاتناشقان توي ـ توكۈن، مەشرەپلەر ئالايتەن قىزىپ كېتەتتى. ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سەرخىلى بىر گۈلى ئىدىم، ھەممە مېنى باقەم ـ باقەم، دىيىشىپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

بولۇپمۇ مەن ناخشىنى قاچان تولا ئېيتقان، مانا بۇنى ساڭا سوزلەپ بېرىمەن، ھەي، ئىست ياشلىق چاغلار!...... قانچىلىك شوخلۇقلارنى قىلغان بىز.

باقى ناھايىتى 45 ياشلاردىكى كىشى بولسىمۇ، ئۇزىنى 80 ـ 90 ياشلاردىكى بوۋاي چاغلايتتى. چۈنكى تۇرمۇشنىڭ قاتتىق قولى ئۇنىڭ ياقىسىنى دەم ئالدۇرماي سىققان، سۇلۇكلەر قېنىنى شوراپ، ئۇنى قۇرۇق قاخشال قىلىپ ماغدۇرسىز، ئاپپاق ساقال

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئادەم قىلىپ قويغان ئىدى.

ئۇ قورۇپ كەتكەن تامغىنى ھولدەپ، تۇكۇرۇكىنى يۇتۇپ سوزىنى داۋام قىلدى:

— ئورۇكلەر راسا مەي باغلاپ پىشقان چاغ ئىدى. ھاۋا تىنجىق. ماداخان قىلىنغان ئالدى ئۇچۇق كوينىكىمنىڭ ھەممە ئىزمىلىرىنى يېشىۋەتتىم، بېشىمدا قىرلانغان ئاق مالىخاي، پۇتۇمدا پەس پاشنا مەسكاپ ئوتۇك بار ئىدى، مەن تام شورد- لىرىدىن ئاتلاپ چۈشۈپ، جاڭگاللىق باغلاردا ئورۇك تاللاپ يەپ يۇرگەن ئىدىم. قويۇق ئورۇك دەرەخلىرى ئارىسىدىن 4 ـ 3 بالىنى ئەگەشتۇرۇپ، بىر قىز كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ ئۇششاق ئورۇلگەن قويۇق قارا چاچلىق، پىستە كوزلۇك، لەۋلىرى جىنەستىدەك قىزارغان سومباتلىق باھار ئىدى. بىز ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا بىر بىرىمىزگە قاراپ كۇلۇمسىرىشىپ ئوتۇپ كېتەتتۇق. باھار كۇلگەن چاغدا ئىككى قوۋۇزىدىكى زىنىغى ماڭا ئۇنىڭ چىرايىنى ناھايىتى يېقىملىق قىلىپ كورستەتتى.

ئەنە، ئۇلار توپ ـ توغرا مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. يۇرىكىم دۇپۇلدەپ كەتتى. ئالدىمدىكى ئىگىز ئوسكەن باراقسان شاخلىق ئورۇك ئۇستىگە چىقىۋالدىم.

باھار شۇ ئورۇك تۇۋىگە كېلىپ:

— تېرىڭلار ئوكىلىرىم، مۇشۇ ياخشى ئورۇك، — دىدى ـ دە، قولىدىكى سېۋەتنى يەرگە قويۇپ، ئورۇك تېرىشكە باشلىدى.

مەن كەپتەرنى ماراپ ياتقان مۈشۈكتەك، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن قاراپ، ئۇنىڭ ھەركىتىنى تاماشا قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى گىردە ناندەك قىزارغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا گۈل ئۇستە-دىكى ئۇششاق شەبنەم دانىلىرىدەك تەر تامچىلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ئىڭىشكەندە ئىككى مەڭزىدىن ئالدىغا چۈشكەن چاچلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن سىلكىتىپ ئارقىسىغا ئېتىپ قويىدۇ. ئارىلاپ-ئارىلاپ كوزىگە چىرايلىق كورۇنگەن ئۆرۈكلەرنى ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ.

ئالا بولغان ئۆرۈكتىن 3-4 تال ئۈزۈپ ئالدىم-دە، غولىنى چەللەپ تۇرۇپ بىرنى ئاتقان ئىدىم، ئالدىغا چۈشتى، ئۇ، ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ قويۇپ، يەنە ئۆرۈك تېرىشكە تۇتۇندى، ئىككىنچى قېتىم ئاتقان ئىدىم، بېشىغا قاتتىق تەگدى، ئەتىمالىم، قوشۇمىسىنى تۈرگەن بويى ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ:

— ئو..... ھوي قايسىڭوي، نىمە ئانداق قىلىسەن، — دەپ ئارقىسىدا ئۆرۈك تېرىۋاتقان بالىغا گولەيدى. مەن ئوزەمنى تۇتالماي كۇلۇۋەتكەن ئىدىم.

— ۋىيەي...... ساراڭ، — دىدى-دە، چالۋاقاپ سېۋەتكەمۇ قارىماي دومسايغان بويى باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇھ، مانا ئەمدى قالدىم بالاغا. ئۇ، شۇنچە نازۇك ئىكەن-دە، نىمىشقا ئويناشتىم ھە..... ئەمدى بۇ گۇنانى قانداق يۇيۇش كېرەك.

باللار بىلەن سېۋەتنى ئۆرۈككە لىققىدە توشقۇزۇپ، باھارنىڭ ئويىگە ئېلىپ كېتىپ بارىمەن، ئۇ، ئانىسىغا يىغلاپ بارغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسا، "هوي جوۋايىنىمەك كەتكۈر، قىزىمىغا نىمىشقا تېگىشتىڭ......" دەپ جاۋىلداپ كەتسە، نىمە دەيمەن، سېۋەتنى ئىشىككە قويۇپ قىچقىرىش كېرەك.

ئىش مەن ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى. پوتونلەي باشقىچە. ئۆرۈكنى كوتىرىپ بارغىنىمدا باھارنىڭ ئانىسى هويلىدىن پايپاسلاپ چىقىۋاتاتتى، گەپ قىلماستىن سېۋەتنى ئىشىك ئالدىغا قويغان ئىدىم.

— رەخمەت بالام، خۇدا ئومرۈڭنى بەرسۇن. باھار ئوزى قەيەردە قالدى؟ — دىدى.

مېنىڭ گۇنايىم تېخى بۇ يەرلەرگە يېتىپ كەلمىگىنىنى سېزىپ:

— كېلىۋاتىدۇ، — هازىرچە مەندىن خوش بولغان بىلەن كېيىن تىللايسەنغۇ، — دىدىم ئىچىمدە. ئارتۇق سوز قىلماستىن ئارقىمغا ياندىم.

— هىم، تازا ئىشلىتىۋالدىڭمۇ، تازا! — قورانىڭ يېنىدىكى چولاق تام كەينىدىن تۇيۇقسىز چىققان بۇ گەپ، مېنى چوچۇتۇۋەتتى. ئىتتىك ئارقىغا قارىسام، باھار كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ.

— ۋاي تاۋى نازۇك، شۇنىڭغىمۇ يامانلاپ كەتتىڭىزما! — دىدىم.

ئۇ ئۇنچۇقماي چېچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ خۇمالاشقان كوزىدىن رەنجىگەنلىك سېزىلمەيتتى. "تاۋى نازۇك" دەپ قىلغان تەنەمگە جاۋاپ

قايتۇرماستىن شۇنداق يېقىملىق، مۇلايىم قاراپ تۇرۇۋشى، "مەن سېنى ياخشى كورىمەن" دەۋاتقاندەك، خۇددى شۇ ۋاقىتتا ئۇ، "كەھ" دىسەم قولۇمغا كېلىپ قونىدىغان قۇرغۇي بولۇپ كورۇ-نەتتى. تەلپۈنۈپ تۇرغان ياشلىق كوڭلۇمدە ئۇ بىرىنچى قېتىم ھېچنىمە بىلەن تەڭلەشتۇرۇپ بولمايدىغان ئىسسىق بىر تۇيغۇ قوزغاتتى. خىجالەت بولۇشقا باشلىدىم. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ نىمە دىيىشىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قېلىپ:

— بۇگۇنكى ئىسسىقتا ئۇرۇك تازا پىشىدۇ، — دىدىم.

— بىراق كۇننىڭ شۇنچە تەپتىدە سىز تېخىلا غورا ئىكەن-سىز، — دىدى باھار كۇلۇپ.

— ئىم، مانا ئوخشاتتى سېنى، ئەمدى نىمە دەيسەن، — دىدىم ئىچىمدە، شۇ پەيتتە ئۇ قىزغا گەپ تېپىپ بېرەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدىم. ياخشى ئۇنى ئانىسى قىچقىرىپ قالدى-دە، سوزىمىز شۇ يەردە ئۇزۇلۇپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كوڭلۇمدە باھار دىگەن چىرايلىق بىر ئىسىم ھەمىشە يادلىنىدىغان بولدى، بىراق باشقىلارغا ئوخشاش "ئىشىق ئوتىغا گىرىپتار بولدۇم، مېنىڭ دەردىم بار" دەپ لاقىلداپ يۇرگۇنۇم يوق. زوق بىلەن ئىشلەپ ئېتىزنىڭ باغرىنى گۇل قىلىشۋەتتىم. يەلپۈنۈپ تۇرغان كوپ-كوك بۇغدايلار، قوغۇن، قاپاقلار، باراڭ ئەتراپىدا ئېچىلغان گۇل، زاراڭزىلار ھەركىمنىڭ زوقىنى كەلتۇرەتتى. مانا شۇ چاغدا قىن-قىنىمغا پاتماي ناخشا ئېيتاتتىم. كىمكەن ئۇ، مېنى ماختىمايدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممىسى ئۇپچۇرەمدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. ئەنە، ئېتىزىم
بوستان، مەن بولسام بۇلبۇل بولۇپ سايرىغان. شۇنداق چىراي-
لىق چاغلاردا باھار بىلەن يار بولۇشقان ئىدۇق!.....

ئۇ، ھەر كۈنى بىزنىڭ باراڭغا قوغۇن-تاۋۇزغا كېلەتتى.

— مۇشۇ قوغۇنلۇق ساڭا قارايدۇ، ئۆزەڭ تاللاپ ئۈزۈۋال
باھار، — دەيتتىم.

باھارمۇ كۆپ چاغلاردا ئېتىزغا قۇرۇق كەلمەيتتى. ئۇ ئانى-
سىدىن يوشۇرۇنچە، يېپەكتىن گۈل ئىشلەنگەن قول ياغلىق ۋە
تاماكا خالتىسىنى ماڭا يالداما قىلدى، پىياز پوستى بىلەن
قىزارتىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇملارنى ئەكىلىپ بېرىپ تۇراتتى.
كۈنلەر شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق ئارزۇلار
تېخى ئالدىمىزدا ئىدى.....

باقى كۆكرىگىنى كۆتىرىپ قانغىچە دەم ئالدى-دە، يەنە
جىم بولۇپ قالدى.

مەن كوسەي بىلەن تونۇردىكى نۇرسىزلانغان ئوتنى چۇخچى-
لىدىم. ئېچىلغان قوقاسنىڭ يورىغىدا باقىنىڭ يۈزىگە سەپ-
سالغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقان گۈل، بوستان،
بۇلبۇل، باھار دېگەن چىرايلىق سوزلەر خىيالىمدىن ئۇچتى.
چۈنكى، ئۇنىڭ چىرايى سوغاق شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۈشۈ-
ۋاتقان كەچ كۈزدىكى ئۇششۇك يوپۇرماقلارغا ئوخشايتتى. بۇ
كۆڭۈلسىز جىمجىتلىقتا تۇزۇمۇدۇم. ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايىنى
ئەمەس، بۇلبۇل بولۇپ سايراپ يۈرگەن چاغلىرىنى كۆرگۈم

كەلدى.

— باقىكا، شۇ چاغدىكى ناخشىلاردىن بىرەرنى ئېيتىپ باقمامسىز، — دېدىم.

— ناخشا - ناخشا ..... ھە، ناخشا ئېيتقۇچىلىكىمىز قالدىمۇ، سەن تېخى ئۇقمايسەن ......

ئۇ يەنە ئۇزىنىڭ ھېكايىسىگە چۈشۈپ كەتتى:

— بىزنىڭ مەھەللىدە باھارلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بولمىغىنى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى تىرىكچىلىك ئىزلەپ سۇلتان ۋەيسىگە كوچۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ باھارىممۇ سۇلتان ۋەيسىدە بولۇپ قالدى.

باھار كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ قاپىقىم ئانچە ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئويدىكىلەر بىلەن ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ ئۇرۇشۇپ قالىمەن، دادام "ھە، بۇ ساراڭنىڭ بۇرنى كوپتى" دەپ قوياتتى.

مەن ئات بېقىشنى بانا قىلىپ، تولا ۋاقىتلاردا كېچىلەرنى ئېتىزدا ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، ئېتىزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى قانداق چىرايلىق، بىر بىرىگە تۇتىشىپ سوزۇلغان زىرائەتلەر، ياپ-يېشىل يەلپۈنگەن بەدىلىكلەردە مەس بولۇپ سايرىغان بودۇنىلەرنىڭ ئاۋازى كوڭۇلنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ قاچىدۇ. غۇيۇلداپ ئۇچۇۋاتقان شامالدا يىراقتىن كېلىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش قانداق ياخشى. كوز يەتمەس يەردە ئاۋرال تاغ چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ئەنە ئاشۇ ئاۋرال تاغ باغرىدا باھار ئۇيقۇغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتكەندۇر. مەن شۇ تەرەپكە قاراپ تاڭ ئاتقىچە تويماي ناخشا ئېيتىپ چىقىمەن، ئوھو!...... بۇ قانداق ناخشىلار...... يۈرەكتىن يېرىپ چىقىدۇ. مەن ئۆمرۈمدە سېغىنىشنىڭ مۇنداق لەززەتلىك خۇمارىنى سەزمىگەن ئىدىم.

## ٧

— بىز مۇرادىمىزغا يەتكەن ئىدۇق، — باھار بىلەن ئۆي تۇتتۇق. كېچە-كۈندۈز بىللە ئىشلەپ، راھەتىنىمۇ، جاپانىمۇ بىللە كورەتتۇق. قولىمىزدا ئارتۇق نەرسە بولمىسىمۇ، بىلەكنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ۋاقتىمىزنى چاغ ئۆتكۈزمەكتە ئىدۇق.

ئەتىياز ئايلىرى، قىزىق قوش ھەيدەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دادام ئۇزاق تارتقان سىل كېسىلى بىلەن يېرىم كېچە مەھەللىدە جان ئۈزۈپ قالدى. دادام ئاز-تولا كىتاپ ئوقۇشنى بىلىدىغىنى ئۈچۈن يۇرت ئىچىدە ئابرويى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھەللە چوڭلىرى چاپسانلا يېتىپ كېلىشتى. ھە، راستلا بىر گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن ھازىر شۇنچە خار بولۇپ قالغان بولسامۇ، خەلق مېنى ئىسمىشقا "سەن" دىمەي، "سىز" دەيدۇ. چۈنكى مەن دادامنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئانچە-مۇنچە قارا خەت تونۇپ قالغان ئىدىم. قارىغىنا شۇنىڭمۇ ھورمىتى بولىدىكەن.

يۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇن خوچە بۇغدايىنى

ھارۋىغا بىسىپ، توخۇ ئىككى قىچقارغان چاغدىلا شەھەرگە كىرىپ كەتتىم.
بازاردىن كېپەنلىكلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن شەھەر ئىچىگە (سېپىل ئىچىگە) كىرىپ تۇققۇنىمىزنى نامازغا ئېيتىپ قايتقان ئىدىم، دەڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ھەي ...... شەيتانلارنىڭ ئىشى دىگىنە! ھەممە پىشكەللىكنىڭ ئاۋىلى مانا شۇ يەردىن باشلاندى. شۇ ۋاقىتتا ئالدىراپ، ئىچىمنىڭ تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقىنى قايسى تىل بىلەن ئاڭلى-تاي. ئاش ۋاقتى بىلەن كەلگەن ئادەم تا چۈش چۈشكىچە ساقلاپ تۇردۇم. دەرۋازىنىڭ ئىچ ـ تېشىدا ماڭا ئوخشاش يول تالىشىپ تۇرغان ئات ھارۋا، ئوكۇز ھارۋا، ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە كىشىلەرنىڭ سانى يوق. دەڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىچى خۇددى چوڭ بىر پاتقاق دەرياسى. ئۇنىڭدا ئاتلار ئۈزىدۇ. چىلىشىپ كېتىپ بارغان ھارۋىلار ئادەمگە قېيىقنى ئەسلىتىدۇ. پىيادە ئادەملەر بولسا، بۇنداق "قېيىقلار"غا ئىككى گوۋازا، تولا ئالدىراپ كەتكەنلەر بىر تەڭگە كىرا بېرىپ ئوتۇشۇپ تۇرىدۇ. يول تالىشىپ ئاتلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ باش ـ كوزىگە قامچىلار تېگىدۇ. تېيىلىپ يىقىلغان ئادەملەرنىڭ تەلەتىگە قاراپ كۇلگۇڭ كېلىدۇ. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ رەسۋا بولغان ئېچىنىشلىق قىياپىتىگە قاراپ ئىچىڭ ئاغرىيدۇ ياكى يىغلىغىڭ كېلىدۇ. ئاتلار مۇدۇرۇپ كەتسە ياكى سەللا پۇتىنى ئىگىزرەك كوتەرسە پۇتۇن ئەتراپقا پاتقاق مولدۇردەك ياغىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا ئادەملەر ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاچۇرۇپ ناھايىتى كۈلكىلىك قىياپەتلەرگە كىرىۋالىدۇ، زارلى-
نىدۇ، لەنەت ئوقۇيدۇ. تېزىنچە پاتقاق كېچىپ يۈرۈپ مۆشتە-
لىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ رەڭگى-رۇخسارىغا قاراپ تېخىمۇ
قاتتىق كۈلگىنىڭ كېلىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى ئېچىنىشلىق ئەھ-
ۋاللار، يۈرەكنى تىلىپ تاشلىغۇدەك ئاچچىق تىللار، كۈلكىلەرنى
باسىدۇ. بولۇپمۇ شۇ كۈنى ئادەملەرنىڭ ئوتتۇشەلمەي كۆپرەك
تۇرۇپ قېلىشىغا بىر دېخان سەۋەپچى بولدى. بىراق، شۇ سەۋەپ
بولدى دەپ تىللاي دېسەڭ، ئۇنىڭ ھالى ھەممىڭگىدىن يامان
بولغان ئىدى. ھېلىقى دېخاننىڭ جىنازىغا ئوخشاپ قالغان ئېتى
پاتقاقتىن ھارۋىنى تارتىپ چىقالماي تازا چوڭقۇر يەردە يىقىل-
دى. ئۇنى سەۋەپچى بولدى، دېگەن كىشلەرمۇ ئىنساپ قىلىشى
كېرەك، ئەلۋەتتە. پاتقاق دەرياسىغا چوكۇپ كەتكەن ئېتىنى
چىقىرىمەن دەپ ئۇنىڭ تارتقان كۈنى ئازمۇ؟ ئاخىرى ئېتى
ئۆلۈپ قۇتۇلدىغۇ. بىچارە دېخاننىڭ بوغا-جەۋەننى مۈرىسىگە
سېلىپ، سۆزمە خالتىسىدەك بولۇپ چىقىۋاتقىنىنى، ئۇنىڭ
يۈزىدىكى پاتقاقنى، ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تارام-تارام يېشىنى
كۆرگەن ئادەملەر يەنە ئۇنى سەۋەپ بولدۇڭ، دەپ قانداق
تىللىماقچى ئىدى. ئەسلىدە سەۋەپ بولغان كىم، نىمە؟! شۇ
قارا دەرۋازىدا ئادەملەرنىڭ يولىنى توراپ قويغان دەرۋازا
ئىگىسى. "ئۇلۇغلار"-دە.

مىڭ بالالىقتا ماڭا ئەمدى ئوتتۇش نۆۋىتى كەلگەن ئىدى.
قايسى كوزۇم بىلەن كورەي، تەلەتى سورۇن بىر يايى كېلىپ،

ئېتىمنىڭ تۇمشۇغىغا بىر قامچا ئۇردى ـ دە:
ــ هارۋاڭنى ئارقىغا قايتۇر، ــ دېدى.
ــ ئاكا مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش......ــ تېخى سوزۇم ئاياق-لاشقىچە باش ـ كوزۇمگە قامچا ياغدى. يەنە بىر يايى كېلىپ ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى ـ دە، هارۋامنى ئارقىغا ئايلاندۇرۇ-ۋەتتى.
"ياخشى سوز تاشنى ئېرىتىدۇ" دېيىشەتتى، قېنى ئېرىتكىنى! مەن شۇ كۈنى دۇنيادىكى بار ياخشى سوزنى قىلدىمغۇ. يالۋۇر-دۇم، ئىتقا ئوخشاش ئۇلارغا كۇچۇكلىنىپ يىغلىدىم. دادامنىڭ ئولۇگىنى ۋە پۇتۇن ئەۋلىيالارنىڭ ئەرۋاهىنى شىپى كەلتۇردۇم. مېنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى. ئۇلارنىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق، پۇتۇن تېنى مۇزدىن يارىتىلغان ئادەملەر ئىدى. ئادەملەر دۇنياغا بىرىنى بىرى مۇشۇنداق بوزەك قىلىش ئۇچۇن تۇغۇلغانمۇ؟ دادىڭنى ئاڭلايدىغان ئادەملەر قەيەردە......؟
ماڭا ئوخشاش ئوتتۇز هارۋىكەش ساڭدىن بۇغداي قاچىلاپ سار بۇلاققا ماڭدى...... (بۇ ۋاقىتتا سار بۇلاقتىكى تۇگمەندە چېرىكلەر ئۇچۇن ئۇن تارتىلاتتى). يالغۇزۇش تۇگمەنگەن ئىكەن تېخى، 4 كۇن ئاۋارە بولۇپ يۇرۇپ بۇغداينى تۇگمەنگە ئوتكەزدۇق. ئات ـ هارۋا بىلەن ئوزەك نەچچە كۇن بىكارغا ئىشلىسەڭ رەخمەت ـ تازىم قېنى؟ مانا قارا، رەخمەت ـ تازىم ئورنىغا "ئوغرى، بۇغداي كەم"ــ دەپ يۇزلىرىمىزگە توكۇرۇپ، يەتتە كىشىنى كورەدە 3 كۇن سولاپ قويدى......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مانا پالەشلەرنىڭ كاشىلىسى، مەن سولاقتىن چىققسام "ئىتنىڭ ئۆلۈپ قالدى" — دېدى - دە، ئالدىمىغا ئاتىنىڭ 4 تۇيۇغىنى تاشلاپ قويدى. ئۇ مېنىڭ ئىتىمىنىڭ تۇيۇغىمۇ ئەمەس. مانا ئۇزلىرى ئوغرى. ئەزبىرايى خۇدا مەنسەپدارلارنىڭ ئۆزلىرى ئوغرى. بۇ ئەھۋالدىن بىر يەرگە داتلاشمۇ تەس. كىمگە ئەرز قىلساڭ بولىدۇ؟ "دادام ئۆلۈپ قالدى، جېنىم ئاكا......" دىگىنىڭگە قارىماي قامچىلاپ، سېنى غۇلجىدىن كۆرەگە ھەيدەپ كەلگەن ئادەملەرگىمۇ ياكى "ئوغرى" دەپ سولاپ قويغان چېرىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭى جىڭشۇسىغىمۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ باش قويۇشتىن يەنە نىمە پايدا چىقار؟ ...... ئاتتىنمۇ، ئاتىدىنمۇ ئايرىلدىم. بوغا - جەۋەننى ئوشنەمگە سېلىپ غۇلجىغا قايتتىم. خەير ئۇمۇ كەتتى.

ئۇ، ئادەتتىكى سوزىنى ئۆزگەرتىپ، تۇيۇقسىزلا قايناپ:

— شۇمۇ ئادەمگەرچىلىكمۇ، بۇ نە قاتارلىق ئۇياتسىزلىق ئىش - ھە، خۇددى غالجىر ئىت، ئۇلارچۇ قارا! — دەپ خىقىراپ توختاپ قالدى.

مەن ئۇچۇپ تۈگەي دەپ قالغان سامان ئوتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاتلاملىرىنى چۇخچىلىغان ئىدىم، ئۇنىڭ قاشلىرى چىمىرىلىپ كوزىدە غەزەپ ئوتى چاقنىغاندەك كورۈندى.

ئاي بىز بىلەن ئاللىقاچان خوشلاشقان، جاھان بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پاتماقتا. يېقىن بىر جايدىكى ئىتنىڭ ھۇلىغان زۇۋالىق ئاۋازى كوڭۇلگە قورقۇنچ سېلىپ ئوتەتتى.

باقى سوزىنى داۋام قىلدى:

— بىزنىڭ ئويدە ئولۇم مەرىكىسى بولدى. ئولگەن كىشى بولسا، مېنىڭ دادام. ئۇنى قانداق ئۇزاتقاندۇ؟ مەن هازىدار، بېلىمگە ئاق باغلاپ، كوك تاياق تايىنىپ، جىنازا ئالدىدا يىغلاپ چىقىشىم كېرەك ئىدىغۇ. مېنى دادام قانچە ئېغىرچىلىقلار بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان. مەندىن نىملەرنى كۈتكەن ئىدى. قېنى ئۇ، قېنى مېنىڭ ئەسقاتقىنىم، ئىست، ئىست بەختسىزلىك...... يۇرت ئالدىغا نىمە دەپ، قايسى يۈزۈم بىلەن چىقىمەن...... شۇنداق تۈگمەس-پۈتمەس خىياللار بىلەن كېچىچە پىيادە يۈرۈپ، چاي مەهەلىدە دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن ئىدىم.

— هەي جۇمبۇ كوتەرگەن، توختا! — دىدى بېلىدە سىم ئورۇغان قامچىسى بار بىر ئادەم.

— ياق ساتمايمەن، — دەپ يولۇمغا كېتىۋەرگەن ئىدىم، هىلقى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— كىمگىنى ئەخمەق قىلىسەن چوشقا! بۇ ياققا ماڭ، سەيسگە ئىشلەيسەن، — دىدى-دە، ئارقامغا ئىتتىرىۋەتتى.

— يەنە نىمە سەيسە بۇ، مەن هازىر سەيسدىن كەلدىمغۇ!

— ساختىپەزلىك قىلما، ياخشىلىقچە ماڭ، ئىت!

— ئەزىبرايى خۇدا، مەن سەيسدىن كەلدىم.

— ياخشىلىقچە ماڭامسەن، يوقمۇ؟! هىلى بىكا، كورىسەن چوشقىنىڭ بالىسى.

ــ ئۇزەڭ چوشقا، ئۇزەڭ غالجىر ئىت، ماڭمايمەن، ئىمە قىلىسەن، ــ دېدىم.

ئۇ قامچىسى بىلەن بىرنەچچىنى ئۇرغان ئىدى. قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ چىڭ تۇتۇۋالدىم. بۇنىڭغا بوي بەرمىگەنلىكىمنى كورۇپ، نەدىندۇ، ئىككى چېرىك يۇگۇرۇپ كەلدى. ئۇچى بىر بولۇپ مېنى دوتەي يامۇلغا ھەيدەپ كىردى. ئاۋال ھارغىچە ئۇرۇپ، تېپىپ دۇمبالىدى. كېيىن بىر قاراڭغۇ ئويگە سولاپ قويدى.

ھارغانلىق ۋە قوساقنىڭ ئاچلىغىدا ئەسنەپ-ئەسنەپ كوزۇم ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەن، يەنە ھىلىقى قاپىغى يامان، سىم ئورىغان قامچىسى بار يايى:

ــ تۇرە ئوغرى، ــ دەپ بېشىمغا تېپىپ ئويغىتىۋەتتى.

ــ ئەمدى چىقىپ كېتەيمۇ ئاكا؟

ــ ئاناڭنىڭ يېنىغا بارامسەن ھارىمى......

ــ يەنە نىمە دەيسىز بېگىم؟!

ــ ھە، ئەمدى خېلى چوچۇپ قاپسەن. ئالدىمغا چۇشۇپ ماڭ، ــ دېدى-دە، ماڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى تەتۇر ئورىغان سەيىسكەش بىر ئادەم بىلەن ئىككىمىزنى چۇشكىچە بېدە توغ-رىغىلى سالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نامازدىگەرگىچە قىغ توشۇتۇپ قويۇپ بەردى. مانا كوردۇڭمۇ بۇ نىمە دىگەن خورلۇق.

ئۇز ئاتىسىنىڭ ئۇلۇگىنى تاشلاپ كېتىدىغان ئادەملەرمىدۇق بىز. مۇنداق ئۇساللىقنى مەن ئۇز ئىختىيارىم بىلەن قىلىدىمۇ؟

ياق. ئىش شۇنداق بولسىمۇ يەنە ھەممىسى مەندىن كۆڭۈل ئاغرىتىدۇ. يۇرت ئىچىدە مەن ئەڭ باغرى تاش، يامان ئادەم! ھەتتا ئادەممۇ ئەمەس. خۇددى كاللا ياكى ئىت. توغرا، ئۇلارنىڭ شۇنداق قاتتىق رەنجىشكە ھەققى بار. بىراق كاساپەتكە ئۆزەم يولۇقاي دەپ ئاتايىتەن بارمىدىم-دە، ..... ئۇرۇق-تۇققانلار ماڭا ئۇچۇق چىراي ئاچمايدۇ.

— داداڭ ئۆزى تاپقان بىر جۈپ ئۆكۈزنى سېتىپ، بىر كۆڭلۈك مەرىكىسىنى ئۆزاتتۇق. سەنمۇ ئوغۇل بالا مەن دەپ بېلىڭنى باغلاپ يۈرۈسەنغۇ. قېنى نەزىرنى قانداق قىلىسەن، ياكى داداڭنىڭ يەتتىسىنىمۇ بەرمەمسەن، — دېگەندەك سۆزلىرى جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ يۈرەككە نەشتەردەك سانچىلىپ تۇراتتى. ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ تەنىسىنى بېسىش ئۈچۈن دادامنىڭ يەتتە نەزىرنى ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزدۈم.

شۇ يىلدىن باشلاپلا ئۆز ئالدىمغا يەر ھەيدىيەلمىدىم. قوش، ئات-ھارۋا، ھەتتا ئۇرۇقلۇققا بىر خو بۇغداي ئۈچۈن باشقىلارغا ساغىرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى كېچە-كۈندۈز جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسەكمۇ چاپىنىمىز تىزدىن ئاشمايدىغان بولۇپ قالدى. 4-3 يىلغا بارماي دەن ۋە باشقا ئالۋاڭ-لارنى بېرەلمەستىن يەرنى سېتىپ بېرىپ ئۈنىڭدىنمۇ ئادا تاپتۇق..... شۇنىڭدىن بېرى تالادا قېلىپ، ھەركىمنىڭ ئىشىگىدە تەمترەپ يۈرىمىز. ئىككىمىز خامان تەپكەن كۈنى ھىلىقى خوجايىننىڭ زەھەرلىك سۆزلىرىنى ئۆزەڭمۇ ئاڭلىدىڭ. ھە،

ماتا بىزنى شۇنداق ئاچكوز خوجايىنلار، ئالۋاڭ ـ ياساقلار، خورلۇق ـ ھاقارەتلەر قۇرۇق قاخشال قىلىپ قويدى. ماتا ھازىر ئۆزەڭ كورۇپ تۇرسەن. بىزدىن ئەمدى ماغدۇر كەتكەن. تىرىكچىلىك بولسا، مۇشۇ ...... قېنى ياشلىق! قېنى كوڭۈلدە يالقۇنجاپ تۇرىدىغان زوقلار! ئەمدى كوڭۈلگە ئارام بەرگۈدەك چىرايلىق ناخشا ئېيتىش مۇمكىنمۇ، يوق. ئۇنىڭغا زوق كېرەك، ماغدۇر كېرەك.

باقى كوڭلىدىكى ھەسرىتىنى قاپلىشىپ چىققان تۇتۇندەك ئۇزۇن ۋە ئېغىر بىر تىنىپ چىقاردى ـ دە، توختاپ قالدى.

يەرنى قۇچاقلاپ ئالغان كىچىنىڭ ئېغىر قاپ ـ قارا بېسىمىنى بۇزۇپ ھەر تەرەپتىن خورازلار قىچقاردى. بۇ ئاۋازلار شەرقنى قاپلاپ ياتقان قويۇق قاراڭغۇلۇقنى نېپىزلىتىشكە باشلىدى. بىز تونۇرغا ئىگىشكەن ئىدۇق، كاۋىنىڭ كويۇپ پىشقان پۇرىغى دىماققا كېلىپ تەگدى. ئۇنى تونۇردىن ئاۋايلاپ ئالدۇق ـ تە، باقىنىڭ ئويىگە كىرىپ كەتتۇق.

## VI

باھارخان ئولگەندىن كېيىن باقىنىڭ سىل كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بىر كۈنى ئۇنى يوقلاپ قويماقچى بولۇپ يېزىغا چىقتىم. سىلەر تونۇش بولغان ھىلىقى ”ئالۋاستى كەپىسى“ بۇرۇنقىدىن نەچچە

ھەسسە سەتلىشىپ كېتىپتۇ. ھەممىگە نۇر بېرىشكە سېخى بولغان كۈنمۇ بۇ بىر ئېغىز ئۆي ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئىسسىق ئاق نۇرىنى چېچىپ ئۇتمەيدۇ. بىرنەچچە ۋاقىتتىن بېرى باھارخانىنىڭ شۋاق سۈپۈرگىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئەخلەت-چىرىندىلەر ۋە كېسەلنىڭ غەلدى-غەشلىرى ئىنتايىن يامان پۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ. مۇنداق ئۆيلەردە كىم كۆڭلىنى ئېچىپ، ئارام ئېلىپ تۇرالايدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھايۋانلارمۇ شۇنداق جايلاردا ئۇزاق چىداپ ياتالماس ئىدى. لېكىن باقىنىڭ ئائىلىسىدەك مىليونلىغان ئائىلە كىشلىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان "ئالۋاستى كەپىلىرى"دە كۈن كەچۈرۈپ يۈرۈپ ئاچچىق ھەسرەتتە دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلىشاتتى.

ئۆيدە جىمجىتلىق ھوكۇم سۈرەتتى. يېڭى تىرىلىپ باقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلەرنىڭ گىژىلدىشى ۋە ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئۇخلاۋاتقان ئاۋاق پۇشقاق مۇشۇكنىڭ يۇمشاق خىرىلدىشى بۇ جىملىققا سىرلىق مۇڭ بېرىپ تۇراتتى. مۇڭلۇق بۇ جىملىق ئىچىدە باقىنىڭ توت بالىسى دان توشۇپ تۇرغۇچى ئانىسىدىن ئايرىلغان سېرىق تۈكلۈك كەپتەر باچكىلىرىدەك يېرىم ئاچ ھالدا شۇمشىيىپ يېتىشىدۇ.

مەن باقىنىڭ 7 ياشلىق بالىسى توختىدىن:

— داداڭ كىشى تونۇمدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۈچ كۈن بولدى گەپ قىلمىدى، كوزىنىمۇ ئاچمىدى.....

— دىدى ئۇ، پەس ئاۋاز بىلەن.

— يۈزىنى يېپىپ قويۇپسەنغۇ؟ — دېدىم.

— بايا دادام، ئە ـ ئە قىلىپ كۆلدى، ئاغزىغا چىۋىن ئولۇشۇپ كەتتى، يېپىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ، كۆلۈمسىرەپ. ئۇنىڭ ئۆڭگەن يۈزىدە خىرە يانغان خوشاللىق نۇرى دادىسىنىڭ ئەمدى ياخشى بولغانلىقىنى ئىپادە قىلماقچى ئىدى. لېكىن ئەكسى ھالدا ماڭا ئۇنىڭ يۈزى بىر نەرسىدىن يىرگىنىۋاتقان ئادەمنىڭ چىرايىدەك بولۇپ كۆرۈندى.

باقىنىڭ يۈزىنى ئاستا ئېچىپ باققان ئىدىم. مەن ئۇنى چىرايى تامدەك تاتىرىپ، ئېڭىكى تۆۋەن چۈشكەن ھالدا كۆردۈم. تېنىم جىغىلداپ كەتتى. قورقۇنچ باستى. باللىرىغا تۇيدۇرماستىن ئاستا تالاغا چىقىپ كەتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەھەللىدىكى بىرنەچچە كەمبەغەل، كويۇمچان ئادەملەر يىغىلىپ، سۆگەت شاخلىرى بىلەن جىنازا توقىدى. ئۇنى غېرىپ يوپۇغى بىلەن ياپتى ـ دە، ئاش ۋاقتى بىلەن باقىنىڭ نامزىنى چۈشۈرۈپ مەھەللىدىن يىراقتىكى تۇپراقلىققا ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇنىڭ كوزگە كۆرۈنەرلىك ھازىدارى يوق ئىدى. جىنازا مەھەللىدىن ھەشەمەتسىز، يېنىك ھەركەتلەر بىلەن ئۆزىتىلدى. ناھايىتى جىنازا ئالدىدا باقىنىڭ 7 ياشلىق ئوغلى يىغلامسىراپ، بۆرىنىنى تارتىپ، ئۆز گەۋدىسىنى باشقۇرالماي، مۇدۈرۈپ ـ مۇدۈرۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بولسا 5 ياشلىق سىڭلىسى پىلدىرلاپ ئەگىشىپ باردۇ. بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرى

ئايلاپ تاغاق كورمەي پاخپىيىپ كەتكەن، پۇتى يالاڭغىداق، ناھايىتى ئۇچىسىدا ھەر رەڭلىك لاتىلار بىلەن يامالغان كىر، يىرتىق كوينىگى بار ئىدى. ئۇ، كىچىككىنە قارا كوزلىرىنى كۆچ بىلەن ئېچىپ، بىر ئارقىسىغا، بىر ئالدىغا مولدۇرلەپ قارايدۇ، بىر يۈگۈرەيدۇ، بىر توختاپ ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ مۇنچاقتەك پاقىرىغان كوزىدىن: "ئاپام قېنى، ئەمدى دادامنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر، بىز قانداق قىلىمىز......" دىگەندەك مەنىلەر چېچىلاتتى. خۇددى شۇ ۋاقىتتا باقىنىڭ تۇمانلىق ۋە قاراڭغۇ ھاياتى ئېغىر كولەڭگۇ بولۇپ، جىنازا ئۈستىدىن ئوتەتتى. مەن ھەسرەت دەرياسىغا چومگەن ھالدا بېشىمنى توۋەن سېلىپ كېتىپ بارىمەن، مېنىڭمۇ 5 ياشلىق چاغدىكى تەجرىبىسىز يۈرىگىمدە مۇنداق كۈنلەرنىڭ ئاچچىق دېغى قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۈرەكنى ئەزگۈچى مۇنداق ئېچىنىشلىق كورۇنۇشلەر ماڭا چوڭقۇرراق تەسىر بەخش ئەتتى.

مانا تۇپراق بېشىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بەختسىز ھاياتتىن خوشلاشقان مىڭلاپ ئادەملەرنى ئوز قوينىغا ئالغان كونا تۇپراقلار دۇمچەك-دۇمچەك بولۇپ كورۇنۇپ تۇرىدۇ. ھەممە قەۋرە بىر خىل كورۇنۇشتە ئەمەس ئىدى، ھىمايىچىلىرىدىن ئاجرالغانلىرى ئويۇلغان ياكى ئىزنىسى تۇگەپ كىچىككىنە دۇمچەك بولۇپ قالغان. بەزىلىرىنىڭ بولسا ئۈستىگە تاش، ياغاچ، قوشقار مۈڭگۈزلىرى قويۇلغان، ئاندا-ساندا سالاسۇن بىلەن ئورالغان ۋە گۇمبەز قىلىپ قاتۇرۇلغان موتىۋەر قەۋرىلەرمۇ

www.uyghurkitap.com

كوزگە چېلىقاتتى. يەنە يېڭىدىن توپا دوۋلەنگەن قەۋرىلەر ئۈستىگە يوپۇرماقلىق شاخلار قادالغان ياكى ئۈستىگە گۈللەر تېرىلىپ سۇ قۇيۇپ قويۇلغان ئىدى. مانا شۇلارنىڭ ئارىسىدىن يېڭى توپا دوۋلەنگەن باقىنىڭ ئاددى قەۋرىسى ئورۇن ئالدى. كۈندىن - كۈنگە كوپىيىۋاتقان قەۋرىلەرنىڭ سانىغا يەنە بىر سان قوشۇلدى.

باقىنىڭ قەۋرىسىگە مۆڭگۈز قويۇلمىدى ياكى گۈل تېرىلمەدى. ئۇنىڭ قەۋرىسى تېخى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق كوكاتلىرى بىلەن قاپلانمىغان يالىڭاچ، مۆڭگلۈق قەۋرە بولۇپ قالدى.

1948 - يىل، غۇلجا.

ئەرشىددىن تاتلىق

# تۇنجى كوچىگار

مەن ئۇنى پاكىز ھەرىبىچە يالاڭ تۇجۇركا بىلەن ئۇچراتـ-
تىم-دە، ئۇنىڭ ئۇزۇنراق كەلگەن بويىغا، تەرتىپلىك تۇرۇشىغا
قاراپ: «ئېھتىمال بۇ يىگىت بۇرۇن ھەربىدە بولغان بولسا
كېرەك» دىگەن ئويغا كېلىپ سورۇشتۇرگەن ئىدىم، بۇ گۇمانىم
توغرا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئارمىزدىكى دەسلەپكى
تارتىنىش تۇگەپ، ئەھۋال ئۇقۇشۇشقا ئوڭايلىق تۇغۇلغاندەك
بولدى. مەن ئۇنىڭدىن ئۇز بېشىدىن كەچۇرگەنلىرىنى سوزلەپ
بېرىشنى ئوتۇنۇدۇم. ئۇ:
—بىزنىڭ ئارمىزدا: «كىشىلەر كوپ ۋاقىتلاردا ئۇز يېشىغا
قاراپ ئىش قىلىدۇ» دىگەن گەپ بار. ئەگەر سىز مۇشۇ سوزنى
ئازراق بولسىمۇ توغرا دەپ ھىساپلىسىڭىز ئۇ چاغدا، تېخى
ئەمدى يىگىرمە ئىككى ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان مېنىڭ سىزگە
سوزلەپ بەرگىدەك نىمەم بولسۇن، دەيسىز،—دەپ سوزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆگەتتى.

مەن كۆتۈلمىگەن قىيىن بىر ئەھۋالدا قالدىم، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پەقەت بىرلا يول بار ئىدى، مەن شۇ يول بىلەن مېڭىپ كورمەكچى بولۇپ سوز باشلىدىم:

— سىز كونىلارنىڭ: "يېشىغا قارىماي، ئىشىغا قارا!" دىگەن سوزنى ئاڭلىمىغان بولسىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇنى ئاڭلىغىنىڭىزدا، گەپنى ھەرگىز ياشتىن باشلىماس ئىدىڭىز. مەن سىزنىڭ كەمتەرلىكىڭىزگە قايىل، ئەمما بىر كۈنىمىز يىگىرمە يىلغا تەڭ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىۋاتقان ياشلىرىمىز قاتارىدا ئۆزىڭىزنىڭمۇ بارلىغىڭىزنى ئەستىن چىقارمىسىڭىز ياخشى بولاتتى.

— مېنى نىمە ئارتۇقچىلىغى بار دەيسىز؟ كورگىنىمدىن كورمىگىنىم، ئۆگەنگىنىمدىن ئۆگەنمىگىنىم جىق. مەن ئۆزەم قىزىققان ئىشنىڭ بېشىنى ئەمدى تۇتتۇم دەپ ئويلايمەن.

— دۇرۇس ئېيتتىڭىز. كورگىنىڭىزدىن كورمىگىنىڭىز، ئۆگەنگىنىڭىزدىن ئۆگەنمىگەن ئىشىڭىز ھەقىقەتەنمۇ جىق. لېكىن سىزنىڭ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان ئىنتىلىشىڭىز ئۇنىڭدىنمۇ زور. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، باشقىلار يىللاپ تىرىشىپ ئىزدىنىپ يۈرۈپ ئاران ئىگەللىگەن تېخنىكىنى سىز ئۈچ ئايدىلا ئۆگىنىۋالالماس ئىدىڭىز.

— سىز ئىشنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپىنى ئېيتتىڭىز. ئەمدى قالغان يەنە بىر تەرىپىنى ئۆزەمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىمگە توغرا

كېلىدىغان ئوخشايدۇ،— دېدى ئۇ ئويچان قىياپەتتە.

مەن ئۇنىڭ چاناقلىرى ئىچكىرى، ئەمما ئويناپ تۇرىدىغان ئوتكۇر كوزىگە، قارامتۇل چىرايىغا، ئىككى مەڭزىگە ھوسۇن كىرگۈزۈپ تۇرىدىغان، تارتىلىغان مەشۇت يىپەك قىزىللىقىغا، يۇمىلاق يۈزىگە قاراپ گەپ قىلماي جىم ئولتۇردۇم. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن، ئوڭ قولىنى كوتىرىپ، ئالقىنى بىلەن چېچىنى سىلاپ قويۇپ، سوز باشلىدى.

— مەن بۇ ئىشنى شۇنچە تېز ئۇگىنىۋالغانلىقىمنى ئوزەمنىڭ ئىنتىلىشىدىن ئەمەس، ئۇستازىم رېن چۇڭلۇڭنىڭ تىرىشچانلىقى-دىن كورىمەن. مېنىڭ سىزگە ئېيتاي دېگەن تەرىپىمۇ مۇشۇ. دۇرۇس، كىشىنىڭ ئوزىدىمۇ ئاز-تولا ئىزدىنىش بولمىسا، باشقىلار مىڭ يولىگەن بىلەنمۇ بىكار ئىكەن. بۇنى مەن بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەن بەزىبىر يولداشلىرىمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ ساڭا ئۇگەتكۇچى بولغۇچىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مەسئۇلىيەتچانلىقى كۇچلۇك بولسا، سېنىڭ ئوز ۋۇجۇدۇڭدا يوق نەرسىمۇ پەيدا بولىدىكەن.

مەن ئۇنىڭ بۇ مۇلاھىزىسىدىن مەمنۇن بولغانلىقىم ئۇچۇن، ئوزى سوزدىن توختىمىغىچە گەپ سورىماي دېگەن يەرگە كەلدىم-دە، جىم ئولتۇردۇم.

ئۇمۇ، مېنىڭ بۇ ئويۇمنى سەزگەندەك ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن سىزگە بىزنىڭ ئارىمىزدا بولۇپ ئوتكەن بۇنداق

بىر ئىشنى سوزلەپ بېرەي: مەن قومۇل تومۇريول ئىشخانى-
سىغا ھەربى سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كېلىپ ئۇزاق ئوت-
مەي، تەلىۋىم بويىچە پويىز ھەيدەش قىسمىغا تەقسىم قىلىندىم.
ئۇ يەردە مەن سەممى كۈتۈۋېلىندىم. مەن ئۇلارنىڭ بۇ مۇئامى-
لىسىگە قاراپ: "مېنى ئەتە ياكى ئۆگۈن پويىز ھەيدەشنى
ئۆگىنىشكە چىقىرىپ قويسا كېرەك" دەپ ئويلاپتىمەن. ئىككىنچى
كۈنى چۈشتىن كېيىن مېنى ھازىرقى ئۇستازىم رېن چۇڭلۇڭ-
نىڭ ئىختىيارىغا چىقىرىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇ كىشى
بىلەن لاي ئېتىۋاتقان يەردە ئۇچراشتىم. تونۇشقاندىن كېيىن
مەنمۇ ھەپتىگىچە لاي ئېتىپ، كېسەك قويۇپ يۈرۈپ، رېن
چۇڭلۇڭ بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدىم. ئۇمۇ مېنى ئۆزىنىڭ
يېنىدىن زادىلا ئاجراتمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئارىدا بىر
قېتىم گۇرۇپپا مەجلىسىدىمۇ تەقدىرلەندىم. ئارىدىن ئون بەش
كۈندەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. قارىسام، پويىز ھەيدەشنى
ئۆگىنىشتىن ھېچبىر دېرەك يوق. ئىشىڭ نىمە؟ لاي ئېتىش،
كەسپىڭ نىمە؟ كېسەك قويۇش. بۇ ئىش ماڭا بارا-بارا ھار
كېلىشكە باشلىدى. پويىز ھەيدەش ھەققىدىكى ئويلىرىمنى ئويلىسام
كۆڭلۈم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزەمگە:
"مەن زادى نىمە بولغان ئادەم، بۇ يەرگە پويىز ھەيدەشنى
ئۆگىنىمەن دەپ كېلىپ تاپقان ئىشىم مۇشۇمۇ؟!..... ئىش مۇشۇن-
داقلا بولىدىغان بولسا، بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە ماڭا پويىز ھەي-
دەش ئەمەس، پويىزنى كۆرۈشمۇ نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

بۇ يەرلەردە يۈرۈپ بۇنداق قىينالغىچە، ئۆز يۇرتۇمغا بېرىپ دېخانچىلىق قىلغىنىم، كەتمىنىمنى چېپىپ، سىڭگەن پومۇمنى يېگىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ....." دېگەن ئويغا كەلدىم. لېكىن بۇ ئويۇمنى تەشكىلگە كىرىپ ئېيتىشتىن ئەيمەندىم. شۇنىڭ بىلەن مېنى خىيال باستى. ئىشتىنىمۇ سوۋۇشقا باشلىدىم. بۇنى رېن چۈگلۈك سېزىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مەن بىلەن ئىش ئورنىدا سوزلىشىپ كورۇشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن مەن سوزلىمەي قويدۇم. بۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ مېنى تاشلىۋەتمىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كەمدىن ـ كەم ئۇچرىشىشنى خالايدىغان، ئىمكانىيەت تېپىلسا ئۇنىڭ كوزىگە كورۈنمەسلىكنى ئىزلەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئىشنىڭ بۇنچىلىك كەينىگە سوزۇلۇپ كېتىپ بارغىنىنى كورگەن رېن چۈگلۈك بىر كۈنى ئىشتىن قايتىدىغان چاغدا قېشىمغا كېلىپ:

ــ هوشۇر، سىز ئىشتىن چۈشۈپلا ياتىغىڭىزغا كېتىپ قالماي، مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ، مەن سىز بىلەن ياتاققىچە بىللە بارماقچىمەن! ــ دېدى.

مەن يا لام، يا مىم دېمىدىم. ئۇ مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ: "گېپىمگە رازى بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپ كېتىپ قالدى. ئۇ، كېتىپ ئۇزاقتا بارماي، ئىشتىن چۈشۈشكە بەلگىمۇ بېرىلدى. مەن ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا "غىپ"پىدە تىكىۋەتتىم. بۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن "قۇتۇلدۇم" دەپ خام خىيال قىلغان ئىكەنمەن. ياتاققا يەتكىچە ئۇ ماڭا يېتىشىۋالدى ۋە مېنى

ئۇز ئىختىيارىمغا قويماي ياتىغىغا باشلاپ ئېلىپ كىرىپ، يۈزۈمنى يۇيۇشقا سۇ تەييارلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. مەن يۈزۈمنى چالا ـ بۇلا يۇيۇپلا، ئۇزەمنى دالدىغا ئالاي دەپ تۇرسام، ئۇ ئىككى جاۋۇردا كەچلىك غىزانى ئېلىپ كىرىپ كەلدى ۋە:

ــ هوشۇر بۇگۈن مىللى ئاشخانىدا لەغمەن ئىكەن. مەنمۇ غىزانى شۇ يەردىن ئېلىپ كەلدىم. كېلىڭ ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيلى، ــ دېدى.

مەن گەپ قىلماي كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. تاماق يېيىلدى. ئارقىدىن بىر پىيالىدىن ئاش سۈيى ۋە قايناق سۇمۇ ئىچىشتۇق. لېكىن ئارىدا پەيدا بولغان جىمجىتلىق ئۇز پېتىنى بۇزمىدى. بۇ ئەھۋالغا چىدىيالمىغان رېن چۇڭلۇڭ سوزنى ئۇزى باشلىدى.

ــ هوشۇر! سىز بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدىڭىز؟ يېقىندىن بېرى بەكمۇ شۇكلەپ كەتتىڭىز. ئىشىڭىزمۇ بالدۇرقىدەك ئەمەس. قېنى راستىنى ئېيتىپ بېقىڭا، سىزگە نىمە تەسىر قىلدى؟!

مەن بۇ يەردىمۇ گەپ قىلماسلىقتا نىيەت قىلغان ئىدىم. شۇنىڭ ئۇچۇن:

ــ هىچ!......ــ دەپ قىسقىلا جاۋاپ بەردىم.

ــ بىرەر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ ـ نىمە؟! ــ دېدى ئۇ. مەن يەنە:

ــ ياق! ــ دەپ كېسىپلا جاۋاپ بەردىم.

ــ ئائىلىڭىزدىن بىرەر كوڭۇلسىز خەۋەر ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

ــ ياق!

— ئەمىسە، نىمە بولدىڭىز؟!
— نىمە بولغانلىقىمنى سىزمۇ سورىماڭ، مەنمۇ دىمەي.
— ۋاھ......بۇ......قانداق گەپ؟!
— قانداق گەپكىن تاڭ!......
— "قانداق گەپكىن......تاڭ"......دىگىنىڭىز نىمىسى؟ ماڭا قاراڭ ھوشۇر، سىز خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تەركىۋىدە توت يىل مۇنتىزىم تەربىيە ئالغان ئادەمسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى. مەن بۇ سوزنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىمدا ئانچىلا ئەجەپلىنىپمۇ كەتمەيتتىم. بۇ گەپنىڭ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىقىشى مەن ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى.
ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى چەككىلىپ تۇرۇپ شورنۇۋىتىپ، سوزىنى داۋاملاشتۇردى:
— سوزىڭىزنىڭ ئورانىغا قارىغاندا، مىنىڭ سىز بىلەن كارىم بولمىسا، سىزنىڭ مەن بىلەن ئىشىڭىز بولمىسا بولىدىكەن-دە. ياق-ياق! مەن ھەرگىز بۇنداق مەسئۇلىيەتنى ئوز ئۈستۈمگە ئالالمايمەن. سىز مەندىن رەنجىسىڭىزمۇ، ئاغرىنىسىڭىزمۇ مەيلى، مەن شۇنى سىزگە ئۇزۇپ ئېيتايكى، سىزنى مەن شۇ ھالىڭىزچە ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن. بۇگۈن بىز ئوز ئىدىيىمىزنى ئېچىپ، يۈز كورۈشتۇرۇپ باقايلى. كەمچىلىك مەندىن ئوتكەن بولسا، مەن ئوزەمنى كوپچىلىك ئالدىدا تەكشۈرۈپ چىقاي. ئەگەر سىزنىڭ تونۇشىڭىزدا بىرەر مەسىلە بولۇپ، ئۇنى ھەل قىلالمى-

غان بولسىڭىز، بۇنداق بۇرۇختۇم بولۇپ يۈرمەي، دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇڭ! مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلايلى. بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمىسە، تەشكىل بار. تەشكىلگە يەتكۈزەيلى-دە، مۇۋاپىق چارىسىنى تاپايلى. دۇنيادا يېشىلمەيدىغان تۈگۈن، ئېچىلمايدىغان سىر يوق.

ئۇ بۇ سوزنى ساپ ئۇيغۇر تەلەپپۇزى بىلەن ئېيتتى. مەن ئۇنى "يالغۇز قورۇلۇش ساھەسىدىكى سوزنىلا بىلسە كېرەك" دەپ ئويلاپ، يېڭىلىشقان ئىكەنمەن. ئۇ شىنجياڭغا چىقىپ ئىشلىگەن توت يىلنىڭ مابەينىدە تىلنىلا ئەمەس، يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئورپ-ئادىتىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن ئىكەن. مەن بۇنى كېيىنچىرەك بىلىپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ، ئەمدىلا يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن ئوتتۇرا بوي، ئوچۇق چىراي رېن چۈگلۈگنىڭ زىرەكلىگى مېنى ئۆزىگە سېلىپ قويدى: "ئەسلىدە مەن يېزىنىڭ باشقا بالىلىرىغا ئوخشاش تولىمۇ جاپادا ئوسكەن ئىدىم. يېشىم 15 كە كىرە-كىرمەي تومۇرچىلىككە شاگىرت بولۇپ كىردىم. بىر يىل ئوتكەندە بازغان تۇتۇشنى ئۆگەندىم. يېشىم 19 غا يەتكىچە بازغان سوقتۇم. لېكىن كۈنۈم تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى كورمەي ئوتتى. ئارمىيىگىمۇ كىردىم، مېنىڭ بەختىم ئېچىلدى. خەت ساۋادىمنى ئارمىيىدە چىقاردىم. ئۇرۇمچىدە ئىككى يىل، ئارىتۇرۇكتە بىر يىل، قۇمۇل ئەتراپلىرىدا بىر يىل ئىشلەپ، ئىككى قېتىم مۇكاپاتلاندىم. ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى مېنى ئوز قويىنىغا ئېلىپ تەربىيىلىدى.

لېكىن مەن بۇنىڭ بەدىلىگە بۈگۈن نىمە ئىش قىلىپ بەردىم. ھە؟......" دەپ دوپپامنى ئالدىمغا ئېلىپ قويۇپ ئويلىدىم. ئۇتمۇشتە تارتقان چاپا-مۇشەققەتلەر بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بىرئاز ئەكسىمگە كېلىشكە باشلىغانلىقىمنى بايقىغان رېن چۈگلۈك سوزگە كىرىشىپ:

—ھوشۇر! ئويلىنىپ بولدىڭىزمۇ-يوقمۇ؟ —دەپ سورىدى.

مەن بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىم ۋە:

—ھە......ئويلىنىپ بولدۇم! —دەپ جاۋاپ بەردىم.

—ئانداق بولسا كۆڭلىڭىزدىكىنى ئەمدى ئېيتىدىكەنسىز-دە؟...... —دىدى. مەن:

—ھىلىمۇ بۇ ئىش ئۆز بېشىم بىلەن كەتسۇن! —دىدىم. مېنىڭ بۇ گەپىنى نىمە غەرەز بىلەن ئېيتقانلىقىمنى ئۇ دەررۇلا سەزدى. شۇڭا ئۇ مېنى ئەكىلىتىپ ئولتۇرماستىن:

—بىزنىڭ جەمىيىتىمىزدە كىشى ئۆز بېشى ئۈچۈنلا ياشمايدۇ. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆز بېشى بىلەن كېتىدىغان ئىشىمۇ بولمايدۇ. ئىش شۇنداق ئىكەن، كۆڭلۈمدىكىنى "ئېيتاي-مۇ-يوقمۇ؟" دەپ ئىككىلىنىپ ئولتۇرغۇچىمۇ بولمايدۇ.

بۇ سوز مېنىڭ ھۇشۇمنى يىغىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن نېزىقاپ ئولتۇرۇپ، پايدا ئالالمايدىغانلىقىمنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندىم ۋە كۆڭلۈمدىكى بار گەپنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم. ئۇمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بۇ تۇگۈنچەكنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىدى. كېيىن ئۇ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

—ھوشۇر! بۇ ئەمگەك سىز بىلەن ماڭا باقى ئەمەس. جىق ئىشلىسەك يەنە بىر ئاي ئىشلەيمىز. بىزنىڭ قۇرۇلۇشقا بولغان ئېھتىياجىمىز قامدالغاندىن كېيىن، بېشىمىزنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ بۇنداق ئىش تېپىلمايدۇ. بۇ سىز ۋە مەن ئۈچۈن زور بىر چېنىقىش. سىزمۇ شۇنىڭغا چىدىسىڭىز، ئىش كۆڭۈلدى-كىدەك بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن تەشكىلگە ۋاكالىتەن سىزگە شۇنى ئېيتايكى، "كومسەم پىشامدىكى، ياقسام تۇتامدىكى" دەيدىغان بۇنداق ئارىسالدىلىق بىلەن پويىز ھەيدەشنى زادىلا ئۆگەنگىلى بول-مايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي تەۋرەنمەس ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى كېرەك. سىزدە شۇنداق ئىرادە تىكلەنسە، سىزگە پويىز ھەيدەشنى ئىككى يىلدىن-ئۈچ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چوقۇم ئۆگىتىپ چىقىمەن. بۇنىڭغا بەل باغلىغانمەن. ئېغىر كەلسىمۇ يەنە بىر قېتىم شۇنى ئېيتايكى، بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەتلا ئىرادە، ئىنتىلىش، ئىزدىنىش، غەيرەت ۋە چىداملىق كېرەك...

مەن ھەيران قالدىم. مېنى ھەيران قالدۇرغان نەرسە رېن چۇڭلۇكنىڭ يۇمشاق سوزلۇگى ۋە كەمتەرلىكىلا بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ پويىز ھەيدىگۈچى ماھىر ماشىنىست ئىكەنلىكى بولدى. ئاغزىم كاككۇكنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپلا قالدى. كوزۇمدە بولسا، خوشاللىق ياشلىرى ئەگىپ قالدى. مەن نەچچە كۈندىن بېرى كىم بىلەن ئىشلىگىنىمنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. ھەتتا شۇ چاققىچە

مەن ئۇنى زەمبىلىنىڭ بېشىنى تۇتقاندا كۈچلۈك ئىشچى، لايىغا چۈشكەندە ئۇستا لايچى، كېسەك قۇيغاندا چاققان كېسەك- چى، قۇرۇلۇش ئىشىدا تەڭدىشى يوق ماھىر ئادەم دەپ تونۇپ يۈرگىنىمنى ئويلاپ، ئۇزەمدىكى ھەيرانلىقنى خىجىللىققا ئالماش- تۇردۇم. پېشانەمدىن سوغاق تەر چىقىشقا باشلىدى. مېنى بۇ خىجىللىق شۇنداق بىر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدىكى، ھەتتا يۈزۈمدىكى تەرلىرىمنى ئېرتىشقىمۇ قولۇم بارماي قالدى. مەن شۇ ئەھۋالدا قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇرغۇنۇمنى زادىلا بىلمەيمەن. رېن چۇڭلۇكنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى مېنى ئۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرمىغان بولسا، يەنە قانچىلىك ۋاقىتقىچە شۇنداق مۈگدەپ قالغان كىشىدەك ئىسەنكىرەپ ئولتۇراتتىمكىنتاڭ......بىر چاغدا رېن چۇڭلۇكنىڭ:

— ھوشۇر! ھوشۇر! دېگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ كەلدى. كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئاندىن ئېچىپ، رېن چۇڭلۇككا قارىسام، ئۇ، ئوڭ قولىنى ئوڭ دولامغا قويۇپ ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭ قارىغىنىمنى كۆرۈش بىلەن:

— سىز بۈگۈن خېلى چارچىدىڭىز. ھازىرچە سوھبىتىمىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. سىز چىقىپ ئوبدان ئارام ئېلىڭ! — دېدى.

مەن ئورنۇمدىن بىر يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك ئاستا قوپتۇم-دە، كۆزۈمگە تىقىلغان قاراڭغۇلۇق تۈگىگىچە جايىمدا تۇرۇپ، كېيىن ئاستا قوزغىلىپ ياتىقىمغا چىقىپ كەتتىم ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ كېچىسى مونچىدىن چىققان ئادەمدەك ھوزۇرلىنىپ ئۇخلىدىم.

ئەتىسىدىن باشلاپ، مېنىڭ ئىشىمدا نەتىجە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۆزەمنىمۇ باشقىچە سېزىشكە باشلىدىم. ئۆزۈمنىڭ بارماي قۇرۇلۇشىمىزمۇ تۈگىدى. مەن رېن جۇگىلوڭ بىلەن "○××× " نومۇرلۇق پويىزغا ئورۇنلاشتىم. پويىزدا بىزدىن باشقا يەنە 4 نەپەر ئۇستا ۋە شاگىرت بار ئىكەن. ئۇلار رېن چۇگىلوڭ بىلەن مېنى بىرقانچە يىل بىللە ئىشلەپ كېيىن ئايرىلىپ كېتىپ، قايتا كۆرۈشكەن كونا دوستلاردەك كۆتۈپ ئېلىشتى.

ئىش ۋە سوز ئارىسىدا، مەن رېن چۇگىلوڭنىڭ بۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئىناۋىتى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇنى سېغىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، لەنجۇغا 13 قېتىم، سۇلېخېغا 15 قېتىم، كومۇر كانىغا 8 قېتىمچە قاتنىدۇق. پۈتۈن ئەزايىم قاپقارا بولۇپ، كومۇر ۋە كۆلگە مىلىنىپ كەتكەن كۈنلىرىمۇ بولدى. لېكىن مەن ھامان ئۆزەمنى تېتىك سەزدىم. شۇ جەريان ئىچىدە رېن چۇگىلوڭنىڭ شەخسەن ئۆزى ماڭا مەدەت بېرىپ كەلدى ۋە مېنى كوچىگار قىلىپ تاۋلاپ چىقتى دېسەممۇ بولىدۇ. بۈگۈن مېنىڭدىن بۇرۇن كوچىگار بولۇپ ئىشلىگەن بىر يولدىشىمىز ماشىنىست بولۇپ، رېن چۇگىلوڭنىڭ ياردەمچىلىكىگە ئۇستۇرۇلدى. مەن بىرىنچى دەرىجىلىك كوچىگار-لىققا كوتىرىلدىم. رېن چۇگىلوڭنىڭ تېخىنىكا سەرئىتى مۇشۇن-

داق تېز ۋە سەممى بولىدىغانلا بولسا، مەنمۇ ماشىنىستىنىڭ ياردەمچىلىكىگە، كېيىن پويىز ھەيدەيدىغان ماشىنىستلىققا كۆتۈرۈلىشىمگە زادى گۇمان قىلمايمەن. بۇ ئىشتا بولغان مەندىكى ئىنتىلىش مانا شۇنداق جەريانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى ھالىتىگە كەلدى. مەن ھازىر ئۆزەمنىڭ دەسلەپتىكى تەتەككىلىگىمنى ئويلىسام، ھېلىمۇ قىلىدىغان سوزۇمنى تاپالمايمەن. لېكىن ئۇ مېنىڭ مۇشۇ ئىشىمنى بىر قېتىممۇ يۈزۈمگە سالمىدى. بۇنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، پارتىيىگە، خەنزۇ خەلقىنىڭ مۇشۇنداق مۇنەۋۋەر پەرزەندىگە ئېيتىدىغان تەشەككۈرۈمنىڭ چېكى يوقتەك قىلىدۇ.

مەن بۇنى ھازىر ئېيتىشقا لايىق تىل تاپالمىغان بىلەن زېھىن تاپتىم، ھۇنەر ئۆگەندىم. يېقىن كەلگۈسىدە بۇ مىننەتدارلىغىمنى ئۆز ئەمىلىي ئىشىم بىلەن ئۆز جايىغا تولۇق يەتكۈزىمەن.

مەن ئۇنىڭ سوزى تۈگىدى، دەپ ھېساپلاپ، ئۆزى ۋە ئۇستازى توغرىسىدا يەنە بەزى بىر نەرسىلەرنى كوچىلاپ سوراشنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئىدىم. پويىز بۇقسىنىڭ "ھويت!...... ھويت!......" دىگەن تاۋۇشى ئاڭلاندى. قارىساق، ۋاقىت توشۇپ قالغان ئىكەن. بىردەكلا ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق. ئۇ كومۇر كانىغا بارىدىغان پويىزنىڭ بۇقسىغا قاراپ يۈگۈردى. مەن سۈلىخېغا يۈرۈشكە تەمشىلىۋاتقان ئۆزىمىزنىڭ يولۇچى پويىزىغا قاراپ مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپ، توۋەندىكى سوز يادىمغا يەتتى. ئىشىمنى توختىتىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

—بۇرادەر! ئۇستازىڭىزغا بىزنىڭ ھەممىمىزدىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ! — دىدىم.

ئۇمۇ چىپ توختاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

—خوپ! — دەپ قىسقىلا جاۋاپ بەردى.

—ئۇستازىڭىز بىلەن بىز سىزنى ئۇرۇمچى ۋوگزالىدا كۈتىمىز! — دىدىم مەن ئۆزەمنى تۇتالماي.

خاتىرجەم بولۇڭ، يولداش! بۇ ھەقتە ھەر ئىككىمىزلا پارتىيىگە ۋەدە بەرگەنمىز! — دىدى - دە، يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

مەن پويىز ۋوگزالىغا يېتىپ بارغاندا، بىر يۈك پويىزى يەر - جاھاننى تىترەتكۈدەك ھەيۋە بىلەن سىگنال بېرىپ، "تاق - تۇق، تاق - تۇق، تاق - تۇق، تاق - تۇق" قىلىپ رېلىس يالاپ، ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەتراپىمىزدىكى بوشلۇقتا بولسا، پويىز بۇقىسىنىڭ تۇرخۇنىدىن چىققان كۈمۈش رەڭلىك گاز قۇياشنىڭ زەردەك نۇرى بىلەن ئويىنىشىپ ئارىلىشىپ كەتتى......

1960 - يىلى 8 - ئاۋغۇست، قۇمۇل.

تۇردى سامساق

# خوشاللىق

(ھىكايە)

## 1

ــ كاپىرات ـ كاپىرات...... ھوي، ساڭا نەچچە ۋاقتتىن بېرى كاپىرات بالاسىلا تەگدىغۇ زادى، ئولتۇرساڭ ـ قوپساڭ كاپىرات دەيسەن، ئەس ـ يادىڭ كاپىرات بىلەنلا قالدىغۇ. بۇ كەمگىچە كاپىرات قۇرماي كىم ئولۇپ قاپتۇ؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ كاپىرات قۇرماي كۇن كورۇپتىكەنغۇ؟......ــ مەشۇراخۇن خوتۇنىغا شۇ قەدەر ئاچچىقلاندىكى، چالۋاقاپ سوزلىگىنىدە شولگەيلىرى چاچراپ، خۇددى كوزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كەتكىدەك بولدى.

ــ كوپىراتىپ دەپ يامان دەۋاتمىغاندىمەن. ھەممە كىشى ياخشى كورگەن، جىمىكى ئادەم ئاغزىدىن چۇشۇرمەيۋاتقان گەپنى دەۋاتىمەن، ــ دىدى مۇلايىملىق بىلەن ئاستا سوزلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېپىزىخان قازاندىكى قاچىلارنى غۇچۇلدىتىپ يۇيۇۋېتىپ.
— قېنى، نەدە شۇنداق ئىكەن، سۇلايمان موللام، ئەكبەر ئاخۇنلارمۇ تېخى كاپىراتقا كىرگىنى يوقمۇ؟
— سىلى شۇلارنىلا كورۇدىلا، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ نىمە كارىمىز. ئەھلى - مەھەللىنىڭ جىمىسى كوپىراتىپقا كىرىپ بولدى. بىزلا قېلىۋاتىمىز، — دىدى ھېپىزىخان دەستىلەنگەن قاچىلارنى كوتىرىپ كېتىۋېتىپ.
— كىرگەنلەر كىرىۋەرسۇن، بىز سۇلايمان موللاملار قاچان كىرسە شۇ چاغدا كىرىمىز، — دىدى مەشۇراخۇن.
— خەق بىلەن كىندىكلىرى قوشمىدى. ئۇلار يەنە بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن كىرىمىز دەۋاتقىدەك. ئۇ چاغدا پوملار① بىلەن باي دىخانلارمۇ كوپىراتىپقا كىرەرمىش. پوملار بىلەن بىللە كوپىراتىپقا كىرىش بىزگە نومۇس ئەمەسمۇ؟ — دىدى چۇچۇلا بىلەن قوقاسنى كوچىلاپ، چوگۇن قويۇۋېتىپ ھېپىزىخان، — ئۇلار كىرمىسە كىرمەۋەسۇن، بىز كىرىمىز.
— ھوي خوتۇن سەن بىلەمسەن، يا مەن بىلەمدىمەن.
— سىلىمۇ بىلىدىلا، مەنمۇ بىلىمەن.
— سەن بىلمەيسەن، مەن بىلىمەن، مەن! — دىدى مەشۇراخۇن ئوز مەيدىسىگە ئۇرۇپ كوچەپرەك سوزلەپ، — سەن مېنى ئالمىغان، مەن سېنى ئالغانمەن! — ئۇ ھومايغىنىچە بېرىپ

---

① پوم — پومىشىك.

سۈپىنىڭ دوقمۇشىدىكى تۈۋرۈككە يولىنىپ، زوڭلا ئولتۇردى ۋە مۇشۇك تاتلىۋەتكەندەك تىتىلىپ ھەم قولاقلىرى سالپىيىپ كەتكەن ئاغداما ئوتۇكىنىڭ قونچىدىن ناسۋال چاقچىسىنى ئېلىپ ئالقىنىغا دۇملىۋىدى، ناسۋال چۇشمىگەندىن كېيىن، سۈپىنىڭ زەگۇندىسىغا تاقىلدىتىپ ئۇردى. بىر چېكىم ناسۋالنى زەردى بىلەن ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن، ناسۋال يوقى قولىنى يوتىسىغا سۇركىۋەتتى.

— توغرا ئېيتىدىلا، — دىدى ھېپىزىخان، ئېرىنىڭ كوزىگە مېھرى بىلەن تىكىلىپ، — سىلى مېنى ئالغان. سىلى ئەر، مەن خوتۇن، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇيدە بىرنىمە يوق بولسا، ئۇنىڭ دەردى سىلىگىمۇ، ماڭىمۇ تەڭ ئەمەسمۇ؟

— ساڭا نىمىشقا تەڭ ئىدى، — دىدى مەشۇراخۇن كالپۇكىنى يىمىرىپ، ەك سوزلەپ، — تۇگەپ كەتسە تېپىپ بېرىدىغان ئادەم مەن ئەمەسمۇ؟

— زادى ھەمىشەملا شۇنداق دەيدىلا، — دىدى ھېپىزىخان يېلىنغان قىياپەتتە، — سىلى تالا - تۈزدە يۇرۇيلا، بىر ئۇيگە نىمە كېلىپ، نىمە كەتكىنىنى بىلمەيدىلا.

— ھىم، تېخى مەن بىلمىگىدەكمەن، — دىدى مەشۇراخۇن خوتۇنىنىڭ سوزىنى زەردى بىلەن تەكرارلاپ، — مەن بىلمىگەدەكمەن. ۋاي سېنىڭ بىلىدىغان بولۇپ كەتكىنىڭنى قانداق قىلاي......

— چېچىلمىسلا، — دىدى ھېپىزىخان، — ئېرىنىڭ ئوزگەرگەن

تەلەتىنى كورگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، بىزمۇ ئىنسان بولغاندىن كېيىن، كوپىراتىپقا كىرىپ ئىشلەپ، ياخشى يەپ، ياخشى كەيسەك بولمامدۇ؟

— خوتۇن كىشى دىگەن نىمىنزە...... — دىدى مەشۇراخۇن بوينىنى تەتۇر تولغاپ، — ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يۇرگىنىڭنى قارا. ھوي خوتۇن، — دىدى ئۇ، سىڭا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ۋە ئوڭ بىگىز قولى بىلەن يەرنى سىجىپ، — مەسىلەن، بىز ھەر يىلى يەرگە ئۇزىمىز نىمىنى خالىساق شۇنى تېرىيمىز، ئاشنى خالىغان چاغدا، خالىشىمىزچە ئىشلىتەلەيمىز، بىر دە. ئۇزىمىز تىلىنى ئۇقۇدىغان سايمال (سايمان دىمەكچى) بىلەن دىخانچىلىق قىلىمىز، ئىككى دە. خالىغاندا ئىش قىلىمىز، خالىغاندا ئۇخلاپ قويۇپ بىرنىمە قىلىمىز، ئۇچ دە. ئەمدى كاپىراتقا كىرگەندىچۇ؟ كاپىراتقا كىرگەندە ماۋۇ مېنىڭ يېرىم، مانداق نەرسە تېرىيمەن دىيەلمەيسەن، بىر دىگىن. ئۇزەڭ خالىغانچە يەپ ئىچەلمەيسەن، كوكۇلدىكىدەك يۇرەلمەيسەن، ئىككى دىگىن. ئاتىمىش تازنىڭ ئارىسىدا نىمە تەگسە شۇنى ئالىسەن، ئۇچ دىگىن. يەنە نەدىكى ئاتام كورمىگەن، ئانام كورمىگەن ئەگرى تۇمشۇق بىرنىمىلەر بىلەن دىخانچىلىق قىلىسەن. ئۇنىڭ تىلىنى ئۇقمىغاندىن كېيىن زىيان تارتىش دىگەن تۇرغان گەپ، توت دىگىن. ھىم...... مانا ئۇنىڭدىن كوره، كاللىمۇ يىمەي، چىشىنىمۇ چاقماي، سىڭگەن ناننى يەپ يۇرگىنىمىز ئەۋزەل، چۇشەندىڭمۇ؟

— سىلى شۇنداق دەيدىلا، "يېڭى يول" كوپىراتىۋىغا كىرگەنلەر زىيان تارتماي ھەجەپ كوپ ھوسۇل ئاپتىغۇ؟

— غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەمنى، — دىدى مەشۇراخۇن قولىنى شىلتىپ، — خەقنىڭ ئالغان ھوسۇلىنى ئوز كوزۇڭ بىلەن كوردۇڭمۇ؟ بىزنى قىزىقتۇرۇش ئۇچۇن رەڭۋازلىق قىلىۋاتىدۇ. رەڭۋازلىق ......سەن ئوسمان لەگلەكنى بىلمەمسەن؟ ئۇ ئىككى نان تاپسا، بىرىنى داپ چالىدىغان زىڭدا زاڭ، تەڭلىسىدە نان كورمىگەن بىرىنىمە. ئۇ ھازىر مۇدىر بولدۇم دەپ بىرنى ئىككى كورسىتىپ كوز بوياۋاتىدۇ. ئۇلار دەپ يۇرگەن ھوسۇلنى بۇ كەمگىچە ھىچكىم ئېلىپ باققىنى يوق ھەم ئالالمايدۇ.

— ئالىدىكەنىغۇ، نىساخان ئاچام ئوز كوزى بىلەن كورۇپ-تىغۇ، شۇ شۇنداق دەيدۇ.

— ھوي، نىسا شالاقنىڭ گېپىنى راست دەۋاتامسەن؟ ھى، ھى، — مەشۇراخۇن زاڭلىق قىلغاندەك ھىجايدى.

— قاۋۇل ئاكاممۇ ئاپپاق ساقىلى بىلەن يالغان ئېيتىمىغاندۇ؟

— ھە، ئۇ نىمە دەيدۇ؟

— كوپىراتىسىيىنىڭ ھوسۇل تويىغا بېرىۋىدىم، ئەل ئومرىدە تاغار تولدۇرۇپ ئاش ئالمىغان ئازنىخاندەك تۇل خوتۇنلارغىمۇ تاغار-تاغار ھوسۇل ھەم پۇل تەگدى. ئىست بۇلتۇر نىمىشقىمۇ كوپىراتىسىيىگە كىرمىگەن بولغىيدىم دەيدۇ.

— ھە، شۇنداق دەمدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ئازنىخان مايماقنى ئاجىز دەپ بەرگەن كەپسىنىنى كورگەندۇ، بەلكىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ماقۇل، ناسىر ئاخۇنغا كىم كەپسەن بەرگەندۇر، مايمۇنىخان بىلەن ئەر-خوتۇن ئىككىسىگە گۇرۇچتەك ئۇن، ئۇچ يېرىم تاغار ئاش، يەنە قانچە يۇز كوي دەيدۇ خۇدايىم، نەق پۇل تېگىپتە-غۇ؟ كوپىراتىپ زادى ياخشى ئىكەن، بىزدەكلەرنىڭ كىرىدىغان جايى ئىكەن.

— زادى يەنە ئايلىنىپ دەيدىغىنىڭ شۇ كاپىراتمۇ؟ — بۇ قېتىم مەشۇراخۇن خوتۇنىنىڭ كوزىگە قاتتىق تىكىلدى.

— كوپىراتىپ، — دېدى ھېپىزىخان قەتئىلىك بىلەن، — زادى كوپىراتىپىگە كىرىمىز.

— مەن كىرمەيمىز دىدىممۇ كىرمەيمىز، — مەشۇراخۇن قولىدا ئوشتۇپ ئولتۇرغان ياغاچ ئۇۋۇغىنى يەرگە ئېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— كىرىمىز، — دىدى ھېپىزىخان يەنە.

— مەن كىرمەيمەن.

— مەن كىرىمەن.

— قانداق كىرىسەن؟ — مەشۇراخۇن ھېپىزىنىڭ كوزىگە قادىلىپ قارىۋىدى، ھېپىزە:

— قانداق كىرسەم شۇنداق كىرىمەن، — دىدى.

— زادى ماڭا تۇرامسەن ياكى كاپىراتقا تۇرامسەن؟ — بۇلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭىدىن ئۇخلاپ ياتقان بالا ئويغىنىپ، ئىڭرىغىلى تۇردى. ھېپىزە بالىنى بەزلەۋاتاتتى، مەشۇراخۇن يەنە سورىدى:

— گېپىڭنى قىلە، زادى ماڭا تۇرامسەن يا كاپىراتقىمۇ؟

— كاپىراتقا تۇرىمەن دىسەمچۇ؟

— كاپىرات دەيدىغان بولساڭ، سەن ئۇ يان، مەن بۇ يان ۋەسسالام، — ئېرىننىڭ "سەن ئۇ يان، مەن بۇ يان" دىگىنى دىلىغا قاتتىق تەگدى ئەتىمالىم، ھېپىزىخاننىڭ كوڭلى بۇزۇلدى.

خوتۇننىڭ كوزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتقىنىنى كورگەن مەشۇراخۇن تازا چىڭ يەردىن تۇتتۇم، ماڭا چىدىماي يىغلىغلى تۇردى دەپ ئويلىدى-دە، بۇ قېتىم تېخىمۇ قاتتىق قىستىدى:

— كوزۇڭنىڭ سۇيىنى تېمىتماي گېپىڭنى قىلە.

— ئىست-ئىست بىر ئوي تۇتىمەن دەپ كورگەن كۈنلىرىم، سەككىز يىلدىن بېرى قولۇمنى كوسەي، چېچىمنى سۇپۇرگە قىلىپ، جان كويدۇرۇپ كەلسەم، ھىچ گەپتىن-ھىچ گەپ يوق "سەن ئۇ يان، مەن بۇ يان" دەۋاتقىنىنى، — دەپ ھېپىزە ئوپكىسىنى باسالماي ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

— دىمەيچۇ، گېپىمنى ئوتكۇزەلمىگەندىن كېيىن ھەرنىمە دىسەم ھەق، — يەنە گوكىرىدى ئېرى.

— بۇگۇنگىچە، — دىدى ھېپىزىخان كوك خام كوينىگىنىڭ يېڭى بىلەن يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، — سىلىنىڭ گەپلىرىنى يىرغان يېرىم بارمىدى. خەقلەر گورۇپپىلاشقىلى تۇرغاندا، گورۇپپىلاشسا يامان بولغۇدەك دىۋىدىلە ئۇن چىقارمىدىم. يەنە بۇلتۇر كوپىراتسىيە قۇرغاندا ھەرنىمىلەر دەپ تورۇۋېلىۋىدىلە بويتۇ، ئەر بولغاندىن كېيىن كوپ تاكاللىشۇەرمەي دىدىم. كوپىراتسىيە ھىچقاچان سىلى دىگەندەك بولمىدى. كوپىراتسىيىگە كىرگەنلەرنىڭ ھال-كۇنى ياخشى بولۇپلا كەتتى. بىز بولساق ئاتام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتقان بايىقى، يەنە شۇ كونا تاز كېپەندىن قۇتۇلالىماي، يا گېلىمىز تويىماي، يا كىيىمىمىز پۈتۈن بولماي يۈرۈۋاتىمىز. ھەممە ئىشنى كورۇپ، بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىمايلا، سىلىمۇ مېنىڭ دېگىنىمگە بىر ماقۇل بولۇپ باقسىلا بولمامدۇ؟

— ھىم، — دېدى مەشۇراخۇن دىمىغىنى خىتىلدىتىپ، — خوتۇن كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن باي بولغىچە، ئۆزەمنىڭ ئەقلى بىلەن گاداي بولۇپ كىتەرمىنا.

— راستمۇ؟

— راست بولماي ئەمىسى؟ — مەشۇراخۇن گولۇيۇپ جاۋاپ بەردى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى تاپا - تەنە قىلىشىۋېرىپ ئاخىرى قاتتىق رەنجىشىپ قالدى ۋە ئايرىلماقچى بولۇشتى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغان ئىدى. مەشۇراخۇن بىلەن ھېپىزىخان ئىككىسى يېزىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىنى بويلاپ ئوتىدىغان ئۆستەڭنىڭ ياقىسىدىكى يول بىلەن رايونغا قاراپ ماڭدى، مەشۇراخۇن قولىنى قويىنغا تىقىپ بازلىغان خورازدەك مايىتاتىپ ئالدىدا باراتتى. ھېپىزىخان بولسا ھەمزەك كوپىگە يوگەلگەن بالىسىنى قۇچاغلاپ، غەمكىن قەدەملىرىنى ئالدىرىماي دەسسەپ ئېرىدىن 30 — 20 چامدام كەينىدىرەك باراتتى.

ھېپىزە چوڭقۇر خىياللارغا چومۇپ باراتتى. ئۇنىڭ كوڭلىدىن تۈرلۈك خىياللار، خۇددى تەسۋى مارجىنىدەك تىزىلىپ ئوتۇشكە باشلىدى. ئۇ ئوز ئوزىگە: "ۋاي، مەن نىمە بولدۇم، بىز نىمە بولۇشتۇق، خاتا قىلدىمۇ يا؟ ياق مەن ھەق ئىش

قىلىۋاتىمەن. پەقەت ئېرىمنىڭ كاچىلىغىدىن مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆيىمىز بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ؟ ياق-ياق" دەيتتى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن. ئۇ يەنە ئۆزىگە مۇنداق دېدى: "ياق، مۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۆيۈمنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئەسلا رازىلىقىم يوق. بۇنىڭغا مۇتلەق يول قويالمايمەن، چۈنكى، ئۇ مېنىڭ قىز تەككەن يولدۇشۇم، ئۇنىڭمۇ پەقەت مېنىڭ بىلەن مۇھەببەت كوزى ئېچىلغان. ھەر ئىككىمىزنىڭ بىر بىرىمىزگە كوڭلىمىز بار. ئۇ ئەھۋالنى چۈشەنمەي بەغەرەزلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قىلغىنىنى مەن قىلماي، ئۇنىڭ دەرتلىرىنى ئاز تارتقىنىم يوقمۇ، بۇ قانچىلىك ئىش. ئۇ ھازىر بالدۇرقىدەك غالغۇي ئەمەس، خېلى ئوڭلىنىپ قالدى. بۇگۇن ئۇنىمىسا ئەتە ئۇنا، ئەتە ئۇنىمىسا ئوگۈنگە ئۇنا. جىمى كىشى كوپىراتسىيىلىشىۋاتسا، ئۇ چەتتە قالارمۇ، مەيلى، ئۇ ھازىر جاھىللىق قىلسىمۇ قىلىۋەرسۇن، ھېلى ئايرىلىشىمىز دەپ بىر يەرگە بارساق بىلگەنلەرگۇ بىرنىمە دە، بىلمىگەنلەر نىمە دە؟ مەن ئەردىن چىقىپ، ئەرگە تېگىپ يوتقان يىغىدىغان نومۇسسىز خوتۇنلاردىنمۇ مەن؟ زادى ئۇزلۇشۇمەن دەپ بىر يەرگە قايسى يۇزۇم بىلەن بارىمەن؟ ئۇمۇ ماقۇل، ئۇزلەشتىم، بىر بالام تىرىك يىتىم بولۇپ كىملەرنىڭ ئالدىدا بويىنىنى قىسىپ قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ يۈرە؟ ياق-ياق......". ھېپىزە مېڭىشىنى ئاستىلىتىپ يەنە مۇنداق ئويغا كەلدى: "ئەمدى بارمايمىز، ئايرىلمايمىز دېسەم ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ بويىنۇمغا تېخىمۇ مىنىۋالار؟ مەيلى، ئەھلى

ئالەم ئارىسىدا گەپكە قالغىچە، كىشى ئۇقمىغان خۇپىيانە دەرتنى تارتقىنىم مىڭ ئەلا ئەمەسمۇ؟ ئۇ، غادىيىۋىلىپ سارائلىق قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلالامدىمەن؟ مەن ئادەمغۇ، بىر ئەرنى ئەر قىلالمىسام قانداق ئادەم بولۇمەن؟" ئۇ قەتئىي قارارغا كەلدى ۋە ئۇستەڭنىڭ قىشىدىكى دوڭغاق ئاچا ئۇژمىنىڭ تۈۋىدە بالىسىنى ئىمىتكەن بولۇپ ئولتۇردى.

مەشۇراخۇنمۇ چوڭقۇر خىيالارغا چۆمۈپ، بايىقىدەك پات - پات كەينىگە قاراشنىمۇ ئۇنتۇپ، بىر يەرلەرگە بېرىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ ئۇقماي قالدى. ئۇ ھېچ شەپە بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغانغان كىشىدەك خىيالدىن ئۆزىنى يىغىپ، كەينىگە بويىنىنى كەينىگە تولغاپ قاراپ، خوتۇنىنىڭ بىر يەردە قالغانلىقىنى كوردى ۋە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى مەس كىشىدەك پۇتلىرىنى كەرگەن پېتىچە بىر دەم ساقلاپ تۇرۇۋىدى، بولمىدى. ئاقىۋەت ئارقىسىغا يېنىپ ھورۇن كىشى ئىشقا يۈرگەندەك ماڭدى ۋە ھېپىزىگە يېقىنداپ كېلىپ دىدى:

— ھە، خېنىم جۇمەمدىلا، بارىدىغان يەرگە بارىلى، قوپسىلا پاتراق بېرىپ، ئىسسىغىدا تۇگىشىپ كېتەيلى.

"ئىسسىغىدا تۇگىشىپ كېتەيلى" دىگىنى شۇ قەدەر ئاچچىق تەگدىكى، ھېپىزىنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە "سەن ئۇ يان، مەن بۇ يان"، "ئىسسىغىدا تۇگىشىپ كېتەيلى" دىگەن مۇشۇ سوزلەردەك جېنىنى ئاغرىتقان دەرتنى بېشىدىن كەچۈرمىگەندەك ھېس قىلدى. ئۇ بىرئاز دېمىنى

باسقاندىن كېيىن دېدى:

— ئۆيگە بارىلى.

— خوش نىمە گەپ، ئۆيدىن كەلدۇققۇ؟

— گەپ بار.

— گەپ بولسا، مۇشۇ يەرمۇ تازا خالىغۇ؟

— ئۆيدە قىلىدىغان گەپ، — ھېپىزە يەنە تەكرارلىدى، مەشۇراخۇن بۇ قېتىم شۇك تۇردى. ئۇنىڭ بۇ شۇك تۇرۇشى ئەھۋالغا ئۇكۇشلۇق چارە ئويلاپ بېشىنىڭ ئىچمۇ قېتىپ، تېشىمۇ قېتىپ ئاران تۇرغان مەشۇراخۇن ئۇچۇن ئۇلۇك كالىغا پىچاق سۇرگەندەك خوشياققانلىغىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ھېپىزە ئالدىرىماي ئورنىدىن قوپۇپ ئوي تەرەپكە قارىدى، مەشۇر ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق چىدىمىغان كىشى باشتا تولا كۈچەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ، — دېۋىدى. ھېپىزە تىكىلىپ قارىغىنىدا ئېرىنىڭ كوزىدىن توي كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە كۈلۈمسىرىگەن مېھرىۋانلىغىنىڭ ئىپادىسىنى كوردى ۋە ئۇشۇق گەپنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىگىنى بىلدى-دە، كەينىگە يېنىپ ئاستا ماڭدى.

## 2

باھارنىڭ ئىللىق سالقىنى نازىنىن قىزنىڭ يۇمشاق قولى ئۇز سۇيگۇسىنىڭ تېنىگە تېگىپ مۇھەببەت ھىسسىنى ئويغىتە-

ۋاتقاندەك كىشىنىڭ يۈز ـ كۆزىنى لەرزان سىپاپ ئۆتمەكتە. ئاسمان بويلاپ ئۇچقان قاتار ـ قاتار غازلار بىلەن ھاڭغۇت ۋە تۇرنىلارنىڭ قارق ـ قۇرقىلىغان ئاۋازى ۋە باغ ـ ۋارانلاردا چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئۈنلىرى بەئەينى تەبىەت دۇنياسىنى ئويىقۇدىن ئويغىنىشقا چىلىنىۋاتقان نەغمىدەك تۇيۇلاتتى. قىزىل كوس بولغان ئۈرۈكلەرنىڭ زىلۋا شاخلىرى خۇددى ئۈنچە ـ مارجان ئاسقان سەنئەتچى قىزنىڭ ئەۋرىشىمدەك لەرزان تولغىنىشىنى ئەسلىتەتتى. چۆشۈرگىنىڭ بېشىدىكى يوغان دوڭغاق سۆگەتنىڭ پۈتۈغىدىكى كامانىڭ ئاغزىدا ئولتۇرۇپ سايراۋاتقان قارا قۇشقاچنىڭ ئىسقىرتىشى خۇددى ئېتىزدا قوش ھايداۋاتقان دېخاننىڭ "ئو...ش...كە" دېگىنىنى دوراۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. پايانسىز ئېتىزلار قوينىدىن ياڭرىغان قىقاس ـ سۈرەنلەرگە قوشۇلۇپ، باھار سالقىنىدا دولقۇنلىنىۋاتقان ئەمگەك ئەھلىنىڭ شوخ غەزەللىرى، گويا پۈتۈن ھايات دۇنياسىنى تەۋرىتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

"يېڭى يول" كوپېراتىۋىنىڭ ئېتىزلىرىدا بۈگۈنمۇ ئىش شۇ قەدەر قىزىپ كەتكەنكى، چەبدەس يىگىتلەر بىلەن قاۋۇل قىز ـ چوكانلارنىڭ قولى ـ قولىغا تېگىشمەيتتى. بۈگۈن كىشىلەر ئېتىزغا شۇ قەدەر چىققانكى، ھەتتا كوپېراتىپنىڭ ئەڭ قېرى ئەزاسى سۇلتان تاغامۇ ئۆزلۈكىدىن ئېتىزغا كەلگەن ئىدى. ئەنە، ئۇ پۈتىنى لىكوكلىتىپ يۈرۈپ، ئۈرۈقلارغا يېپىلىۋاتقان قۇشقاچلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاۋارە.

— ھە، سۇلتان ئاكا، — دېدى نېرىقى بۇغداي ئوغۇتلاۋاتقان گۇرۇپپىدىن كېلىۋاتقان ئوسمان ئاخۇن كولۇپ، — بۇ قۇشقاچلار سىلىنى خاپا قىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەي - ھەي، — دېدى سۇلتان تاغام بېشىنى چايقاپ، — بۇ ئەجۇز - مەجۇزلەرنىڭ ئىمىسىنى دەيدىلا مۇدىر، خۇددى پۇل ئوتكۇزۇپ قويغاندەك موكۇلدىتىپ تېرىپ، چايىنىماي يۇتۇشلىرىنى دىمەمدىغان......

چوڭ ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چامما چوقۇۋاتقان ھوشۇر ئاكىمۇ سوزگە ئارىلاشتى:

— مەيلى، يىسە رىسقىنى يە، قانچىلىك يەيدۇ، دەيسەن؟ قۇشقاچلار يىسە خاپا بولۇۋاتىسەن، يا ھوپۇپلەر يىسە رازىمىدىڭ؟

— ھوپۇپ ئەسلىدە دان يىمىسىمۇ، ئەمما بۇ سۇلتان تاغامنىڭ سىدام بېشىغا قارىتا ئېيتىلىۋاتقان چاخچاق ئىدى. سۇلتان تاغام بېشى ھەققىدىكى ھەرقانداق گەپلەرنى پىسەنت قىلمايتتى. ئەمما ئۇ ھوشۇر ئاكامنىڭ سوزىگە زەردە بىلەن جاۋاپ قايتۇردى:

— رىسقىنى يەرمىش، بۇ شۇم قۇشلارنىڭ نىمە رىسقى باركەن بىزنىڭ ئىشىمىزدا؟

— ئۇرۇق چاچقاندا، جان - جانىۋارلارنىڭ رىسقى دەپ چاچمىدىغانمۇ بىز، — دېدى ھوشۇر ئاكام.

— ھوي، سەن تېخى شۇ يەردىمۇ، سېنىڭ سېسىپ قالغان كونا مەككۇرەڭ (مەپكۇرەڭ دىمەكچى) ما زاماندا كارغا كەلمەيدۇ.

قوشقاچ بىر تال ئۆرۈكنى يەپ كەتتى دېگەن گەپ، خامانغا قوشۇلىدىغان بىر باش بوغداينى، مەسىلەن، سېنىڭ تاغىرىڭغا كىرىدىغان 60 ـ 50 تال بوغداينى يەپ كەتتى دېگەن گەپ، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئەگەر شۇنچە قوشقاچ ئۇنىدىن دان يېسە، قانچىلىك ئۆرۈكنى يەپ كېتىدۇ، بىلەمسەن؟ خامان ئۇستىدا تاغىرىڭ سەل يېرىم قالسا غوتۇلدايسەن ھېلى؟

— ۋاي سېنىڭ چۇشىنىپ كەتكىنىڭنى قانداق قىلاي مايماق، — ھوشۇر ئاكا يەنە سوزلىمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭ سوزىنى مۇدىر بولۇۋەتتى.

— بولدى ھوشۇر ئاكا، چاممىنى يۇمشاق چوقۇيلى، سۇلتان تاغام راست ئېيتىدۇ، ھەر تال ئۆرۈك بىزنىڭ سېڭگىمىزنى تولدۇرىدىغان ئاش، گېلىمىزنى تويغۇزىدىغان نان، بىز ھەر تال ئۆرۈكنى كوزىمىزنىڭ گوھىرىدەك قەدىرلەپ ئۇنىدۇرۇپ، ئاۋايلاپ ئوستۇرمىگىمىز لازىم.

سۇلتان تاغام سوزىنى مۇدىر ياقتۇرغىنىغا ماختانغاندەك ھوشۇر ئاكامغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ ئالقىنىغا تۇكۇرۇپ ئەمدىكى دەردىنى چاممىدىن ئېلىشقا راسلىنىۋاتقىنىنى كوردى ۋە:

— چاممىنى ياخشى چوقۇ، — دەپ قوشۇپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى.

مۇدىر ئۆرۈكنىڭ قويۇق - يۇققىلىغىنى كوزدىن كوچۇرۇپ باراتتى. يىراقتىن كىمدۇ بىرسى توۋلىدى:

— مۇدىر، ھوي مۇدىر بۇ ياققا كەلسىلە، بۇ ياققا، — مۇدىر

توما بېشىدا قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ ۋاقىرىغان جامال ئاخۇن تەرەپكە ماڭدى. ئېتىزلار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، قوش قېتىۋاتقان مەشۇراخۇننى كورۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئىشقا ئەمدى چىققان ئوخشىمامدىلا؟

— ھەئە، سايمان-جابدۇق تېپىپ كەلگىچە سەل ۋاق بولۇپ كېتىپتۇ.

مەشۇراخۇن پەشلىرىنى قىستۇرۇپ، بىسمىللانى نەچچە قېتىم تەكرار ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇسىسى ئوتتۇۋۇرەك كەتكەن ئېتىزنىڭ قىرىنى بويلاپ قوش سالدى. ھېپىزە بولسا يېڭىدىن بويۇنتۇرۇق سېلىنغان تاغىل توپاقنىڭ ئىككى يېرىدىن ئۇلانغان تانىسىنى قىسقا تۇتۇپ يېتىلەپ بەرمەكتە ئىدى. مەشۇ-راخۇن گايى ئوقچۇپ ئالدىغا چېپىپ، گايى توپتەك تۇرۇۋېلىپ، گايى كوچىنى ئاياپ تۇگۇلۇپ بېرىۋاتقان توپىغىغا زوقلىنىپ قاراپ قوياتتى ۋە ئىچىدە: "ئىش قىلىپ كارغا ياراپ قالدىڭ جانىۋار" دەيتتى ئۇ.

بولار ئۇنداق-مۇنداق قىلىپ ئەپلەپ، ئەمدىگىنە بىر يېرىم قاپلىقتەك يەرنى ھەيدىۋىدى، قېرىشقاندەك ھەنىپە قىز ئويغىنىپ قىقىرغىلى تۇردى.

ماڭ يوگە، ئا نىمە يەنە نەغمىسىنى باشلىدى، يوگە بار، كاللارمۇ ئازراق دەم ئېلىۋالسۇن، — دىدى مەشۇراخۇن، ھېپىزە ئىككى قولى بىلەن كوكرىگىنى تۇتقىنىچە بالىسى تەرەپكە قاراپ چاپتى. مەشۇراخۇن بولسا تەنتەك توپاقتىن ئېھتىيات قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇقۇسىغا يانپىشىچە يولىنىپ تۇراتتى. تاغىل توپاق بېلىنى ئېگىپ-ئېگىپ قىسىرلىغىنىدىن كېيىن بىر دىنلا چۇۋاپ جونەلدى. مەشۇراخۇن هاي-هۇيلاپ بۇقۇسىنى قانچە كوچەپ باسسىمۇ ئىلاج بولمىغاندىن كېيىن سول پۇتى بىلەن كەشكۇنگە دەسسەپ خېلى هەپىلىشىپ باقتى. هېچىزىمۇ يۇگۇرۇپ ئۇلگۇرەلمىدى، قېرى ئاقۋاش ئۇينى توپاق چورۇپ كەتتى ۋە پىقىرتىپ ئايلاندۇرۇپ ئاپىرىپ، ئېتىزغا سۇ كىرىدىغان ئېچىق بېشىدىكى جىگدىگە ئۇرۇۋۇدى، بالدۇر غاچچىدا قىلىپ هاڭغۇق سۇندى، كېيىن بويۇنتۇرۇق كەشكۇن يالاپ ئۇپرىتىۋەتكەن يېرىدىن ئىككى پارچە بولدى ۋە كەشكۇنىنىڭ ئۇچىمۇ پوتلا ياغاچ ئوتكۇزىدىغان توشۇكتىن ئارتىپ يېرىلىپ تىتىماتاك بولۇپ كەتتى. يېرىم بويۇنتۇرۇقنى سورەپ قېچىشقا تەمشىلىۋاتقان توپاقنى تۇتۇۋېلىپ، مەشۇراخۇن ئۇنىڭغا زەردى بىلەن شالاقىدا بىرنى تۇكۇردى، — خۇدا بىر ساقلىدى، — دىدى مەشۇراخۇن پىشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، — ئەگەر پىشكەللىك كېلىپ، ماۋۇ خەقنىڭ كالىسىنىڭ پۇتىنى چىش كېسىۋەتسە قانداقىمۇ قىلار ئىدىم؟ — ئۇ پۇشۇلداپ تۇرغان توپاقنى جىگدىگە باغلىدى-دە، ئۇ ياق-بۇ يېقىغا قارىۋىدى، تايىغى بىر يەرلەردە قاپتۇ. قوش مۇشتەك نەم چاممىنى ئېلىپ توپاقنىڭ ساغرىسىغا بىرنى ئۇردى ۋە توپاققا هومايدى. ئاندىن ئالدى-كەينىگە قارىماستىن مەلىگە قاراپ كەتتى.

كوپىراتسىيە مۇدىرى ئوسمان ئاخۇنىمۇ سۇ هەيئەتلىرىنىڭ

قېشىدىن ئانچە ھايال بولماي قايتقان ئىدى. ئۇ بايىراق ئۇتۇپ كېتىۋاتقىنىدا قوش قېتىۋاتقان مەشۇراخۇنلار ئېتىزلىغىدىكى ئالامەتلەرنى كورۇپ، ھەيران بولدى ۋە ھېپىزدىن سورىدى:

—نىمە بالا بولدى؟

ھېپىزە بولغان ۋەقەنى ئالدىراپ سوزلەپ بەردى ۋە ئېرىنىڭ كاجلىق قىلىپ كوپىراتسىيىگە كىرگىلى ئۇنىماي جەۋرى-چاپا چېكىۋاتقانلىرى ئۇستىدىن شىكايەت قىلدى. بۇ چاغدا ئۇسمان ئاخۇنىنىڭ كوز ئالدىدىن كوپىراتسىيىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى جاپالىق تۇرمۇشى بىر-بىرلەپ ئۇتۇشكە باشلىدى. ئۇ قىسقا خىيالدىن ئۇزىنى يىغىپ ھېپىزىگە دىدى:

—سىلەرگە يامان بوپتۇ. "كۇنلۇكتىن قالساڭ، يىللىقتىن قالىسەن" دىگەن مۇشۇ چاغلار ئەمەسمۇ؟ مەن سىلەرگە ياردەم قىلىشقا باللاردىن بىرەرسىنى ئەۋەتەي، — مۇدىر ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

مۇدىركەلگەندە قۇرۋاننىياز قىردا ئۇرە تۇرۇپ نوگاي بىلەن سوغ چاي ئىچىۋاتاتتى.

—ھوي باللار، — دىدى مۇدىر قولىنى كەينىكە توتقىنىچە ھەيدەلگەن ئېتىزغا كىرىپ كېلىۋېتىپ، — ھەي قۇرۋاننىياز، — دىدى يۇزىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ —، ئۇكام سېنىڭ ھەيدەيدىغان يېرىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئوخشايدۇ، پاتراق تۇگىتىۋېتىپ، مەشۇراخۇنلارغا ياردەمگە بارساڭ قانداق؟ يامان بوپتۇ ئۇ بىچارىلەرگە.

—نىمىشقا، — دىدى قۇرۋاننىياز، مۇدىرنىڭ سوزى تۇگە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تۇگىمەستىنلا، — بىزنى دىسە كالىسىنى سورەپ يۈرۈپ ئۇلۇپ قالسۇن، كوپىراتسىيىگە كىرگىلى ئۇنۇمىغاندىن كېيىن، — ئۇ چاي يۇقى لېۋىنى يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ بارغىنىچە قوش چىشلىق ساپاننىڭ سېپىنى تۇتتى ۋە ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ تۇرغان ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى ـ دە، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن باراي، مېنىڭ يېرىم ئاز قالدى.

مۇدىر بىردىنلا كامىلجانغا قاراپ:

بولىدۇ، بولىدۇ، ئەمسى پاتراق بېرىڭ، — دىدى ۋە ئىچىدە: "زادى ئۇزەڭمۇ دىتىڭ بار يىگىت. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى سۇپىتىڭنى ھەمىشە ئەمەلدە كورسىتىسەن" دەپ قويدى.

كامىلجان «23 پ ر» ماركىلىق قوش چىشلىق ساپانىنى راسا ۋاشىلدىتىپ ھەيدەۋاتاتتى. ھېپىزە بولسا بالىسىنى بىرنىمىگە مەغۇل قىلىپ قويۇپ، يېڭىلا كېلىپ يەنە ھىلىقى كاندىكىنىڭ بۇرجىكىنى چاناۋاتاتتى، مەشۇراخۇن مەلىنىڭ ئاياق تەرىپىدىن ئۇچۇقچۇلۇقىا چىقتى. ئۇ، ئېتىزدا بىر كىشىنىڭ ئات بىلەن قوش ھەيدەۋاتقىنىنى كورۇش بىلەنلا مۇرىسىدىكى بويۇنتۇرۇقنى تاشلاپ، ۋاقىرىغىنىچە يۇگۇردى ۋە ئېتىزغا يېتىپ كەلگىچە نەچچە يەردە مۇدۇرۇپمۇ كەتتى. ئۇ كېلىپ ھاسىرىغان ھالدا كامىلجانغا كايىغىلى تۇردى:

— ئۇكاماۋا، سېنى كىم قوش ھەيدەپ بەر دىدى. كوتە بۇ ئەگرى تۇمشۇق شەيتانچاقىڭنى، — مەشۇراخۇن ھەيدەلگەن

يەرگە قاراپ، — ئىست يېرىم، ھارام قىپتۇ-دە، ئەستەغپۇرۇللا، — دەپ، يوقىلاڭ ساقىلىنى يۇلۇۋەتكۇدەك سىپىدى.

— نىمە بولدۇ مەشۇرانىكا، — كۇلۇمسىرىدى كامىلجان.

— نىمە بولدۇ؟ نىمە بولاتتى، بۇ نىمە يەرنىڭ ئۇستىدىكى كۇچلۇك توپىنى توپىسىگە چىقىرىۋېتىدۇ، زىرائەت ياخشى بولمايدۇ، — زەردى بىلەنرەك سوزلىگەندىن كېيىن، يەنە ھەيدەلگەن يەرگە قاراپ ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ، ھەسرەتلىك تىندى. كامىلجان مەشۇراخۇنغا يېقىن كەلدى ۋە ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— سىلىنىڭچە، بۇ يېڭى تېخنىكا-سايمانلارنى چىقارغانلار ئۇنداق ئىنچىكە يەرلىرىنى بىلمەيدىكەن-دە، دىدى كۇلۇپ.

مەشۇراخۇن مۇرىسىنى تولغاپ كامىلجاننىڭ قولىنى چۇشۇرۇۋەتتى ۋە:

بولدى، بولدى ماڭا تولا چۇشەندۇرۇك بەرمەڭ، — دەپ تەتۇر قارىۋالدى. ھېپىزە ئىرىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ گەپكە ئارىلىشىشنى راۋا كورمىدى، ئەتىمالىم. ئۇ قاتتىق خىجىللىقتا لەۋلىرىنى لىپىلدىتىپ قاراپ تۇردى.

ھەرقانچە قىلىسىمۇ مەشۇراخۇن يېرىنى يېڭى سايمان بىلەن ھەيدىتىشكە ئەسلا ئۇنىمىدى.

### 3

كۇن قايرىلغان ۋاقىت بولسىمۇ، ئاپتاپنىڭ تەپتى تېخى خېلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك ئىدى. چىرايلىق تەكشىلەنگەن كەڭ ئېتىزلاردىكى رەت-رەت مايسىلار سېخى كۈننىڭ شەپقەت نۇرىغا ھەشقاللا ئېيتىپ تازىم قىلىۋاتقاندەك ئاستا تەۋرىنەمەكتە ئىدى، كوپىراتىپ ئەزالىرى چۈشلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن ئىش باشلىغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما دەم ئېلىش ئالدىدىكىدەك قىقاس-سۈرەنلەر يوق ئىدى. بەزىلەر ئۈيقۇ يۇقى كوزلىرىنى يۇمۇپراق ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ھەركەتلەنمەكتە ئىدى، ئاغزى بېسىلماي غەزەل ئوقۇيدىغان ئامانگۈلمۇ نىمە ئۈچۈندۇر ئاغزىغا زىماتاڭ سېلىۋالغاندەك شۈك بولۇپ قالغان ئىدى. چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى بىلەن يوغان قاپاق تېرەكتە سايىداۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. يېقىن ئارىدىن تۇيۇقسىز جاراڭلىغان غەزەل ئاۋازلىرى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى:

بېغىڭغا كىرەي دىسەم،
ئىشىگىنى تاپالمىدىم.
ياخشى يار تۇتاي دىسەم،
ئىستەپمۇ تاپالمىدىم.

ياخشى يارنى تاپقاندا،
يۈگرەپ باراي قېشىغا.
خالىدا تېپىشقاندا،
گۈل قىستۇراي بېشىغا.

ئۇتاق ئۇتاۋاتقان خوتۇن-قىزلار گۇرۇپپىسىدىكىلەر بويۇن-لىرىنى سوزۇپ، غەزەل چىققان ياققا قاراشتى. ئۇلار سۇ باشلانغان قوناقلىقنىڭ ئىچغى تۈۋىدە ئېرىقنىڭ كومۇلگەن يېرىنى ئىگىزلەۋاتقان ئالىمجاننى كورۇش بىلەن ھەممىسى دىگۈدەك ئامانگۈلگە:

—ھە، ھە، ئامانگۈل قېنى بوش كەلمەيلى، —دېيىشتى. ئامانگۈل دەسلىۋىدە سەل-پەل قىزاردى. كېيىن كۈلۈمسىرىدى ۋە يەرگە قاراپراق غەزەل باشلىدى:

ئالما ئاتتىم مەن ساڭا،
ئۈزەڭ تېرىپ سانىۋال.
سەن ياخشىنى خالساڭ،
كوزەڭ بولسا تونىۋال.

ئامانگۈلنىڭ غەزىلىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ چورىسىدىكىلەر شۇ قەدەر چىڭ كۈلۈشتىكى، ئالتۇن قوڭغۇراق جىرىڭلىغاندەك ساز قەھقەلەر ھەيۋىتىدىن، سۇ كىرىۋاتقان ئېتىزلىقتا ئۈۋ ئۈۋلاپ يۈرگەن قۇشقاچلارمۇ پۇقراپ ئۇچۇپ كەتتى.

مۇدىرنىڭ كېلىشى غەزەلنى داۋاملاشتۇرالماي ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان ئالىمجان ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت بولدى. مۇدىر بىلەن بىللە سۇلتان تاغامۇ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئېتىزدا كوپىنچە مۇدىر بىلەن بىللە يۈرۈشنى ياخشى كورەتتى. سۇلتان تاغام ئېغىر ئەمگەككە قاتنىشالمىسىمۇ، ئەمما پايدىلىق مەسلىھەتلەر بېرىدىغىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن مۇدىر ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈشنى ياقتۇراتتى. پەقەت بىر-نەچچە كىشىلا سۇلتان تاغامنىڭ بۇ قىلىغىنى ياقتۇرماي: "مۇدىر بىلەن بىللە يۈرگەننى، 'يوغان' ئابروي كورىدۇ، مۇدىرنىڭ كوزىگە ياخشى كورۇنمەكچى دەپ شۇنداق قىلىپ يۈرىدۇ" — دەپ كوتۇلدىشاتتى.

— ھەي بالام، ھەي بالام، — دېدى سۇلتان تاغام ئالىمجان-غا، — ياشسىز، ياش تېخى، سۇنى بالدۇر باشلىۋېتىپسىز ئەمەسمۇ، يەنە سەل ھايىلى بارىدى، — ئۇ ئوڭ قولىنى چېكىسىگە دالدا قىلىپ كۇنگە قارىدى، ئۇنىڭ سوزى ئالىمجاننىڭ چىشىغا مۇشت ئۇرغاندەك تەككەچ، ئالىمجان سەل زەردە بىلەنرەك جاۋاپ بەردى:

— قوناق شۇنچە ئۇساپ كەتسە يەنە ھايىلى بولامدۇ؟......

ئۇ دىگىنىڭىزغۇ توغرا بالام، قوناق ئۇسسىشىغۇ ئۇسسىدى، ئەمما زىرائەتكە ئۇسسىدى دەپ كۇننىڭ ئىسسىغىدا سۇ قويۇش زىيانلىق. كۇن يانغان چاغدا، بولۇپمۇ كەچقۇرۇنلۇغى ياكى كېچىسى سۇ قويغان ياخشى.

قېرى دىخاننىڭ سوزىدە قانداقتۇ بىر ھەقىقەتنىڭ بارلىغىنى سەزگەن ئالىمجان قايىل بولغىنىغا ئىشارە ئۇچۇن تەلەتىنى تېزلا ئۇزگەرتىپ كۇلۇمسىرىدى. مۇدىرمۇ كۇلۇپ "ئىشنى كاداگدىن سوراڭ، ئۇننى باداگدىن" دىگەن مۇشۇ-دە، — دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇلار بوغدايلىققا قاراپ كېتىشتى.

— "ئىش قىزىيدۇ ئەپ-ئېپى بىلەن، مۇدىر كەلدى نايىپى

بىلەن" — دېدى ئامانگۇل بۇغدايلىقنىڭ ئوتتۇرا قىرىدا كېلىۋاتقان مۇدىر بىلەن سۇلتان تاغامنى كۆرۈپ، ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

ھارمىغايلا، — دېدى مۇدىر يېقىنداپ كېلىۋېتىپ.

ھارمىدۇق، كەلسىلە مۇدىرانىكا، — دېدى ئامانگۇل ئادەتتىكى شوخلۇغى بويىچە ئەركىلىگەندەك، ئۇ قولتۇغىدىكى ئوتنى قىردىكى ئوت دۆۋىسى ئۈستىگە تاشلىدى ۋە:

— ياخشىمۇ كەلدىلە، ئىش توگەي دەپ قېلىۋىدى، — دېدى-دە، سوز داۋامىدا بېلىگە تۇرۇلگەن چىمچىم گۈللۈك قىزىل چىت كوينىگىنىڭ ئېتىگىنى چۈشەردى ۋە جەينىگىچە شۇمۇداقلانغان يېڭىنىمۇ سەل تۆۋەن سۈردى. غۇنچە بويلۇق ئامانگۇل ھەر بىر ھەركەتلەنگىنىدە، ئۇنىڭ قولىدىكى ھېلىقى كوزلۇك كومۇش ئۇزۇك كۈن نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ تۇراتتى.

ئامانگۇل مۇدىر بىلەن سوزلىشىۋاتقاندا، بۇغداينىڭ ئارىسىغا بېشىنى چوكۇرۇۋالغان سۇلتان تاغام نىمىلەرنىدۇ دەپ غۇڭشۇدى، ئامانگۇل ئۇنىڭغا:

— نىمە دەۋاتىدىلا يەنە، مۇشۇ قېرى كەلسىلا بىر بالا تاپماي قويمايدىغۇ زادى، — دېدى كۈلكە ئارىلاش.

— ۋاي قىزىم سىلەر بىز قېرىلارنى ياراتمايسىلەر، ئەمما لېكىن سىلەر ياش باللا ئىشنىڭ جىمىكى ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئۇقمايسىلەر، مانا ماۋۇ، — دېدى سۇلتان تاغام بۇغداينىڭ ئارىسىدىكى توپىنى پۇتى بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ، — ئوتنى يۇلغاندا قومۇرۇلغان توپا-

www.uyghurkitap.com

لارنى جايىغا چۈشۈرۈپ دەسسىۋەتمىگەندە، شۇ يەردىن شامالداپ، يەرنىڭ نېمى كېتىپ، زىرائەت پات ئۇسساپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ زىرائەتنىڭ ئۇسۇشىگىمۇ زىيىنى بار قىزىم، — بۇ چاغدا مۇدىر ئامانگۈلگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلۈشى، قېرىنىڭ قىممەتلىك سوزى ئېسىڭىزدە بولسۇننىڭ ئىشارىتى ئىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مۇدىر ئامانگۈلگە، — ئۆزىمىزنىڭ زىرائەتلىرىمىز ئۆتاقتىن چىقىپ بولۇپ، تولىسىغا سۇ قويۇلۇپمۇ بولدى. بىزنىڭ بۇغدايلار ئاخىرقى ئۆتاقتىن چىقىپ بولغان بىلەن تېخى ئەتراپتىكى قېرىنداشلارنىڭ تۈزۈگرەك ئۆتالمىغان بۇغدايلىرىمۇ تۇرۇپتۇ، شۇنداقلارغا ياردەملەشسەك قانداق دەيسىلە؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، — قىز-چوكانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خوشلىغىدىن خۇددى قۇشقاچەك چۇرۇقلىشىپ كەتتى. پەقەت سولىنىڭ كەينىدىرەك سورۇلۇپ كېلىۋاتقان ئىككى-ئۈچەيلەنلا زۇۋان سۈرمىدى.

مۇدىرنىڭ: "مەمەدەك ياغاچچىغا، مەشۇراخۇنغا، ئىسرائىل بوزەككە ياردەملىشىلى" دېگىنى بويىچە ئامانگۈل بارىدىغانلارنى 3 كىچىك گۇرۇپپىغا بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، قارشى پىكىر بولمىدى.

مۇدىر كېتىشكە تەمشىلىۋاتاتتى، سولىنىڭ كەينى تەرىپىدىن نامازشام قوڭغۇزىدەك غوڭشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئامانگۈل شۇ زامانلا:

— گەپ، سۆزلىرى بارلا مۇدىرنىڭ بېرىدا ئېيتىشۋېلىشسىلا، كېيىن غۇتۇلدىغاننىڭ پايدىسى يوق،— دېدى. بۇ چاغدا ئاينىسا- خان قوپۇپ لوكىنىڭ ئاچقۇسىدەك بويىنىنى شىلتىڭ ئېتىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— خەققە ئىشلىشىپ بەرگىلى بىكاردا قالغان كىشى بارمىكىن، قىلىدىغان ئىش بولمىسا، ئۆيگە بېرىپ ئۆز ئىشىمىزنى قىلساق شۇ پايدا ئەمەسمۇ؟ خەققە ئىشلىشىپ بەرگەندىن نېمە چىقىدۇ؟ ئاكتىپ- ئاكتىپ دېسە، مۇشۇ ئاكتىپ دېگەن نېمىلەر ھەرنېمىنى تاپىدىغان بولدىغۇ......

ئاكتىپلار ھەققىدىكى تەنە ئاچچىق تەگدى، ئەتىمالىم. ئېغىر بېسىق رىسالەتمۇ بۇ قېتىم گەپكە ئارىلاشماي تۇرالمىدى:

— ئاكتىپلارنى چىشلەپ تاتىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار، قولىدىن كەلسە ھەركىم ئاكتىپ بولسۇن.

*

ئامانگۇل باشچىلىقىدىكى بىر تۇركۈم كىشىلەرنى مەشۇراخۇن سالقىن كۆلۈمسىرەش بىلەن قارشى ئالدى. مەقسەتنى ئۇق- قاندىن كېيىن رەخمەت ئېيتتى ۋە ئۆزلىرى ئوتتۇۋالالايدىغانلى- غىنى بىلدۈردى. ھېپىزە بولسا، خوشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. ئۇ ئامانگۇل بىلەن قول تۇتۇشۇپ تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقاندا، مەشۇراخۇن ھېپىزىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھومىيىپ قويدى.

ياردەمگە كەلگەنلەر ئوتاشقا كىرىشىۋاتاتتى، مەشۇراخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا:

— ئاۋايلاپ ئوتاڭلار، — دەپ "ئاگاھ"لاندۇردى. بۇ چاغدا ئامانگۈل كۈلۈمسىرەپ:

— خاتىرجەم بولسىلا مەشۇرانىكا، بىر تالمۇ زىرائەتلىرى زايا بولمايدۇ. بىز كوپېراتىۋىمىزنىڭ بىر تال زىرائىتى زايا بولغاندا ئۆزىمىزنىڭ ئىچىمىز قانداق ئېچىشىدىغان بولسا، سىلىنىڭ زىرائەت زايا بولغان تەقدىردە ئىچلىرى شۇنداق ئېچىشىدىغانلىقىنى بىلىمىز، — دېدى.

ئىش داۋامىدا ئازراق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، ئاندىن بىر بىرلىرى بىلەن ئاستا سوزلىشىشلەر باشلاندى. ھېچىرە بولسا ئامانگۈلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ياندىشىپ ھەركەتلەنگەچ، بۈگۈن تاۋى يوقلۇقىنى بۇ ھالەتنىڭ ئېغىر بوي بولغان ئۈچۈنمۇ، پات-پات قوزغىلىدىغانلىقىدىن گۇمانلانغانلىقىنى، بۇ قېتىمقى تۇغۇتىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقلىرىنى ئېيتىپ باراتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا مۇمكىن بولغىنىدا، يەككە تۇرمۇشتا تارتىۋاتقان جەۋرى-جاپالىرى، مەشۇراخۇننىڭ كوپېراتسىيىگە كىرگىلى ئۇنۇماي قىلغان-ئەتكەن خاپىلىقلىرى توغرىلىق دات خولۇق ئېيتىپ، ئىچىنى بوشۇتۇۋالغۇسى كېلەتتى. ئامانگۈل ھېچىرىنىڭ كوڭلىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ تولىسىنى بىلىدىغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە مەسلىھەت بېرىپ باراتتى.

— نىمىشقا بۇ ئېتىزدىكى زىرائەتنىڭ بويى ئىگىز-پەس؟ — ئامانگۈل مەسىلىنىڭ توپ ماھىيىتىنى ئۇقۇپ تۇرۇغلۇق ئەتەي

سورىۋىدى، مەشۇراخۇن ئۇنىڭ سوئالىغا:
— ۋاي تاغەي ئۇكام، بۇ يىل شۇنداق بولۇپ قالدىغۇ. ئۇزەممۇ بىلەلمىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىۋېتىپ، بىردىنلا ھېيپىزنىڭ كوزىگە تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى، سەن ۋەقەنىڭ راستىنى ئېيتىپ، مېنى شەرمەندە قىلىپ قويمىغىن دېگىنىنىڭ ئىشارىسى ئىدى.
ئامانگۇل ۋەقەنىڭ ئوز ئەينىنى ۋە ماھىيىتىنى ئېيتقاندا، مەشۇراخۇن قانسىراۋاتقان ئۇپكىدەك ئېسىلىپ، خىجىللىقىدىن ھەتتا قىلغىلى گەپ تاپالماي قالدى.
— مانا كورلىمۇ مەشۇرانىكا، — دىدى ئامانگۇل، يېڭى سايمان بىلەن ھەيدىگەندە قانداق ئوسىدىكەن. بۇقۇسا بىلەن ھەيدىگەندە قانداق؟ — ئۇ كوزىنى مەشۇراخۇندىن ئالماستىن سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇقۇسىنىڭ سېپىغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، دىخانچىلىق سايمانلىرىنى ھىچبىر ئوزگەرتمىگەنلىكتىن، ھوسۇل ئېلىشمۇ پەقەت ئوزگەرمىگەن. كوپ ئىشلەپ، ئاز ھوسۇل ئالغاچقا، نامراتچىلىقتىن قۇتۇلالمىغان. مانا كورمەمدىلا يېڭى سايمان بىلەن ھەيدىگەن يەرنىڭ زىرائىتى بولەكچىلا ئوسكىنىنى، ماۋۇ بۇقۇسا بىلەن ھەيدىگەن يەردىكى زىرائەتنىڭ رەڭگى يېتىم بالىنىڭ چىرىيىدەك ساغىرىپ، بويى پاكا تۇرغىنىنى. بۇنىڭ سەۋەبى، — دىدى ئۇ خۇددى ئاگرونوملارچە سوزلەپ، — يېڭى سايمان يەرنى بۇقۇسىغا قارىغاندا چوڭقۇر ھەيدەيدۇ. چوڭقۇر ھەيدەلگەن يەر يۇمشاق بولىدىغانلىق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىن، زىرائەت ئوبدان يىلتىز سۈرەلەيدۇ. يۇمشاق تۇپىغا سۇمۇ كۆپ سىڭدىغانلىقتىن، زىرائەتلەر پات ئۇسساپ كەتمەيدۇ، شۇڭا ئوبدان بوي تارتالايدۇ......

ھېپىزىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يىقىلىشى تېرىلغۇ ھەققىدە كېتىۋاتقان سوھبەتنى ۋە ھەركەتنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. ھەممەيلەن ھېپىزىنىڭ چورىسىگە ئولاشقاندا ئۇ پۇتلىرىنى يىغىپ، تۈگۈلگەن ھالدا ياتاتتى. ئامانگۈل بولسا كوپ ئىش كورگەن كاداڭ ئاغىچىلاردەك ھېپىزىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ غەمخورلۇق قىلىشقا باشلىدى.

ھېپىزىنىڭ ئاغزىدىن بۇژۇلداپ كۆۋۈك كېلىشكە، چىشلىرى غۇچۇرلاپ رەڭگى كوكۇرۇشكە باشلىدى. ھەممىسى قولمۇ قول كوتىرىشىپ ئۇنى ئېلىپ مېڭىشتى.

## 4

ئاۋغۇستنىڭ باشلىرى ئىدى. پۈتۈن كائىنات كوپىراتىپنىڭ ھوسۇل تويىغا ئالاھىدە ياسانغاندەك. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دەل-دەرەخلەرمۇ بويىنىغا ياقۇت يۇلتۇزلار ئېسىپ تويىنى تەبرىكلەشكە تەييارلانغاندەك، كوپىراتىپ بېغىدىكى تۈرلۈك مېۋىلەر خاماندا دۆگىلەنگەن دانغا زوقلىنىپ تامدىن بېشىنى چىقىرىپ ئاستا مارىلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. لەرزان يەلپۈنگەن سالقىن كېچىنىڭ دىمىغىنى شېرىن ھىدلار بىلەن تولدۇراتتى. مۇدىر

ئوسمان ئاخۇن خامانلار ئارىلىغىدا پۇتى- پۇتىغا تېگىشمەي يورغىلاپ يۈرەتتى. پاكىنەكرەك كەلگەن بۇ خام سېمىز ئادەم- نىڭ يۈز- كۆزىدىن مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى چىپىلداپ تېمىپ تۇراتتى ۋە ئاق خەسە كۆينىكىدىن تەرنىڭ ئۇتۇپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

كوپىراتىپنىڭ ئەر- ئايال جەمى ئەزالىرى دىگۈدەك جىددى ھەركەتتە ئىدى.

ئەتراپتىكى دەل- دەرەخلەرگە باغلانغان ئېشەكلەر ھاڭرى- شىپ، ئاتلار كىشنىشىپ، پۈتۈن يېزىنى بېشىغا كىيىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. چىرايلىق كىيىنگەن باللار قول تۇتۇشۇپ، خۇددى ھېيت كۈنىدەك ئۇ ياق- بۇ ياققا چېپىشىپ يۈرەتتى.

قىچقىرىلغان مېھمانلارمۇ كېلىشكە باشلىدى. كۆتۈشكە بەلگى- لەنگەنلەر ئۇلارنى ئالايتەن راسلانغان ئورۇنلارغا جايلاشتۇراتتى. مانا مەشۇراخۇن بىلەن ھېپىزىخانلارمۇ يېتىپ كەلدى. ھېپىزىخان بېرىپ خامان تەرەپتىرەك، چولپان چوڭنامنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ئۇ خاماندىكى قاتىرىسىغا ئۇچ يەرگە چەچىلەنگەن بۇغداي دۆۋىسىگە كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى.

— ھە، ئوسمان ئاخۇن، — دىدى مېھمانلاردىن جامال قارى، — چەچىنىڭ توپىسىدىن قارىسا بىر كۈنلۈك يەر كۆرۈنىدىغان ئوخشىمامدۇ.

— ئۈنچىمۇ ئەمەس قارىم، — دىدى مۇدىر.

بۇ چاغدا چولپان چوڭنام ھېپىزە بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ھېپىزىدىن سورىدى:

— نىمانچىۋالا جۇدەپ كەتتىڭىز قىزىم؟

ھېپىزە كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىچە سوزلەپ بەردى ۋە توختاپ بىر ئۇلۇق-كىچىك تىنىۋېلىپ:

— توت ئايلىق بۇيۇمدىن ئاجراپ كېتىپ ئىككى كەم ئەللىك كۇن ياتتىم، گور ئاغزىدىن ياندىم دىسىلە.

— ھە، ھە نىمە بولۇپ؟ — ئەنسىرەپ سورىدى موماي.

— يالغۇرلۇقنىڭ دەردى. بىر كۇنىسى تاغار ئارتىشۋەتكىلى كىشى تاپالمىغاندا يان بولاپ تاشلاپتىمەن. ئەتىسى ئېتىزدا ھۇشۇمدىن كەتكىنىمنىمۇ ئۇقماپتىمەن.

ھېپىزىنىڭ سوزى تۇگە-تۇگمەستىنلا موماي سوزلەپ كەتتى.

— تازا قاراملىق قىلىپسىز بالام. ياش باللا ئۇقمايسىلە. ئېغىر ئاياق ۋاقتىتا ئېغىر-يېنىك نەرسە كوتەرمىسە بولىدۇ. بولۇپمۇ قازان كوتەرگەن ھەممىدىن يامان. قارىڭا سىز گۆلدەك چۇكان ئىدىڭىز، تۇگەپ كېتىپسىز ئەمەسمۇ؟......

مۇدىر مۇراسىم باشلىنىدىغانلىقىنى جاكالىدى ۋە ئاددىغىنا سوز قىلدى. ئۇ ساۋاتسىز بولغىنى ئۇچۇن سوزى مۇقەددىمە-ئاخىر بولىسىمۇ، ئەمما كوپىراتىپ ئەھۋالىدىن بولۇپمۇ ئارتۇقلۇق ۋە كەمچىلىكلەر ئۇستىدىن خېلى ئوبدان بايانات بېرىپ ئوتتى.

— كوپىراتىۋىمىزدا، — دىدى مۇدىر مەغرۇرانە قىياپەتتە، — ئامانگۇلدەك، ئالىمجاندەك، كامىلجاندەك، رىسالەت قىز،

سۇلتان تاغام، موللاخۇنلارغا ئوخشاش جان كويدۇرۇپ ئەمگەك قىلىدىغانلار بولغاچقا، بىز كوڭۇلدىكىدەك هوسۇل ئالالىدۇق هەم رايون بويىچە كوپىراتىپلار ئارا قىزىل بايراق مۇسابىقىسىدە بايراقنى ئىككى قېتىم ساقلاپ قالالىدۇق. ئەمما، — دېدى مۇدىر تەرىنى ئوزگەرتىپ، — قىزىق ئەمگەك ۋاقتىدا، بىر قولىنى ئون قىلالمايۋاتقان چاغدا، ئەمگەككە چىقماي ئويگە كىرىۋېلىپ، ئىشىككە تېشىدىن يوغان قۇلۇپنى سالدۇرۇپ بىر كىشى سورىسا بازارغا كەتتى دەڭلا دەپ قازناقتا هۇنەر قىلغانلارمۇ بار. ئىشىك توڭلۇكنى چىڭ ئېتىپ، كارۋاتنىڭ تېگىگە سۇ چېچىپ، سالقىنغا مۇكۇۋالغانلارمۇ يوق ئەمەس، — بۇ گەپلەر ئېيتىلغاندا زاهىراخۇن بىلەن كارامەت ئاخۇنلار پوكاندەك قىزىرىپ قارىۋېلىشتى.

— يەنە، — دېدى مۇدىر سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بەزىلەرنى قوغداش هەيئىتى ئەزالىقىغا سايلىۋىدۇق، ئەمەلىيەتتە قوغ-داش ئەمەس، تاقلايدىغانلاردىن چىقىپ قالدى. مانا شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىز كوپىراتىۋىمىزنىڭ مۇلكىنى جېنىمىزدەك قوغداپ مۇشۇنداق خامانىنى چەچلىيەلىدۇق. كوپچىلىك مۇلكىگە جان كويدۇرگەنلەردىن كوپىراتىۋىمىزدىكى ئىتتىپاق ياچېيكا هەيئىتى (ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ هەيئەت ئەزاسى دېمەكچى)، خوتۇن-قىزلار ئەترىدىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئامانگۇلنى ۋە رىسالەت قىزنى، ئالىمجاننى، سۇلتان تاغامنى ئالايىتەن ئېيتىپ ئوتمەي بولمايدۇ. ئامانگۇلنى ئالىدىغان بولساق، بۇ بالا كېچىنى

كېچە دىمەي، ئىسسىقنى ئىسسىق دىمەي ھەرقانداق ئىشلارغا قاتناشتى. شۇڭا كوپىراتىۋىمىز بۇ كىشلەرنى مۇكاپاتلىماقچى. ئۇ ئۇستەل ئۇستىدىكى ماددى نەرسىلەرنى بىر-بىرلەپ قولىغا ئالدى ۋە قىزغىن چاۋاكلار ئىچىدە تېگىشلىك كىشلەرگە تارقىتىپ بېرىشكە باشلىدى.

ھەممىدىن كېيىن ئامانگۇل كېلىپ مۇكاپاتنى ئېلىۋاتقاندا جىمىكى كىشىنىڭ كوزى بۇ گۇزەل قىزغا تىكىلگەن ئىدى. ئامانگۇل شۇ قەدەر كېلىشكەن قىز ئىدىكى، ئۇنىڭ قاپ-قارا سۇمبۇل چاچلىرى ۋە بۇلاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان بىر جۇپ كوزىگە زىننەت بېرىپ تۇرغان قويۇق كىرپىگى ھەم قەلەمدەك قېشى ئوتتۇرىسىغا ئاجايىپ ياراشقان قاڭشىرى بۇ قىزنىڭ زىبا بويىغا تەبىەتنىڭ ئالاھىدە سوغا قىلغان يادىكارىدەك مۇناسىپ كەلگەن ئىدى. ئامانگۇلنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇ ئىدىكى، ئۇ چىچەن-چىۋەر، خوشچاغ، راست سوزلۇك، پەم-پاراسەتلىك ۋە چاققان ئىكەنلىگى بىلەنمۇ خېلى مەشھۇر ئىدى.

كىشلەر "كىچىك بۇغالتىر" دەپ ئاتايدىغان ياش بۇغالتىر ئابدۇكېرىم ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئەمگەك كۇنى بىلەن نومۇرلىرىنى ۋە ھەر كىشىگە تېگىدىغان دارامەت-ئاشلىق ھەم پۇللارنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئادەتتىكى كىشلەرگىمۇ، ھەتتا ئازىنخاندەك تۇل خوتۇنلارغىمۇ تاغار-تاغار ئاش ۋە كوپلەپ نەق پۇل، ياغلىق دان، كېۋەز ئولبۇل تېگىدىغانلىغى ئېيتىلغاندا، ھېيىزە مەشۇراخۇنغا

قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. مەشۇراخۇن بولسا، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا، چىققۇالغىلى ئاچا تاپالمىغاندەك، خىجىللىقتىن يەرگە قارىۋالاتتى.

— ئالدى بىلەن ئىشەك ـ ئۇلاق، تاغار ـ سايمىنى يوقىلارنىڭ دارامىتىنى ئۇيگە يەتكۇزۇپ بېرەيلى، — دېدى مۇدىر.

غەزەلنى دوك سوقۇپ، يوغان تاغارلاردا ئاشلىق توشۇش جىددى داۋام قىلىۋاتاتتى. كوپېراتىپتىكى ھەۋەسكارلار كۇرژۇگىنىڭ قاتناشچىلىرى مېھمانلارغا ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ بەرمەكتە. ئۇلار غەزەل ئېيتتى:

ئەمگەكچىلەر بىرلىشىپ،
كوپېراتىپ قۇردۇق بىز.
ماۋجۇشىغا ئەگىشىپ،
ئالغا قاراپ يۇردۇق بىز.

كوپېراتىپ يېرىدە،
گۇركىرەيدۇ ماشىنا.
بىز تىرىشىپ ئىشلىسەك،
بەخت بولۇر ئاشىنا.

بىز ئەمگەكچى خەلقىمىز،
ئارىمىزدا ھورۇن يوق.
نان قېپى ھورۇنلارغا،
ئارىمىزدا ئورۇن يوق.

ھەممەيلەن چىن ئىشتىياق بىلەن غەزەلنى تىڭشىماقتا ئىدى.

— چاپسان - چاپسان بولۇڭلار، — دىدى مۇدىر بۇغالتىرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلارغا قاراپ، — تېز - تېز ھەركەتلەنمىسەك، تەقسىماتنى بۈگۈن تۈگىتەلمەيمىز.

ھوسۇل تويى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. كوپىراتىپقا كىرەلمەي قالغانلارلا ئەمەس، شۇنىڭدەك كوپىراتىپقا كىرمەي قالغانلارمۇ تولا ئارمان قىلىشتى. كوپ كىشىلەر شۇ يەردىلا كوپىراتىپنىڭ قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، مۇدىر ئۇلارغا:

— بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى، — دىدى كۈلۈپ، — كىرىمىز دىگۈچىلەرگە كوپىراتىۋىمىزنىڭ دەرۋازىسى ھەرقاچان ئوچۇق. بىز خامانلىرىمىزنى ئوسۇپ بولغاندىن كېيىن، كىرىشكە شەرتى توشقانلارنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمىز......مەشۇراخۇن مۇدىرنىڭ سوزىنى بولۇپلا ئالدىراپ سوزلەپ كەتتى:

— مىنى مۇشۇ كەمدىلا باش داگزىغا خەتلەپ قويسىلا مۇدىر، مەن كاپىراتىنىڭ نىملىگىنى بىلمەپتىمەن. ئەمدى تازا ئوبدان چۈشەندىم، مىنى خەتلىسىلە. مەن بىكاردىن - بىكار ئەخمەقلىق قىلىپ...... — ئۇ قايرىلىپ قارىۋىدى، بۇ چاغدا ھېپىزە نېرىراقتا كېتىۋاتاتتى.

مەشۇراخۇن مۇدىر بىلەن سوزىنى تۈگىتىپ بولۇپ، شاپاشلاپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ كەلگىچە ئىڭگىنى بىرنەچچە سىپاپ ئەيلەپمۇ ئەتتى. ئەمما خوشاللىغىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي

كېلەتتى.

ھېپىزە قوچىغىدىكى بالىنى ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەپ، ئىشكىنىڭ تۈۋىدىكى كىچىك سۇپىغا بىر پۇتىنى تىرەپ، يىراقتىن قارىسى كورۇنگەن ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۇتۇپ تۇراتتى.

مەشۇراخۇن پالاقلاپ يېتىپ كەلدى-دە، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ:

— خاپا بولماڭلا خوتۇن، كاپىراتىقىمۇ كىردۇق، — دېۋىدى.

ھېپىزە:

— ئۇلۇپ كېتىدىغان جانغا مېنىڭمۇ خاپا بولغۇم يوق، مۇشۇ گوردىكى يوقسۇزچۇلۇقنىڭ خاپىلىغى تۈگىمىگىچە مېنىڭ خاپىلىغىم تۈگىمەيدۇ، — دىدى بوسۇغىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپ.

1955-يىل دېكابىر، خوتەن — قارىقاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابلىمىت مەسئۇدى

# ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى

— ۋۇي، تۇرسىلا، ئۇخلاۋېرەمدىلا؟ يائاللا..... كۈنمۇ ئىككى غۇلاچ كۆتىرىلدى، قوپسىلىچۇ! سىلىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئالللىقاچان ئېتىزغا چىقىپ كەتتى.

— نىمە، ۋاي - ۋۇي...... — دېدى جامال كۆزىنى ئاچمايلا ئۇ ياق - بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ.

— قوپسىلا، كېچىكتىلە.

جامال يانپاشلاپ ئاستا ئولتۇردى ۋە بىر ئەسنەپ ئۇگىدەك باسقان كۆزلىرىنى خەلچەمگە تىككىنىچە:

— ئاخشام ساڭا نىمە دېدىم، مەن تاغ ئارقىسىغا ئوتۇپ پۇل تېپىپ كېلىمەن، قاراپتۇر، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قانچىلىك ھوسۇل ئالىدىكىن، مەن شۇلارنىڭكىدىن ئاشۇرۇپ پۇل تېپىپ كېلىمەن، شۇنىڭ ئۇچۇن بۇگۇن ئىشقا چىقمايمەن! بولدىما ئەمدى، — دېدى.

—"يۇت ئىتنگى كەڭ" دىگەن بىكار گەپ ئەمەستۇ. تۇپتىن ئايرىلىپ نىمە تاپالا؟

—مەيلى سىنىڭ كارىڭ بولمسۇن. بۇ سەھرايىڭدىن ئۇرۇمچى ياخشى ماڭا.

—ۋاي قوۋۇرغام، "تاش چۇشكەن يېرىدە ئەزىز" دىگەننى ئاڭلىماپتىلا!

—نىمە تولا چىشىمغا تېگىسەن ۋاتىلداق!.....

خەلچەم ئارتۇق گەپ قىلماي قازان بېشى تەرەپكە كەتتى.

جامال يۇزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن قولىنى بېشىغا قويۇپ، پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ خىيالچان كوزىنى تورۇسقا تىككىنچە ھورۇن بىر قىياپەتتە ئۇڭدا يېتىپ ئويغا كەتتى:

"تاغ ئارقىسىغا ئوتمەي كوڭۇلدىكىدەك ئوقەت قىلغىلى بولمايدۇ، گايىتىنىڭ بىر ۋاقتىلاردىكى دەسمايىسىمۇ چاغلىق ئىدى. ھازىر ئوبدانلا سودىگەر بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە كونۇپ، سودىگەرچىلىكنىڭ يولىغا كىرگىنىم توزۇك. خوش، ئەمدى دەسمايە نەدىن تېپىلىدۇ؟ ياق بار. ھە، ھىلقى بۇغداي تېرىلغان 10 مو يەرنىڭ كوكىنى ساتسام جىق پۇل بولمامدۇ؟ ياق. ئوزەمگىمۇ ئاشلىق كېرەكقۇ.....بوپتىلا، ۋىيەى، ئۇ يەرنىڭ كوكىنى ئوتاققا سېتىشىم پايدىلىقراق؛ ئاشلىقمۇ بولىدۇ، دەسمايىمۇ بولىدۇ..... موللاخۇن باي بۇغداي تېرىلغان 10 مو يەرنىڭ كوكىگە "1 مىڭ 500 جىڭ بۇغداي بەدىلىدە رەخت بېرىپ ئوتاق بولاي، بولامدۇ؟" دەپ سوراۋاتاتتى. شۇنىڭغا ماقۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەي، زادى 1 مىڭ 500 جىڭ بۇغدايغا 4 يېرىم توپ چىت بەرسە، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ ساتىمەن... بىر توپى 45 مېتىر بولىدىكەن. بۇ يەردە پارچىلاپ ساتسام، بىر مېترىنى 10 جىڭ بۇغدايدىن ساتىمەن، 4 يېرىم توپ رەخت 240 نەچچە مېتىر بولىدۇ، ئۇ 2 مىڭ 470 نەچچە جىڭ بۇغداي دىگەن سوز، بۇنى بازاردا رەۋەندىگە 4 مىليون 900 نەچچە مىڭ دوللارغا ساتىمەن. بۇنىڭغا بازاردىن 700 نەچچە جىڭ كىشمىش ئالىمەن، ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ چىقسام، جىڭى 10 مىڭ دوللاردىن جەمى 7 مىليون دوللاردىن ئوشۇق پۇل بولىدۇ. ئۇنىڭغا ماناسقا بېرىپ جىڭىنى 2 مىڭ دوللاردىن 3 يېرىم مىڭ جىڭدىن ئوشۇقراق گۈرۈچ ئېلىپ بۇ يەرگە ئەكېلىپ ساتسام، 8 مىليون 7 يۈز نەچچە مىڭ دوللار بولىدۇ، ۋاي ـ ۋۇي! بۇ نىمە دىگەن كوپ پۇل ـ ھە! ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدا تۇرساڭ، بۇنچىلىك پۇل تېپىش مۇمكىن ئەمەس، ياق زادى مۇمكىن ئەمەس...... بۇ پۇلغا كىيىم ـ كېچەك......".

جامالنىڭ مېڭىسىدە مانا شۇنداق خىياللار ھوكۇم سۇرۇۋاتقاندا خەلچەم كىرىپ كەلدى. ئۇ قىزىل گۈللۈك دەستىخاننى سۇپىنىڭ گىرۋىگىگە سېلىپ ئۇستىگە يېرىلىپ پىشقان زاغىرىنى قويىدى ۋە ھىجىرلارغا چاي قويدى. كېيىن ئۇ بىر تۇرلۇك رەنجىش بىلەن جامالنىڭ خىيالىنى بۇزۇپ:

ــ مەشەدە قېلىپ، گۇرۇپپىدا ئىشلىگەنلىرى ياخشى بولاتتى. سىلە، پۇل تېپىشقا ناھايىتى ئامراق، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ تاغ

ئارقىسىغا ئۇتتۇپ ئىشلەپ كورگەن ئىدىلىغۇ. نىمە تېپىپ كەلدىلە،
ئۇ چاغلىق ئىدىغۇ، يەنە چىقسىلا يەنە شۇ ئاتام ئېيتقان
بايىقى! ــ دەپ كايىشقا باشلىدى.

ــ بولدىلا! سەن مېنىڭ خوجايىنىممىدىڭ؟ نىمانچە كايىيسەن
ئەمدى؟...... بۇدا چىقسام كەتمەن چاپمايمەن، ئوقەت قىلمەن،
ئۇقۇۋاتامسەن، ئوقەت!

ــ مانا شۇسى بولمىغنى......مەيلى ئىسلىۋالمايمەن. ماڭا
تولا خاپا بولۇپ بەرمەي چايلىرىنى ئىچسىلە، نىمانچىلا گۆكە-
رەيدىكىنا......

جامال ئاندا - مۇندىلا ناشتا قىلىپ چىقىپ كەتتى، خەلچەم
ئارقىدىن غۇدۇڭشۇپ قازان بېشىدا قالدى.

* * *

تازا چىڭ چۇش مەھەلى ئىدى، دەرۋازا ئالدىدا بىر هارۋا
توختىدى. ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئوتمەيلا ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى
باشلىغىنىڭ ئۇنى ئاڭلاندى:

ــ جامال! ھەي جامال!

يوق ئۇ، كەلسىلە، تېچ - ئامان تۇرلىمۇ؟ ــ دەپ خەلچەم
ئالدىغا چىقتى.

ــ نەگە كەتتى؟

ــ بىلمىدىم ئەتىگەنلا چىقىپ كەتكەن ئىدىغۇ.

ــ بۇگۇن بىز يەرگە توپا توكتۇق، شۇنچە كۇتتۇق، مانا چۇش
بولدى. مانا كېلە يوق، ئەنە كېلە يوق نىمە بولغاندۇ دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەيران بولۇشتۇق. مەن ئالايىتەن ئىزلەپ كېلىۋىدىم.

— تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئوقەت قىلىپ كېلىمەن، دەيدۇ. مەن ئۇنىمسام خوجايىن سەنمۇ ـ مەنمۇ دەپ چالۋاقاپ سوزۇمنى ھېچ تىڭشىمايدۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ ئۇكام، تېخى ئۇ تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئوقەت قىلىپ كېلەمدىكەن؟

— ھەئە.

دەرۋازا بوسۇغىسىدىكى سوھبەت ئۈستىگە جامال كېلىپ قالدى، ئۇ يالاڭ پەشمىتىنى دولىسىغا ئارتىۋالغان، قىزىل گۈللۈك دوپپىسىنى چېكىسىگە كىيىپ، تاماكىنى قىڭغىر چىشلىگەن ھالدا ئىدى. راست، مۇشۇ يېقىندىن بېرى ئۇ غاڭزىبىدا موخوركا تارتىشنى ياراتماي "زىيەن" چېكىدىغان بولۇۋالغان ئىدى.

— جامال، نىمىشقا ئىشقا چىقمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى جامالنى ئىزلەپ كەلگەن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغى.

— بۇگۈندىن باشلاپ ئىشقا چىقمايمەن. تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئوقەت قىلىمەن. گۇرۇپپاڭدىنمۇ چىقىپ كېتىمەن.

جامال بۇ سوزلەرنى يەرگە قارىغىنىچە بوش ئېيتتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن بىرەر جايدا كوڭلى قالغانلىغى ياكى باشقا غەرەز بىلەن بۇ قىلىقلارنى قىلىۋاتقانلىغى ئانچە بىلىنمەيتتى. سەۋەپسىزلا بۇنىڭ گۇرۇپپىدىن ئايرىلماقچى بولۇشى كىشىنى ئەجەپلەندۈرەتتى. لېكىن ئۇنىڭ تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئوقەت قىلىپ كەلمەكچى بولۇشىدىن، جىقراق پۇل تاپمەن

دىگەن غەرىزى بار بولسا كېرەك دەپ ئويلاشقا توغرا كېلەتتى. كاشكى بىر زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەيمەن دىگەن بولسا، ئۇنىڭ يولى باشقا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن ئايرىلىپ، سودىگەرچىلىك قىلىپ، باي بولىمەن دىيىشىنىڭ ئۆزى گۇرۇپپا باشلىقىغا زادى ياقمىدى.

— مەجبۇر قىلمايمىز، ئىختىيار ئۆزەڭدە. لېكىن كوپرەك ئويلىنىشقا مەسلىھەت بېرىمىز، سەن بولساڭ بىر دىخان. تۇرمۇشۇڭنى ياخشىلاشنىڭ يولى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ دىخانچىلىق قىلىش.

— زادى تاغ ئارقىسىغا ئوتۇش ياخشىراق تۇرىدۇ، دىخانچىلىق يەنە شۇ جاپا......

— شەھەرگە بېرىپ سودا-سېتىق قىلىش ئىش بولۇپ، دىخانچىلىق جاپامۇ؟ ھەممىمىز دىخانچىلىقتىن قاچساق، ئاشلىق نەدىن چىقىدۇ؟ بىز يىراقنى كورۇشىمىز كېرەك، جامال!

— ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا كىرىش ئىختىيار دەۋاتاتتىڭلا، ئۇنداق بولسا چىقىشمۇ شۇنداقتۇ؟

— بالىلىق قىلما ئۇكام، ياخشى ئويلا. ھىلىمۇ مەجبۇر قىلىۋاتقىنىمىز يوق. ئەمما ساڭا بۇنى چۈشەندۈرۈش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

— ماڭا ئانچە تەشۋىق قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. گېپىم گەپ، سوزۇم سوز. مەيلى، نىمە بولسا بولسۇن. مەن تاغ ئارقىسىغا ئوتىمەن، — دىدى جامال پۈتى بىلەن يەرنى سىپاپ ئولتۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن بېشىنى ئىگىز كوتىرىپ، يىراق ئېتىزلارغا ئويچان كوزىنى تىكتى، — ئەمدى تاغ ئارقىسىغا ئوتكەندە يىلدىكىدەك ئومىچىلىق قىلمايمەن، ئوقەت قىلىمەن.

— تەنزىچىلىك قىلماقچىمۇ سەن؟

— ......

— گەپ قىل جامال، — دىدى خە لچەم.

— گەپ قىلسام شۇ...... مەنمۇ ئەركەكقۇ، ئوز ئىشىمنى ئوزەم جوندىگىچىلىكىم بار.

* * *

جامال سەھەر تۇرۇپ سودىگەر موللاخۇن باينىڭ ئويىگە قاراپ ماڭدى.

— موللانىكا، مەن سىلە دىگەن سوزنى ئويلاپ باقتىم. ماقۇل شۇنداق قىلايلى، — دىدى جامال. ئۇ، توپا توكۇپ، سۇغۇرۇپ، ئاغدۇرۇپ، يېڭى تېرىغان 10 مو بۇغدىيىنىڭ كوكىنى تەك ئوتاققا ساتتى.

— ھەببەللى، مانا ئەمەسمۇ ئىشنىڭ يولى، ئوزەڭمۇ ئەقىللىق يىگىت، — دىدى موللاخۇن، — بىراق يەنە بىر ئىش چىقتى: مەن ساڭا ئۇ گەپنى قىلغاندا رەخت ئەرزان ئىدى، ھازىر قىممەتلەپ قالدى، شۇنىڭ ئۇچۇن توت توپ چىت بېرىمەن. رازى بولساڭ مانا، بولمىساڭ ئەنە.

جامال تىرىنغىنى تاتىلاپ خىيالغا چوكتى.

— يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سوزىدىن دەپتىكەن،

بالام، ئەمدى ماقۇل بول، ــ دىدى موللاخۇن.

ــ بوپتۇ ئەمدى......

ــ ناھايىتى ياخشى. ئۇنداق بولسا توختام تۈزۈشۈپ قويىلى.

ــ ماقۇل......

جامال بىلەن موللاخۇن خوشنا سودىگەرلەرنى گۇۋا قىلىپ، توختام تۈزۈشتى. موللاخۇن توختام خەتنى كىچىككىنە قويۇن دەپتىرىنىڭ ئىچىگە سېلىۋېتىپ:

ــ ئىش ياخشى بولدى. ئۇنداق بولسا ماۋۇ يەردە بىر ـ ئىككى كىيىملىك رەخت قالدى. بۇنى باللىرىڭغا ئاپىرىپ بەر، بۇ ساڭا ياردىمىم. كۆزدە بىر نەرسە بېرەرسەن. ئۆزەڭ ئەتە ئۆرۈمچىگە ماڭ"......" سارىيىدىكى مەمتاخۇندا رەخت بار، مەن خەت قىلىپ بېرىمەن، چىقىپ شۇ يەردىن ئالىسەن.

ــ ئۇ چاغدا مەن چىقىمدار بولۇپ قالىمەنغۇ؟ ــ دىدى جامال موللاخۇنغا تىكىلىپ.

ــ ھەي، بالىسەندە، تېخى، ــ دىدى سودىگەر، ــ سودىگەر ـ چىلىك شۇنداق بولىدۇ. ئاۋال بىرمۇنچە چىقىم قىلىسەن. ئاندىن پايدىسىنى ئاخىرىدا كۆرىسەن ئەمەسمۇ. ماقۇل دەپ سەن ئۆرۈمچىگە مېڭىۋەر، زىيان تارتمايسەن. ئۇنداق بولماي قالسا مەن قاراپ تۇرماسمەن. سەندەك بىر يىگىتكە سەپەر قىلىش ياخشى ئەمەسمۇ......

بۇگۈنىلا كورۇپ، ئەتىسىنى كورەلمىگەن، ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى ئويلىمىغان تەجرىبىسىز ياش دىخان جامال مەككار سو-

دىگەر موللاخۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپ بارغىنىنى سەزمەي قالدى.

جامال ئانچە ئۇتمەي يېتىم يېپىنچىسىنى ئېلىپ ئۇرۇمچىگە قاراپ جابدۇدى. بۇ چاغدا خوتۇنى خەلچەم:

چوڭنىڭ ئەقلى چوڭ، گۇرۇپپا باشلىغى ئاپپاق ساقلى بىلەن ئۇنداق قىلما دەۋاتسا، راستلا كېتىپ بارىلىغۇ، — دەپ خاپا بولدى.

— مەن ماڭسام ساڭا نان تېپىپ بېرىش ئۈچۈن مېڭىۋاتىمەنغۇ، ئويناش ئۈچۈن ئەمەس.

— قۇرۇسۇن ئۇنداق تېپىپ بەرگەن نانلىرى!...... هوي سىلە كورگەن كۈنلىرىنى ئۇنۇتتىلا، نىمە كۈنلەرنى كورمىگەن. بىز، مۇشۇ پارتىيىنىڭ ۋاقتىدىلا ئادەم قاتارىغا قوشۇلدۇقغۇ. پارتىيىنىڭ دىگىنى بويىچە، كوپ بىلەن بىللە بولۇپ ئىشلىسەك بىزگە زىيان بولمايدىغانلىغىنى چۈشەنمىدىلىمۇ؟

جامالغا بۇ سوزلەرمۇ تەسىر قىلمىدى.

ئاخىرى خەلچەم جامالنى ئۇزىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇزاتقانغۇ بولدى، لېكىن خاپا ئۇزاتتى. ھەتتا يوللۇقتا بىرەر توغاچمۇ بەرمىدى.

* * *

قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ تۇرغان جۇدۇنلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەچقۇرۇنلۇغى جامال ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغ ئەتىياز بولسىمۇ، لېكىن سوغاقنىڭ جاندىن ئوتكۇدەك ئاچچىغى

تېخـى بار ئىـدى. جامال "......" سارىيىغا بېرىپ موللاخۇننىڭ ئېيتقان ئادىمىنى ئىزلەپ تاپتى ۋە موللاخۇن يېزىپ بەرگەن خەتنى ئۇنىڭغا بەردى. خەتنى ئالغان ئادەم (مەمتاخۇن پاكا) قوسىغى تەگلىدەك، قوش ئېڭەك، كەكە ساقال، ئورا كوز، مەسە ـ كالاش كىيىۋالغان، ئىشتان بېغى تىزىغىچە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بىر سودىگەر ئىدى.

ـــ 1 ـ 2 كۈن ئويناپ تۇرغىن بالام، مېنىڭ مېلىم تېخى يولدا، ئۇرۇمچىگە كېلىۋاتىدۇ. كەلسۇن، ساڭا توت توپ چىت بېرەي، ماقۇل، ـــ دىدى، يەرگە قويۇپ قويغان ئاپتۇۋىنى ئاستا قولىغا ئېلىپ.

ـــ 2 ـ 3 كۈن ساقلاپ ياتقۇدەك ھالىم يوق، ـــ دىدى جامال.

ـــ 4 ـ 5 تەڭگە پۇلۇڭ يوقمۇ؟ ـــ دىدى سودىگەر، ئۇنىڭ تىنىغىدىن سېسىق بوس چىقىپ تۇراتتى.

ـــ ھېچنىمەم يوق.

ـــ بولىدى ـ بولىدى خىجالەت بولما. مە ماۋۇ 300 مىڭ دوللارنى خەجلەپ تۇرغىن، كېيىن ھىساپلىشىمىز، ـــ دىدى سودىگەرلەرگە خاس مۇئامىلە بىلەن، ـــ ماڭا "300 مىڭ دوللار ئالدىم" دەپ كىچىككىنە تىل خەت بەرسەڭلا بولىدۇ.

ـــ ماقۇل.

جامال ھوججەتنى يېزىپ بېرىپ، 300 مىڭ دوللارنى يانچۇققا سالدى ـ دە، ئەردوچوزا تەرەپكە قاراپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كېتىپ بېرىپ، پۇلنى يانچۇغىنىڭ سىرتىدىن تۇتۇپ باقىدۇ، يەنە بىرئاز

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېڭىپ پۇلنى ساناپ باقىدۇ...... ئەيتەۋۇر 300 مىڭ دوللار ياش دېخاننى خېلى ئويلارغا، چىرماش ھېساۋاتلارغا چوكتۇرۇپ قويدى، ئاشپۇزۇللاردىن "كېلىڭ، مېھمانغا قاراڭ، مېھمانغا ئون مانتا. بىر ـ ئىككى......" دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كەچتە قۇلۇپ ئالدىدىكى ئويۇن ـ تاماشىلارمۇ ئۇنى ئۆزىگە تارتماي قالمىدى.

ئۇرۇمچىدە ئاق مېچىت ئالدىدىكى جەنۇبىي قاتناش بېكىتى ئالدىدا يۈرگەن بىرقانچە "بىكار تەلەپلەر" جامالنى ئىزلەشكە باشلىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇرۇمچىگە چىقىپ "سودا ـ سېتىقچىلىق قىلىپ، پۇل تاپقىلى بولىدۇ، چوڭ شەھەر، ياخشى تاماشا قىلىمىز" دەپ ئېتىزنىڭ ئىشىغا چىدىماي، بىر ئوبدان قىلىۋاتقان دېخانچىلىقنى تاشلاپ كەتكەن بەڭۋاشلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەرلەپ يۈرۈپ ئەمگەك ئىدارىسى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، تەرلەشكە تاۋى يوقلىرى كوچىدا بىكار لاغايلاپ يۈرۈشەتتى. جامال بۇلارغا قوشۇلۇپ قالدى. ئۇ شۇنچە تېجەپ باقسىمۇ 300 مىڭ دوللار 4 كۈنگىمۇ يەتمىدى. جامال "......" سارىيىدىكى مەمتاخۇنغا كېلىپ:

ــ ماللىرى كەلدىمىكىن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ياق، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە كېلىدۇ.

ــ خۇدايىمنىڭ ئەتىسى تۈگىمەيۋاتىدۇغۇ ھېچ؟

ــ ياق خاتىرجەم بول، ئەتە كېلىدۇ.

ــ يامان بولدى.

ــ ھە نىمە بولدى؟ پۇلۇڭ يوقمۇ؟ ماۋۇ 200 مىڭ دوللارنى

ئېلىپ خەجلەپ تۇرغىن.

...... شۇنداق قىلىپ، جامال ھىلىقى سودىگەردىن 1 مىليون 700 مىڭ دوللار ئېلىپ خەجلەپ بولدى.

6 ئاي ياز ھايت-ھۇيت دەپ كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئويۇن-تاماشا بىلەن بىلىنمەي ئوتۇپ كەتتى. لېكىن جامالنىڭ ئۇستى-بېشى كونىرىدى. ھەتتا ئۇ ھول-يېغىنلاردىمۇ پۇتى ماراپ چىقىپ تۇرىدىغان كەش بىلەن ئوتتى.

كۇز ئايلىرى......

ۋاقىت ناھايىتى تېز ئوتمەكتە.

"مال بار چاغدا مىڭى دوست، مال يۇتكەندە قېنى دوست" دىگەندەك جامالنىڭ "ئاغىينىلىرى" جامالنىڭ تاپقان-تەرگىننى ئەپلەپ-سەپلەپ يەپ تۇگەتكەندىن كېيىن، ئاقتىمۇ يوق، كوكتىمۇ يوق بولۇپ كەتتى.

جامال سودىگەر مەمتاخۇنغا يەنە باردى. ئۇ چاغدا سودىگەر ئاجايىپ قوپاللىق بىلەن جاۋاپ قايتۇردى.

— ماڭاۋە ئاداش! كېلىۋېرەمسەن، يوغان نىمەڭ باردەك، گەردىنىڭنى سىلاپ بېقىپ كەلمەمسەن. موللاخۇن توت توپ چىتقا خەت قىلىپ بېرىپتىكەن، بىر توپ چىت ھازىر 450 مىڭ دوللار. 4 توپ چىت دىگەن 1 مىليون 800 مىڭ دوللار بولىدۇ. سەن موللاخۇندىن ئىككى كىيىملىك رەخت ئالغان ئىكەنسەن. مانا خەت يېزىپتۇ، — دىدى ئۇ موللاخۇننىڭ يېقىن ئارىدا يازغان خېتىنى كورسىتىپ، — ئۇنى ئەڭ ئەرزان بولغاندا 100 مىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوللار ھساپلساق، سىنىڭ بوينۇڭغا ئۇتاندەك 4 توپ چىتنىڭ پۇلى — 1 مليون 800 مىڭ دوللار ئۇتۇپ بولۇپتۇ. يەنە نىمە ھەققىڭ قالدى؟ كەشىگنى توغرىلا، ماڭ!...... يە شۇنچە پۇل ئالماپسەنمۇيە؟ قارا، مانا تاراق-تاراق دوللارنى ئالغان چېغىڭدا بەرگەن ھوججەتلىرىڭ. مانا 300 مىڭ، مانا 200 مىڭ، مانىڭ بىلەن قانچە بولۇپ كەتتى...... مانا!......

جامالنىڭ 10 مولۇق بۇغدىيىدىن بولمىغانىدا 9-10 دادەن بۇغداي چىقاتتى. ئەنە شۇ ھالال مېھنەتنىڭ قاق يېرىمىنى مەككار سودىگەرلەر ئالداپ-سالداپ، پارچە-پۇرات ئازغىنا پۇل بېرىپ، خۇددى يىللاپ ئاچ قالغان ئەجدىھادەك پۇدىمەي يۇتۇۋالدى، بۇ تەرەپتە جامالدىنمۇ ئۆتتى. ئۇ ئۇزەم تاپقان بالاغا نەگە باراي داۋاغا دەپ قالدى.

جامالنىڭ بېشى قاتتى. ئەمدى نىمە قىلغۇلۇق؟ ئەنە شۇ ۋاقتتا، ئۇنىڭغا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەيدىغان ئاغىينىسى تۇرسۇن ئۇچراپ قالدى. ئىككىسى قېلىن دوستلاردەك ھال سوراشتى. تۇرسۇن جامالنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بەك ئۇكۇندى ۋە كوڭلىگە قارىماي: "تازا ئىزىپسەن. كاللاڭنى قاغا چوقۇپ كەتكەنمۇ سىنىڭ" دەۋەتتى. بۇ گەپ جامالنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. تۇرسۇن ئاخىرى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ:

— ئەمدى مۇنداق قىل ئاداش، — دىدى، — يە ئەمگەك ئىدارىسىگە بېرىپ خىزمەت تەلەپ قىل، ئۇ يەردە سىنىڭدەكلەرنىڭ ھالىغا يېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمساڭ، ئاستا قايتىپ بېرىپ

گۇرۇپپىغا قاتناش، كوپىتىن ئايرىلما، دىخانچىلىغىڭنى قىل. تەرلىمەيدىغان ئوقەت ئىزلەپ ئوزەڭنى ئوسال قىلما!

شۇنىڭدىن كېيىن جامال قاتتىق ئويغا چۈشتى. ئۇ "ئابىلاھۇ ئەكبەر......!" دەپ ئىڭىكىنى سىپاپ، گەژگىسىنى قاشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ ساقىلى يوق ئىدى. ئەمدى پۇشايمانىنى ئالدىغان قاچا، چىقىۋالىدىغان ئاچا يوقتەك تۇيۇلدى.

"ھوي توختىغىنا، — دەپ ئويلىدى، جامال، — بىكاردىن-بىكارغا مەن بۇ دەرتنى نەدىن تېپىۋالدىم؟ خەپ، مولىلاخۇن دىگەن كاساپەت سودىگەرەي، مانا ئەمدى كورۇۋۇك كارامەتنى، ھەي جامال، ھەي جامال، كاللىسىنى قاغا چوقىلاپ كەتكەن جامال......".

شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا يەنە بىر تۇقىنى يولۇقۇپ قالدى، ئۇ "يېزاڭغا قايتقىن، گۇرۇپپاڭغا كىرگىن" دەپ يامان مەسلىھەت بەرمىدى. مۇنداق گەپلەرنى جامال بۇرۇنمۇ باشقا تونۇشلىرىدىن ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن سودىگەرچىلىككە بولغان ھەۋەسى ئۇنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىشكە يول بەرمىگەن ئىدى، ئەمدى ئاڭلىماي بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئوز يېزىسىغا قايتىش توغرىسىدا ئويلىدى: "ھىچ نەرسە ئىشىنىغىنىم يوق! — دىدى يەنە ئوز ئوزىگە، — يېزىغا نىمىمۇ دەپ قايتارمەن؟ ئۇيات بولدىغۇ؟......بولدىلا قايتىۋېرەيچۇ، ئەمدى خىجالەت بولۇشنى بىر ياققا قويۇش كېرەك. "ئاغرىقىنى يوشۇرساڭ ئولۇم ئاشكارا" ئەمەسمۇ! قايتىشنىغۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايتىمەن. بىراق شۇ پەيتچە....."قېنى نىمە تېپىپ كەلدىڭ؟" دەپ خەلچەم ئالدىمغا چىققىدۇ، ئەھۋالنى بىلىدۇ-دە، كايىشقا باشلايدۇ.....چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن مېنىڭ يېزىدىن كېتىپ سودىگەرچىلىك قىلىشىمنى خالىمايتتى. قانداق قىلايكىن ھە؟..... ياق، مەيلىلا....."

* * *

ئۇ، بىر ھەپتە كۈنلۈك ئىشلەپ، ماشىنا كىراسىغا پۇل تېپىۋېلىپ نۇرپانغا قايتتى.

ئۇ بېكەتتىن چىقىپلا موللاخۇننىڭ دۇكىنىغا قاراپ يول سالدى. جان ئاچچىغىدا ئۇنىڭ بىلەن ھىساۋات قىلىشتى.

—مانا، —دىدى موللاخۇن توپا بېسىپ كەتكەن بىر دەپتەرنى ئېچىپ، —بەرگەن ھوججەتلىرىڭ تۇرۇپتۇ، يا بۇلارنى سەن بەرمىگەنمىدىڭ؟

—مەن بەرگەنغۇ، لېكىن.....

—ھە نىمە، بۇلارنى تۈنۈگۈن مەمتاخۇن پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپتۇ.

"توۋا، —دىدى ئىچىدە جامال ياقىسىنى تۇتۇپ، —بۇ سودىگەرلەر نەدە ئوقۇغان بولغىيتى؟"

شۇنداق قىلىپ، موللاخۇن جامالنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرماي قايتۇرۇۋەتتى.

راست دىگەندەك، خەلچەم جامالنى كورۇش بىلەنلا ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. جامالنىڭ تېنى چۈغىدا قىلىپ

كەتتى، ئۇ يەرگە قارىۋالدى ۋە گەپ يوغىلىتىپ:
ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ھالى نىمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.
جامالنىڭ ياخشى قايتمىغانلىقىنى بۇرۇنلا سەزگەن خەلچەم زەردە بىلەن جاۋاپ بەردى:
— ئۆزلىرىنىڭ ھالى نىمە بولدى؟ ئاۋال بۇنىڭغا جاۋاپ بەرسىلە، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ھالى گۈل بولدى! قانداق، گەپلىرى بارمىدى!؟......
— ......
— سىلە كېتىپ، مەن بىر بالا بىلەن بەك قىينالدىم. شۇنداق بولسىمۇ يۇرت ـ جامائەت ئارىلىشىپ كوكىنى ئۇتاققا ساتقان يەرنىڭ يېرىمىنى ماڭا ئاجرىتىپ بەردى. كۇندۇزى ئېتىزدا ئىشلىدىم، كېچىسى يىپ ئىگىرىپ، دوپپا، كەشتە تىكىپ، پۇل تېپىپ بالىنى باقتىم، ئىش قىلىپ ئاچ ـ يالىڭاچ قالمىدۇق.
شۇ سوزنى ئاڭلاش بىلەنلا جامال ئۆزىدە بىردىنلا يەڭگىللىك سەزدى. بىراق، كېيىن چوڭقۇر ئويغا چۇشۇپ كەتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ كوزىگە قادىلىپ قاراشقا پېتىنالمايتتى. يەرگە قاراپ تۇرۇپ:
— يالغۇز جېنىڭ بىلەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.
خوتۇنى ئېرىنىڭ جېنىغا تەككۇدەك جاۋاپ بەردى:
— نەنىڭ يالغۇز جېنى بىلەن، كوپ بىلەن. مەن سىلىگە ئوخشاش ئوزبېشىمچىلىق قىلىپ، ئۇڭ ـ تەتۇر خىيالنىڭ ئارقىسىدا يۇرمىدىم. ھە، سىلى كوپنى كوزگە ئىلمىغان بىلەن كوپچىلىكنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوسىغى كەڭ ئىكەن. كەڭ ئويلايدىكەن، مېنىمۇ كوپىنىڭ بىرسى دەپ قاراپ ياردەم بەردى. گۇرۇپپىغا قوشۇلدۇم. يەنە بىزگە كوپچىلىك ئەسقاتتى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ئەسقاتتى. سىلە ئىشەنگەن تاغدا ياتقان كىيىكمۇ چاغلىق. سىلە تاش سانىغىچە مولـلاخۇن قوم سانايدۇ، ئۇنىڭمۇ شۇنداق ساختىپەزلىكىنىڭ كارامىتى ئاشكارا بولۇۋاتىدۇ. 4 ـ 3 يىلدىن بېرى پارتىيىنىڭ بېرىۋاتقان تەربىيىسىنى ئاڭلىماي، قىلغان ياخشىلىغىنى كورمەي، دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىيالمىغان سىلىدەك ئادەملەرنىڭ نىمە بولىدىغانلىغىنىمۇ چۈشىنىپ قالدۇق.

خەلچەم بارغانسېرى قايناپ كەتتى، بۇ چاغدا ئېرى پەقەت يەرگىلا قاراپ تۇراتتى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى.

ــ ھىلىمۇ كوپ ئەسقاتىدۇ، ــ دەپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى خەلچەم، ــ پۈتۈن ياز بويى شۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىغىنى ئاتام ـ ئانامۇ قىلمىغان. مەن بەك خىجىل بولدۇم. سىلە ئۇچۇن خىجىل بولدۇم. لېكىن كوپچىلىك سىنىڭ ئېرىڭ مۇنداق قىلىۋىدى، ئانداق قىلىۋىدى دەپ مېنى چەتكە قاقمىدى......بىراق ئوينىڭ چوڭى بولغان ئادەم بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرسە......ھىلىمۇ مەن چىدىدىم بۇ خىجىلچىلىققا......

جامال گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئوزىگە بۇ تۇرقىدا ھېچقانداق گەپ قىلىشقا ئورۇن يوقتەك سېزىلەتتى، ئۇنىڭ كوڭلىنى "خوتۇنىنىڭ دىگىنى راست، ئەمدى مەن شۇ كوپچىلىككە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن" دىگەن خىجىللىق پەرىشان قىلاتتى.

ئۇنىڭغا بۇ كېچە ئۇيقۇ دېگەن نەرسىمۇ يېقىن يولىمىدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن جامال ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېتىپ:

ــ ئەخمەقكەنمەن خوتۇن...... ــ دېدى گەدىنىنى تاتىلاپ.

خوتۇنى ئۇنىڭ ئۇزىگە راست ئوكۇنگىنىنى سەزدى، شۇنداق بولسىمۇ ئانچە چىرايلىق گەپ قىلمىدى.

ــ ئەخمەقلىقلىرىنى بۇ يىل ئەتىيازدىلا بىلگەن بولسىلا، بۇ خىجىللىقمۇ يوق ئىدى.

ــ ئەمدى نىمە قىل دەيسەن.

ــ نىمە قىل دەيتتىم، يوللىرىنى چاپسانراق تېپىۋالسىلا.

جامال چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋالدى.

ــ تاپىمەن......تاپىمەن......ئەمدى كوپتىن ئايرىلغان بېشىمنى ئىت يىسۇن!......

ئۇيگە بىردىن جىمىلىق چوكتى.

جامال يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

1953 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**قېيۇم تۇردى**

# زەرەپشان بويىدا

## (غەرەز ئۇقمايدىغان ئەر)

زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا كىچىكرەك بىر تاغلىق يېزا بار. ئۇچ ئەتراپى ئېگىز ـ پەس تاغ تىزمىلىرى، تۇپۇلۇكلەر ۋە شېغىللىق سايلار بىلەن ئورالغان بۇ يېزىنىڭ مەركىزىدىن تەخمىنەن يەتتە ـ سەككىز چاقىرىم يىراقلىقتا "زەرەپشان" ئېشلەپچىقىرىش ئەتىرىتى بوككىدە ياڭاق دەرەخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان.

يىراق كوئېنلۈن تىزمىلىرى بىلەن سىردىشىپ كېلىدىغان دولقۇنلۇق زەرەپشان دەرياسى "زەرەپشان" ئېشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە كىچىككىنە قولتۇق ھاسىل قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز بىر خىل ئاۋاز بىلەن شاقىراپ ئۇزاق تارىم ۋادىسىغا ئېقىپ ئوتىدۇ. ئەتىگەندە، قۇياش بالقىپ چىققاندا، كەچقۇرۇن شەپەق قىزىللىغىدا زەرەپشاننىڭ بىر چاقىرىم كەڭلىككە

يېيىلغان كوپ ـ كوك سۇلىرى بەزىدە ئەينەكتەك يالتىراپ، بەزىدە قىزغۇچ شەلپەر يۇگۇرتۇلگەندەك ئاجايىپ چىرايلىق جىلۋىلىنىپ كورۇنىدۇ.

"زەرەپشان" ئىشلەپچىقىرىش ئەترىدىنىڭ ئەزالىرى پۇتۇن ياز بويى توپۇلۇكلەرنىڭ ئارىسىدىكى كەڭ ئېتىزلاردا خوشال ـ خورام ئېرىقچىلىق قىلىدۇ؛ كوز ئايلىرى يېتىپ كەلگەندە، يۇز ياشلىق، ئىككى يۇز ياشلىق ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى ئالا ـ چىپار كوينەك كىيگەن بەختىيار قىز ـ يىگىتلەر بىلەن رەڭلىنىپ كېتىدۇ؛ كوزلۇك يىغىمدىن كېيىن بولسا، ھەممە كىشى قاماق، تورلارنى كوتىرىشىپ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا بېلىق تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

باھار..... بۇگۇن ئەتىگەن، تېخى كاداڭ ياڭاقلارنىڭ ئۇچ ـ لىرىنى جىگەردەك قىزىللىق قاپلىماي تۇرۇپ، بىردىن ئىشلەپچىق ـ رىش ئەترىدى ئىشخانىسىنىڭ ئوگزىسىدىن ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندى. ناغرىنىڭ چېلىنىشى ئىنتايىن شوخ، شادىيانە ئىدى. بۇ، "زەرەپشان" ئىشلەپچىقىرىش ئەترىدىنىڭ ھاياتىدا بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش بولىدىغانلىغىدىن دېرەك بېرەتتى. ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئۇششاق باللار بىرىنچى بولۇپ كوچىغا يۇگۇرۇشۇپ چىقتى. بىر پەستىن كېيىن قىزلار، يىگىتلەر، جۇۋان ـ چوكانلار ناخشا ـ كۇلكىلەر بىلەن كوچىغا پاتماي ناغرا ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە كەتتى. ئۇلاردىن كېيىن ئاق باشلىق ئانىلار، ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلار ئىككىدىن ـ ئۇچتىن بولۇشۇپ يول ئېلىشتى.....

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ مەھەللىدىكى بىرنەچچە ئۆي، تۇتاش كەتكەن باشقا قورولاردىن بىرئاز ئاجرىلىپ تۇراتتى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۈستىنى پۈتۈنلەي ياگاق شاخلىرى بېسىۋالغان. شۇ ئۆيلەردىن بىرىدە ياشىغان بىر ئايال تونۇر ئوچاقتا قىرىشقاندەك خېمىرنى يېيىپ پىشماي تۇرغان كاكچىنى يا خام پېتى سويۇۋېلىشقا كوزى قىيماي، ياكى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پۇشۇرۇشقا ئامال قىلالماي جىلى بولۇپ ئولتۇراتتى. ئوچاقتىكى قوقاس كوزىنى يۇمۇۋالغان؛ قالاي دىسە، قول يەتكۈدەك يەردە ئوتۇن يوق. ناغرا چېلىنغانغا نىكەم، كىشلەر بولسا ئالىلقاچان مەجلىستە......ئانا ئالدىراپ قالدى ۋە ئاخىر پۈتۈن كۆچىنى يىغىپ قوقاسنى پۈلىدى، لېكىن پىشكەل- چىلىك..... ئوچۇپ قالغان قوقاس ئۈستىدىكى ئاچچىق چاڭ ئېغىز-بۇرنىغا كىرىپ، كوزلىرىدىن ياش چىقىرىۋەتتى. ئانا تېرىكىپ كەتتى. "ئەر بولماي قۇرىغىن ئىلاھىم،-دىدى ئۇ،- شۇمۇ ئەر بوپتۇمۇ، شۇنىمۇ ئوي تۇتقان دەمدىكىن......".

ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ تاختا بېشىدىن پىچاق ئالدى. ئۇنى پەم بىلەن ناننىڭ ھۆلىغا تىقتى. ئەپسۇس......نان پىشمىغان، پىچاق ئاپپاق خېمىر بولۇپ يېنىپ چىقتى. ئانىنىڭ ئەمدى تاقىتى قالمىدى: "ھەممە ئەيىپ ئاشۇ غەرەز ئوقمايدىغان ئەردە،-دەپ ئويلىدى ئۇ،-توۋا، بۇ ئادەمنىڭ ئوساللىقىنى ھەممە كىشى بىر چىرايلىق ئوز ئوينىڭ، ئوز كوڭلىنىڭ غېمىدە، تارتقىلىق ئۇنى، يېرىقلىق ئوتۇنى تەل. ئۇ بولسا، كەچكىچە سوك-سوك ئاتتەك چېپىپ يۈرگىنى يۈرگەن......".

ئانا نىمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغانىدا، تاشقارقى ئىشىكتىن تام خوشنا ھەجەر بۇۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— خەلىچە ئانا، سىزگە خۇش خەۋەر، بىز يەنە سېلىم ئاكىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىدىنىڭ باشلىغى قىلىپ سايلىدۇق: سىزگە بىر ئوتتۇنۇش، بىزنىڭ ئويگىمۇ قاراپ قويۇڭ......
— خۇش خەۋەر بولماي قۇرۇسۇن ئىلاھىم. ئويۇڭگىمۇ ئۇزەڭ قارىۋال......— دىدى خەلىچە ئانا ئاچچىق بىلەن چىچىلىپ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن راستىنلا تېرىكىپ كەتتى.
"تووۋا، بۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنى! مۇنىداقمۇ ھېچنىمىنى بىلمەس بولۇۋالغان بارمۇ؟ نىمىشقا ئۇز ئىشىنى بىلىپ قىلماي-دۇ..... خوتۇن بولۇپ مەن، ئەر بولۇپ سەن، ھىلى دىيىشكەن گېپىمىز ھىلى ئۇنتۇلسا، بۇ قۇلاق زادى قانداق قۇلاقكىن......".
خەلىچە ئانا شۇنىڭدىن كېيىن ئاخشام مۇشۇ خەۋەرنىڭ سەل ئۇچىنى ئاڭلاپ، سېلىم ئاكا بىلەن بولۇنغان گەپنى ئەسلىدى.
"ئەمدى بولدى قىل، — دەپ ئۇگەتكەن ئىدى ئۇ سېلىم ئاكىغا، — مەن سورۇناي، قېرىڭلارنى ئوز ھالىغا قويۇڭلار دىگىن، ئەترەتلىكنى ياش يىگىتلەرگە ئوتەن. شۇلار قىلىشسۇن". سېلىم ئاكا تېچ يېتىپ بۇ سوزلەرگە چۇشەنمىگەنىدەك قىلىپ، تەتۇر قارىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن "ياش يىگىتلەرگە ئوتەن" دىگەن سوزگە جان دىلىدىن قوشۇلغان ئەمەسمىدى ...... بۇگۇن يەنە ھەممە گەپلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىشلەپچىقى-رىش ئەترىدىنىڭ باشلىغى بولارمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندەك، سەۋرىسىزلىكىمۇ چېكى بولىدۇ-دە، قازانمۇ قايناۋەرسە تېشىپ كېتىدۇ. خەلىچە ئانا ئۆيىنىمۇ، ئوچاقتا پىشماي تۇرغان كاكچىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ، كالتە جۇۋىسىنى ئاچچىقى بىلەن مۈرىسىگە ئارتتى-دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

خەلىچە ئانا يىغىن ئوتكۈزۈۋاتقان ھويلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چوڭ قورو ئىچىدىن تەمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنتايىن قىزغىن ھىسسىيات بىلەن پونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سېلىم ئاكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. قارىماققا بۇ يەردە ھېچ مەجلىس يوقتەك، ھەممە كىشى جىم، پەقەت بىرلا كىشى — سېلىم ئاكا سوزلىمەكتە ئىدى.

"سوزلە..... تازا سوزلىۋال، — دەپ كوڭلىگە پۈكتى خەلىچە ئانا، — سەن بۇ ئىشنى سوزلەپ يۈرۈپ تاپقان. ئىچ سىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئېيت، مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىۋالىمەن، كېيىن يۈزۈڭگە سالىمەن. مېنى ئالدىغىنىڭ ئۈچۈن ئوزەڭمۇ يەرگە قارايسەن.....ئوتكەن يىلمۇ "ئەمدى بولدى قىل" دىسەم، سەن "مەن ئوزەم سايلىنىۋالدىممۇ، كوپچىلىك سايلىدى" دىگەنسەن، بۈگۈن تېنىۋالچۇ قېنى......

— مەن بىر ئادەم، مېنىڭ قولۇمدىن نىمە ئىش كېلىدۇ؟ ھېچ ئىش، — دىگەن سېلىم ئاكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — كوممۇنا بىر ئەزىم دەريا، بىز بولساق بىر ئېرىق، دەريادا سۇ بولسا، ئېرىقتىمۇ سۇ بولىدۇ؛ چوڭ ئۇيۇلمىز بېيىسا، بىزنىڭ پاراۋان بولغىنىمىز شۇ، دىمەكچى گەپ شۇ تۇققانلار. سىلەر بار، مەن

ھېچنىمىدىن قورقمايمەن؛ سىلەر مېنىڭ كوپ قېتىملىق ئۆزرەمنى قوبۇل كورمىدىڭلار؛ بۇ مەيلى، سىلەر ماڭا ئىشەنچ بىلدۈرگەن، مېنى خالىغان بولساڭلار، بۇنىڭغا رەخمەت، لېكىن مېنىڭ بىر شەرتىم بار، ئۇ بولسىمۇ، ھەر كىشى ئۆز كومۇچىگە چوغ تارتماسلىغى، ئاۋال چوڭ ئائىلىمىزگە ئاندىن ئۆزەمگە دىگەن نىيەتتە بولۇشى لازىم......

يىغىن مەيداندىن سېلىم ئاكىنىڭ سوزىنى قوللىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، سېلىم ئاكا بىر مىنۇتقا سوزىدىن توختىدى.

خەلىچە ئانا سېلىم ئاكىنىڭ "قورقمايمەن"، "مەيلى"، "رەخمەت" دىگەن سوزىدىن كېيىنلا سەۋرى قاچىسى يېرىلىپ، كىرىشكە نىيەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ "بىر شەرتىم بار" دىگەن سوزىدىن ئىمىنىدۇر ئۈمىت قىلىپ، بىر پەسكە ئۆزىنى باسقان ئىدى. ئەپسۇس...... بۇنىڭدىنمۇ ھېچنىمە چىقمىدى. ئانا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى......

## يۈرىگىدە ئوتى بار

خەلىچە ئانا ئۇيكىدەك ئېسىلىپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، سېلىم ئاكا ئاق داستىخان يېپىلغان جوزىنىڭ ئالدىدا ئورە تۇرۇپ، 1963 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى قانداق قىلىپ ئەمىلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە كويۇپ - پىشىپ سوزلىمەكتە ئىدى. جوزىنىڭ ئەتراپىدا غاز قانىتى بولۇپ ئولتۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەر - ئايال ئەزالار ئۇنىڭ دىدىل، ھەققانى، ئۇمىتۋارلىق بىلەن تولغان سوزلىرىنى باشلىرى بىلەن ماقۇللاپ، چاۋاك بىلەن ئالقىشلاپ ئولتۇراتتى.

ئىشىك تەرەپتىرەك ئولتۇرغان بىرنەچچە ئايال خەلىچە ئانىنى كورۇپ ئورنىدىن تورۇشتى ۋە ئۇنى ئوز قوينىغا ئېلىپ، ئورۇن كورسەتتى. ئانا بۇنىڭ ئۇچۇن رەخمەت ئېيتسىمۇ، لېكىن چىھرىسىدىكى ئېشىغا تېپىپ تۇرغان ئاچچىغىنى يوشۇرالمىدى، كوزلىرىدە بىر تۇرلۇك نارازىلىق ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى.

سېلىم ئاكا خەلىچە ئانىنى كورۇپ، سوزدىن سەل تەمتىرىگەندەك بولدى، گەپلىرىمۇ تازا جايىدا چىقمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئوزىچە تەڭقىس بولۇپ، ھەتتا گېپىدىن توختىدى. لەۋلىرى تىترەپ، قاشلىرى كوتىرىلىپ، يۇزلىرى تارتىشتى؛ ئەقىللىق كوزلىرى بىر تۇرلۇك يېلىنىش بىلەن "خەلىچە، بۇ ئوزىمىزنىڭ ئىشى، سەن بۇنى چۇشەن" دىگەندەك قىلاتتى.

دەرۋەقە، سېلىم ئاكا ئۇنچىلا ياش ئەمەس ئىدى، بەزىلەر ئۇنى ئاددىلا قىلىپ "بوۋا، ئاتا" دەپ ئاتايتتى؛ قاشلىرىغا، ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن ئىدى. كوزلىرى ئوتكۇر بولسىمۇ، سەل ياشاڭغىراپ تۇراتتى. بويى پاكاراق بولغىنى ئۇچۇنمۇ، كوكرىگىنىڭ ئىچىگە تارتىلغىنى بىلىنمەيتتى، ئوز تەڭتۇشلىرىنىڭ تەتۇرسىچە، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇزۇن چاپان كىيمەيتتى، سورىغانلارغا "ئۇزۇن چاپان كىشىنى ئېغىرلىتىپ قويىدۇ" — دەيتتى. ئېيتقاندەك ئۇنى بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە "زەرەپشان"

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىدىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچرىتىشقا بولاتتى. لېكىن سېلىم ئاكىنىڭ بىر كەمچىلىكى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ خەلىچە ئانا ئېيتقاندەك، "ئۇي ئىشلىرىغا ئانچە كۆڭۈل بولمەيتتى، غەرەز ئۇقمايتتى". ئۇز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، كېيىنكى يىللار ئىچىدە نىمە ئۇچۇندۇ "ئۇز كومۇچىسىگە چوغ تارتىشنى" يامان كورۇپ قالغان ئىدى.

خەلىچە ئانا سېلىم ئاكىنىڭ يېلىنىش بىلەن ئۇز كوڭلىنى نامايىش قىلىپ تۇرغان ئاق دىل كوزلىرىگە قاراپ، كوڭلى ئېرىگەندەك بولدى. لېكىن ئۇ تەلۋىنىڭ توغرىلىغىدا ئۇز ئىشەنچىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ياغلىغىنىڭ ئۇچلىرىنى تۈزەشتۇرۇپ، بىر ـ ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقتى، لەۋلىرى تىترەپ، قوللىرىنى يالۋۇرغاندەك ئالدىغا چىقىرىپ، كوپچىلىككە تەلمۇردى:

ـــ نىمە دىسەم بولار، ئۇنى ئۇز ھالىغا قويساڭلار، دەيمەن، ـــ دىدى ئاخىر ۋە گېپىنى تاپالماي بىر پەس تۇرۇپ قالدى، ـــ ئۇ قېرىپ قالدى......

خەلىچە ئانىنىڭ مەقسىدىگە چۈشەنگەن ئەزالار بىر خىل قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى، كىمدۇ نېرىقى بۇلۇڭدىن لوقما تاشلىدى.

ـــ سوزلە خەلىچە ئانا سوزلەۋەر، قۇلىغىمىز سەندە. سېلىم ئاكىنىڭ سايلىمىدا پەقەت بىر ئاۋاز كەم ئىدى، سەن شۇنى تولدۇرغىن، بۇ سېنىڭ ھوقۇقىڭ، ـــ دىدى.

ـــ تولدۇرغىن ئىمىش...... ئانا بىر خىل ساددىلىق بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويدى، — تولدۇرسام تولدۇرۇۋېرىمەن. ئۇ قاچانغىچە سېلىم ئەترەت بولۇۋېرىدۇ؟ مەن ئۇ، شۇ ئىشتا بولمىسۇن، ئۆيگىمۇ قارىسۇن دەيمەن. مانا ھوقۇق!

— سەن سېلىم ئاكىنى كەم سۇندۇرمىغىن، ئانىكا، — دېدى كىمدۇ بىرى، — ئۇ ياشانغان بىلەن يۈرىگىدە ئوتى بار، بىزدەك نەچچە ئەرگە تېتىيدۇ، بىز سېلىم ئاكىنى يارىتىپ سايلىدۇق، بۇنداق يارىشىملىق ئەترەت باشلىقى بۇ ئىقلىمدا يوق.

خەلىچە ئانا يان تەرەپتىن چىققان بۇ ئاۋازغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى، ئاندىن:

ياشلىقى تايىنلىق، كېچىسى چۈشكۈرىدۇ، يوتىلىپ ياتالمايدۇ؛ ئۆي دېگەنگە كويسە ئۆي بولىدۇ، — دېدى ۋە بىر پەس توختىۋالغاندىن كېيىن، — ئاخشام ئۇ، ئەترەتلىكنى ياش يىگىتلەرگە ئۆتۈنىمەن، دېگەن، بۈگۈن مېنى ئالداپتۇ......

ئەزالارنىڭ ھەممىسى خەلىچە ئانىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئاق كۆكۈللۈكى، ساددا دىللىقى، دىلكەشلىكى ئۈچۈن ھۆرمەت قىلاتتى. خەلىچە ئانا يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن بىر ئوغلىنى ئەگىشىپ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۈزۈپ ئۆتكەن ئىدى. ھاشا، مەدىكار كەلسە، سېلىم ئاكا ئۈچۈن تولا چاغلاردا تالىشىپ ئۆزى باراتتى. ئۇنىڭدىن ئىشنىڭ ئېغىرى قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. لېكىن بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا — كەچكۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بېلىق تۇتۇۋېتىپ، تاسادىپى شۇرمەلىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى. شۇ قېتىمدا سوغاق ئالغان

بانا بىلەن ئۈچ يىلچە ئاغرىقچان بولۇپ ياتتى، تېخى نەسلىگە كەلگىنى يوق، سېلىم ئاكىغا سۆيۈنۈپ قالغان ئىدى.

— سەن سايلىمساڭ، بىز سايلايمىز، خەلىچە ئانا، كوپچىلىك سايلىسا، كىچىكە ئىگە بولىدۇ، — دىدى ياشقىنا بىر چوكان.

خەلىچە ئانا ياش چوكانغا نەزىرىنى ئاغدۇردى!

— سېنىڭ ئويۈڭدە ئۇتتۇنۇڭمۇ، تارتىقلىق ئۇنۇڭمۇ تەييار، سەن قىلمىساڭ ئاكاڭمۇ، ئۇكاڭمۇ قىلىپ بېرىدۇ؛ ئۇ، ئېتىزمۇ-ئېتىز سوكۇلداپ يۈرسە، مەن كىمگە يالۋۇرىمەن؟

كوپچىلىك قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك بۇ گەپتىن كېيىن بىرنەچچە مىنۇت تىمتاس بولۇپ قالدى. كېيىن ھەر تەرەپتىن لوقما تاشلاشلار ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

— سېلىم ئاكا بىز ئۈچۈن جان كويدۇرۇۋاتىدۇ، — دىدى ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر كىشى، — "زەرەپشان"نى كوممۇنىمىزنىڭ گۈلى قىلىپ كوتەردى. سەن يېتىشەلمىگەن بولساڭ، كىمنى خالىساڭ شۇنى چاقىرتۋەر، مانا بىز ياردەم قىلىمىز......

خەلىچە ئانا ئۆزىنى ئاجىز ھىس قىلدى، شۇنچە ئەر كىشى ئىچىدىن سېلىم ئاكىنىڭ ئىزىنى باسقۇدەك بىرەر كىشىنىڭ چىقمىغىنى ئۈچۈن كوڭلىدە تېرىكتى. لېكىن تىكىلىپ تۇرغان يۈزلىگەن بەختىيار كوزلەر ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. ئانا نىمە دىيىشىنى بىلمەي قالدى. ئاخىر، ئۆزىچە بىر ياخشى تەكلىپ ئويلاپ تاپتى:

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، — دىدى ئۇ مەيۈسلىنىپ، — لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئويلىغىنىم: بىر كۈن ئۆي ئىشىغا قاراپ، بىر كۈن سېلىم ئەترەت بولسۇن......

ــ بارىكاللا، ــ دېيىشتى ئەزالار كۈلۈشۈپ، ــ بۇ پىكرىڭ تولىمۇ دۇرۇس، سەن ئەسلىدىمۇ جۇرئەتلىك ئايال بولغانسەن. قېنى، سېلىم ئاكا، ۋەدە بەرگىن، خەلچە ئانا يايراپ كەتسۇن......

خەلچە ئانا بۇ گەپتىن كېيىن بىر خىل سىناش نەزىرى بىلەن سېلىم ئاكىغا قارىدى، سېلىم ئاكا بولسا، ئۆزىنى ئەيىپلىك ھىس قىلغاندەك يەر ئاستىدىن قاراپ، كۈلۈپ قويدى ــ دە، تېخىمۇ دېدىل، تېخىمۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن توختاپ قالغان سوزىنى باشلىدى......

## ياراشمايدىغان ئىش

خاسىيەتلىك باھار ئاپتۆۋى زەرەپشان دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى ئاخىرقى كۈمۈش پارچىلارنى ئېرىتىۋەتتى. دەريا كېڭەيگەندەك بولۇپ قالدى. مەھەللە ئىچىدە ئۈرۈكلەر رەڭمۇ ــ رەڭ چېچەكلەپ، ئېرىقلارنىڭ بويلىرى يېشىل مەخمەلدەك كوكەردى. قامەتلىك ياغاچ دەرەخلىرى بولسا، باھار پەيزى بىلەن ياشناپ تېخىمۇ ھەشەمەتلىك بىر تۈسكە كىردى.

بۇ كۈنلەردە ”زەرەپشان“ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئەزالىرى يېڭى كۈچ، يېڭى غەيرەت بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى باشلە-

ۋەتتى. ھەممە يەرنى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئەمگەك ناۋاسى قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

كېيىنكى ئىككى ھەپتە ئىچىدە خەلچە ئانىنىڭ قاپىغى يەنە سېلىنىپ قالدى. بوۋايغىمۇ ئۇنچىۋالا رايى يوق ئىدى، چۈنكى بۇ كۈنلەردە سېلىم ئاكىنى قايناپ تۇرغان ھايات يەنە ئۇز ئىلكىگە ئېلىۋالدى: ئىشقا سەھەر چىقاتتى. كەچ قايتاتتى. "ئۆي" دىگەن ئۇقۇم ئۇنىڭ كاللىسىدىن يەنە يىراقلاپ كەتكەندەك ئىدى.

بۈگۈنمۇ سېلىم ئاكا ئۆز ئادىتى بويىچە كىچىككىنە پەنجىرىدە سۈبھى شەپىقى كۆرۈنمەستە، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كۆگۈم قاراڭغۇسىدا تەمترەپ يۈرۈپ ئىشىك تەرەپتىكى كاتتىن ئىمىنىدۇ ئېلىپ بېلىگە تۇگىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە خەلچە ئانا ئويغىنىپ قالدى، ئۇيقۇلۇق گاڭگىرىدى، ئەسنىدى ۋە بوۋاينىڭ ھەمىشەمدىكىدەك "قويرۇق تۇتقۇزماي" كۆزدىن غايىپ بولماقچى بولغىنىنى پەملىدى-دە، بىردىن غەزىۋىگە ئوت تۇتاشتى:

— ماڭا قارا، ئەر! — دىدى ئۇ زەردە بىلەن چىچىلىپ، — تېخى ئەتىگەنغۇ، مۇنچە نەگىمۇ ئالدىرايسەن؟......

— ئالدىرايسەن دىگەنمۇ گەپمۇ، — دىدى سېلىم ئاكا نان تۈگۈلگەن بېلىنى تارتىپ باغلاۋېتىپ، — ئۆزەڭ ئويلاپ كور، بۇ تەكى قىرلاپ ياتىدىغان چاغمۇ؟ كۈندىن قالساڭ، يىلدىن قالىسەن، دىگەن گەپ بار. مۇشۇ كەمدە ئالدىرىمسام، بۈگۈن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەته "زەرەپشان"نىڭ ھالى نىمە بولىدۇ......

خەلىچە ئانىسىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشقا ھازىر تاقىتى يوق ئىدى. شۇڭا بوۋاينىڭ ئالدىنى بىر ئېغىز سوز بىلەنلا توسماقچى بولدى.

— ئوي - چۇ!...... — ئۇنىڭ ئاۋازى غەلىتىلا تىترەپ كەتتى. بىر نەرسەڭ كەمۇ؟......سېلىم ئاكا ھەتتا بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى بىلمەي قالدى.

— توۋا، بۇ ئادەمنىڭ توم گىرىلگىنى! — دىدى ئانا تېرىكىپ، — بىر نەرسەڭ كەممۇ دىگەنمۇ گەپمۇ؟ مۇنداقمۇ ھىچ نەرسىنى بىلمەس بولۇۋالدىكىنا كىشى...... توگمەنگە بېرىپ قويغان بۇغداي ئۇن بولغىلى بىر ھەپتىدىن ئاشتى. ئۇنى ئەكېلىدىغان ئادەم بولمىسا، ياز بولۇپ باققا بىرەر قېتىممۇ سۇ قويۇلمىسا، تال ئۈزۈم تېخىچە بىدىشكە ئېلىنمىسا، خەقلەر ئۈزىگە قالدۇرغان يەرگە ئاشلىق تېرىپ بولغىلى نىكەم، سەن تېخى ئۇز يېرىڭنىڭ قىرىنىمۇ دەسسەپ باقمىساڭ، يەنە تېخى بىر نەرسەڭ كەممۇ؟!......

سېلىم ئاكا ئويلىنىپ قالدى، خەلىچە ئانىنىڭ دەۋاتقانلىرى دۇرۇس ئىدى، لېكىن بوۋايغا نەدە ۋاقت. ئۇ ھازىرلا قوشچىلارنىڭ قېشىغا بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ يەردە بەش جۈپ قوش كۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئاندىن سىيالكىغا ئۇرۇق بېرىش، يەر سۇغارغۇچىلارغا ئىش تەقسىم قىلىش، سورەم قاتۇرۇش كېرەك ئىدى. بۇ ئىشلارنى كۆن چىققىچە ئۇز ئىزىغا سېلىۋەتمىسە، بىر

كۆڭلىنىڭ ئۇلگىنى شۇ ئەمەسمۇ......بوۋاي ئۆز خىيالىغا بېرىلىپ، ئىختىيارسىز ئىشىك تەرەپكە قەدەم قويدى. لېكىن خەلىچە ئانا ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— نەگە بارىسەن؟......

— خەلىچە! — دىدى سېلىم ئاكا، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ كەتتى، — توت فۇڭ يەرنىڭ ئىشىنى قول سەل بوشىغاندا بىر ئىش قىلارمىز، لېكىن تۈگمەندىكى ئۇننى كەچقۇرۇن ئەكېلىپ بېرەي......

سېلىم ئاكا شۇ گەپنى ئېيتتى-دە، چىقىپ كەتتى. خەلىچە ئانا بىر هازاغىچە نىمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا بۇلارنىڭ هەممىسى غەلىتى، ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۆزىنىمۇ نەگە قويۇشنى بىلمەيتتى......

تاڭ سۈزۈلۈپ ئەتراپ يورۇغاندا خەلىچە ئانا يەنە شۇ كوگۈل غەشلىگى بىلەن تالاغا چىقتى. ئۇ بۇ يەردە يۈرەكنى مۇجۇيدىغان يەنە بىر ئىشقا دۈچكەلدى: نېرىقى ئېرىق بويىدا بەزى ئەزالار ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە قالدۇرۇلغان يەرلەرگە تېرىقچىلىق قىلىۋاتاتتى. شۇلارغا پاسىل بولغان توت فۇڭ يەر سېلىم ئاكىغا خاس بولۇپ، ئۇ تېخىچە ئاق ئىدى. هەتتا ئالدىنقى يىلدىن قالغان كوتىچەكلەر شۇ پېتى تۇراتتى. خەلىچە ئانىنىڭ كوڭلىگە هەرنىمىلەر كەچتى: "ئىست سەندەك ئەر بولغىچە، — دىدى ئانا ئاق تۇرغان توت فۇڭ يەرگە قاراپ خورلۇغى كېلىپ، — قولۇڭغا كىرگەن ئاشنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئەپلەپ يىيەلمەيسەن......".

خەلىچە ئانا شۇلارنى ئويلاپ ئىتتىك ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن كىچىككىنە بوخچىنى قولتۇغىغا قىسىپ يېنىپ چىقتى. بۇ چاغدا ئىشىك ئالدىدا ھەجەر بۇۋى باشلىق بىرنەچچە ئەر-ئايال ئەزا ياردەملىشىپ، سېلىم ئاكىغا تەۋە بولغان ئۈزۈم تېلىنى بىدىشكە ئېلىۋاتاتتى. خەلىچە ئانىغا بۇ ئەھۋالمۇ غەلىتى تۇيۇلدى، ھەتتا ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي، ياغاچ دەرەخلىرى ئاستىدىكى تار يولدىن مەھەللىنىڭ جەنۇپ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى......

سېلىم ئاكا ئىككى كۈندىن بېرى دەريا بويىدا قوناق تېرىش بىلەن بەنت بولۇپ، يۇقۇرقى تەرەپتە كېۋەز يېرىگە ئىشلەۋاتقان ئەزالارنىڭ قېشىغا بارالمىغان ئىدى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شۇ تەرەپكە ئۆتتى. ئۇ مەھەللە ئىچىدىن كېتىۋېتىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغىنىنى كورۇپ قالدى. ئەتراپتا خەلىچە ئانىمۇ كورۇنمەيدۇ، ئۈزۈم تېلى بولسا بىدىشكە ئېلىنىپ قاپتۇ، بۇ كىمنىڭ ئىشكىن؟......

سېلىم ئاكا ھويلىغا كىردى، ئۆي ئىچىگە بىر قۇر كوز يۈگۈرتۈپلا، خەلىچە ئانىنىڭ نەگىدۇ يامانلاپ كەتكىنىنى بىلدى. چۈنكى ئوچاقتا بىر قېتىممۇ ئوت قالانمىغان، ئورۇن-كورپە بولسا، ئاخشام سېلىنغان پېتىچە ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۆز نوۋىتىدە بوۋايغا ھار كەلدى.

سېلىم ئاكا خەلىچە ئانا بىلەن ئۆي-ئوتاق بولغانغا ئوتتۇز

يىلدىن ئاشقان، شۇ جەرياندا ئۇلار بۇگۇنكى كۈندە ئەسلىسە كىشىنىڭ تېنى شۈركۈنگۈدەك ئاچچىق-چۇچۇك سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن بىللە ئۆتكۈزۈشكەن ئىدى. بەختكە قارشى ئىككى ئوتتۇردا پەرزەنتمۇ بولمىدى. بۇ مەيلى، لېكىن ئۇ ئىمىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغا كۆڭلىنى سىيا قىلىدۇ. ئىمىشقا بۈگۈنكى كۈننىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ؟!

سېلىم ئاكا شۇلارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ ئىشلىرى تىزىلىپ ئۆتتى. "زەرەپشان" ئىشلەپچىقىرىش ئەترىدىنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىللىق ئەھۋالىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەن سېلىم ئاكىنىڭ خەلىچە ئانىنى بىرئاز ئەيىپلىگۈسى كەلدى، "ياق، بۇ ياراشمايدىغان ئىش، — دىدى ئۇ، ئۆز ئۆزىگە شىۋىرلاپ، — ئۆز كومۇچىگە چوغ تارتىش — بۇ بولمايدۇ. مانا بىز ئۆتتۈز يىلدىن بېرى ئۆز كومۇچىمىزنىڭ كەينىدە ئەگىشىپ كەلدۇق، لېكىن ھېچقاچان بىر نېنىمىز ئىككى بولمىدى. بۈگۈنكى كۈندە زەرەپشان بېيىدى، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئويىمىزمۇ لىقىقىدا بولۇپ قالدى. بۇ يىل ھال-ئوقىتىمىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى ئۈچتىن بىر ئۇلۇش كېڭەيدى، يېڭى تىكىلگەن ياغاقلار مۆشىگە كىردى. خەلىچە، ئىمىشقا سەن بۇنى كۆرمەيدىغانسەن؟ ......".

سېلىم ئاكا شۇ خىيال بىلەن ئورنىدىن قوزغالدى-دە، ئىشككە چىقىپ، ئالدىراپ دەريا تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ دەريا

بويىدىكى ئېتىزلارنىڭ بېشىغا بېرىشىغا، ئالدىدىن خەلىچە ئانىنى قولتۇقلاپ ھەجەر بۇۋى چىقىپ كەلدى.

— سېلىم ئاكا، خەلىچە ئانا يامانلاپ قاپتۇ، — دىدى ھەجەر بۇۋى كۆلۈپ، — بۇ كېلىشىمگەن ئىش بوپتۇ. مەن ئاران دىگەندە قايتۇرۇپ كەلدىم.

— خەلىچە يامانلىمايدۇ، — دىدى سېلىم ئاكا يەر ئاستىدىن خەلىچە ئانىغا قاراپ قويۇپ، — ئوتتۇز يىلدىن بېرى يامانلىمىغان، دەريانى كورگۆسى كەلگەن چېغى......

ھەجەر بۇۋى كۆلۈپ قويۇپ ئوز ئىشىغا كەتتى. سېلىم ئاكا خەلىچە ئانىنىڭ ھورمىتى ئۇچۇن ئۇنىڭ بىلەن ئارقىسىغا ياندى. سېلىم ئاكىمۇ، خەلىچە ئانىمۇ تىمتاس ئىدى.

## كېيىنكى بىر ۋەقە

ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئوتۇپ، سېلىم ئاكا ناھىيىگە مەجلىسكە كەتتى. شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن خەلىچە ئانا ھېچ كۈتۈلمىگەندە ئاغرىپ قالدى. كەچقۇرۇن ئىستىمىسى ئېشىپ، ھەتتا ئاغزى گەپكىمۇ كەلمىدى. سېلىم ئاكا، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ئوقۇتۇرۇشى بويىچە ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى تېز، سۈپەتلىك ئوتكۈزگەن "قىزىلبايراقدار" ئىشلەپچىقىرىش ئەترىدىنىڭ باشلىقلىرى ھەم ئىلغار، پىشقەدەم دىخانلارنىڭ كېڭىشىگە قاتنىششى ۋە ئۇ يەردە ئون كۈنچە بولۇشى كېرەك ئىدى.

خەلچە ئانا ساقسز بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ھەجەر بوۋى دەرھال ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى. ئۇ ھازىر خەلچە ئانىنىڭ ئوز قىزى بولۇپ قالغان ئىدى، بېشىغا باردى، ئايىغىغا ئوتتى. قۇم چوگۇندە غەينۇلە سېلىپ شورۋاگورۇچ تەييارلىدى، نەدىندۇ قومغا كومۇپ ساقلىغان بىرنەچچە دانە چىپان نەشپۈتى تېپىپ كەلدى.

ھەجەر بوۋى خەلچە ئانىنىڭ بېشىنى بىلىگى ئۇستىگە ئېلىپ، شورۋاگورۇچ ئىچۇرۇۋاتقاندا، ئوي ئىچى ئىشتىن قايتقان ئەزالار بىلەن تولغان ئىدى. ئۇلار خەلچە ئانىنىڭ بېشىدا، ئايىغىدا ئولتۇراتتى، بەزىلەر ئورە تۇراتتى. شۇ ئاردا كىمدۇ سېلىم ئاكىغا خەۋەر قىلىشنى مەسلىھەت قىلدى. لېكىن بۇ تەكلىپ دەرھال كوپچىلىك تەرىپىدىن رەت قىلىندى:

— ياق، سېلىم ئەترەت ئوز كېچىشىگە قاتنىشىۋەرسۇن، — دىدى ئۇلار، — سېلىم ئاكا بىز ئۇچۇن كېچەشكە قاتنىشىۋاتىدۇ. بىز بولساق، ئۇنىڭ ئۇچۇن خەلچە ئانىغا قارايمىز.

— قېنى يىگىتلەر، هارۋىنى قېتىڭلار، — دىدى ھەجەر بوۋى خەلچە ئانىنىڭ تامىغىنى ئىچىرىپ بولۇپ، — بىز خەلچە ئانامنى دەرھال دوختۇرغا ئېلىپ بارايلى......

خەلچە ئانا ئوچ ئات قوشۇلغان رېزىنكا چاقلىق هارۋىغا ياتقۇزۇلغاندا، كۇن قىزغۇچ شۇلا چېچىپ تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇزىتىپ چىققان ئەزالار: ”خەلچە ئانا، ساق بولۇڭ، پات ساقىيىپ كېلىڭ، سىزگە شىپالىق تىلەيمىز“ دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۇزىتىپ قېلىشتى.

كوممۇنا دوختۇرخانىسىدا نوۋەتچى ھەمشىرە خەلىچە ئانىغا "ئوتىكۇر گىرىپ" دەپ دىاگنوز قويدى، ئۇنىڭغا ئوكۇل قىلىندى. بىرنەچچە تال تابلېتكا دورا ئىچۈرۈلدى. شۇ كېچە خەلىچە ئانا چىلىق-چىلىق سۇ ئىچىدە ياتتى ۋە ئەتىسى بىر چىرايلىق يەڭگىپ قوپتى. ئانا يېڭى دورا ئىچۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالدىدا ئۇزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ھەجەر بۇۋىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

—جېنىم بالام، مەن سىلەرنى ئىشتىن قويدۇم،—دىدى خىجالەت بولغاندەك،—مەن ئوغۇل-قىزىم يوق، ئاغرىپ-تارتىپ قالسام نىمە كۈنگىمۇ قالارمەن، دەپ قايغۇرۇپ كەلگەن ئىدىم. ئەمدى ئارمىنىم يوق، قىزىم كۆكشى، ئوغلۇم كۆكشى ئىكەن، مەن بۇنى بىلمەپتىمەن......

ئەترەت ئەزالىرى خەلىچە ئانا كەتكەن چاغدا، كوڭلى يېرىم بولۇپ ئۇزاتقان بولسا، ئەندى خوشاللىقتىن قانات قېقىپ قارشى ئالدى. ھارۋىدىن قولتۇغىدىن يولەپ چۇشۇرۇشتى، ھەتتا ئۇششاق باللارمۇ پېشىدىن تۇتۇۋالدى. خەلىچە ئانىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كوزلىرى چاقنىدى ۋە ھەممە كىشى قېرى ئانىنىڭ ئۇزلىرىگە رەخمەت ئېيتالمايۋاتقانلىغىنى بىلدى.

خەلىچە ئانا قوروغا كىرىش بىلەن ئۇزلىرىگە تەئەللۇق بولغان توت فۇڭ يەرنىڭ بىر چىرايلىق ھەيدىلىپ، سورەمدىن چىقىپ بولغانلىغىنى كوردى. بۇ ئۇنىڭ كوڭلىنى تېخىمۇ

كوتىرۋەتتى.

سېلىم ئاكا ناھىيىدىن قايتىپ كەلگەندە، خەلچە ئانا سەللە-مازا ساقايغان، قەدەملىرى تېتىكلىشىپ، گەپلىرىمۇ مېھرىۋان، يېقىملىق بولۇپ قالغان ئىدى.

سېلىم ئاكا ناھىيىدىن ئۆزى بىلەن بىللە كۆپلىگەن يېڭىلىق-لارنى ئېلىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭدىن كۆپلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئىشلىرىغا تەتبىق قىلىشى كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشى بالدۇرقىدىنمۇ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئىشقا سەھەر چىقاتتى، كەچ قايتاتتى. ئۆي توغرىسىدا ئويلاشقا ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سېلىم ئاكا شۇنىڭدىن دىلى سۆيۈنەتتىكى، بۇ كۈنلەردە خەلچە ئانا بوۋايىنى ئۆزىدىنمۇ بەك ئالدىراتتى: "بول، ئىش ئالدىراش، ئۆيىنىڭ ئىشى تۈگەپ كېتەر، ئەزالارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغىن" — دەيتتى.

1962 - يىل 12 - ئاي، يەكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**مالىك كېۋىر**

# تاڭ ئالدىدىكى ئۇچقۇنلار

## I

"قارا قىزنىڭ مېھرى ئىسسىق بولىدۇ" دېگەن ئۇرتاق بىر تەسىرات بار، دەرۋەقە. ئىدارە ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا قارا قۇمچاق قىز دۇرنەم بىلەن ئىشخانىسىدا گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ يۈرىگىدە ئىسسىق ھارارەت سەزدى، قىز 19 ـ 20 ياشلاردا، ئۇ مۇشۇ ئىدارىنىڭ سابىق باشلىغى ئەخمەتجاننىڭ پەرزەنتى، يېڭى باشلىق ئابدۇللا بولسا، ئۇڭ مەڭزىدە چىرايىنى خۇنۇكلەشتۇرۇپ تۇرىدىغان يوغان تاتۇغى بار 34 ـ 35 ياشلاردىكى ئادەم.

ــ ئاپىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ــ ئابدۇللا بىدە گۇلىدەك قىزغا قاراپ بويىنىنى ئەگدى، ــ ياخشى بولۇپ قالدىمۇ، بىر يوقلاپ كېلەي دەيمەنۇ، ئالدىراشچىلىقتا......

— قەدىر ئەھۋال، — دۇرنەم قىسقىچە جاۋاپ بەردى، — لېكىن ياخشى بولۇپ كېتىشكە تېخى خېلى بار......

ئابدۇللا قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى سالماق، تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، لېكىن بەدىنى سىماپتەك تىترەپ تۇراتتى.

— ياخشى بولالمىغان بولسا قورقماي داۋالىتىۋېرىڭ، — دېدى ئۇ دۇرنەمگە ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە، — چىقىمغا بىز ئۆزىمىز مەسئۇل، چۈنكى بۇ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياتىدىغان ئىش، ئابدۇللانىڭ مۇئامىلىدىكى "قىزغىنلىغى" بىلە- نىڭ يېرىمىگىچە ساپادا چوكۇپ ئولتۇرغان قىزدىكى تارتىنىش ھېسلىرىنى تارقىتىۋەتتى، ئۇ ئۆزىنى ئەركىن سېزىپ، "ئولۇۋۋال- غان"، "ئەكسىلئىنقىلاپچى" دادىسىغا تەقدىرداش بولۇپ، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن يېزىدا تارتقان سوروقچىلىقلارنى، كېسەل بولۇپ قالغان ئانىسىنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى يۈرەكىنىڭ بېغىشىغا تەككىدەك ئېچىپ تۆرۈپ سۆزلىدى. ئەمما بۇ گەپ - سۆزلەر ئابدۇللانىڭ قۇلىغىغا كىرمەيتتى، ئۇ باشقا بىر دۇنيادا كەيىپ سۈرۈپ، گاز ياغلىقنىڭ ئۇچىنى قولىدا ئويناپ، دەرت - ئەھۋال ئېيتىۋاتقان قىزنى كۆزىتەتتى، قىزنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قارا ئۆزۈن چاچلىرىغا، كەڭ پېشانىسىگە، ئاجايىپ ئىللىق، دوگىلەك يۈزىگە، قوش ئېگىكىگە، ئۈستىدىكى يارشىملىق كوينىگىنى سەل كوتىرىپ تۇرغان كوكسىگە قارىدى، مۇنداق قارىماققا كويۇپ قالغىدەك يېرى يوق...... ئابدۇللا خىيالىدا قىزنى دەڭسەپ كوردى. "يۈزلىرى قاپ - قارا، ئەمما بىلمىدىم، نىمە

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇندۇ...... ۋاي ئۇزۇن چاچلىق شەيتان، نېمە دېگەن جىلۋىلىك قىز بولۇپ يېتىشكەن سەن ھە......؟!"

— يە دادامنىڭ مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمىدىڭلار، — دېدى دۇرنەم گەپنى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىغاندىن كېيىن، — دادام ئۆلمىگەن بولسا، ئۆلگەندىمۇ نامىغا داغ تەگمىگەن بولسا، بىز بۇ كۈنلەرگە قالمىغان بولاتتۇق......

— تەشكىلگە ئىشىنىڭ، سىياسەتنى جەزمەن ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

— قاچان ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ؟ — قىزنىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىز كۆتىرىلىپ چىقتى، — لىن بياۋ يوقالغاندىن بېرى شۇ گەپ......

— مەسىلەن: سىزنى دادىڭىزنىڭ ئورنىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردۇق، ئائىلىڭىزنى يېزىدىن قايتۇرۇپ كەلدۇق، قالغان ئىشلارنىمۇ ئاستا-ئاستا ئىشلىمەيمىزمۇ.

مۇشۇ گەپ-سۆزلەر بولۇۋاتقاندا، ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئۇچرىشىپ قالدى. دۇرنەمنىڭ قارىشىدا كۈچلۈك نارازىلىق، شۇنداقلا ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك كورۇنگەن باشلىققا ئۈمىتلىك يېلىنىشمۇ بار ئىدى. مۇشۇ ئىككىسىنىڭ قوشۇلمىسىدىن تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سېھىرلىك قاراش پەيدا بولدى. بۇ قاراشتىن ئابدۇللانىڭ يۈزى تارتۇقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، ئەمما دۇرنەم ئابدۇللانىڭ خىيالىدىن كېچىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى...... "بىزنىڭ مۇدىر ھەقىقەتچى ئادەم كورۇنىدۇ، ئەھۋالنى ئېيتتىۋىدىم، ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئاچچىقى كېلىپ قىزىرىپ كەتكىنىنى قارا، بىزنىڭ ئىشىمىز

ئەندى ھەل بولىدۇ» دىگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ پىكىر دۇرنەمنىڭ يۈرەك قېتىغا ئورنىشىپ كەتكەن دەرت-پىغانلىرىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ خىيالى بىردىن پەرۋاز قىلىپ دادىسىنىڭ مەسلىسى تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ يېزىغا مۇددەتتىن ئىلگىرى «قايتا تەربىيە» ئېلىشقا چۈشۈرۈلگەنلىگىدەك ئېچىنىشلىق ۋەقە ئۈستىگە بېرىپ توختىدى.

* * *

دۇرنەم مەكتەپ قوروسىدىكى شەرەپ تاختىسىدىن ئۆز ئىسمىنى كورۈپ، بېشى قايغاندەك بىر پەس ئورنىدىن قوزغالماي تۇردى، باش ئەتىياز مەزگىلى بولغانلىقتىن ھاۋا تېخى سوغاق ئىدى. يۈزلىرىنى ئاچچىق چېقىپ ئۆتكەن شامال قىزنىڭ پىشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چۈگۈق چاچلىرى بىلەن ئوينىشاتتى. شۇ ئەسنادا 10-سىنىپنى پۈتتۈرگەن ساۋاقدىشى پەرھات يېنىغا كەلدى.

— دۇرنەم، نىمە ئۇنداق خىيال سۈرۈپ تۇرىسىز، — دىدى ئۇ سەممى ئاۋازدا گەپ قىلىپ، — يېزىغا كېتىۋاتقان يالغۇز سىزلا ئەمەس، ھەممىمىز بىرلىكتە چىنىقىمىز.

— پەرھات، — دۇرنەم خىيالىدىن خۇمالاشقان كوزلىرىنى يوغان ئاچتى، — يېزىغا كېتىۋاتقانلىغىمغا ئېچىنىۋاتقىنىم يوق، 10-نى تۈگىتىشكە يەنە بىر يىل بار، نىمە ئۈچۈن پەرقلىق مۇئامىلىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالدىم.

— ھەي، چۈشەنمەيدىغان نىمىسى بار، — پەرھات ياشلارغا

خاس تۇز كوگۇل بىلەن ئېيتتى، ــ سۇ بېشىدىن لاي، دادىڭىز "ئىنقىلاپقا خائىنلىق قىلىپ" ئۆلۈۋالدى ئەمەسمۇ، ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ چىنىقىشىڭىز كېرەك ئەمدى.

پەرھات بىلەن دۇرنەم باشقا ـ باشقا سىنىپتا بولسىمۇ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ پائالىيەتلىرىدە ياخشى تونۇشقان ئىدى. قىزنىڭ ئوقۇشتىكى تىرىشچانلىقى، بىلىم ئېلىش تەشنالىقى، تۇرمۇشقا، كەلگۈسىگە ئۈمىتلىك قارىشى، بىرەر پەننىڭ ئەھلى بولۇش ئارزۇسى بىلەن ھەمىشە ئوتتەك لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان پەرھاتقا ياقاتتى، قىسقىسى، ئۇلار مەكتەپ ھاياتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ سەممىي دوستلاردىن بولۇپ قالغان. دۇرنەم مەكتەپ بىلەن دادىسىنىڭ ئىدارىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئائىلىسىنى ئېلىپ ساۋاقداشلىرى يىلتىز تارتماقچى بولغان يېزىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئۇ، ھېچ بولمىغاندا، پەرھات بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ پايدىسى بولار دەپ ئويلىغان ئىدى. پەرھات ئويلىغان يەردىن چىقىپ، يېزىغا كەلگەندىن كېيىن ھەر كۈنى دىگۇدەك بۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئەمما دۇرنەمگە پەرھاتنىڭ ياردىمى ئىلگىرىكى ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بېشىدىكى كۈلپەتلەرنىڭ تۈگمەن تېشىدەك ئېغىر سالمىقىنى يېنىكلىتىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغاندەك سېزىلەتتى، قىزدىكى ئۈمىتسىزلىك ئانىسى يېزىغا كېلىپ تاپقان كېسەل بىلەن تەڭ كۈچىيىپ باراتتى، چولپانخان ئانا دەرت ـ ئەلەمگە قوشۇلغان كېسەل ئازاۋىدىن، يېزىغا كېلىپ بىرنەچچە ئاي

ئىچىدىلا، ئىچىدىن سوقۇلۇپ، ياداپ ياچىۋەككە ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ هالىغا ئېچىنىدىغانلار ئاز، چۈنكى ئۇ "ئەكسىلئىنقىلاپ-چى"نىڭ ئايالى. بۇغداي پىشقاندا، چولپانخان ئانا بىنامغا ئومغا چىقتى، ئۇ — ئاللىقاچان ئېغىر ئىشلارغا يارىماس بولۇپ قالغان ئىدى. يادەك ئېگىلىپ دۈمچىيىپ بىنامدا بۇغداي يۇلۇۋېتىپ بېشى قايدى. كوزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ "تىرىڭگىدە" كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى......

يېرىم كېچە، دۈرنەم باغ بۇغداي بىلەن چېدىر شەكلىدە يېپىلغان يوغان كەپىدە ئاغرىق ئانىسىدىن خەۋەر ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز دادىسىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن "ئوزىنى ئولتۇرۇۋالغان" دادىسىنىڭ جەسىدىنى هويلىغا كوتىرىپ كىرىۋاتقان پاجەلىك مەنزىرە ئوتۇۋاتاتتى، ئۇ بۇ هالىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن كوزىنى يوغان ئېچىپ ئانىسىغا قارىۋالدى. بىچارە ئانىنىڭ هالى بولسا تېخىمۇ خاراپ ئىدى. يېرىم ئۇيقۇدا ياتقان ئانا كېسەل ئازاۋىدىن ئوڭدا بىرسى بىلەن سوزلەشكەندەك ناهايىتى ئېنىق جويلۇپ قوياتتى، دۈر-نەمنىڭ ئولۇپ كەتكەن دادىسىنى ئېغىزغا ئېلىپ ئىسەدەپ يىغلايتتى...... بىر پەستىن كېيىن دۈرنەم چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. كەپىنى ياپقان باغ بۇغدايغا سانچىپ قويغان ئوغاقنى ئېلىپ تالاغا چىقتى، شۇ تاپتا ئۇ ئىنتايىن جىددىلىشىپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كوزلىرى تولىشىپ، ئاي يورۇتۇپ تۇرغانلىغىغا قارىماي كوز ئالدى قاراڭغۇ كورۇنەتتى، كەپىدىن

چىقىپ ئەلەگلەپ ئىككى تەرىپىگە نەزەر سالدى، قارشى تەرەپ-تىكى شىۋاقلىق ساينىڭ قىرىدا كېتىۋاتقاندا، كەينىدىن ئىز بېسىپ كەلگەن پەرھات "كاپ" قىلىپ ئوغاق تۇتقان قولىدىن ئالدى، ئۇ بۈگۈن ئاخشام بىرنەچچە مىنۇتنىڭ بىلەن بىنام كۆزىتىشكە چىققان ئىدى.

— دۇرنەم نىمە ئىش بۇ، كېچىدە ئوغاق كوتىرىپ نەگە قاراپ كېتىۋاتىسىز؟

دۇرنەم پەرھاتنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەركەت قىلىپ باقتى.

— پەرھات، جېنىم ساۋاقدىشىم قويۇۋېتىڭ، ماڭا يەرنىڭ ئۈستىدىن ئاستى ياخشى. بۈگۈن ئاخشام جېنىمنى ئارام تاپقۇزاي.

— بۇ ئىشىڭىز ئىنتايىن خاتا، — پەرھات ئىككى قولى بىلەن دۇرنەمنىڭ ئىككى بىلىگىدىن چىڭگىدە تۇتۇۋالدى، — ئانىڭىز-نىڭ ھالى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ، يەنە داغدا قويماقچىمۇسىز؟!

— ئانامنى شۇ ھالدا كورۇشنى خالىمايمەن. چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، بۇ دەرتلەردىن ئۆلۈپلا قۇتۇلاي.

دۇرنەم بارلىق كۈچىنى ئىشقا سالدى، لېكىن پەرھاتنىڭ ئامبۇردەك قىسىپ تۇرغان قوللىرىدىن بوشيالمىدى. مۇشۇنداق ئېلىشىشتىن ھالسىزلاندى ئەتىمالىم، بىر پەستىن كېيىن "گۈپ" قىلىپ، ئۆزىنى يەرگە — پەرھاتنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. پەرھات نائىلاج قىزنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. يەردە ياتقان بېشىنى تىزىغا

ئاستا ئالدى. ئون بەش كۈنلۈك تولۇنئاي تىنىق كوك ئاسمان دېڭىزىدىن دۇرنەمنىڭ دەرت ـ ئەلەمدىن كويۈپ ـ پۈچۈلىنىپ تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، پەرھات بېشى قاتقان هالدا نىمە قىلىشىنى بىلمەي، قىزنىڭ يۈزلىرىگە چۈشۈپ تۇرغان چوكۇق چاچلىرىنى پىشانىسىنىڭ ئۈستىگە قايرىپ قويدى......

دۇرنەمنىڭ ئىچى دەرت ـ ئەلەمگە توشۇپ كەتكەن ئىدى، ئابدۇللا پەرھاتنىڭ بۇ قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىغا ھەسەت قىلىپ گەپنىڭ بېلىگە تەپمىگەن بولسا، قىزنىڭ موڭ ـ زارى بىرەر ـ يېرىم سوھبەتتە تۈگىمىگەن بولاتتى:

ــ بولدى قىلىڭ، ئەھۋالنى چۈشەندىم، ــ ئابدۇللا ھەسەتخورلۇق بىلەن ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇپ يەنە ئولتۇردى، ــ مۇھىمى، دادىڭىزنىڭ مەسىلىسىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ئىدى. مەسئۇلىيەت مېنىڭدە، ئىدارە باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن چىڭ تۇتالمىدىم، ئەمدى جەزمەن كۈچ چىقىرىمەن.

ــ رەخمەت، ــ دۇرنەم كوكسىنى كېرىپ، ئىچىدە ئۇھ تارتىپ ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ قويدى، ــ ئاپامنىڭمۇ سىزدىن ئۈمىدى چوڭ.

ــ ئەلۋەتتە، پۈتۈن ئائىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشتا باشلىقتا ئۈمىت باغلىماي بولامدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش دۇرنەم، ــ ئابدۇللا قىزنىڭ تەلمۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرغان كوزىنىڭ ئىچىگە قاراپ قويدى، — كىچىرىڭ، يولداش دەپ ئاتاپ قويدۇم، مەندىن كوپ كىچىك بولسىڭىزمۇ بىر ئىدارىدا خىزمەت قىلىۋاتقان سەپداشلارمىز، شۇنىڭ ئۇچۇن سىزمۇ مېنى مەسلەن: يولداش......

— بۇ قانداق مۇمكىن، — دۇرنەم تۈز كوڭۈل بىلەن ئېيتتى، — ھېچ بولمىغاندا ياشتا چوڭسىز، ھورمەت قىلىشىم كېرەك - تە، ئابدۇلكا!

— خەير بوپتۇ، — ئابدۇللا يەنە ئۈز سوزىگە قايتىپ كەلدى، — بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۇچراشقاندا ئاپىڭىزنىڭ ئۈمىدىگە خىلاپ گەپ - سوزلەردە بولماسلىقىمىز كېرەك.

ئابدۇللا پەرھاتنىڭ دۇرنەمنى ئۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىغىنى ھاجەتسىز گەپلەرگە مىسال قىلدى. دۇرنەم بۇ گەپتىن ھېچنىمە چۈشەنمىدى ۋە سوئال نەزىرىدە ئابدۇللاغا قاراپ قويدى.

— يېرىم كېچىدە، ھەممە ئادەم ئۇخلاپ قالغاندا، قىزنىڭ پېيىدا يۈرۈش، — ئابدۇللانىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىز كوتىرىلىپ كەتتى، — پاھ، بۇ سولتەكنىڭ ھاياسىزلىغىنى، رىسىدە بولۇپ قالغان قىز تۇرسىڭىز، قانداق نىمە ئۇ؟!

— ساۋاقدىشىم!

دۇرنەم "لاپ" قىلىپ، ئابدۇللاغا قارىدى - دە، ئۇنىڭدىكى غەلىتە ئۆزگىرىشنى كورۇپ، كوزىنى ئىتتىك يوشۇردى. ئابدۇللا تىرىكىپ پوكاندەك قىزىرىپ ئىسلىپ تۇراتتى. دۇرنەم ھېچنىمە

چۈشىنەلمىدى. نىمە ئۈچۈندۇ، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ، بەدىنىگە تىترەك ئولاشقاندەك بولدى.

## II

چولپانخان ئانا ئۆزىگە بولغان مۇئامىلىدىكى ئۆزگىرىشتىن خوشال ئىدى. مەجبۇرى ئەمگەك قىلىۋاتقان يېرىدىن قايتۇرۇپ كېلىندى. ئورۇنلاشقان ئۆيلىرى بۇرۇنقىدەك ئازادە بولمىسىمۇ، ئۆگەنگەن شەھەرگە كېلىپ كۆڭلى يورۇپ قالدى. قايسىبىر كۈنى ئىدارە رەھبىرى ئابدۇللا ئالاھىدە يوقلاپ كەلدى. داۋالىنىش ھەققىدە ياخشى مەسلىھەتلەرنى كۆرسەتتى. بۇ بىر قاتار ئىشلار دۈشمەنلىك قاراشتىن زەرداپقا تولغان يۈرەكنى ياشارتىۋەتكەندەك تەسىرات پەيدا قىلىۋاتقان بىر چاغدا، ئىدارىدىن دۈرنەمنىڭ نامىغا 100 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى، بۇنى ئاڭلىغان ئانا گويا شىپالىق تاپقاندەك خوشال بولۇپ كەتتى.

— ئابدۇللا مۇدىر تۈزۈك ئادەم، — چولپانخان ئانا بېشىنى كوتەردى ۋە تەكىيگە يۆلىنىپ مەيدىسىنى ئورە قىلغاندىن كېيىن، دورا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىدا ئولتۇرغان قىزىغا دىدى، — گەپنى قىلغىن ئۇققانغا، جاننى ـ جانغا قوشقانغا..... ئەھۋال سوراپ كەلگەندە قىسىلىۋاتقانلىغىمىزنى يوشۇرمىغان ئىدىم. ھالىمىزغا يېتىپ پۇل ئاجرىتىپتۇ، سېنى خىزمەتكە ئېلىشتىمۇ ئۇ كۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقارغان.

دۇرنەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماسقا سېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، دورىنى ئىچكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن:

— قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىشنى كوپچىلىك پىكىر قىلغان. ئاغرىق ئىكەنلىكىڭنى ھەممىسى بىلىدۇ، — دېدى.

— ئىش يۇقۇرىدىن توغرىلانغان، مۇدىرىدىن شەپە بولمىسا، كوپچىلىكنىڭ كوڭلىدە مېنىڭ ئاغرىغانلىقىم نىمە ئىش قىلسۇن.

دۇرنەم دورىنى ئىچكۈزۈپ بولۇپ، ئاشخانا ئويىگە چىقىپ كەتتى، چولپانخان ئانا ساراي ئويدە يالغۇز قالدى ۋە يالغۇزچىلىقتا خىيال سۇرۇپ، ئابدۇللانىڭ ئوگەي دادىسى بىلەن بىر مەھەللىدە خوشنا ئولتۇرغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى.

— ئۇكام ئەخمەتجان، — دېگەن ئىدى بىر كۈنى ئوگەي ئاتا سابىق باشلىقنىڭ يېنىغا كېلىپ، — مەن بۇ تۇل خوتۇننىڭ بالىسىدىن تويۇپ كەتتىم، ئوز پۇشتۇمدىن تامغان يالغۇز ئوغلۇم ئاسمىنى پاتۇرمايۋاتىدۇ، ئابدۇل غۇدۇرنى كوزدىن يوقىتىشنىڭ ئامالى يوقمۇ؟

— ئامالى بار، مەسىلەن، ئوقۇشقا ئەۋەتىشكە بولىدۇ، بىراق، — سابىق باشلىق ئوگەي ئاتىنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كايىغان ئاۋازدا دېدى، — ھازىر مەھەللە ئىچىدىمۇ شۇ گەپ، ئابدۇللانى نىمە ئۇچۇن "غۇدۇر" دەيسلەر؟

— لەقەم ئويدىن چىقىدۇ، بۇ مەن دېگەن گەپ، — ئۇ ھازىر جاۋاپلىق بىلەن ئېيتتى، — ئابدۇل مېنىڭ ئالدىمغا خېلى ئەسلىك

چاغدا ئانىسىنى ئەگىشىپ كەلگەن، ئۇنىڭغا ئۆز ئاتىسىدەك قارى-
دىم، بىراق ھېلى ئېيتقىنىمدەك ئۇكىسى ئاسمىنى ئانى تاپقىلى
تۇردى، ئاچچىغىمغا پايلىماي، بىر كۈنى ئانىسىغا "مەن بىلەن
ئۆي تۇتىمەن دىسەڭ، بالاڭنى يوقات. بولمىسا مەن ئىككىڭنى
بىراقلا يوقىتىمەن" دىسەم خوتۇن-دەيۈز تاڭگا چىشلىۋالغاندەك
زۇۋان سۈرمەي گوشۇيۇپ تۇرمامدا.

— "ئالتۇن باشلىق ئاتاڭ بىلەن قالغىچە، پاخما باشلىق ئاناڭ بىلەن قال دەپتىكەن"،— دېدى چولپانخانىغا ئانا گەپ قىستۇرۇپ،— ئۆز ئاتىسىغا بېرىۋېتەي دىسە خوتۇنىنىڭ ئۆگەيلىشىدىن قورققاندۇ.

— ياق ئۇنداق ئىش يوق ئىكەن،— ئۆگەي ئاتا چايدىن بىر ئوتلاپ داۋام قىلدى،— بىزنىڭ بۇ خوتۇن مەن بىلەن قىز تەككەن ئېرى ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قېتىم ياتلىق بولغان ئىكەن. بىرىدىن ئايرىلىپ، يەنە بىرىگە تېگىش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ كېتىش ناھايىتى تېز بولغان، ئانىسىنىڭ ئويىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئابدۇلغا سىزىك بوپتۇ، لېكىن قايسى ئەردىن تورەلگەنلىگىنى پەرق قىلالمايدىكەن، ئاتىسى ئېنىق ئەمەس غۇدۇر بولدى-دە!

ئابدۇل سابىق باشلىق ئەخمەتجاننىڭ كۆچ چىقىرىشى بىلەن مالىيە-سودا تېخنىكومىدا ئوقۇدى. ئۇ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، مەلۇم بىر كارخانىدا بوغالتىرلىق قىلىۋاتقىنىدا خىيانىتى پاش بولۇپ، قانۇن بويىچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلدى، قويۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئەخمەتجان ئابدۇلنى بازار ئاشخانىسىدا هاراق ئىچىپ، بىرىسى بىلەن مۇشتلۇشۇۋاتقان هالدا ئۇچراتتى، "كېيىنكى ئىشلار ئابدۇلنىڭ بېشىغا كەلمىگەن بولسا، ئۇ بۇ قەدەر چۈشكۈنلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى-هە؟" ئەخمەتجاننىڭ خىيالىدىن ئابدۇلنىڭ بالىلىق چاغلىرى، ناهايىتى تەسلىكتە ئوقۇغانلىغى ئۆتتى، ئەخمەتجان ئۆزىمۇ بالىلىق كۈنىدىن تارتىپ يوقسۇزلۇق ئازاۋىنى كوپ تارتقان. شۇڭا باشقىلارنى قىيىن ئەھۋالدا كورسە ئىچى كويۇپ، ئۇشكە ياغلىرى ئېرىپ كېتىدىغان ئادەم ئىدى، شۇڭا ئابدۇلنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىپ، ئىدارىنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىغى بولۇمىگە ئۆز كەسپى بويىچە بۇغالتىرلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى، لېكىن مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇزىگە خوشامەت قىلىشقا يول قويمىدى، ئابدۇل كوپىنچە چولپانخان ئانا بىلەن مۇئامىلىدە بولۇپ، ساددا ئائىلە ئايالىدا "ئۇچمەس" تەسىراتلار قالدۇرغان ئىدى......

دۇرنەم قاچا-قومۇشنى يىغىشتۇرۇپ، كەچلىك تاماققا ئاز-تولا تەرەددۇت قىلىپ قويۇپ، ئادەت بويىچە، خىزمەتكە مېڭىش ئالدىدا ئاغرىق ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىردى.

—ئاپا ياخشى قال، دەم ئېلىش ۋاقتى توشتى، مەن ئىشقا باراي.

—بوپتۇ قىزىم، يېڭى خىزمەتچى دىگەن ئىشقا كېچىكسە بولمايدۇ، —ئانا بېشىنى كوتەردى ۋە كەينىدىن سۇس ئاۋازدا توۋلاپ دۇرنەمنى بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان يېرىدە

توختاتتى. — ساڭا بىر سوزنى جىكىلەپ ئېيتىپ قويغۇم كەلدى قىزىم، سەن كىچىك، بىلمەيسەن، سېنىڭ بۇ باشلىغىڭ ئەزەلدىن بىز بىلەن ئىجىل، شېخىغا قاقماي، سىزىغىدىن چىقماي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەن.

دۇرنەم ئانىسىغا ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈپ، دەرۋازىدىن چىقىپ تۇرۇشىغا خىزمەتداشلىرىدىن شانىياز بىلەن توختى شاللاقىغا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار مۇشۇ ئۆيگە ئەلچىلىككە كېلىۋاتاتتى، دۇرنەم دەرۋازىدىن بۇرۇلۇپ، ئابدۇللانىڭ بۇ يېقىن ئادەملىرىنى ئۆيگە باشلىدى، بۇ ئىككىلەندىن باشقا، ئابدۇللانىڭ ئۆز نەزىرىدە ئاتقان يېرىگە بارىدىغان مومىن دېگەن يەنە بىر ئىشەنچلىك كادىرى بار ئىدى. بىراق ئۇ كېيىن پۈتۈنلەي ئويلىمىغان يەردىن چىقتى، يېشى توختىغان، ئۇزۇن تۇرا، سەل ئالدىغا ئېگىشىپ ماڭىدىغان ساقاللىق بۇ ئادەم سابىق باشلىق ئەخمەتجان بىلەن بولغان "سىنىپىي ئېلىشىشتا" مەيدان خاتالىغى ئۆتكۈزدى، ئابدۇللا ئىنتايىن خاپا بولدى ۋە شۇ خاپىلىق ئىچىدە مومىننى ئادەتتىكى بولۇم ئەزالىق ئورنىدىنمۇ مەھرۇم قىلىپ، مەسىلىسى بىر تەرەپ قىلىنغانغا قەدەر ئىدارىنىڭ تازىلىق ئىشىغا قويدى.

شانىياز بىلەن توختى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئادەت بويىچە ئالدى بىلەن چولپانخان ئانىسىغا سالام-سائەت قىلدى، ئىككىسى كېسەل ئانىنىڭ ئىككى يېنىدا ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، تېخىچە تاپسىدا ئۆرە تۇرغان دۇرنەمگە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇكام، بىزنى ساقلىسىڭىز كېچىكىپ قالىسىز، ئىشقا كېتىۋېرىڭ، ئۇزۇن بولدى، ئاپىڭىزدىن ھال سورىيالمىدۇق، پاراڭلىشىپ ئولتۇرماقچىمىز...... — دېدى.

— ئۇنداق بولسا مەن كەلگىچە كېتىپ قالمايسىلەر، — دېدى دۇرنەم، — لەغمەنگە تۇتۇش قىلىپ قويىدۇم، كەچلىك تاماقنى بىللە يەيمىز.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى ئۇلار ئاۋاز قوشۇپ، شانىياز ۋىجىگرەك كەلگەن، ئورۇق ياڭاقلىرى ئەرۋاھقا ئوخشاش بىر بىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى، توختى شاللاق بولسا، بۇنىڭ تەتۈرسىچە سويەكلىك، ياش قۇرامىدا چوڭ پەرق يوقلۇغىغا قارىماي، شانىيازغا نىسبەتەن تەبىتى سۆيۈق ھىساپلىناتتى، شانىياز گەپنى نەدىن باشلاش ئۈستىدە كىچىككىنە ئويلىنىۋېلىپ، چولپانخان ئانىغا مىيىغىدىن كۈلۈمسىرەپ قارىدى، ئۇ ئۇچۇق چىراي كورسەتمەي بۇ ئىككىيلەنىنىڭ يېرىم كېچىدە ئويگە باستۇرۇپ كىرىپ، يولدىشى ئەخمەتجاننى باغلاپ ئېلىپ ماڭغان قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كوز ئالدىغا كەلتۇردى.

چوڭنا، بىزنى مۇدىر ئابدۇللا ئەۋەتتى، — شانىياز ئۆزىنىڭ تەمكىنلىگىنى يوقاتماي ئېھتىيات بىلەن گەپ باشلىدى، — خېلى بولدى، خەۋەر ئالالمىدۇق، قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟

— سىلەر مۇدىر بىلەن بىللە ئىشلەمسىلەر؟

توختى چولپانخان ئانىنىڭ روھىي ھالىتىنى چۈشىنەلمەي گۇمانلىق قاراپ ئولتۇراتتى. شانىياز ئۇزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ،

ئىدارىدا سىياسى خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە سىياسەتنى ئەمەلىيلەش-تۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— بىزنى ئابدۇللانىڭ ئورنىدا چۈشەنسىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى توختى گەپ قىستۇرۇپ، — مۇدىرنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى كادىرلار بولىمىز، مۇدىرمۇ بىز بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلىدۇ.

— ئابدۇللا ياخشى ئادەم، — چولپانخان ئانا بىرئاز بوشۇشۇپ تۇرۇپ ئېيتتى، — ئۇنىڭدىن كوپ مىننەتتارمەن. خېلىدىن بېرى ھالىمغا يېتىپ كېلىۋاتىدۇ.

— توغرا ئېيتتىلا، — شانىياز گەپنىڭ مەقسەتكە يېقىنلاشقانلىقىدىن خوشال بولدى، — بىزنىڭ مۇدىر بىباھا ئادەم. بىراق ئۇ سىلىدىن ياخشى خەۋەر ئالالمىدىم دەپ كوڭلى يېرىم بولۇپ يۈرۈيدۇ.

— تەلەپلىرى ئوڭدىن كەلسە مۇدىر ھەممە ئېغىرچىلىقلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشتىنمۇ يانمايدۇ، — دېدى توختى مەقسەتنى سەل پۇرۇتۇپ.

ئابدۇللا ھەققىدىكى ئورتاق چۈشەنچە ئەسلى مۇددىئادىن گەپ ئېچىش پۇرستى بەردى. ئۇلار ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، مۇدىرنىڭ دۇرنەمگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى، ئوزلىرىنىڭمۇ بۇ ئىشنى خوپ كورگەنلىكلىرىنى ئېيتتى، لېكىن ئۇلار ئويلىغاندەك، كېسەل ئانا بۇ گەپكە ئەندىكىپ كەتمىدى. خوشال بولغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مۇدىرنىڭ ئىستىقبالى ئېخى ئالدىدا، — دېدى شانىياز چولپانخان ئانىنى قىزىقتۇرۇپ، — ئىش بىز دېگەندەك بولسا ھەممىگىلارنىڭمۇ تويى بولىدۇ، ئەخمەقلىق قىلىپ، باشقا خىياللاردا بولۇپ يۈرمىسىلە.

— مۇدىرنى كۆيوغۇل قىلىۋالسىلا خۇدانىڭ بەرگىنى، — دېدى توختى شۈلگىيىنى چاچرىتىپ.

— ياخشى كوڭلۈڭلار ئۈچۈن رەخمەت، بىراق، — ئانا يەنە ئۆز سوزىنى تەكرارلىدى، — ئۆمۈر سودىسى، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس دىيىشىدۇ»، ئويلىشىپ جاۋاپ بېرەي.

ئەلچىلەر قايتىش ئالدىدا «قولغا كەلگەن بەخت قۇشى»نى ئۈچۈرۈۋەتمەسلىكنى يەنە بىر قېتىم مەسلىھەت قىلدى. ئۇلار ئەسلى مۇددىيادىن گەپ ئېچىپ، ئۈچۈق سوزلەشكەنلىگىدىن خوشال ئىدى، لېكىن «قىزى بارنىڭ نازى بار» دېگەندەك، چولپانخان ئانىنىڭ «ھە» دېگەندە گەپنى ئۈچۈق قىلىۋەتمىگەنلىگى كوڭلىگە ئازراق سايە چۈشۈرۈپ قويدى.

## III

پەرھات شۋاقلىق ساينىڭ ئۈستىدە دۈرنەمنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالدى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئوتكەن ئىدى. دۈرنەم ئاۋاز چىقارماي ھۇشسىز ياتاتتى. پەرھات ھىلىدىن ـ ھىلىغا دۈرنەمنىڭ چۈگۈق چاچلىرىنى تۈزەپ ئول-

تۇردى. خېلىدىن كېيىن دۇرنەم ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ كوزىنى ئاچتى ۋە مۇشۇنداق يېتىشتىن ئوڭايسىزلاندى، ئەتىمالىم، بېشىنى ئىتتىك كوتەردى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پەرھاتقا يانمۇ-يان ئولتۇرغاندا، يەنە بىردىن كوڭلى بۇزۇلدى، بېشىنى تىزى-نىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئىسەدەپ يىغلىۋەتتى.

— بىلمەن، ئەھۋالىڭىز ئېغىر، كۆتمىگەن ھادىسىلەر يۈرەكنى ئەزدى. بىراق، — پەرھات سەممى تەسەللى بېرەت-تى، — تۇرمۇش بىز مەكتەپتە ئويلىغاندەك ئەمەس ئىكەن، بۇنىڭ-دىنمۇ قاتتىق بوران-چاپقۇنغا دۇچكېلىشىمىز مۇمكىن، ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ.

— بۇنداق ئەھۋالغا قېلىشنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن، — دۇرنەم-نىڭ ئاۋازى مەيۈس ئىدى، — پىچاق سوڭەككە يەتتى، ئوغۇل بولۇپ تورەلسەم كاشكى!

— راست ئېيتىسىز، قىز بالا ئۈچۈن ئېغىر، ئايدا ئوتاق بولماپتۇ، يىلدا خوشنا دىگەندەك سىزگە يار-يولەكتە بولال-مايۋاتىمىز.

پەرھات چولپانخان ئانىنى بىنامدىن مەھەللىگە ئېلىپ كېتىشتە، كوممۇنا دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈشتە دۇرنەم بىلەن بىللە بولدى. باش گاڭگىراپ تۇرغاندا بۇ ئىشلارنىڭ ھوددىسى-دىن چىقىش دۇرنەمگە ئېغىر كېلەتتى، كوممۇنا دوختۇرى كېسەلگە "ئېغىر سوڭەك تۇبېركۇلوزى" دەپ دىئاگنوز قويدى، بالىنىستا كارۋاتنىڭ قىسلىغىنى ئەسكەرتىپ، بىرنەچچە خالتا

تابلىتكا دورا بىلەنلا يولغا سالدى. يول ئازاۋى كېسەل ئازاۋىغا قوشۇلۇپ، چولپانخان ئانىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇ-رۇۋەتتى.

— دوختۇرلار نىمە ئۈچۈن مېنى ياتاققا ئالمىدى، — دېدى ئانا ئىڭرىغان ئاۋاز بىلەن.

— كارۋاتنىڭ قىسلىغىدىن، — دېدى دۇرنەم، — ياخشى بولال-مىساڭ، كېيىنكى نۆۋەتتە چوقۇم ياتاقتا ياتقۇزۇپ داۋالايدىغان بولىدى.

— بۇ يەردە باشقا بىر سىر بار، — ئانا كوكسىنى كېرىپ ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ قويدى، — ھىلىقى ئىككى ئىسيانچى تولا چېپىشىپ كەتكەن، بۇ يەردىكىلەردىن ماڭا رەھىم كەلمەيدۇ.

پەرھات دۇرنەملەر ئائىلىسىدە كەچلىك تاماقتا بىللە بولۇپ، ياتىدىغان چاغدا ئۆز ياتىقىغا يېنىپ كەتتى، لېكىن يالغۇزچە-لىقتا خىيال بېسىپ زادى ئۇخلىيالمىدى. ئوقۇغۇچىلار شىكلىسىنى ئېلىپ بىنام ئومىسىغا كەتكەنلىكتىن، زالغا ئوخشاش يوغان ياتاقتا قورۇق كارۋاتلارلا قالغان ئىدى. پەرھات بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن كوڭلىدە تۇغۇلغان سوئاللارغا جاۋاپ ئىزدىگەندەك بېشىنى ئىككى قولىنىڭ پەنجىسىگە ئېلىپ خىرە يورۇپ تۇرغان تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتتى.

چولپانخان ئانا بىر چاغلاردا ناھايىتى بەستلىك، قاۋۇل، تەپسە تومۇر ئۈزگۈدەك تىنۋى بار ئايال ئىدى. ئۇ ھازىر نەقەدەر ئۆزگىرىپ كەتكەن-ھە؟! پەرھاتنىڭ خىيال ئىكرانىدىن دۇرنەم-

نىڭ ئانىسى بىلەن مۇشۇ يېزىغا ئورۇنلاشقان چاغدىكى ئەھۋاللار ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلار قاتتىق قىشتا ئۆي بىساتى بېسىلغان ئۈستى ئوچۇق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بىرىنچى كېچىنى مەكتەپتە ئوقۇش توختاپ خېلىدىن بېرى ئوت قالانما- غان يوغان بىر سىنىپتا ئۆتكۈزدى. ئەتىسى تۈۋەنگە چۈشكەنلەر ئۈچۈن ئاتاپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە كۆچۈپ چىقتى، چولپانخان ئانا پۈتۈن بىر قىشنى بەدىنى ئىلىماي دۈگدىيىپ ئۆتكۈزدى، ئۆي سوغاق بولغانلىقى ئۈستىگە زەي ئىدى. كەچ- كۈزدە ئۈشۈك لاي بىلەن سۇۋالغان تام-تورۇسلىرىدىن مۇز چىقىپ تۇراتتى. چولپانخان ئانىنىڭ دەسلەپ پۇتى سىقىراپ ئاغرىپ، بېلى تالدىغان، كېيىن ئىستىمىسى ئۆرلەپ، چىلىق- چىلىق تەرلەيدىغان بولۇپ قالدى. قىشتا باشلانغان ئەنە شۇ ئىلەڭ-سىلەڭلىك يازغا چىققاندا ئۇنى پۈتۈنلەي ئورۇن تۇتۇپ ياتقۇزۇپ قويغان ئىدى......

پەرھات بىنامغا چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى رەھبەرلىك بىلەن ئېيتىشىپ يۈرۈپ، دۈرنەمنى مەھەللە ئىچىدە كوكتاتچىلىق گۇرۇپپىسىدا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

— دۈرنەم غەيرەت قىلىڭ، — دېدى ئۇ مېڭىش ئالدىدا، — بېشىمىزدىكى بۇ قارا بۇلۇتلار ئاخىرى بىر كۈن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

دۈرنەم بۇ گەپلەرنى گويا ئاڭلىماسقا سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

— خەلقىمىز بىر كۈنى كوتىرىلىپ، جاھالەتنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپماي قالمايدۇ، — دېدى پەرھات گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— پەرھات نىمە دەپ جويلۇۋاتىسىز، — دۇرنەم قاتتىق چوچۇپ تۇرۇپ ئېيتتى، — ھازىرقى دەرتلەرمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، كوتىرەلمەسەك ساڭگىلىتۋال دىگەندەك......

— دۇرنەم ياخشىراق ئويلاپ باققىنا! بىزدە زادى نىمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ-ھە؟! ......

لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەننىڭ ھاياتىدا دەرۋەقە ئۆزگىرىش بولدى. دۇرنەم ئائىلىسى بىلەن يېزىدىن قايتىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، پەرھات بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولدى، ئۇلار شەھەردە پات-پات ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ۋاقت تاپسىلا بىر بىرىنى ئىزدەيتتى، ئىشتىن كېيىن سەيلى قىلىپ، بەزىدە شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ، خېلى يەرلەرگىچە كېتىپ قالاتتى.

پەرھات ئەنە شۇنداق سەيلىلەرنىڭ بىرىدە، يېزىدىكى چاغدىكى مولچەرلىرىنىڭ توغرا چىققانلىقىغا تەنتەنە قىلغاندىن كېيىن:

— ھازىر ئوقۇساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز، ئېسىڭنىڭ باردا ئىتەكنى يىغ دىيىشىدۇ، داشۆيگە كىرىپ ئوقۇساق دەيمەن، قانداق قارايسىز؟ — دىدى.

دۇرنەم خېلى ئۇزۇنغىچە پەرھاتنىڭ سوئالىنى جاۋاپسىز قالدۇرۇپ ئويلىنىپ ماڭدى.

— ناھايىتى ئىسىل غايە ئىكەن، — دۇرنەم دوقمۇشتا كىچىك-

كىنە توختاپ، ئورمان ئۈستىدىكى شەپەقنىڭ چىرايلىق جىلۋىنىشىگە قاراپ تۇردى، — ئىمكان بولسا ئوقۇغانىغا يەتمەيدۇ، بىراق بۇ ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىدىغان ئىش ئەمەس.

— توغرا، ئاپىڭىز ياخشى بولماي تۇرۇپ، بوسۇغىدىن ئاتالمايسىز، — پەرھات قىزنىڭ كۆڭلىنى دەرھال چۈشەندى، — ھەجەپ ئۇزۇن يېتىپ كەتتى - ھە، تەشكىل داۋالىتىشقا كۆڭۈل بولمەيۋاتامدۇ، قانداق؟

— دادامنىڭ مەسلىسى تېخى بىر تەرەپ بولمىدى، شۇڭا بەزىدە قىزغىن ئەمەس، بۇنداق ئەھۋالدا مەن نىمىنى ئارزۇ قىلالىشىم مۇمكىن؟!

ئۇلار يولنىڭ چېتىدىكى كوچەتنىڭ ئاستىدىكى چىمىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ چوكتى. بۇ بىر تۈپ كوچەت يېزىدىن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان مۇشۇ ئىككى ياشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوزلىشىشلەرگە خېلىدىن بېرى گۇۋا ئىدى. پەرھات قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بايان قىلدى. دۈرنەم بولسا يېزىدىكى ئورتاق سەرگۈزەشتىلىرىنى، پەرھاتنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن سەكپارە بولۇپ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياردىمىنى ئايىمىغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

شۇنداق قىلىپ بىزنى تاشلاپ كېتىمەن دەڭ، — دېدى دۈرنەم يۈرىكىدە ئاچچىق ھەسرەت سەزگەن ھالدا، — بىر بىرىمىزگە ئۈگىنىپ قالغان ئىدۇق، ئوقۇشقا كەتسىڭىز، كوزدىن يىراق - كۆڭۈلدىن يىراق دىگەندەك بىزنى ئۇنتۇپ كېتەرسىز.

www.uyghurkitap.com

— بۇ تېخى ئارزۇ، بەلكى خام خىيال بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، — پەرھات دۇرنەمگە تەلمۈرۈپ قاراپ قويدى، — ئەگەر مەقسەتكە يەتسەم، كۆڭلۈمنى سىزگە ئامانەت قويۇپ كېتىمەن.

— ئىشەنمەيمەن!

پەرھاتنىڭ دۇرنەمگە ئېيتالماي يۈرگەن سۆزىگە يول ئېچىلدى. بۇ يول خېلىدىن بېرى ئوچۇق بولسىمۇ، نىمە ئۈچۈندۇ ئېيتالماي كەلگەن ئىدى. ھەر نۆۋەت مۇشۇ بىر توپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغاندا، نەچچە تەمشىلىپ بېقىپ، سۆزىنى بوغزىغا يۇتۇۋەتكەن ئىدى. بۇ نۆۋەت دۇرنەمنىڭ "بىزنى ئۇنتۇپ كېتەرسىز" دېگەن سۆزى چوڭ مەدەت بولدى. ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى، گويا يېتەلمەي يۈرگەن مەنزىلىنىڭ بىر چېتى كۆرۈنگەندەك بىردىن غەيرەتكە كېلىپ:

— نىمىشقا ئىشەنمەيسىز، ئۇزۇندىن بويان سىزگە پەرۋانەمەن، يېنىڭىزدىن بىر غېرىچ نېرى كېتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم ...... — دەۋەتتى. مۇشۇ گەپ بىلەن تەڭ ئوتتۇرا بوي، كەڭ يەلكىلىك يىگىتنىڭ قاشلىرى ئىگىز كۆتىرىلىپ، خەت تارتقان بۇرۇتلىرى خالدەك يارىشىپ تۇرغان بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزى ۋىللىدا قىزىرىپ كەتتى. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. ئورمان ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئاي نۇرى بۇ ئىككى ياشقا ھىرىس قىلغاندەك قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماراپ تۇراتتى. ئۇلار بىر بىرىگە بولغان مۇھەببەتلىرىنى بەھۇزۇر ئىزھار قىلىشاتتى. پەرھات ئۆز كۆڭلىگە ئەسىر بولۇپ،

دۇرنەمگە تېخىمۇ يېقىن ئولتۇردى-دە، ئۇتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكتى. قىز گويا قاچقاندەك ئورنىدىن سىلجىپ، بېشىنى سىڭايان قىلىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويدى. پەرھاتنىڭ يۈرىكى ئىچىگە سىغماي قەپەزدىكى قۇشتەك تىپ-چەكلەپ كۆكسىگە گۈپ-گۈپ ئۇرغىلى تۇردى. پەرھات بىر قولىنى قىزنىڭ نېپىز كۆپتىسىنىڭ ئۈستىدىن دولىسىغا ئالدى-دە، ئۆزىگە تارتتى. ئىككى ياشنىڭ يۇمران لەۋلىرى بىر بىرىگە تەككەندە، ئالدىدا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىقتىكى سۇدەك دولقۇنلىنىپ كەتتى.

* *

دۇرنەم كەچتە ئىشتىن قايتىپ كېلىپ شائنىياز بىلەن توختىنىڭ تاماقتا ساقلىماي كېتىپ قالغانلىقىنى ئۇقتى. لېكىن نىمە ئىش بىلەن كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە، بىر چىنە قايناقسۇ بىلەن دورىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. دۇرنەم بەزى ئاخشاملىرى ئانىسىغا دورىنى ئىچكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئانىسى بىلەن ئۇزۇنغىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. گەپ-سۆز بىلەن بىرمۇنچە چايمۇ ئىچىلىپ كېتەتتى. ئەمما بۈگۈن ئاخشام چولپانخان ئانىنىڭ كۆڭلى پەرىشان، ئارتۇقچە گەپ-سۆزنى خالىمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئاپا نىمە بولدۇڭ، ھېلىقى ئىككى ئادەم دادام توغرىسىدا گەپ قىلدىمۇ، كۆڭلۈڭ ناھايىتى خىرەغۇ؟ — دېدى دۇرنەم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرىسى

تەئەججۇپ بىلەن.

—ياق، —ئانا قىسقىچە جاۋاپ بەردى، —ئۇز ئىشى بىلەن كەلگەن ئىكەن.

—ئۇز ئىشى بىلەن؟ —دۇرنەم يەنە ئويلىنىپ قالدى، —قايسى كۈنى ئابدۇللاغا ئەھۋال ئېيتقان ئىدىم، سېنى داۋالىتىشنىڭ يولىنى قىلغۇېتىپتىمۇ-يە؟

—ھەئە، —ئانا كىچىككىنە يېنىكلەپ قالغاندەك كورۇندى، —ئابدۇللا تۇزۇك ئادەم قىزىم، ئۇ ھازىر ياخشى نىيەتتە ئىكەن.

دۇرنەم دەسلەپ دادامنىڭ ئىشى توغرىسىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلغان ئىدى، بىراق ئانىسىنىڭ گېپىنىڭ ئۇرامىدىن باشقا ئىش ئىكەنلىگى كوڭلىدىن كەچتى-دە، بىردىن جىددىيلىشىپ:

—ئاپا، يالغۇز قىزىڭمەن، بۇ كۈنلەردە سېنىڭ كېسىلىڭدىن باشقىنى ئويلىمايمەن! —دەۋەتتى.

—ئىنىساۋىڭغا رەخمەت قىزىم، —دىدى ئانا، —ئابدۇللامۇ مېنىڭ كېسىلىمنى ئويلىغىدەك، ياخشى نىيەت —يېرىم دولەت. داداڭدىن ئايرىلىپ، يىلتىزسىز دەرەختەك قۇرۇپ كېتىۋاتاتتۇق، ئىككىڭلارنىڭ نىيەت-ئىستىقبالى بىر يەردىن چىقىپ شېخىمىز كوكرىپ قالسا ھەجەپ ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

دۇرنەم تەبىكى ئابدۇللانى ئۇزىنىڭ خىلى دەپ قارىمايتتى، ئۇ تېخى قىز، ئابدۇللا بولسا ئىككى نىكالىق بولغان ئادەم. ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كوز دىگەندەك، دۇرنەمنىڭ ئوزىگە راسا خىل

كېلىدىغان يىگىتتى، سۆيگەن يارى پەرھات بار، شۇڭا دۇرنەم بۇ مەسىلىدىن گەپ ئېچىشنى ياقتۇرمايتتى. ئانىسى ئېيتىپ تېپىپ چىكىپ كورمەكچى بولسىمۇ چىچەن قىز گەپنى ئاپقىچىپ، ئۇزىگە زادى يېقىن يولاتمايتتى.

ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھاۋادىكى ئۇزگىرىشتىنمۇ ياكى دۇرنەم ياخشىراق خەۋەر ئالالمىدىمۇ چولپانخان ئانىنىڭ كېسىلى بىردىن كۈچىيىپ قالدى. ئۇ، ئەس-ھوشىنى يىغالماي قالغان ئىدى.

— ئاپا، نىمە بولدۇڭ، نىمە ئۇچۇن ئەھۋالىڭنى مەندىن يوشۇرىسەن؟ — دىدى دۇرنەم چولپانخان كىچىككىنە تۈزۈلۈپ كوزىنى ئاچقاندىن كېيىن، — ئۇزگىرىش بولۇۋاتقانلىغىنى ئېيتقان بولساڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلمايتتىمۇ!

— ئامالىنى قىلىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ، — ئانا قىزىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ مەنىلىك ئاۋازدا دىدى، — مېنى ساقايت دەپ سېنى داغدا قويۇشنى خالىمايمەن. مۇدىرغىمۇ: گورنىڭ ئاغزىغا بېرىپ قالغان ئايالمەن، بۇ ئالەمگە ياندۇرۇپ كېلىمەن، دەپ ئاۋارە بولمىسۇن دەپ ئېيتىپ بەردىم.

— ئاپا......!

دۇرنەم "ياخشى جاۋاپ بېرىپسەن، ئابدۇللا تولا خام-خىيال قىلمىسۇن، مۇھەببەتنىڭ ئەمەل بىلەن، ئەمەلدارنىڭ ئۇلتىپاتى بىلەن مۇناسىۋتى يوق" دىمەكچى ئىدى، قىزلىق نومۇسى يول قويمىدى، بۇ گەپ چولپانخان ئانىنىڭ رايىغىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماس كەلمەيتتى.

دۇرنەم ئانىسىدىن خەۋەر ئېلىپ يەنە بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنى كىچىككىنە سەگىتىش ئۈچۈن هويلىغا چىقتى. ئابدۇللانىڭ ياۋۇز نىيىتى قىزنىڭ يۈرىكىنى مۇشۇكتەك تاتىلاپ تۇراتتى، ئۇ هويلا ئىچىنى مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ يۈردى. ئاي نۇرىدا ھەممە يەر كۈندۈزدەك يورۇپ تۇراتتى. دۇرنەم تال بارىگى يېنىدىكى قېرىمدا هوپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. گۈللەرنىڭ ئاي شولىسىغا چومۇپ سېھىرلىك جىلۋىسىنى تاماشا قىلدى، لېكىن تېگىشلىك بەهرى ئالالمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تالاغا چىققۇسى، كوكسىنى شامالغا قارشى تۇتۇپ ماڭغۇسى كەلدى. پەرهات يېنىدا بولغان بولسا كوز يېشىنى توككەن، مۇڭ-زارىنى ئېيتىپ، ئىچى-قارنىنى كىچىككىنە بوشۇتۇۋالغانمۇ بولاتتى. لېكىن بۇلارنىڭ هىچقايسىسى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئانىسى ئويدە قاتتىق ئاغرىپ يېتىپتۇ، دۇرنەم كېچىدە كېسەل ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ هىچ يەرگە بارالمايدۇ. ئۇ ياشقا تولغان كوزىنى ئاسمانغا تىكىپ، يېراقتا چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى......

## IV

ئادەتتىكى خىزمەت كۈنلىرىدە بىر ئاخشىمى ئابدۇللا ئىش-

خانىسىدا شانىياز بىلەن توختىنى مېھمان قىلدى. دۇرنەمگە ئۆيلىنىش غەرىزىدە، كېيىن ئالغان خوتۇنىنى كىچىككىنە بىر كېلىشمەسلىكتىن "قاس چىقىرىپ" قويۇۋەتكەنلىكتىن ئىشخانا ياتاق ئورنىدا خىزمەت قىلاتتى. تۇنجى خوتۇنىدىن ئايرىلغاندا ئۆزىگە قالغان ئوغلى ھازىر يېنىدا ئەمەس. بۇ ئوغلى ئىككىنچى خوتۇنىنىڭ ئوگەيلىشىگە چىدىماي ئۆز ئانىسىنىڭكىگە بېرىۋالغان، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئائىلىدە يالغۇز تۇرۇش ئابدۇللاغا ھار كەلگەنلىكتىن ئىشخانىدا يېتىپ-قوپاتتى.

ئابدۇللا بىرىنچى رۇمكىنى بۇ ئىككى ئىلپەتنىڭ خىزمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كوتەردى. ئۇلار قىزىغانسىرى ھەر خىل تېمىدا سوزلىشەتتى، ئابدۇللانىڭ دۇرنەمگە بولغان مۇھەببىتى قىزنىڭ ئىنىدەككە كەلمەي ئانىسى چولپانخاننى تەڭقىسلىقتا قويۇۋاتقانلىقى كوپرەك ئېغىزغا ئېلىندى. يىقىندا ئۇلار مۇشۇ مەقسەت بىلەن چولپانخاننى بالنىتسىدا يېتىپ داۋالىنىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئىمىشقىدۇ دۇرنەمگە ئىسسىق ئوتكەندەك ئەمەس ئىدى.

— بۇ يەردە ئۆيلاپ كورۇشكە تېگىشلىك يەنە بىر چارە بار، — ئابدۇللا ئىلپەتلىرىگە سىنچى كوزلىرى بىلەن قاراپ قويۇپ دىدى، — مېنىڭچە، دۇرنەم بۇ ئىشتا دادىسىنى ئاقلاپ بېرىشنى شەرت قىلىۋاتسا كېرەك.

ھەممەيلەن بىر پەس گەپ قىلماي شۈككىدە ئولتۇرۇشتى.

— توغرا مولچەر، بىراق...... — شانىياز قولىدىكى تاماكىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتتىق بىر شوراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى قانداق يەكۈنلەش كېرەك؟

توختى چوكىغا قىسىپ تۇتقان گوشىنى ئاغزىنىڭ تۈۋىگە ئەكېلىپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، هوي، — دېدى ئۇ گوشىنى ياندۇرۇپ تەخسىگە سالغاندىن كېيىن، — بىر يامان ئادەمگە ئۇز قولىمىز بىلەن هەل بېرىمىزما؟!

ئابدۇللا ئەخمەتجاننىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئويلىمىغان يەردە ئەمەس، بۇ ئىشتا گەپ-سوز كوپىيىپ كەتسە شانىياز بىلەن توختى شاللاقنى ئالدىغا چىقىرىشنى، ئاز-تولا تەكشۈرتۈپ ئاندىن ئۇزى مۇتىۋەللىلىك قىلىپ بېسىۋېتىشنى كوڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىدى. بىراق ئىلپەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. تۇزىنى يالاپ تۇرۇپمۇ كوڭلىنى چۈشەنمىگەنلىگى ئۇنىڭغا هار كەلدى. لېكىن خاپىلىقنى تېشىغا چىقارمىدى. ئابدۇللا شانىياز بىلەن توختىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئايرىلىپ قالسا چاتاق، مومىن مورىمەسىنىڭ "خائىنلىغى" ئۇنى يېتەرلىك ساۋاققا ئىگە قىلغان.

— ئاغىنىلار توغرا پىكىر قىلدىڭلار، — دېدى ئابدۇللا خىيال-دىن بېشىنى كوتىرىپ، — ئومەكلىك ئىتىنىڭ قۇيرۇغى ئۇرە بولىدۇ. هەممە ئىشتا مۇشۇنداق تەڭ باش قاتۇرساق خاتالاش-مايمىز، مەنغۇ دۇرنەمنىڭ كوڭلىنى قىياس قىلغان ئىدىم.

— ئاقلاشنىڭ خەۋپلىك يېرى شۇكى، — دېدى شانىياز

تەمكىنلىك بىلەن،— ئىشىنىڭ بېشىدا كىم تۇرغان دىگەن مەسلە كېلىپ چىقىدۇ، مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىنسا ئابرويىڭىزغا تەسىر يەتمەمدۇ؟

ئابرويىغا تەسىر يەتسە چاتاق ئىش ئىكەن،— توختى بۇ مۇلاھىزىدىن ھودۇقۇپ قالدى،— ئىت ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك، مۇدىردا ئابروي بولمىسا، بىزنىڭ كۈنىمىز نىمە بولىدۇ!

*

ئولتۇرۇش تاڭغا يېقىن ئاخىرلاشتى. ئابدۇللا مېھمانلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويىدى. ئاندىن گاڭگىرىغان ھالدا ياتاققا قايتىپ كىردى. پۈتۈن بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىگە قارىماي كارۋاتنىڭ بىر بېشىغا يۆلىنىپ، دۈرنەمنى خىيال قىلىپ پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. ئابدۇللا ئىككى قېتىم ئۆي-ئوچاقلىق بولغان، لېكىن ھېچقايسى خوتۇنىنى قەدىناس تۇتمىدى، بىرىنچى خوتۇنىنى توي بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، "دوت"، "لەقۋا" دەپ تىللىغىلى تۇردى. "سۆيگەن يارىم سەن تۇرساڭ، كورگەن كۈنۈم نىمە بولار" دەپ، ئاقۋىتىدىن ئەندىشە قىلغان ئايىلى كىچىكتۇرمەيلا خېتىنى ئالدى. ئىدارىگە باشلىق بولۇپ ئىككىنچى قېتىم، ئۈچ يىلچە تۇل ئولتۇرغان بىر ماگازىنچى چوكان بىلەن توي قىلدى. "تاشلاپ قاچىدىغان قىز بار، ئېلىپ قاچىدىغان چوكان" دىگەندەك، ماگازىنچى توققۇز تولۇغى تولغان، سولەتلىك كىيىم كىيىشنى، ئۆزىنى ياساشنى، كىشىلەرگە قانداق كورۈنۈشنى بىلىدىغان ئايال ئىدى. باشلىققا

خوتۇن بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا قاراپ ئىش تۇتۇپ، باشقىدىن ئىلپەت تۈزدى. قارا سومكىسىنى دولىسىغا ئېسىپ، قارسىلدىتىپ سىغىز چايناپ، چاي ئويناپ كوچىدىن كىرمەيتتى، ئابدۇللا دۇرنەمنىڭ پەيتىگە چۈشكەندە، ماگازىنچى ئايالغا ئەنە شۇ ئىللەتنى قويۇپ كەشىنى توغرىلاپ قويىدى.

ئابدۇللا دۇرنەمنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئىلگىرىكى ئىككى ئايالنى ئەسلىدى، دۇرنەم بىلەن سېلىشتۇرۇپ كوردى ۋە دۇرنەمدە ھېچقايسىدا تېپىلمايدىغان خىسلەتلەرنىڭ بارلىغىنى ھىس قىلغان ھالدا، كارۋاتتىن چۈشۈپ، تامدىكى ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. كۈن نەيزە بويى ئورلەپ، ئوينىڭ ئىچى يورۇپ قالغان ئىدى. ئابدۇللا يۈزىدىكى تاتۇقنى كورۇپ، كوڭلى غەش بولدى، بۇ ھوقۇق تارتىشىلىشتىن ئىلگىرى بولغان ئەلەم كۈرىشىدىن قالغان تاتۇق ئىدى. بەلكى دۇرنەم شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتمايۋاتامدىكىن؟!...... "بوكۇمنىڭ قۇندۇزىغا قارىما، ماڭلىيىمنىڭ يۇلتۇزىغا قارا، ― ئابدۇللا گويا دۇرنەم بىلەن سوزلىشىۋاتقاندەك پىچىرلاشقا باشلىدى، ― مېنىڭ ئىستىقبالىم تېخى ئالدىمدا، بۈگۈن ئىدارە باشلىغى بولسام، ئەتە بىر سېستىمىنىڭ، ۋىلايەتنىڭ كاتتىۋېشى بولۇشۇمدا گۇمان يوق. ئەمىلىم ئوسكەنسېرى بەختىڭمۇ ئېچىلىپ بارىدۇ، چىرايىمغا ئاش قۇيۇپ ئىچەتتىڭمۇ".

يەنە بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئابدۇللا يېشىنىپ ياتتى. تەكيىگە بېشى تېگىش بىلەنلا خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى.

ئىشنىڭ ئىچىدىن ئىلىنغان كۈنلىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەر:
مۇدىر كېچىچە يېنىدا بولغان بولسا كېرەك، دېگەن پەرەز
بىلەن بوسۇغىدىن قايتىپ كېتەتتى. ئەمما دۇرنەم ئۇنداق
قىلمىدى، ئابدۇللانىڭ ئاخشام يىغىن ئاچمىغانلىقىنى، ياتىقىدا
ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلەتتى. دوختۇر بالىنىتسىدىكى
ئانىسىنى ئوپېراتسىيە قىلغاندا، قان بېرىدىغان بولغانلىقىنى
ئېيتقان، قان بېرىش ئۈچۈن ئالدىن پۇل تاپشۇرۇش كېرەك
ئىدى، دۇرنەم كەچ تەرەپتە ئابدۇللانى ئىزدەپ ياتاق تەرەپكە
قاراپ كېلىۋېتىپ، ئۆز-ئۆزىدىن ئەنسىرىدى، ئابدۇللا بىلەن
يالغۇز ئۇچرىشىش خەۋپلىك. دۇرنەم ئۇنىڭ تىنتىقسىز قىلىق-
لىرىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن. ئۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلاپ
ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆزى توغرىسىدا
قىزغىن گەپ كېتىپ باراتتى. ئۇ دەرىزە تەرەپكە ئۆتۈپ بويىنىنى
سوزۇپ قارىغان ئىدى، شانىياز بىلەن توختى شاللاقىنىڭ
”يامان قىزنىڭ ئەلچىسى ئانىسى، چولپانخانىنى چىڭ تۇتساق
دۇرنەم قېچىپ ھېچ يەرگە كېتەلمەيدۇ“ دېگەن سۆزىنى ئېنىق
ئاڭلاپ قالدى. دۇرنەم تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قولىدىكى قان
پۇلى ئۈچۈن 100 يۈەن قەرز سوراپ يازغان قەغىزىنىڭ مىجىغ-
لىنىپ، يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۇ ئەتىسى
ئىلتىماسىنى باشقىدىن يېزىپ، ئاش ۋاقىتلار بىلەن يەنە ئىشىك-
نىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، بىر قۇر خىيالدىن ئۆتكۈزۈپ قانداق
قىلىشنى بىلەلمەي بىر پەس تىڭىرقاپ تۇردى. چۈشلۈك دەم

ئېلىش ۋاقتى يېقىنلاشتى. ئابدۇللا تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان ئىدى. دۇرنەم تاقەتسىزلىك بىلەن ئىشىكنى قاتتىق چالالىشقا باشلىدى.

ئابدۇللا چۈش كورۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئىشىكنىڭ چالاقلىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. يوتقانىدىن چاچراپ چىقىپ، كۇسار بىلەن ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كەلدى، بىمەھەل ۋاقىتتا ئۇغاتقۇچىنىڭ گوشنى چايناپ پۇركۇۋېتىشكە تەييار ئىدى. ئىلغۇرنى قاغا تۇمشۇقتىن چىقىرىپ تۇرۇشىغا ئىشىكىنى غاچ قىلىپ ئېچىپ دۇرنەم كىردى. ئابدۇللا ئىختىيارسىز كەينىگە داجىدى. ئۇ ھەقىقەتەن مەگدەپ قالغان ئىدى، جۇيلۇگەندەك:

—دۇرنەم، دادىڭىز ئاقلىنىشقا تېگىشلىك ئادەم، گۇنايى يوق، قورقۇپ كېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ......—دەۋەتتى.

دۇرنەم ئۆز خىيالىغا بەنت بولۇپ، ئابدۇللادىكى ئۆزگىرىشنى سەزمەي قالدى.

—ئاپامنى ئوپېراتسىيە قىلغاندا قان بېرىدىكەن،—قىز قولىدىكى ئىلتىماسنى ئابدۇللاغا سۇندى،—قان پۇلى ئۈچۈن 100 يۈەن قەرز تەستىقلاپ بەرسىڭىز.

—دادىڭىزنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەندە پىكىر يوق، ئىشخانىدىكىلەر بەغەرەزلىك قىلىۋاتىدۇ.

—مەن ئاپام توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتىمەن، بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن 100يۈەن تاپشۇرۇش كېرەك، ھاياتى قىلىنىڭ ئۇستىدە تۇرىدۇ.

بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئابدۇللا ئېسىگە كەلدى. دۇرنەمە-نىڭ قولىدىكى قەغەزنى ئالدى. ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان-دىن كېيىن، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ:

—سوڭەك تۇبېركۇلوزىنىڭ ئوپېراتسىيىسى ئېغىر بولىدۇ، بەلكى 200 يۈەن لازىم بولار،—دېدى.

—200 يۈەن تەستىقلىسىڭىز ياخشى بولاتتى. ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ئاپامنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇش كېرەك.

ئابدۇللا تامدىكى ئىلدىقلىق چاپىنىدىن قەلىمىنى ئېلىپ، ئولتۇرۇشتىن ئېشىپ قالغان يىمەكلىكلەر تېخىچە قالايمىقان چېچىلىپ تۇرغان جوزىنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، "دەرھال 300 يۈەن قەرز بېرىلسۇن، ھازىرچە ئائىلىدىن تۇتۇشقا بولمايدۇ. ئائىلە قىيىنچىلىقى ئېغىر، ئايرىم مۇزاكىرە بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ" دەپ تەستىق سالدى. ئاندىن قولىدىكى قەغەزنى كۆز-كۆز قىلىپ، ئېشىكتىن كىرگەن يەردىلا ئۆرە تۇرغان دۇرنەمنىڭ يېنىغا كەلدى.

—شۇ قەدەر ياخشىلىق قىلسامۇ ماڭا سوغۇق قاراپ يۈرۈيسىز، ئۇنداق قىلماڭ، ئۇۋالىمغا قالسىڭىز، قىيامەتتە سورىقى بولىدۇ.

—قەغەزنى ماڭا بېرىڭ،—دۇرنەم گەپنى ئاڭلىماسقا سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى،—بۈگۈن چۈشتىن كېيىن پۇل تاپشۇرۇشۇم كېرەك.

—ئاپىڭىز ماقۇل بولغان، گەپ سىزدە قالدى، بۈگۈن ئېنىق جاۋاپ بېرىڭسىز.

—ماڭا ۋاقتىدا كېتىشكە يول قويۇڭ، ئاپامنىڭ ئەھۋالى ئېغىر.

—ئاپىڭىزنىڭ تەقدىرى مانا ماۋۇ قەغەزدە، ماڭا تېگەم-
سىز-يوق؟!

—ئابدۇللا......!

ئىشچى-خىزمەتچىلەر چۇشلۇك دەم ئېلىشقا كېتىپ، ياتاق ئەتراپى تىنچىپ قالغان ئىدى. ئابدۇللا ھودۇقۇش ئىچىدە توت تەرەپكە نەزەر سالدى. پەيتنى غەنىمەت بىلىپ، "ئاھ جېنىم، قارا قومۇچۇغۇم" دەپ دۇرنەمگە ئېتىلدى. قىزنىڭ قورقۇپ تىترەپ تۇرغان كىچىككىنە گەۋدىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ھايا-سىزلىق بىلەن يېرىم يالىڭاچ تېنىگە باستى. لېكىن مەقسەتكە يېتەلمىدى. دۇرنەم كۇچ ئېلىشالمىغاندىن كېيىن، ئاچچىق چىقى-راپ يىغلىدى. ئابدۇللا ئىختىيارسىز دۇرنەمنى قويۇۋېتىپ كەينىگە داجىدى. باشقىلارنىڭ يىغىنى ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ يۈرىكى پوكۇلدىدى. "دۇرنەم بولدى، ئاۋازىڭىزنى چىقارماڭ" دەپ يالۋۇردى. قىزنىڭ چاچلىرى چۇۋۇقلۇق ئىدى، ئۇ ئىككى كوزىنى قولى بىلەن چىڭ ئېتىۋېلىپ، ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىراپ يىغلايتتى. ئابدۇللا نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي، قوللىرىنى كېرىپ ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى......

## ٧

مومىنىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر "مومىن مورىمەس" دەپمۇ

ئاتىشاتتى. ئابدۇللانىڭ ئىشەنچىسىدىن قالغان بۇ ئادەم جازا-
لىنىپ تازىلىق ئىشلىرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، كەمدە-كەم گەپ
قىلىدىغان بولۇۋالغان ئىدى. ئىدارە بويىچە چوڭ تازىلىق
بولغان كۈنى مومىن ماشىنىغا كەچكىچە ئەخلەت تاشلاپ ھېرىپ
كەتكەنلىكتىن، خەۋەرلىشىش بولۇمىنىڭ يېنىدىكى ياتاقتا قونۇپ
قالماقچى بولدى. سابىق باشلىق ئەخمەتجان بىلەن بولغان "سىنى-
پىي ئېلىشىش"تا "خاتالىق" ئۆتكۈزگەندە، ئۇ مۇشۇ ياتاقتا ئۈچ
ئاي نەزەربەنت قىلىنغان، ئۇ، ياتاققا كىرىپ قايناقسۇغا چىلاپ
نان يەۋالغاندىن كېيىن ئىڭگىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. قاتتىق
ئىشلەش ھار كەلدىمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەپتىنمۇ كەيپى جىددى
كورۇنەتتى، سومكىسىدىن قەغەز ئېلىپ "ئابدۇللا مېنى جازالاپ
قورقىتىش بىلەن قانلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيدۇ"
دەپ يېزىپ كېلىپ توختاپ قالدى. كوز ئالدىدىن قانلىق ۋە-
قەنىڭ روشەن كارتىنىسى ئۆتۈپ تۇراتتى، نىمشىكىدۇ سەپراسى
ئۆرلىدى، پىكرى چېچىلىپ قەلەم تۇتقان قولى بەزگەكتەك
تىترەپ كەتتى. ياتقۇدا ياتاق يېنىدا توكۇلدىغان ئاياق تىۋشى
پەيدا بولۇپ، ئىشكنى ئېچىپ، دۇرنەم بىلەن پەرھات كىردى.

مومىن كۆتمىگەن بۇ مېھمانلارغا كارۋىتىدىن ئۆرۈن كورسەت-
كەندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە گەپ قىلماي سوئال نەزىرىدە
قاراپ قويىدى.

—سىزدىن مۇھىم بىر ئىشنى ئېنىقلاشقا كەلگەن ئىدۇق،—
دېدى دۇرنەم كارۋاتقا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن،—ئىدارە

دادامنى "ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان" دېگەن خۇلاسە بىلەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى، ئاڭلىساق "قەلبىگە ھۇجۇم قىلىش ئەتردى"دە بولغان ئىكەنسىز، قانداق ئۆلگەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

مومىن ئالدىدىكى يېزىۋاتقان قەغەزنى گويا بۇ ئىككىسىدىن يوشۇرغاندەك نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ:

— دادىڭىزنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ئۆزىڭىز قانداق قاراشتا بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ يېنىشلاپ سوئال قويدى.

— مەن ئىشنىڭ جەريانىدىن خەۋەرسىز، ئابدۇللانىڭ ھەق گەپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي سىزدىن سورىماقچى بولغان ئىدىم.

— ئابدۇللاغا نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟

دۈرنەمگە ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلدى، ئابدۇللانىڭ ئاياق ئاستى قىلغانلىقىنى ئۆزىدىن چوڭ بىر ئادەمگە ئېيتىش قىز بالا ئۈچۈن ئېغىر ئىش بولسىمۇ، دادىسىنىڭ تەقدىرىنى ئېنىقلاشقا بوي سۇنۇش كېرەك ئىدى. ئابدۇللانىڭ ئىپلاسلىقلىرىدىن بىرىنىمۇ قالدۇرماي شىكايەت قىلدى، ئۆزى پەرھات بىلەن لايىق ئىكەنلىكىنى، ئابدۇللانىڭ ياۋۇز مەقسەت بىلەن پەرھاتنىڭ مەكتۇپىگە ئىدارە نامىدىن خەت يېزىپ، بەتنام توقۇپ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنىمۇ قالدۇرماي ئېيتتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان دېگەن خۇلاسىدىن گۇمانلىنىدۇق، — دېدى پەرھات گەپ قىستۇرۇپ، — تۇرمۇشتا

شۇ قەدەر رەزىل، ئىپلاس ئادەمنىڭ سىياسى مەسىلىدە لىللا گەپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش تەس.

مومىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ياتاقنىڭ ئىچىنى ئايلاندى، تاماكا چەكتى، دۇرنەمگە سىرلىق بولغان ۋەقەلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى روشەن. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ مەسىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىغا چىدىماي پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىپ ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن قىزغا بۇنى نىمە دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟!

—توغرا، دادىڭىز ئۆزى ئۆلۈۋالغان ئەمەس،— ئۇ ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىردىن جىددىيلەشتى، — دادىڭىزنىڭ قاتىلى بار، ئابدۇللا ئۇنى سوراق ئۈستىدە ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن......

—نىمە دەيسىز، دادامنىڭ قاتىلى ئابدۇللامۇ؟!،— دېدى دۇرنەم ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن.

—شۇنداق،— دېدى مومىن،— دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قىزىغا ئاشىق ئىمىش، پاھ نىمە دىگەن زوراۋانلىق-ھە؟

مومىن ئەخمەتجاننىڭ ئۆلۈم پاجىەسىنى شىكايەت قىلىشقا كىرىشكەندە، دۇرنەم بىلەن پەرھاتنىڭ كوز ئالدىغا دەھشەتلىك مەنزىرىلەر كەلدى. ئەخمەتجان ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىردە قىزىق كانايىنى قۇچاقلاپ، بىردە قاردا يالىڭاچ ئېغناپ ئوتتى، گاھ ئۇلتۇرغۇزۇلغاندا، تىرنىغىنىڭ ئاستىغا مىق قېقىلغاندا، چىلىق-چىلىق تەرلەپ، لىۋىنى چىڭ چىشلەپ تۇرغانلىقىمۇ بۇلارنىڭ كوز ئالدىدىن ئوتتى. 10-سىنىپ مەلۇماتىغا ئىگە

بۇ ئىككى ياش ئەكسپېدىتسىيەچى ساقچىلارنىڭ جىنايەتكە دائىر كىنو-كىتاپلاردىن ئوقۇغان قېيناش ئۇسۇللىرىنى كۆرگەن، ئابدۇللانىڭ ئەخمەتجاننى قېيىنغان ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى ھەرگىز قېلىشمايتتى.

ھېكايە ئاخىرلاشقانغا قەدەر دۈرنەم ئۆكسۈپ يىغلاپ ئولتۇردى، پەرھات ئارىلاپ-ئارىلاپ بۇرنىنى تارتىپ قوياتتى. مومىن سۆزنى تۈگىتىپ، بىر پەس بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۈككىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن:

—بىز ھازىر كونا جەمئىيەتتىكىدەك ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتمىز، سەۋرى قاچىمىز تولدى، بەلنى باغلاپ، زۇلۇمغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىشىمىز كېرەك،—دېدى.

—مەن يېزىدىكى چاغدىلا بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ئىدىم،—دېدى پەرھات.

—شۇنداق، ھازىر پۈتۈن مەملىكەت خەلقى چۈشىنىپ بولدى،—دېدى مومىن قوشۇمچە قىلىپ.—ياخشى ئويلاپ كۆرۈڭلار، يېقىندا پايتەختتە زۇڭلىغا ماتەم بىلدۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن پەيدا بولغان پارتلاش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟......

بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دۈرنەم بالنىتسىدا ئانىسىغا دادىسىنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، ئاپام كېسەل ھازىرچە ئېيتمايمەن، دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن ئىچىگە سىغدۇرالمىدى. چولپانخان ئانا دەسلەپ قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ياتقان يېرىدە كۆزىنى يوغان ئېچىپ ھاڭۋېقىپ

تۆرۈپ قالدى، كېيىن ئىختىيارسىز كوز يېشى قىلدى، ئابدۇل-لانى قاغىدى، ئۇنىڭغا ئالدانغانلىقى ئۈچۈن يۈرىكى پىچاق تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. لېكىن، كوز يېشى، تىللاش-قاغاشلار خەلقىنىڭ دەردىنى يېنىكلىتىشكە ياردەم بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ھەر كۈنى دىگۈدەك مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كىشلەرنىڭ قوزغىلىپ يورۇقلۇق ئىزلەۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. بىر كۈنى پەرھات دۇرنەم بىلەن ئۇچرىشىپ:

— ياخشىراق ئويلاپ بېقىڭە، لىن بياۋ يوقالغاندىن بېرى بىز زادى نىمىگە ئېرىشتۇق؟ — دەپ سوئال قويدى.

— ئۇزۇندىن بۇيان مەنمۇ شۇنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن، لىن بياۋ يوقالغان بىلەن ئۇنىڭ لۇشيەنى يوقالمىدى.

— توغرا گەپ، — پەرھات دۇرنەمنىڭ پىكرىنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىقىدىن خوشال بولدى، — ھەممە ئادەمنىڭ كوڭلىدىكى گەپ. ئەنە بىر چاغلاردا ئابدۇللاغا ئەگەشكەن مومىن مورىمەسىمۇ ئەمدى كەينىگە بۇرۇلۇپ، نەيزە ئۇرۇپ پاش قىلىش ماتىريالى يېزىۋېتىپتۇ. بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى ئوت ئېچىش بىزنىڭ چىقىش يولىمىز.

دۇرنەم پەرھاتنىڭ تەكلىۋىگە ئىختىيارسىز ماقۇل بولدى، ئولۇۋېلىش، كوز يېشىغا زورلاش مەسلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىغىنى ئەمدى ئۇ ياخشى چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ خۇپىيانە ئالاقە قىلىشىپ، ئابدۇللانىڭ ئەخمەتجاننىڭ قاتىلى ئىكەنلىگىنى ئاستىرتىن

www.uyghurkitap.com

ھەممىگە دىگۇدەك ئۇقتۇرۇپ بولدى. كوپچىلىك بىردەك غەزەپكە كېلىپ ئابدۇللا بىلەن ئوچۇق ھىساپ-كىتاپ قىلىدىغان كۈننىمۇ كېڭىشىپ قويىدى.

ئۇلار كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە، ئىدارە ئىچى ئادەمدىن خالى بولغان پەيتنى تاللاپ كېلىشتى. ئابدۇللا ياتىقىدا يوق ئىدى.

ئۇ بۇ چاغدا چەت-چورىسىنى يامغۇر يالاپ كەتكەن كونا بىر ئۆيىنىڭ ئىشىگىنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ، ئوگەي دادىسىدىن بولغان ئىنىسى ئاسىمنى گېلىدىن بوغۇپ تامغا نىقتاپ تۇراتتى. بۇ قېتىمقى جىدەلگە مەھەللە ئىچىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆيىنىڭ بىرىنى تالىشىش سەۋەپ بولدى. ئۇنىڭ ئوگەي دادىسىمۇ، ئانىسىمۇ ئولۇپ كەتكەن ئىدى. ئابدۇللا توي تەييارلىقىدا پۇلدىن قىسىلىپ بىر ئېغىز ئۆيىنىڭ ياغاچ-تېشىنى سېتىپ خەجلىمەكچى بولدى. ئۇ دەسلەپ جايىنى سېنىڭ داداڭ سالغان بولسىمۇ، ئانامنىڭمۇ ئائىلىدە ئەجرى كوپ، بىر ئېغىزىنى مەن ئالىمەن دەپ "چىرايلىقچە" ئېيتىپ كوردى. ئاسىم ئۇنىمىدى. "سەن بولساڭ بىر باشلىق، زىلچە-گىلەمدەك يۇزۇڭ بار، ھەركىمدىن سورىساڭ توت-بەش تەڭگە بېرىپ تۇرمامدۇ" دەپ قارشىلىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. ئابدۇللانى خېلىدىن بېرى جىدەل خۇمارى قىيناپ كېلىۋاتاتتى. بىر مۇشت بىلەن ئاسىمنىڭ قاپىقىنى يېرىۋەتتى، ئاندىن ئاستىغا بېسىۋېلىپ مەيدىسىگە دەسسىدى، يېرىم كېچىدە

مەھەللىدىكىلەر ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن كەتمەننى ئېلىپ ئۆگزىگە چىقتى. ئاسىم ئۆيىنىڭ ئىچىدە ھوشسىز ياتاتتى. تاڭ يورىغىچە ئۆينى ئېچىپ، ياغاچ-تېشىنى ھارۋىغا بېسىپ مەھەللىدىن چىقىپكەتتى. ئەتىسى يۇرت-جامائەت بۇزۇۋېتىلگەن ئۆينىڭ خارابىلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىشتى. ئاسىم خارا-بىلىق ئالدىدا، كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ بويىنىنى قىسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزى، كىيىمىنىڭ ئالدى پېشى قىپ-قىزىل قان. شۇ ھالدا شەھەرگە، ئاكىسىنىڭ ئىدارىسىگە دەرت ئېيتقىلى ماڭدى.

ئابدۇللا ياغاچنى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرۈپ، يەڭ ئىچىدە ساتقىچە بىر-ئىككى كۈن ئۆتتى، بۇ ئارىلىقتا ئۇ شانە-يازنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۇتۇك-كالىچىنى، توختى شاللاقنىڭ قىزىغا ئاتاپ ساندۇقتا ساقلاپ يۈرگەن ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىسىنى ئارىيەتكە سوراپ ئالدى، توينىڭ بوپىسىنى قولتۇغىغا قىسىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ياتاققا قايتىپ كېلىپ، دۈرنەمنى خىيال قىلىپ يېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئۇ ئاشۋاقلار بىلەن چوچۇپ ئويغاندى. ياتاق ئەتراپىدا ئادەملەر شاۋقۇن سېلىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ئابدۇللا ئالدىراپ-تېنەپ كىيىمىنى كىيدى. نىمشىكىدۇ ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتكەن ئىدى. ياتاقنىڭ ئىشىگىنى يوغان ئېچىپ دۈرنەم بىلەن پەرھات كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارقە-سىدىن ئاسىم غەزەپلىك ھومىيىپ، كۆزىنى بىگىزدەك سانچىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتاتتى. ئابدۇللا نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي كوزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— جاللات! — دۇرنەم غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى.

ئاسىم دۇرنەم بىلەن پەرھاتنىڭ ئارىسىدىن يېرىپ ئوتۇپ ئالدىغا باردى.

— هەي ئىت، ئاناڭ تۇتقان ماكاننى بۇزۇشقا قانداق قولۇڭ باردى!؟

بىر پەستە ئۇچەيلەن ئابدۇللانى ئالدىغا سېلىپ ئويدىن هايداپ چىقتى. ئۇ بېشىنى توۋەن سالغان، ئىككى قولىنى ئەسىرگە ئوخشاش كوتىرىپ تىترەپ تۇراتتى. بىنانىڭ پەلەمپىيدىن ئاۋايلاپ بېسىپ هويلىغا چۈشكەندە، قارا سومكىسىنى دولىسىغا ئېسىپ رەقىبىنى كۇتۇپ تۇرغان ماگازىنچى ئايال ئېتىلىپ ئالدىغا باردى:

— ۋۇي جۇۋاينىمەك، ئەسكىلىكلىرىڭنى ئەسلىسەم هىلىغىچە يۈرىكىم كويىدۇ، — ئايال ئابدۇللانىڭ يۈزىنى مۇشۇكتەك مورلاپ تۇرۇپ دىدى، — مەن يالۋۇرۇپ ئالدىڭغا بارغان يېرىم يوق، ئوي تۇتۇشقا چىدىمايدىغان ئادەم نىمە دەپ توي قىلغان - هە؟!

بىر پەستە كېۋەزنىڭ شادىسىدەك ئۇزۇن قوللىرىنى پولاڭلىتىپ، كوپچىلىكنى تەرتىپ ساقلاشقا چاقىرىپ توپنىڭ ئالدىغا مومىن ئوتتى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتى ئوسكەن، ئۇستىدە يىرتىق ئىشتان - چاپان، ئايىغىغا ئۇچى بىلەن سوڭگىغا شاۋرۇندىن ياماق

سالغان چىپەرقوت خەي كىيىۋالغان مومىن توتقىسى ئۇچ يەردىن ئۇلانغان قارا يىرتىق سومكىسىدىن پاش قىلىش ماتىرىيالىنى چىقاردى.

—ئابدۇل، ھەي ئىپلاس غۇدۇر! —غەزەپ بىلەن تولۇپ تۇرۇپ ئېيتتى، —ئەخمەتجاننىڭ ياخشىلىغىنى باشقىلاردىن كۆپرەك كۆردۈڭ، مەكتەپتە ئوقۇتتى، كادىر قىلدى، خىزمەتتىن قوغلانغاندا ئىش ئورنىغىنى تېپىپ بەردى. ئۆزەڭگە شۇنچە غەمخورلۇق قىلغان ئىنقىلاۋىي رەھبىرىمىزنى قىيناپ ئۆلتۈرۈشنى، بۇنى ئاز كۆرگەندەك قىزىنى دەپسەندە قىلىشنى كۆڭلۈڭ قانداق كۆتەردى؟! قانداق ۋىجدانسىز نىمىسەن؟!......

* * *

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، ئۇپۇق يۈزى چىنىدەك سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر ئەتىگەنلىكى يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ خۇش خەۋەر تارالدى. مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ تارمار قىلىنغانلىغىنى ئاڭلاتتى. خەلق خوشاللىق تەنتەنلىرى قىلدى، ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زىمىنى بايرام مەنزىرىسىگە چۆمدى. كوچىلار نامايىشچىلار قوشۇنى بىلەن جانلىنىپ تۇردى. دۇرنەم، پەرھاتلار ھەر كۈنى دىگۈدەك نامايىشقا چىقاتتى. چولپانخان ئانا بالىنىتىسىنىڭ دەرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ نامايىشچىلار بىلەن تەنتەنە قىلاتتى. مومىن ھىلىقى ۋەقەدىن كېيىن ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قېلىپ، چەت بىر يېزىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئىدى، ئۇمۇ خۇش

www.uyghurkitap.com

خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالدى. ساقال-بۇرۇتىنى قىرىپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، شەھەرگە كىردى، كەلگەن پېتى نامايىشچىلار سېپىگە قوشۇلدى......

1979-يىل ئىيۇن، غۇلجا.

چىكىرلېنشۇ (داغۇر)

# داغۇر يىگىتى

## 1

يازلىق تەتىل كۈنلىرى. يۇرتۇمنى ئارىلاپ چوڭ بىر باغنىڭ يېنىغا كەلدىم. سايىدا بىرئاز دەم ئېلىپ كېتىشنى ئويلىغان ئىدىم، ئەمما مېنىڭ كېلىشىم بىلەن باغنىڭ ئىچىدىن قىز - چوكانلارنىڭ كۈلكە ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى. قىز - چوكانلارنىڭ كۈلكىسى بويتاق يىگىتلەر ئۈچۈن بۇلبۇل ئۈنىدەك ئاڭلىنىشى تۇرغان گەپقۇ! بىرئاز تاقەت قىلىپ تىڭشىدىم. ئۇلار ئارىسىدىكى تۇرمۇشقا چىقمىغان بىر قىز يىگىت تاللاشقا تىرىشتى ۋە توختىماي سوزلەيتتى. بىر دەمدىن كېيىن جىم بولۇشتى. مەنمۇ تامدىن سەكرەپ باققا چۈشتۈم. قارىسام ئۇلار ئاپتاپپەرەس ئۈزۈشقا چۈشۈپتىكەن. مەن خىجىل بولغانلىقىمدىن، ياردەمگە كەلگەنلىكىمنى ئېيتىپ، كەتمەننى قولۇمغا ئالدىم. ئاڭغىچە بىرەر

www.uyghurkitap.com

سائەت ئوتتۇپ چۈشلۈك چاي ۋاقتى بولدى.

مېنىڭ ئۆيۈم يېقىنلا يەردە. ئاپام چاينى تەييارلاپ قويدى. يۈرۈك مېنىڭ ئۆيۈمگە، دىگەن تەكلىپلەر ھەر تەرەپتىن يېغىپ كەتتى.

مەن بۇ تەكلىپ قىلغانلارنىڭ قايسىسىغا ماقۇل دىيىشىمنى بىلمەيلا قالدىم.

— مېنىڭ ئۆيۈم يولىڭىزدىلا، ئەنە! ماۋۇلار يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، — دىدى، ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا كوزلۈك، كورۈنۈشىدىن 28 — 29 ياشلاردىكى چىرايلىق بىر چوكان. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ كوزىدىن قانداقتۇ مېھرىۋانلىق يېغىپ تۇراتتى. باشقىلارغا رەخمەت ئېيتىپ، ئەڭ ئاخىردا تەكلىپ قىلغان شۇ چوكانغا ئەگەشتىم ـ دە، يۈرۈپ كەتتۇق. بارغىچە سوراپ ئايالنىڭ ئېتى مىجىن ئىكەنلىگىنى ئۇقتۇم.

مەن ئۆيگە كىرىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن، ئېگىز بويلۇق، كەڭ كوكرەكلىك 30 ياشلاردا بىر يىگىت ئۆيگە كىردى.

— بۇ مېنىڭ ئېرىم، سۇپتاي بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ھېلىقى ئايال. سۇپتاي بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن سوزلىشىۋېتىپ:

— ئايىغىڭىزغا بولەكچىلا بىر ئوتۇك كىيىۋاپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدىم سۇپتايدىن.

— بۇ ئوتۇكنى 1954 ـ يىلى ياز ئايلىرىدا، ھوكۇمەت شىمەندىن ياستىپ ئالدۇرۇپ بەردى. بۇ ئوتۇكنىڭ قىزىق بىرنەچچە خىل ۋەقەگە مۇناسىۋىتى بار، — دەپ جىم بولۇپ

قالدى.

مەن بۇ گەپكە قىزىقـقانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇ: ـــ بۇ ۋەقەنى تەل ـ توكۇس ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ۋاقىت كېرەك، چۈنكى بۇ ئوتتۇكـىنىڭ ئىچـىدە بارماقـلىرى چىقىپ تۇرغان پۇت يوق، ـــ دېدى سۇپتاي ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ.

ـــ ئۇنداق بولسا، كەچكە كەلسەم ئېيتىپ بېرەمسىز؟ ـــ دېدىم. ئۇمۇ ماقۇل بولدى.

مەن سۇپتاينىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن تاقەتـسىزلىك بىلەن كۈننى كەچ قىلدىم، كەچتە ئۇ، بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەنى توۋەندىكىدەك قىلىپ ئېيتىپ بەردى:

سۇپتاي بىلەن مىجىن بىر مەھەلـلىدە چوڭ بولغان ئىـدى. سۇپتاي 17 ـ 18 ياشلارغا كەلگەندە نىمشقىدۇر، مىجىننى كورسىلا ئۇزىنى يوقىتىپ قوياتتى،...... ئوچۇغىنى ئېيتقاندا، ئۇ، مىجىن- نى چىن دىلىدىن ياخشى كورەتتى. مىجىنمۇ سۇپتاينى يارىتاتتى. بەزىدە مىجىن بىلەن سۇپتاينىڭ كوزلىرى دۇچـكېلىپ قالغاندا ھەر ئىككىسى قىزىرىپ كېتىشەتتى. سۇپـتاي بىلەن مىجىنـنىڭ مۇھەببىتى كۈندىن ـ كۈنـگە ئۇلغىيىۋەردى. بىراق نامراتچىلىق، گادايچىلىق دەردىدىن يىللىقا تۇرۇش، سۇپتاي بىلەن مىجىننى بىر يەردە تۇرغۇزمىدى. سۇپتاي ئاي ـ ئايـلاپ يوقاپ كېتەتتى. شۇڭـا ئۇ، 6 ـ 5 ئايـدا ئاران بىر قېـتىم ئويـگە كېـلىـپ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كېتەتتى. مانا شۇ چاغدا مـجىن بىلەن كورۇشۇپ ئىچ سىرىنى دەرتلىك كوزلىرى بىلەنلا ئىزھار قىلغان-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەك بولاتتى.

بۇنداق چاغلاردا مىجىنىڭمۇ سۇپتايىنى سېغىنىپ ھېچ ھالى قالمايتتى. يامغۇر ياققان كۈنلىرىلا "بۈگۈن سۇپتايىنىڭ ئىشى بولمىسا، قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. خېلى ۋاقت بولدى، كەلمەگىلى" دەپ، مىجىن تامنىڭ كەينىدىن ياكى تاللىقنىڭ ئارىسىدىن چوڭ يولغا تەلمۈرۈپ ئۇزاق - ئۇزاق قارايتتى. سۇپتاي كەلسە، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ خوشاللىقىغا مىجىنمۇ ئورتاق بولاتتى. ئىشتىيى تۇتۇلۇپ ئۇمرىدە كورمىگەن بىر يېڭىلىقنى كورگەندەك ھىس قىلاتتى، ھاياجانلىناتتى.

* * *

1943 - يىلىنىڭ ياز كۈنلىرى، سۇپتاي 19 ياشتا ئىدى. ئۇ: "بۇ يىل ئۆز ئالدىغا دېخانچىلىق قىلىپ تەلىيىمنى سىناپ باقاي" دىگەن ئوي بىلەن بەش پۇتچە بۇغداي تېرىپ، قوشۇمچە ئانچە - مۇنچە ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ سۇپتاي مىجىن بىلەن بىللە كۈنىگە 3 - 2 قېتىم كورۇشىدىغان بولدى. سۇپتاي ئېتىزدىن ئويگە قايتقاندا، ھەمىشە مىجىنىڭ ئىشىگىنىڭ ئالدى بىلەن ئايلىنىپ ئوتەتتى. مىجىنمۇ دەل شۇ چاغدا قودۇق سۈيى ياكى مۇزدەك دوغاپ تەييارلاپ، سۇپتايىنىڭ كېلىشىگە ئۈلگۈرتۈپ تۇراتتى ۋە بەزىدە: "ئىسسىقلاپ كېتىپسەن سالقىنلىۋالغىن" دەپ سۇ چاچاتتى. سۇپتاي بولسا، ئۇنى بىر پەس غىدىغلاپ قوياتتى - دە، ئۇلار قانداقتۇر سوزلەرنى قىلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى.

بىر كۈنى خوشنا بىر مەھەللىدە ئىككى ياشنىڭ توي مۇراسىمى بولدى. سۈپتاي بىلەن مىجىن كۈندۈزكى تويغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، كەچكى ئولتۇرۇشقا قاتناشتى. كەچكى ئولتۇرۇش ناھايىتى قىزىق بولدى. ياشلار توپ ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ ياراتقان قىز ياكى يىگىتلىرىنى كوز قىرىدا ئىستەيتتى ۋە بىر بىرىگە يەر ئاستىدىن قارىشىپ قويۇشاتتى. كۆيوغۇل ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا تىنماستىن ھەركەت قىلىپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. دوستلىرىنى، مېھمانلىرىنى كۈتەتتى. يېڭى كېلىن بولسا، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر توپ قىزلارنىڭ ئىچىدە چېچىنى گەدىنىگە تۈگۈپ، ھەر خىل سۈنئى پەدەز، پاقىراتقۇچ گۈل ھەم قىسقۇچلارنى چېچىغا قاداپ ئولتۇراتتى.

بۇ تويدا مىجىن بىلەن سۈپتاي بىر بىرىگە قارىشىپمۇ قويمىدى. پەقەت ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنى كۆيوغۇل بىلەن كېلىندەك ھىس قىلىشاتتى ۋە: "بىزگە مۇنداق كۈن قاچان كېلەر" دەپ ئويلىشاتتى.

توي تارقاشقا باشلىدى. مىجىننىڭ مەھەللىسىگە قايتىدىغان سۈپتايدىن بولەك ھېچكىم يوق ئىدى. شۇڭا سۈپتاي بولەك يىگىتلەرنىڭ كوزىگە چېلىقىپ، گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەممىدىن بۇرۇن كەتتى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن كىچىكرەك بىر جىراغا بېرىپ مۆكۈپ ئولتۇردى.

سۈپتايىنى ئىستەپ تاپالماي كېيىنرەك قايتقان مىجىن كېلىۋېتىپ "راسلا مېنى كۈتمەي كېتىپ قالغاندىمۇ ياكى ئايدىڭدا بىرەرسى-

ىنىڭ كورۇپ قېلىشىدىن قورققانىدىمۇ" دەپ خىيال سۇرۇپ، ئالدىراپ يولىنىڭ چېتىدىكى جىراغا كەلگەندە، ئالدىدىن سۇپتاي چىقىپ كەلدى.

— ج......، — دەپ توختاپ قالدى مىجىن ۋە "جىنىم دىمەيمەن" دەپ ئويلىدى، — سىنى كېتىپ قالدىمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم.

سۇپتاينىڭ نەپسى بوغۇلدى، "ھە" دەپلا تۇرۇپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن ئارانلا:

— تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ، قايتامدۇق؟ — دىدى.

— قايتماي نىمە قىلىمىز، — دىدى مىجىن مۇلايىم ۋە نازۇك ئاھاڭ بىلەن يەر ئاستىدىن قاراپ، ئىككىسى گەپ قىلىشماي قاتار ماڭدى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن سۇپتاي مىجىننىڭ بېلىدىن تۇتۇپ، ئۆزىگە تارتىپ ماڭدى. مىجىننىڭ ئىنچىكە بېلىدىن ئۆتكەن توك، سۇپتاينىڭ بېلىگى ئارقىلىق يۈرەك تارلىرىنى تىترىتەتتى.

— مىجىن؟ — دىدى سۇپتاي ئۆزىنى توختىتىپ ۋە قەتئى بىر پىكىرگە كېلىپ، — سەن مېنىڭ بولامسەن؟ مەن ئىمىشقا شۇنچە......، — ئۇ سوزىنىڭ ئاخىرىنى دىيەلمىدى.

— ۋىيەي، ئويگە كېلىپ قالدۇققۇ، — دىدى مىجىن سۇپتاي-نىڭ قولىدىن ئاستا بوشاناماقچى بولدى.

— ئېيتقىنا مېنى قىينىماي؟ — دىدى سۇپتاي مىجىننىڭ قولىنى ئىككى ئالقىنىدا قاتتىق قىسىپ، مىجىننىڭمۇ سۇپتايدىن

كۆتىدىغان ئۈمىدى شۇ ئىدى. لېكىن قىزلىق ھاياسى "مەن سېنىڭ" دېيىشكە يول قويمىدى. پەقەت بىر چىرايلىق نازاكەت كۆلكىسى بىلەن كۆلۈپ قويدى. ئەگەر شۇ تاپتا كۈندۈز بولغان بولسا، مىجىننىڭ ئانارادەك قىزارغان مەڭزى، ئالۇچىدەك لەۋلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈزەللەشكەنلىكىنى سوپىتاي كورگەن بولاتتى.

— مىجىن ۋاقىت ئۆتۈپ باردۇ، ئەتە مەن سۇ تۇتىمەن. ئاتا ـ ئانالىق ئۇخلىغاندىن كېيىن چىق، ئازادە پاراڭلىشىۋاللى. ساڭا ئېيتىدىغان نۇرغۇن سوزلىرىم بار، — دىدى سوپىتاي، مىجىن كۆلدى ۋە:

— كېچىدە قوقىمەن.

— چىقمامسەن؟

— ھە ـ ئە.

— راست ئېيتقىنا، چىقامسەن، چىقمامسەن؟

— ھە.

— مىجىن راستىڭنى ئېيتقىنا، قايسىغا ھەئە؟

— ھەممىسىگە.

— بولمىسا سېنى غىدىغلايمەن، — دىدى سوپىتاي مىجىننى ئۆزىگە تارتىپ.

— مېنى قويۇۋەت — ۋاقىرىۋېتىمەن. ئەتە چىقاي.

— راستمۇ؟

— راست.

— قەسەم ئىچەمسەن؟

— قەسەم ئىچەي.

سوپتاي مىجىنىڭ ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن قويۇپ بەردى. ئۇ سوپتايدىن بۇرۇن ئۆيگە كەتتى.

سوپتاي ئۆيگە كىرىپ، خىيال ئارىلاش ئۇخلاپ قالدى. ئاي تاغ كەينىگە موكمەكتە ئىدى.

سوپتاي يېتىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن تاڭ ئاتتى. سوپتايغا كۈن كەينىگە كېتىپ بارغاندەك بىلىندى. ئۇ ھەممىدىن جىق ئىشلىگەندەك قىلاتتى، لېكىن كۈن پاتمايتتى. ناھايىتى تەسلىكتە كۈننى كەچ قىلغان سوپتاينىڭ ھازىر ئىككى تۈرلۈك خوشاللىغى بار ئىدى: بىرسى، مىجىن بىلەن كورۇشۇش؛ ئىككىنچىسى، ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئۆزى قىلغان دېخانچىلىقنىڭ مەھسۇلاتى بولغان بۇغدايغا ئىككىنچى قېتىم سۇ تۇتۇش ئىدى. بۇ بۇغدايىنى بىر قېتىم سۇغاردىم. يەنە بويى بىر غېرىچلا، "مەن ئوغرىلىق قىلغان كىچىسى ئايدىڭ بولدى دىگەندەك"، "مەن دېخانچىلىق قىلغان يىلى ئەجەپمۇ قۇرغاقچىلىق بولدىغۇ" دەپ ئىچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا يۇگۇرەيتتى. لېكىن، سۇ ھېچ ئىلگىرى ئاقمايتتى.

مانا تۈن يېرىمىدىن ئاشتى. سۇنىڭ نوۋىتىمۇ توگەپ، ئېقىۋاتقان سۇ بىر دەمدىلا چىپپىدە توختىدى.

قاغجىراۋاتقان ئېتىزلارغا ئاپپاق نۇرلىرىنى چېچىۋاتقان ئاي تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەنلىگىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. شىمالدىكى تارباغاتاي تاغلىرىدىن لەرزان ئۇچقان شامال بىلەن يايلاق-

نىڭ خۇش پۇراقلىرى كېلەتتى، يىراقتا كېچىلەپ شەھەرگە كېتىۋاتقان ئوتتۇنچىنىڭ هارۋىسى بىر ئاجايىپ مۇڭلۇق غىچىلدايتتى. چاقنىڭ غىچىلدىشىغا تەڭكەش قىلغاندەك قازاقنىڭ ئۇزىمۇ مۇڭلۇق ۋە سوزۇپ ئولەڭ ئېيتاتتى. ئاندا ـ ساندا "چۇ ـ چۇ" دەيتتى، ئۇشقۇرتاتتى. بىراق ئوكۇز هارۋا ئېغىر ھەم ئاستا ماڭاتتى.

سۇ توختىغاندىن كېيىن، سۇپتاي بۇ ئېيتىلىۋاتقان ئولەڭگە بىرئاز قۇلاق سالغاندىن كېيىن: "بۇنىڭدىنمۇ قىزنىڭ ھەدى كېلىپ تۇردۇ، نىمە دىگەن ياخشى ئولەڭ" دەپ كەتمەننى مۇرىسىگە سېلىپ ئويىگە قايتتى.

سۇپتاينىڭ ئويى قاتار كەتكەن خوشنا ئويلەرنىڭ ئەڭ شەرقىدە بولۇپ، ئىشىك دەرىزىسى جەنۇپقا قارايتتى. سۇپتاينىڭ ئويىنىڭ بۇ تەرىپىدە مىجىننىڭ ئويى بولۇپ، ئويىنىڭ بىر تەرىپى كونا چەللە ئېغىل ئىدى. هازىر مەھەللە ئىچى جىمجىت ئىدى.

يۇرىگى تىپىرلاپ كېتىۋاتقان سۇپتاي "مىجىن مېنى كۇتۇۋاتامدۇ، يا ئۇخلاپ قالدىمۇ"، ـــ دەپ ئويلايتتى. تۇنۇگۇن مۇشۇ يولدا مىجىننىڭ قولىنى قاتتىق قىسىپ تۇتقاندا، قىزمۇ ئۇنىڭ قولىنى ئاستا قىسىپ قويغان ئىدى، سۇپتاي ئۇزىچە پىچىرلايتتى: "مىجىن نىمانچە چىرايلىق قىز، مېنىڭ ھەقىقى يۇلتۇزۇم ـ دە، نىمە دىگەن ئەقىللىق قىز......راستلا تۇنۇگۇنكى تويدا ماڭا بىر قېتىممۇ قارىمىدى. بىچارە مېنى كۇتۇۋاتىدۇ، دەپ كەينىمدىن ئالدىرىماي كەلگىنىنى......" سۇپتاي شۇ ئۇزۇك ئوي بىلەن

مەنزىلگە كەلـدى ـ دە، "مەن كەلـدىم" دېگەندەك، كەتـمەننى گۈرس قىلىپ يەرگە قويـدى. شۇ ۋاقىتتا قاراپ تۇرغان مىجىتمۇ ئۆيدىن ئاستا چىقىپ، سوپىتايغا چالما ئاتتى ـ دە، ھىلىقى ئېغىلغا قويۇندەك كىرىپ كەتتى.

— مىجىت، سېنى ئۇخلاپ قالدىمىكىن دېۋىدىم، — دېدى سوپىتاي يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇرغان مىجىتنىگە يېقىنلاپ. مىجىت سوز قىلالمىدى. ئاز سۈكۈتتىن كېيىن سوپىتاي مىجىتنى ئۆزىگە تارتتى ۋە كەڭ باغرىغا باستى. مىجىتنىڭمۇ نازۇك بىلەكلىرى سوپىتاينىڭ بوينىغا ھەشقىپىچەكتەك يوگۇلۇپ كەتتى. لېكىن مىجىت نىمىنىدۇر ئۆيلىسا كېرەك، كوزلىرىدە شەبنەمدەك ياش تامچىلىرى پەيدا بولـدى. سوپىتاي بولسا، ئۇنى بىلـمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ لىۋى قىزنىڭ ئالۇچىدەك لىۋىگە، مەڭزىگە تەكرار تېگىپ تۇراتتى.

— مىجىت، ساڭا نىمە بولدى؟ نىمىشقا يىغلايسەن؟ — دېدى سوپىتاي مىجىتنىڭ يېشىنىڭ تېمىۋاتقىنىنى بىلگەندىن كېيىن.

— ئۆزەم، ئۆزەممۇ بىلەلمەي قالدىم.

— مىجىت، مەن ئۆيۈڭگە ئەلچى كىرگۈزىمەن.

— تاڭ، كوزۇم يەتمەيدۇ. بەربىر بەختىم يوق، داداڭ بىلەن ئاپاڭ سېنىڭ كىچىك ئاپاڭنىڭ قىزى چەرپىننى ساڭا لايىق كورۇپ يۈرىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى مىجىت تېخىمۇ ئۆكسۈپ.

— ياق ئەندىشە قىلما، مېنىڭ ئېيتقىنىم ئېيتقان. ئىككى سوز



www.uyghurkitap.com

قىلمايمەن. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ يالغۇزى. شۇڭا ئۇلار مېنىڭ سوزۇمگە كونىدۇ، ــ دېدى سۇپتاي، ئۇ مىجىننى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى.

بىرئاز سۇكوتتىن كېيىن مىجىننىڭ كوز ياشلىرى توختاپ، ئادەتتىكى خۇش خۇي كەيپياتى ئەكسىگە كەلدى. بۇ سۇپتايغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ــ مىجىن؟ ــ دېدى سۇپتاي تىترىگەن ئۇن بىلەن.

ــ هە، ــ دېدى مىجىن سۇپتاينىڭ نىمە دېيىشىنى بىلگۇسى كېلىپ.

ــ ئاخىر سەن مېنىڭ هە......؟

ــ قورقىمەن......ــ دېدى مىجىن نىمە دېيىشىنى بىلمەي. ئۇ سۇپتاينىڭ ئىسسىق قۇچىغىدا سىماپتەك لىغىلدايتتى. مانا باش توخۇمۇ چىلىلىدى. سۇپتاينىڭ كوكرىگىدىن بوشانغان مىجىن ”تەتتەك“ دېدى ـ دە، ئويىگە كىرىپ كەتتى.

## 2

سۇپتاي بىلەن مىجىننىڭ مۇهەببىتى سۇپتاينىڭ ئانىسىنىڭ كوزىگە چېلىققىنىدا ئۇ: ”قېرىغىنىمدا مۇنداق ياخشى كېلىنگە ئىگە بولسام نىمە ئارمان“، ــ دەپ قوياتتى. لېكىن سۇپتاي بىلەن مىجىنمۇ بۇ گۇزەل ئارزۇلىرىنى ئاتا ـ ئانىلىرىغا دېمىدى. بۇ هەقتە پەقەت شۇلاردىن گەپ چىقىشنى كۇتۇپ يۇردى. دەل

شۇ مەزگىللەردە غۇلجىدىن ئالتە ئوغرى چىقتى دىگەن خەۋەر تارقىلىپ، چوچەكتىكى گومىنداڭچىلارمۇ بىسەرەمجان بولماقتا ئىدى. گۇمان قىلغان كىشىلىرىنى قاماپ، دەھشەتلىك ئۇسۇللار بىلەن قىيناتتى. داغۇرلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن "تۇڭگان ئۇرۇشى بولغاندا، شۇ خەق بىزنى بىسەرەمجان قىلغان ئىدى. ئۇيغۇرلارمۇ شۇ دىندىكى خەقلەر، ئۇلاردىن نىمە ۋاپا كەلسۇن. ئەمدى قىيامەت دىگەن شۇ" دىيىشىپ، كەچقۇرۇنلىرى پىچىرلىشىپ، "مەخپى" سوزلىشەتتى. بىراق "بالىلىق ئويىنىڭ ئوغرىلىغى ياتمايدۇ" دىگەندەك، زىرىككەن شوخ داغۇر بالىلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالىلقاچان ئەتراپقا يېيىۋەتتى. ھەتتا تال چىۋىقنى ئات قىلىپ، سۇپۇرگە، كوسەيلەرنى قورال قىلىپ "ئالتە ئوغرى"نى دوراپ، ۋاقىرىشىپ، جاقىرىشىپ قوياتتى.

"ھەي شۇم خەۋەرچىلەر" دەپ ئاتا-ئانىلار بۇ بالىلىرىنىڭ قۇلاقلىرىنى قانچە تارتىپ، قانچە سوزسىمۇ، لېكىن بۇ خەۋەر ھەممە ياققا كېتىپ بولدى.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئوتكەندىن كېيىن "غۇلجا ئازات قىلىندى" دىگەن خەۋەر تارقالدى. مانا شۇ كۈنلەردە سۇپتاي-نىڭ دادىسى خوتۇنىغا:

— ھوي ئانىسى، بىز بولساق قېرىپ قالدۇق. شۇنچە يېشىمىزغا قەدەر بىرمۇ نەۋرە كورەلمىدۇق. زامان بولسا بۇنداق بولۇۋاتىدۇ. كىم بىلىدۇ، ياماننى ئېيتماي، ياخشى يوق دىگەن-دەك قاڭقىپ يۇرگەن ئوقنىڭ بىرەرسىگە دۇچكېلىپ قازا

تاپامدۇق. شۇ ۋاقىتتا خۇدانىڭ ئۇرغىنى ئەمەسمۇ؟ تۇگمەس دەرت ـ ئەلەم بىلەن ئۆلمىزغۇ. كوزىمىزنىڭ ئوچۇغىدا يالغۇز ئوغلىمىزنى ئويلەپ، بىر كۈن بولسىمۇ تۇرمۇشىنىڭ قىزىغىنى كورىلى، بىزمۇ ئاتا ـ ئانىلىق قەرزىدىن قۇتۇلىلى، ــ دىدى كەچكى جىن چىراقىنىڭ نۇرىدا بىشىنى قاشلاپ.

ــ شۇنى دىمەملا، مىجىنمۇ بويىغا يەتتى. ئوزىمۇ ئىشچان، پىششىق قىز بوپتۇ. بىزدەك كەمبەغەللەرگە لايىق بالا، ــ دىدى گىنە موماي.

ــ قىرىغاندا ئالجىۋاتامسەن!؟ ــ دىدى غۇمسەن بوۋاي گىنە مومايغا زەردە بىلەن.

ــ ئالجىپ نىمە قىلدىم؟

ــ ئالجىمساڭ نىمە؟ سۇپىتايغا كىچىك ئاپىسىنىڭ قىزى تۇرسا، سەن مىجىن ـ مىجىن دەپ ئۇنىڭغا يىپىشقىنىڭ نىمىسى! مىجىن ئوغلۇڭغا يارىسىمۇ ماڭا يارىمايدۇ، سەن كەينىگىنى ئويلان! مىجىننىڭ ئائىلىسىمۇ ساڭا ئوخشاشلا ھاۋشۇشقا ئىتى يوق كەمبەغەل، ئەگەر سەن بىلەن مەن ئولگەندە، مىجىننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىزنىڭ نەزىر ـ چىرىغىمىز ئۇچۇن سۇپىتايغا ياردەم قىلىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ ھەتتا كويدۇرۇشكە قەغەزمۇ ياردەم قىلالمايدۇ. ئوغلۇڭغا سىڭلىڭنىڭ قىزىنى ئىلىپ بەرسەڭ: بىرىنچىدىن تۇققانچىلىغى، ئىككىنچىدىن، قۇدىلىق تەرەپتىن بىزگە ھەرنىمە بولسا ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھال ـ ئوقتى بولسا ياخشى، ــ دىدى غۇمسەن بوۋاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېنە موماي گەپ ـ سوز قىلالمىدى. ئوغلىنىڭ مىجىنىغە مەيلى بارلىغىنى ئېيتىپ، بوۋاينى كوندۇرۇشكە ھەركەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بوۋاينىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بوشىشىپ قالدى.

— ئاڭلىسام، — دېدى غۇمسەن بىر كۈنى ئوغلىغا نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ، — ئاناڭغا مىجىنىنى ئالىمەن دېگۈدەكسەن. بۇ نىيىتىڭدىن يان، سەن تېخى ياش. ھېچنىمە بىلمەيسەن، ئەگەر بىز ئۆلۈپ قالساق، داداڭنىڭ مېھنىتىگە، ئاناڭنىڭ ئاق سۈتىگە يارىشا، بىزگە قەغەز كويىدۇرۇشۇڭ، نەزىر ـ چىراق قىلىش قەرزىڭنى ئادا قىلىشىڭ كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ياردەم كېرەك. شۇ ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كىچىك ئاپاڭنىڭ قىزىغا ئۆيلەن. كىچىك ئاپاڭ بىلەن بىز سۆزلىشىپ قويغان. ئەگەر قېرى داداڭنىڭ گېپىگە كىرمىسەڭ، مېنىڭمۇ سەندەك ئوغلۇم يوق، ئۆزەمنى ئاغامچىغا ئاسىمەن ـ دە، ئۆلىمەن ۋەسسالام.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سۈپىتاينىڭ يۈرىگى پوكۇلداپ، ئۆستەدىن بىر چېلەك سوغاق سۇ قۇيىغاندەك تىترەپ كەتتى. ئەس ـ ھۇشىنى يوقىتىپ، ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ، تاشقىرىغا چىقتى. ئاسماننىڭ قاپ ـ قاراڭغۇ سىرلىق پەردىسىدە، كوزىگە مىجىنىنىڭ مۇلايىم جىلمىيىپ تۇرغان قىياپىتى چاقماقتەك ۋال ـ ۋۇل كۆرۈنگەندەك بولاتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئىككى سۆزلۈك، ئەڭ پەس ئادەممەن دەپ ھېس قىلاتتى. "ئىست، مۇنداق

ياشلىق" دەپ ئۆز ئۆزىنى كايىتتى، كوزلىرى قاراڭغۇلىشاتتى. بىر ئازدىن كېيىن "ئۇخلاڭ بالام!" دېگەن ئانىسىنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى. سۇپتاي شۇ كېچە كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى. ئىلاج قانچە؟ كىچىكىدىن شۇنداق تەربىيە ئېلىپ ئادەتلەنگەن سۇپتاي ئاتا-ئانىسىنىڭ كېيىگە كىرمىسە گۇناكار بولىدۇ. ئەگەر سۇپتاي ئانىسىنىڭ دېگىنىنى قىلمىسا، جاھىل بوۋاي ئەلۋەتتە ئۆلۈۋالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سۇپتاي ئىلاجىنىڭ يوقلۇغىدىن كىچىك ئانىسىنىڭ قىزى چەرپىنىگە ئۆيلىنىدىغان بولدى.

* * *

سۇپتاينىڭ چەرپىنىگە ئۆيلىنىدىغانلىغىنى ئاڭلىغان مىجىن لەسسىدە بولۇپ كەتتى ۋە كېچە-كۈندۈز خىيال قىلىدىغان بولدى. مىجىن ھەر قاچان ئىشىك ئالدىدىن سۇپتاي ئۆتكەندە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ چۈشىنىپ بولماس غەلىتى خىياللارغا چوكەتتى: "بىلىمەن، بىلىمەن، مېنىڭ گۇمانىم توغرا چىقتى. بىراق، سۇپتايدا گۇنا يوق. ئۇنىڭمۇ مېنىڭدىن ئايرىلغۇسى يوق. ئەنە، بىچارە، بېشىنى ساڭگىلىتىپ غەم بىلەن گۇناكاردەك كېتىپ بارىدۇ"، — دەپ ئويلايتتى.

سۇپتاي مىجىنگە ئوخشاش كېچە-كۈندۈز خىيال قىلىدىغان بولدى ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىگىدە ئوچمەس مۇھەببەتنىڭ ئىزىلا قالدى. سۇپتاي: "يا خۇدا. مېنىڭدىن باشقا دەرتمەن بەندەك بارمىدۇ"، — دەيتتى.

— مىجىن، — دىدى سوُپىتاي بىر كوُنى، — رەنجىمە، مەن قانداق قىلىمەن، ھېچ ئىلاجىم يوق، —...... سېنى قانداق ئۇنتۇمەن.

— كېرەك يوق، بىز شۇنداق تەلەيسىز ئادەملەر ئىكەنمىز، — دىدى مىجىن يۈرەك باغرى كويگەنلىگىنى ئىپادىلەپ.

سوُپىتاي بىرقانچە ۋاقىتتىن بېرى مىجىن بىلەن كورۇشۇشكە پېتىنالماي قىينالدى. كورۇشەي دىسە، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاتاپ قويغىنىنى كاشىلا قىلاتتى. ئاندا-ساندا مىجىننى كورۇپ قالسا، يۈرەك باغرى ئېزىلىپ مىجىنگە ئېچىنىپ ھەسرەتلىنەتتى. "ياق، مەن بۇ يەردە تۇرغۇەرسەم مىجىننى بىر كورگەندە بىر، ئىككى كورگەندە ئىككى ھەسرەت چېكىپ، بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇشۇم مۇمكىن. شۇنىڭ ئۇچۇن نېرىراق جايدا ئىش قىلىپ، ئاز بولسىمۇ ئۇنى خىيالىمدىن چىقىراي" دىگەننى ئويلىدى سوُپىتاي.

شۇنىڭ بىلەن سوُپىتاي شەھەرگە ئىش ئىزلەپ كەتتى. سوُپىتاي شەھەرگە كېلىپ دەسلىۋىدە بايلارنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدىدى، قارلىرىنى كوُرىدى. كېيىنچە ھاراق، پىۋا زاۋۇتلىرىدا ئايلىققىمۇ ئىشلىدى. سوُپىتاي كېتىپ بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن مىجىننىڭ ئاتىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى. مىجىن-نىڭ ئائىلىسىگە تېخىمۇ نامراتچىلىق چۈشتى. مىجىننىڭ ئانىسى ئېرىنىڭ ئولۇمى ئۇچۇن نۇرغۇن قەرزدار بولۇپ قالدى، بالا-چاقىلار كىيىمسىز، ئاچ-يالىڭاچ قالدى.

— بۇ يەردە تۇرساڭلار سىلەرگە تېخىمۇ ئېغىرچىلىق چۈشىدۇ. بىر نان بولسىمۇ تەڭ بولۇشۇپ يەپ، تىرىكچىلىك قىلايلى، مېنىڭ يېنىمغا كۆچۈپ بېرىڭلار، — دېدى مىجىننىڭ تاغىسى.

بۇ پىكىرنى توغرا تاپقان مىجىن بىلەن ئانىسى ئۇششاق باللىرى بىلەن تاغىسىنىڭ يېزىسىغا كۆچۈپ كەتتى.

* * *

چەرپىن مىجىنگە نىسبەتەن چىرايلىقمۇ ئەمەس، سەتمۇ ئەمەس، ھەر ھالدا بىرەر يىگىتنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىغۇدەك، لېكىن گالدا - گۇلدۇڭراق قىز ئىدى.

چەرپىن يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا "ئوچۇق چىراي بولىمەن" دەپ تولاراق كۆلەتتى. شۇڭا ئۇنى ئىرادىلىك، يا ئىرادىسىز دىيىشكە كوز يەتمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ سۇپتايىغا بولغان مۇھەب-بىتىنى بوش دىيىشكە بولمايتتى.

چەرپىننىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ سۇپتايىنى "كەلگۈسىدە ئوبدان ئادەم بولىدۇ"، — دەپ قىزىنى سۇپتايىنىڭ مال - دۇنيالىرى بولمىغىنىغا قارىماي، غەيرەتلىك، ئەقىللىق، ئىشچان خۇسۇسىيە-تىگە قاراپ كۈيوغۇل قىلماقچى بولدى.

مانا، چەرپىننىڭمۇ مەقسىدى تويۇقسىزدىن ھەل قىلىنىپ ئەڭ بەختلىك قىزلاردىن بىرى بولدى.

چەرپىنگە قودا چۈشۈپ، توت ئايدىن كېيىن بۇ ئويگە سۇپتاي ئىككى قېتىم كېلىپ كەتتى. لېكىن دەسلەپكى مەزگىل-

لەردە سوپىتاي چەرپىنگە بولغان موھەببىتىنى تولۇق ئىزھار قىلىپ كېتەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قىز بىلەن ئوغۇل تەرەپ-نىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۈچ ئايدىن كېيىن مەسلىھەت بويىچە ئىككى ياشنىڭ تويىنى قىلىدىغان بولدى. بۇ چاغ بوغداي پىشىپ، دېخانلار ئۇ يەر-بۇ يەردە خامان تېپىپ، كوكۈللىرى توقلىشىپ قالغان ۋاقىت ئىدى. مىجىن بولسا، تاغىسىنىڭ يېنىدا خەقلەرنىڭ ياتلىق قىلماقچى بولغان قىزلىرىنىڭ كىيىمىنى تىكىپ، داڭ چىقىرىۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇنى "ئۇستا ماشىنچى"،— دېيىشەتتى.

سوپىتاي قىش-ياز ئىشلەپ گالدىن ئاشقانىغا بىر تايچاق سېتىۋېلىپ ئادەت بويىچە كىچىك ئانىسىغا بەردى ۋە توي ئۈچۈن ئوتتۇز جىڭ ھاراقنىمۇ ئالدىدىن ھازىرلىدى. تۇققان-چىلىغى ئۈچۈن كىچىك ئانىسىمۇ ئانچە قىستاپ تۇرمايلا، سوپتاينىڭ توي قىلىشىنى ئالدىراتتى. ئەمما سوپىتاي توي ئۈچۈن ئالدىرىمايتتى. مانا شۇ كۈنلەردە مىللى ئارمىيە چوچەك-نىمۇ ئازات قىلدى. خەلق ئۇستىگە چىقىۋالغان، قىلىچىدىن قان تامىدىغان گومىنداڭچىلار تېرى-پېرەڭ بولۇپ قاچتى. چوچەكنىڭ ياشلىرى بولسا، گومىنداڭچىلارغا قارشى تۈزۈلگەن ھەربى قوشۇنغا كىرىشكە باشلىدى. شۇ قاتاردا سوپىتايمۇ مىللى ئارمىيىگە كىرىش ئۈچۈن ئوزىنى تىزدىملاتتى ۋە بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ئانىسىغا مەلۇم قىلدى.

— بالام، بۇ يېڭى كەلگەن چېرىكلەر ئادەمنى كەلسە-كەل-

مەس ئۇرۇپ، جازالىمايدىكەن. كىم يامان ئىش قىلسا، ئۇنىڭ جازىسىنى بېرىدىكەن. بىز، زامانى ئاخىر بولىدۇ، دەپ قورققان ئىدۇق. شۇنداق ئادىمەتچىلىكى ياخشى چېرىك بولسەن دىسەڭ بوپتۇ. ئىشقىلىپ، بىزنىڭ ۋە ئۇزەڭنىڭ دوست ـ دۇشمەنلىرىڭـ نىڭ ئالدىدا بىزنى يەرگە قاراتماي ياخشى ئادەم بولۇپ چىق، بىراقتا چەرپىنىنى بىللە ئېلىپ كەت. چېرىكلەرنىڭ ئىچدە ئاياللارمۇ بار ئىكەن، ــ دىيىشتى.

ــ ئارمىيە ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلمايدىكەن، ــ دىدى سۇپتاي بانا ئىزلەپ.

ــ بولمىسا تويۇڭلارنى قىلىۋېتىلى، كېلىن قولىمىزدا تۇرىۋېرىدۇ. بىز بىرەر جاھاندارچىلىق قىلىپ جان باقارمىز.

سۇپتاي توي قىلىشقا ئىلاجسىز مەجبۇر بولدى. بىر ھەپتە-دىن كېيىن توي بولدى. كۆيوغۇل ئادەت بويىچە 30 جىڭ ھاراقنىڭ ئۈستىگە يەنە 15 جىڭ ھاراق قوشۇپ ئاپاردى. تويغا قىز تەرەپنىڭ تۇققانلىرى، خولۇم ـ خوشنىلىرى؛ يىگىت تەرەپ-تىن ئون نەچچە كىشى قۇدا بولۇپ قاتناشتى. بۇ بىرىنچى قېتىم قىز تەرەپتە بولۇۋاتقان توي بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم توي يىگىت تەرەپتە بولماقچى ئىدى. بىراق توي ئاددىراق كېتىۋاتاتتى.

تويغا ئەتىگەندىن باشلاپ كىشىلەر كېلىشكە باشلىدى. چەر-پىن بولسا، بىر توپ قىز ـ چوكانلار بىلەن خوشنا ئۆيگە كېتىشتى. ئۇ ئۆيدە تەجرىبىسى بار چوكانلار قىزنىڭ چېكە چېچىنى ئېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلىرىنى ئۆگەتمەكتە ئىدى.

ئەر ۋە ئايال قۇدىلار ئايرىم ـ ئايرىم ئولتۇرۇپ، ھەر خىل سەيلەر بىلەن ھاراق ئىچىشىپ، سەل كەيپ بولۇشقا باشلىدى. قىز تەرەپنىڭ بىرمۇنچە كىشىلىرى مەس بولۇپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ كوڭۇل ئاچماقتا. بىرمۇنچىلىرى كەيپچىلىك بىلەن كۈيوغۇلنى بوزەك قىلىپ ئۆزلىرىگە باش قويغۇزماقتا. ھاراق ئىچىشىپ كوڭۇللىرىنى كوتەرگەن مېھمانلار ۋە قۇدىلار كۈننىمۇ كەچ قىلىپ، ئەتە قىزنى كۈيوغۇلنىڭ ئويىگە يەتكۈزۇشكە ۋەدە قىلىپ تارقاشتى.

كەچ بولدى. نوۋەت خوشنا ئويىدىن كەچكىچە چىقمىغان قىز ـ چوكانلارغا كېلىپ، ئۇلارمۇ ھارغان ھالدا يېيىشكە كىرىشتى. يىگىت بىلەن قىزنى ئايرىم ئولتۇرغۇزدى. داغۇرلارنىڭ قائىدىسى بويىچە يىگىت بىلەن قىزغا قوينىڭ يانپىشىنى داستىخانغا سالدى. يەڭگىلەر تاتىنچاق يىگىت بىلەن قىزنى يېقىن ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ چاخچاق قىلاتتى. قۇۋراق قىزلار يىگىت بىلەن قىزنىڭ ھەركىتىگە سەپسېلىپ تەجرىبە ئېلىشقا كىرىشەتتى.

"ۋاي خۇدايىم، ماڭا ئاشۇنداق كۈنلەر كېلىدىغان بولسا، ئۇلسەممۇ چەرپىنگە ئوخشاش چېكە چېچىمنى ئېلىڭلار، دەپ تۇتۇپ بەرمەسمەن. بىرئاز بولسىمۇ يىغلاپ قويمايدۇ ـ يا" — دېيىشەتتى قىزلار ئۆزئارا پىچىرلىشىپ.

بىرئازدىن كېيىن قىز ـ يىگىتلەر كېلىپ تاڭ ئاتقىچە كۈل-

كە ـ تاماشا قىلىشتى. كەيپى تارقىمىغان بوۋاي ـ مومايلار ياش‍ـ
لارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ تۈگىمەس پاراڭغا چۈشتى. تاڭ راسا
ئاتقاندىن كېيىن، سوپىتاي ھەممىدىن بۇرۇن كېلىنىنىڭ كېلىۋاتقان
خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۆيىگە قايتتى. قىز ئالدى بىلەن خۇداغا
ئىبادەت قىلىپ، ئاندىن ئاتا ـ ئانىلىرىغا تازىم قىلىپ بىرئاز
يىغا ـ زاردىن كېيىن يولغا راۋان بولدى.

5 ـ 4 ھارۋا بىلەن قىز تەرەپنىڭ ئەر ۋە ئايال قۇدىلىرى
چۈش مەزگىلىدە سوپىتاينىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئادەت بويىچە
كېلىنىڭلا ھارۋىسىنى تامنى ئايلاندۇرۇپ ھويلىغا كىرگۈزدى.
قىز بىلەن كۈيوغۇل خۇداغا ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن
ئاتا ـ ئانىلىرىغا، قۇدىلارغا تازىم قىلىپ نىكا بىلەن تۇرمۇشنىڭ
باشلانغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. يەنە ئادەت بويىچە قىز تەرەپنىڭ
قۇدىلىرى، تۇققانلىرى ھاراق ئىچىشىپ، 6 ـ 5 خىل سەي بىلەن
گاڭپەننى يەپ كەچ قايتىشتى.

* * *

— خوش بالام! خۇدايىمغا ئامانەت! — دېيىشتى سوپىتاينىڭ
ئاتا ـ ئانىسى خوشلاشقىنى كەلگىنىدە، — ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن.
دۈشمەنلىرىڭ ئالدىڭدا تىز پۈكسۇن. سېنى ئۇرۇشقا بارماسمى‍ـ
كىن دەپ ئويلىغان ئىدۇق. بىراق كېتىپ بارىسەن. ئاق
يوللۇق بول، خۇداغا ھەمىشە ئىبادەت قىلىشنى ئۇنۇتما، —
دېيىشىپ بوۋاي ـ موماي سوپىتايىنى نوۋەت بىلەن سۆيۈشتى. بۇ
سۆيۈشتە، پەقەت چەرپىنىلا يوق بولۇپ، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە

دەرىزىدىن ماراپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ، يېڭى چۈشكەن كېلىن بولغاچقا قېيىنانا ـ قېيىناتىسىدىن ۋە سۈپىتاينىڭ دوستلىرىدىن خىجىل بولۇپ سىرتقا چىقالماي تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆز-لىرىدىن ئوت چاقناپ، يۈمغاندا قارا، قىسقا كىرپىكلىرى بويلاپ ياش تامچىلىرى ئېقىپ تۇراتتى. كوتىرىلگەن كۆكسىگە ئىككى قولىنى قويۇپ ئاستا ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

— خەير سۈپىتاي، ئاق يوللۇق بول!

— خەير ئەممە، بىزنى ئۇنتۇما! — دېگەن سۆزلەر ھەر تەرەپتىن يېغىپ تۇراتتى.

— خوپ، سىلەرنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن، — دېدى سۈپىتاي كېتىشكە تەييارلىنىپ، سۈپىتاي ئاتقا مىندى ـ دە، مېڭىپ كەتتى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە قارىدى. ئۇزىنى ئۇزاتقىلى چىققان بىر توپ كىشلەر كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا چەرپىننىڭ قاراپ تۇرغىنىنى كوردى ۋە سۈپىتاينىڭ خىيالىغا: "ئومۇرۋايەت سېنى ئۇنتۇمايمەن، مەيلى ئون يىل كەتسەڭمۇ سېنى كۈتىمەن" دەپ ئاخشام لەززەتلىك خوشلىشىشلاردا چەرپىننىڭ ئېيتقان سوزلىرىنى ئەسلىدى ـ دە، بىر تۇرلۇك روھلانغان ھالدا "ئويگە كىرىپ كەت!" دېگەن ئىشارىنى قىلدى. ئەمما چەرپىن سۈپىتاي-نىڭ باغدىن ئايرىلىپ قارىسى يوقالغىچە قول سىلكىتىپ قاراپ قالدى.

چوڭ يولغا قوشۇلىدىغان يەردە، يولنىڭ سول چېتىدە 3 ـ 2 كىلومېتىرغا يېقىن سوزۇلغان ئاسۇباي دېگەن باي

داغۇرنىڭ قارىياغاچ، تېرەك، كىلىيون، سۆۋادان ۋە ھەر خىل دە-
رەخلەردىن كوكەرتكەن بېغى سوزۇلۇپ ياتاتتى. سۇپتاي شۇ باغ-
نى بويلاپ ئۆز يېزىسىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتكىچە بېشىنى سىلىپ
ئاستا ماڭدى. لېكىن سېمىز ئات تامنىڭ ئىچىدىن بىر نەرسىنىڭ
قېلىن كەندىر، ئوت-چۆپلەرنى سىلكىتىپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىن
ھاسىراپ، ئۆزى بىلەن تەڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ پۇشقۇراتتى،
قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ سۇپتاينىڭ كۈچلۈك قولىدىن تىزگىنىنى
ئېلىپ قاچالماي كېلەتتى. سۇپتاي بولسا بويىنىنى سوزۇپ باغ
ئىچىگە قارىماقچى بولدى. ئەمما ئېگىز تام ئۇنى توراپ قوياتتى.
سۇپتاي شۇنداق مېڭىپ تامنىڭ توگەش يېرىگە كەلگەندە، ئات
تۇيۇقسىزدىن ئۈركۈپ كېتىپ سۇپتاينى سول تەرەپكە تاشلىۋەت-
تى. بىراق چۇلۋۇر سۇپتاينىڭ قولىدا قالدى. تامنىڭ ئۇ تەرى-
پىدىن چىقىپ، ئاتنى تۇيۇقسىز ئۈركۈتكەن "گۇناكار" مىجىن
يۇگۇرۇپ كېلىپ سۇپتاينىڭ توپىسىنى قاقىلى تۇردى.

— ھوي، مىجىن سەن ئىكەنسەنغۇ، ياخشىمۇ سەن؟ — دىدى
سۇپتاي كەينىگە قاراپ، كورمىگىلى ئۇزۇن بولغان مىجىننى
كورۇپ، يۇرەك-باغرى ئېزىلىپ.

— ياخشى، ئۆزەڭچۇ؟ مېنى تاشلىۋەتسەڭمۇ كېتىدىغانلىغىڭنى
ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدىم. سەن بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن
باغ ئارىلاپ كىشلەردىن يوشۇرۇنچە كەلدىم. خوش بول!
ساق-سالامەت قايتىپ كېلىپ، چەرپىن بىلەن بەختلىك
بول! — دىدى مىجىن قوللىرى، بەدەنلىرى تىترىگەنلىكتىن،

كوكسىمۇ بىللە تىترەپ، قانـداقتۇ بىر ئۇتۇگۇشسىز ھالەتتە سۇپ-تايغا بىر ياغـلىق، تاماكا خالـتىسى سۇندى، ــ مانى ئال، مېنىڭ يوللۇغۇم بولسۇن.

ــ مەن سېنى ئەتەي تاشلىدىممۇ؟ ــ دىدى سۇپتاي، خىجىل بولۇپ.

ــ ياق ئۇزەمچىلا دەپ قويغان ئىدىم. مەن بىلـمەن، ــ دىدى مىجىن ئىختىيارسىز ئاققان ياشلىرىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ.

قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا جېنىدىن ئەلا كورگەن گۈلى، مەھ-بۇبىسى مىجىننى كورگەن سۇپتاي، مىجىننىڭ يولـلۇغىنى ئالدى - دە، ئۇزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنىڭ بىر قىسمىنى خىيالىغا كەلتۇردى ۋە مىجىننىڭ قولىنى قاتتىق قىسىپ، ئۇزىنى يوقاتقان ھالدا ئاتقا سەكرەپ مىنىپ:

ــ خەير مىجىن خوش بول! ــ دىـدى.

ــ خوش - خوش، راستلا، بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىـمىزنى بىر كىم كورسە، سەت بولار، خەير - خوش!

سۇپتاي چېپىپ كەتتى. مىجىن تامنىڭ بۇرجىكىدە، يىراقـتا ئاپپاق چاڭنى توزۇتۇپ كېتىپ بارغان كىچىككىنە بىر قارا نەرسە-دىن كوزىنى ئۇزمەي قاراپ قالـدى. شۇ كەچـتە پۇتۇن شەھەر خەلقى فۇرونتقا كېتىۋاتقان ئوغۇل - قىز جەڭچىلەر بىلەن بىللـە قىقاس - چۇقانلار ئىچىدە خوشلاشتى.

* * *

سۇپتاينىڭ قىسمىغا كەتكىنىگە بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى،

لېكىن ئۇنىڭدىن ئاتا-ئانىسىغا ھەم چەرپىنگە بىر پارچىمۇ خەت كەلمىدى. بەلكىم ئۇ: "ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇتۇق بىلەن قايتسامىلا بولىدىغۇ، ئەگەر خەت يازسام، ئۇلار مېنى سېغىنىپ ئاۋارە بولىدۇ" دەپمۇ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما چەرپىن سۇپتاي كېتىپ بىر يىل ئاران چىداپ تۇردى. ئېرىدىن خەت-خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن ئۆزى بىلگەن سەنىمگە دەسسەپ يۈردى. ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، 3 ـ 4 ئايلاپ يېتىپ كېلەتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ھەم تەكشۈرمەيتتى.

بىر كۈنى چەرپىن تاماشىسىنى تۈگىتىپ، ياشلىق خۇمارىنى بېسىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى سېغىنغان قېينانىسى:

— قىزىم، بىزنى شۇنچىۋالا تاشلاپ كېتەمسەن؟ — دېدى ئانىلىق مېھرى بىلەن.

— قاچانغىچە سىلەرنىڭ قازان-قومۇچۇڭلارغا قول بولۇپ يۈرىمەن، — دېدى چەرپىن ۋە ئىچىدە: "كۈنۈم مۇشۇ قاقۋاشلارنىڭ چېيىنى قاينىتىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ" دەپ ئويلىدى.

— بوپتۇ قىزىم — دېدى گېنە موماي كېلىنىدىن ئېغىر سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋە ئاستا بېغىدىكى كۆكتاتلىرىنى ئوتىغىلى چىقىپ كەتتى.

بوۋاي بىلەن موماي كېلىنىدىن شۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۇنى ئىزلەپمۇ يۈرمەيدىغان بولدى ۋە ھەر كۈنى كەچتە

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىسى بىر قېتىم ئۇرۇشىدىغان بولدى.

چەرچىن بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ئەتىگەنلىك چېيىنى قايىنىتىپ بېرىپ، ئۆيىنى چالا-بۇلا سۈپۈرۈپ قويۇپ، خالىغان يەرگە يوقىلاتتى ۋە كەچتە بىراق كېلەتتى. بەزىدە كەلمەيتتى. ئىشتىن ھېرىپ كەلگەن بوۋاي بىلەن موماي چايلىرىنى ئۆزلىرى قايىنىتىپ ئىچەتتى-دە، كېلىنى ھەققىدە ھەم ئوغلىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە جىدەلنى باشلايتتى.

— ئالجىغان قاقۋاش، مەن مىجىننى بولىدۇ، دەپ ساڭا نەچچە قېتىم قاخشىغان ئىدىم. ئاخىرى ئۇنىمىدىڭ. مانا ئەمدى ساڭا كېلىۋاتقان ۋاپا، — دىدى بىر كۈنى گېپىنە موماي چەرچىنىنىڭ كەلمىگىنىگە رەنجىپ، بوۋاي بولسا:

— كاپشىما، ئۇگەت، نەسىھەت قىل، كېلىن سېنىڭ، — دىيىشتىن باشقا سوز تاپالمايتتى ۋە ئىشنى نەتىجىسىز كورۇپ ئىقرار بولغۇسى كېلەتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مىجىننىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىدىمۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئۆيىدىمۇ ئۇزۇق-ئوقەت تۈگەپ قالغانلىقتىن ئانىسى مىجىننى يىراق بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە قەرزگە يېرىم پۇتچە ئۇن ئەكېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. تونۇشىغا كېتىۋاتقان مىجىن كۈن پاتاي دەپ قالغانلىقتىن، ئۇدۇل مېڭىپ، تېزرەك باراي دىگەن ئوي بىلەن قارىياغاچلىق، كىلىيونلۇق قېلىن باغنى كېسىپ كېتىپ بارغان ئىدى. خۇش خۇي كۈلكىلەرنى ئاڭلاپ چوچۇپ كەتتى ۋە ئاستا چامداپ بىر دەرەخنى ئايلانغاندا، ئالدىدا بىر ئايال بىلەن

بىر يىگىتنىڭ مەھكەم قۇچاقلىشىپ تۇرغىنىنى كورۇپ، لەسسىدە ئولتۇرۇپ "دەخلى بولمىسۇن" دەپ يە ئىلگىرى، يە كېيىن ماڭالماي قالدى. بەدەنلىرى بوشىشىپ، قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا سۇپىتاي بىلەن تويدىن قايتقىنىنى، ئېغىلدا سۇپىتاي ئىككىسى ئايدىڭ كېچىدە بىر بىرىگە تەلمۇرۇپ ھىچ تويمىغىنىنى، يىپەكتەك يۇمشاق شامالىنىڭ يۈزلىرىنى سىپاپ ئوتكىنىنى، خورازنىڭ "قى، قى، قى......" دىگەن چىللاشلىرى قۇلاقلىرىنى ئاغرىتىۋەتكىنىنى ئەسلىدى. مۇھەببەت ئۇسسۇزلۇغىنى تېخى قاندۇرالمىغان چەرپىن يىگىتتىن ئاجراپ مىجىن تەرەپكە كېلىپ، ئۇنى كورۇپ خىجىل بولغىنىدىن:

—ھوي مىجىن، سەن نىمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرىسەن؟ سىرىڭنى يوشۇرما، بىرسىنى كۈتۈۋاتامسەن؟—دىدى ئۇنىڭ تاۋۇشىدىن خۇدۇكسىرىغانلىق بىلەن ئاسرىغانلىق بەلگىسى چىقىپ تۇراتتى.

—تووا، چەرپىن، ئۇزەڭ قىلىۋاتقان ئىشنى ماڭا دوڭگەۋاتىسەن-ھە؟ سېنىڭ بۇ ئىشىڭ سۇپىتاي ئۇچۇن خىيانەت ئەمەسمۇ؟ باياتىن بېرى سىلەرنى باشقا بىر ئادەم ئىكەن، دەخلى بولمىسۇن، دەپ ئولتۇرغان ئىدىم. سەن بولغان بولساڭ يۈزۈڭگە باساتتىم. چەرپىن، مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلىمىغىن. بۇ يەردە نىمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىڭنى بىلىمەن، ئويلاپ باققىنا، سۇپىتاي كىم ئۇچۇن سوغىنى-سوغ، كېچىنى-كېچە دىمەي ئۇرۇش قىلىپ يۈرىدۇ. سەن ئۇنى ئۇ ياققا ئەۋەتىپ، بۇ يەردە مۇنداق

ئىش قىلىپ يۈرسەك، سۈپتايغا خىيانەت قىلغان بولمامسەن؟ سۈپتاينىڭ قەيېرى يامان؟ ياقمىسا باشتىلا نىمىشقا تەگدىڭ؟! مەنغۇ سۈپتايىنى ئوبدان بىلمەن. ئۇ بىزنىڭ خوشنا. ئەگەر بىزنىڭ سۈپتايدەك يىگىتىمىز بولسا، دۇنيادا ئارمان نىمە؟ — دىدى مىجىن.

چەرپىن بولسا، بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ قولىدىكى كىلىيوننىڭ بىر تال يوپۇرمىغىنى تىرنىغىدا سىقىپ، يېشىل سۈيىنى چىقىراتتى.

— ياق، مەن ئەمەس. مەن چوڭ دادامنىڭ ئۆيىدىن كېلەۋاتاتتىم، — دىدى چەرپىن سوز تاپالماي.

— سەن......، — دىدى مىجىن.

شۇنىڭدىن كېيىن چەرپىن ھەر ھالدا ئۆزىنى بىرئاز توختاتقاندەك بولدى.

* * *

سۈپتايلارنىڭ قىسمى ھەربى يۈرۈشتىن كېيىن قىسىم ئىشتاۋى بىلەن سارسۈمبە شەھىرىدىن ئون نەچچە كۈنلۈك يىراقلىقتا، ئېگىز تاغلارنىڭ ئىچىگە جايلاشقان ئىدى. بۇ چاغدا ئالتايدا ئوسماننىڭ باندىتلىق ھەركىتى ئەۋج ئالغان ئىدى. ئۇلار گەمىدە تۇراتتى. شامال چىققاندا، گەمىدىن ھەمىشە قۇم ئاقاتتى، گەمىنىڭ ئىچىدىكى كىشلەر ئۇملەپلا يۈرەتتى. ئالتاينىڭ سەھراسى بولسا، شۇنداق دەھشەتلىك سوغاق ئىدىكى، پوستا تۇرغان جەڭچىلەر 3 ـ 2 قەۋەت جۇۋا كىيىشمۇ، غال ـ غال

تىترەپ مۈزلاپ كېتەتتى.

بىر كۈنى باندىتلار تۇيۇقسىز ئوق چىقىرىپ، ئات بېقىپ يۈرگەن جەڭچىنىڭ بىرسىنى ئېتىپ، بىرسىنى تىرىك تۇتۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرغۇن ئاتلارنىمۇ بىللە ھەيدەپ كەتتى. شۇ كۈنى قىسىم ئىشتاۋىدىن رازۋېت لېيەنىدىكى سۇپتايغا باندىتلار ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىش بۇيرۇغى بېرىلدى.

— خوپ بولىدۇ، — دەپ قولىنى چېكىسىگە ئاپاردى سۇپتاي.

سۇپتاي ئۈچ جەڭچى بىلەن كېچە سائەت 12 دە يولغا چىقتى. ئېگىز تاغلار، چىغىر يوللار، ئاق پاختىدىن بوك كىيگەن-دەك تۇرغان قارىغايلار ۋە قاراڭغۇ كېچىلەر سۇپتايلارنىڭ ئالغا مېڭىشىغا خېلى توسالغۇلۇق قىلاتتى.

مانا سۇپتاي باشلىق 3 رازۋېتچىك تاغ ئارىسىدىكى تاشلاردا ئومىلىگىلى 3 سائەتچە بولدى. ئۇلار يانباغرىدا خېلى ئېگىز كوتىرىلەتتى-دە، تاش ھەم بىر بىرى بىلەن كىرىشىپ كىرىستال ھالىتىگە كەلگەن قارلار بىلەن بىللە تۆۋەن سايغا سىرىلىپ كېتەتتى. ئاندىن قايتا ئومىلەپ ئېگىزگە كوتىرىلەتتى. ئۇلار بىرنەچچە قېتىم تۆۋەنگە سىرىلىپ ۋە يۇقۇرى چىقىپ، خېلى تەجرىبىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قىيا مېڭىپ بىرنەچچە تاغدىن ئېشىپ، ئەگرى-بۈگرى يوللارنى خەرىتىگە چۈشۈ-رۈشكە كىرىشتى. بۇ ۋاقىتتا تاڭ ئېتىپ قالغان ئىدى. ئۇلار يەنە بىر تاغنىڭ يان باغرىدىكى ئىنچىكە يولغا دۈچكېلىپ يۇقۇرى ئورلەپ كېتىۋاتقاندا، ئىككىنچى يانباغرىدىن تۇيۇقسىز

باندىتلار ئوق چىقىرىپ، كەيىندە كېلىۋاتقان، دوگىلەك يۈزلۈك، قارا قاشلىق ئۇيغۇر يىگىتنى يىقىتتى. قالغان ئۈچىلىسى ئۇزلىرىنى دالدىغا ئالدى.

— ساڭا راستلا ئوق تەگدىمۇ، بېشىڭنى كوتەر! — دەپ ئۈنىڭ كەيىندە كېلىۋاتقان جەڭچىنىڭ بىرسى ئۈنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولۇپ، سەللا بېشىنى قوزغىۋىدى، باندىتلار يەنە ئۈنىڭ بېشىنى چەللەپ ئاتتى، ئۇ ھەم قازا بولدى.

— ئەخمەت! — دىدى سۈپتاي تىرىك قالغان دوستىغا، — ئىش چاتاق بولدى، ھەر ئىككىمىزگە ئوق تېگىپ دېرەكسىز كەتمەيلى، سەن كەلگەن يول بىلەن ئومىلەپ سايغا چۈش - دە، قىسىمغا بېرىپ، ئەھۋالنى يەتكۈز! ئاندىن بۇ مۇتىھەملەرنىڭ كەيىندىن چۈشۈپ تىرىك تۇتۇڭلار. مەن بۇ يەردە تۇرۇپ ئۇلار بىلەن ئېتىشىپ - سىنىشىپ تۇراي، بۇلار ئانچە كوپ ئەمەس. سەككىزچە ئادەم ئوخشايدۇ.

— خوپ، بولىدۇ، يولداش كوماندىر ئىزۋوت①! — دىدى ئەخمەت ۋە ۋاقتىدىلا ئومىلەپ كەتتى.

تاڭ ئاتتى. باندىتلار ئاتلىرىنى قويۇۋېتىپ، جىم موكۇشۇپ ياتتى، سۈپتاي بولسا، نېرىراق سوزۇلۇپ بىر تاشنى دالدا قىلىپ ياتاتتى. شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپتىن بىر سائەتچە ۋاقىت ئوق چىقمىدى.

---

① كوماندىر ئىزۋوت — پەيجاڭ.

—ھەي "بۇلارنىڭ ئىككىسىنى ئەمەس، ئۈچىلىسىنى ئاتقان ئوخشايمىز. بىرسى تىرىك قالدى. بۇلارنىڭ جان بېنى چىقىپ موكۇپ ياتىدۇ. بەلكىم ئوقى بولمىسا كېرەك، غەزەپ بىلەن ۋاقىرساق، تەسلىم بولىدۇ"، —دېيىشتى. باندىتلار بىرەر سائەتچە يېتىپ زېرىككەندىن كېيىن:

—سەن تۇرۇپ ۋاقىرا!

—ياق، سېنىڭ ئۈنۈڭ قاتتىقراق، سەن ۋاقىرا، —دېيىشكىلى تۇردى باندىتلار بىر بىرىگە.

—ھەممىمىز تەڭ ۋاقىرايلى، مەن بىلەن بىياقىمەت قورالمىزنى كوتىرىپ ئورە تۇرايلى، —دېدى باندىتلارنىڭ بىرسى، شۇ ۋاقىتتا بەلگىلىك بولىدۇ.

—ھەي، چىقىڭلار، تىرىك بولساڭلار، بولمىسا تىرىك تۇتۇۋېلىپ، گوشۇڭلارنى چەيلەيمىز. تەسلىم بول! —دەپ تاقىتى قالمىغان ئىككى باندىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كورەڭلەپ ۋاقىردى. شۇ چاغدا سوپتاي ئاپتومات بىلەن ئېتىپ ئىككىسىنى ئۆچۈردى. "بۇ تۇنۇگۇنكى ئىككى جەڭچىنىڭ ئىنتىقامى"—دەپ ئويلىدى.

"بۇلار نۇرغۇن ئىكەن. ئەمدى ئۇلسەكمۇ باش كوتەرمەيمىز" دېيىشتى باندىتلار.

يەنە بىر سائەتچە ھەر ئىككى تەرەپ ئوق ئېتىشتى. لېكىن تاشقا ئوق تېگىپ تۇراتتى. سوپتاي ئولگەن دوستىنىڭ يېنىغا ئومىلەپ كەلدى ۋە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— هوي...... قانلىق جەڭلەردە سەن بىلەن مېنىڭ دوستلۇ-
غۇم چىنىققان ھەم چىڭىغان ئىدى. ماڭا ياردەم قىلساڭچۇ، نېمىگە
جىم ياتىسەن؟ سېنىڭ ئالدىڭدا تېخى يورۇمىغان كۈنلەر يورۇپ،
ئاتمىغان تاڭلار ئېتىپ كېلىۋاتىدىغۇ. خەير! سەن ئۇ كۈنگە
يېتەلمىسەڭمۇ، سېنىڭ ئارمىنىڭنى مەن ئاخىرىغا يەتكۈزىمەن.
غوپۇرجان! سەن ھازىر ئۆلۈپ قالدىڭ. مەن يەنە ساڭا ئوق
تەككۈزۈپ ئىككى قېتىم جەسىدىڭنى خورلىماقچىمەن. سەن خاپا
بولما، — دەپ ئىختىيارسىز ياش توكۈپ، ئۆلگەن غوپۇرجاننىڭ
سوغاق قولىنى قىسىپ قان يۈزلىرىنى ئىسسىق كالپۈكىدە سۆ-
يەتتى، — مەن سېنىڭ توكۈلۈپ قالغان جەسىدىڭنى......، — سۇپتاي-
نىڭ كوزىدىن ئىختىيارسىز ياش ئاقاتتى ۋە قەتئىي بىر پىكىرگە
كېلىپ، غوپۇرنىڭ پۇتىدىن كوتىرىپ تۇرغۇزدى-دە، ئۇزى
تېزلىك بىلەن ئىككىنچى تاشنىڭ كەينىگە ئوتۇپ:
— مەن سىلەرگە تەسلىم بولدۇم! — دەپ قاتتىق ۋاقىرىدى ۋە
ئاپتومات دېسكىسىغا ئوق قاچىلاپ ئۇلگۇردى. باندىتلار شۇ
زاماتلا ئورە تۇرغان جەسەتكە تاك-توك قىلىپ بىرنەچچە ئوق
ئاتقاندا، ئولۇك يىقىلدى، باندىتنىڭ ئۇچىسى سەكرەپ ئالدىغا
ئېتىلغان ئىدى، سۇپتاي بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئېتىپ،
ئۇچىلىسىنى ئوققا ئۇچۇردى.
— ئوق توگەپ كەتسە بولمايدۇ، ئال ئۇنىڭ ئوقىنى! — دەپ
باندىتلار ئوك تەرەپتىكى بىرىگە بۇيرۇق قىلغاندا، بىرسى
ئالدىدا ئولگەن شېرىگىگە قاراپ ھەركەت قىلىشقا باشلىغان

ئىدى. سۈپتاي يەنە ئۇنىڭ غىل-پال كۆرۈنگەن يېرىگە چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىپ ئۆلتۈردى.

ھەر ئىككى تەرەپ يەنە بىرەر-ئىككى سائەتچە ئېتىشتى. سۈپتايغا قارىتىلىپ ئېتىلغان ئوق ۋىژ-ۋىژ، شۇك-شۇك قىلىپ تاشقا تېگىپ قاڭقىپ تۇراتتى. بىر ۋاقىتتا سۈپتاينىڭ سول قولىغى قىزىغاندەك بولدى. تۇتۇپ قارىسا ئوق سۈرۈپ كېتىپتۇ. "ئېھتىيات قىلىش كېرەك" دەپ ئويلىدى سۈپتاي ۋە "ئىككى دوستۇمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم". مەككار باندىتلار ئوققا ئۇچقان شېرىگىنىڭ بىرسىنى، ئېتىشۋاتقان كىشى تەقلىتىدە بىر تاشنىڭ كەينىگە موكتۇرۇۋېدى، سۈپتاي ئۇنى چىنەپ تۇرۇپ يەنە ئاتتى. "مانا سەككىزىنىڭ بىرى قالدى، ئەمدى ئۇنى يەكمۇ-يەك تۇتۇشۇم كېرەك" دەپ ئويلىدى ۋە يەنە بىر سائەتچە ئوق چىقىرىشتى. لېكىن باندىتلارنىڭ ئوقى تۈگەپ قالغاندەك، ھېچ ئېتىش بولمىدى. سۈپتاي "ئۇلارنىڭ ئوقى تۈگىسە كېرەك" دەپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ:

— تەسلىم بول! — دەپ ۋاقىرىشىغا باندىت تەرەپتىن بىر پاي ئوق ئېتىلىپ سۈپتاينىڭ مۈرىسىگە تەگدى ۋە ئۇ يىقىلدى. لېكىن ئۇزىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىككى باندىتنىڭ بىرىگە يەنە غەيرەت بىلەن ئوق چىقىرىپ ئۇنى ئېتىپ چۈشۈردى. شۇ زامان باندىتنىڭ بىرسى موكۇۋالدى. سۈپتاي غەيرەت قىلىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا، دەرمان يوقلۇغىدىن بىر تاشقا تېيىلىپ، پۈتلىشىپ، بىر دۆۋە قار، تاشلار بىلەن تۆۋەن سايغا

سىرغىپ، دومىلاپ چۇشۇپ كەتتى. تىرىك قالغان باندىت سۇپتاينىڭ توۋەن دومىلاپ كەتكەنلىكىنى كورۇپ، "ئۆلدى"، — دەپ ئويلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىشقا كىرىشتى. ئاڭغىچە ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ، ھوشىدىن كەتكەن سۇپتاي يەنە ئەكسىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغان ئىدى. ئىككى پۇتى ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمىدى. شۇ چاغدا سۇپتاي ئالتاينىڭ 50 ـ 40 گىرا-دۇسلۇق نەشتەردەك سانچىلغان سوغىقىدا پۇتىنىڭ ئۇششۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ يەنە غەيرەت قىلىپ، چىشىنى چىشىغا بېسىپ، ئومىلەپ تامچىلاۋاتقان ۋە ئۇيۇپ قېتىۋاتقان قانلىرى بىلەن يۈزىنى بوياپ خېلى جايغىچە ماڭدى. شۇ ۋاقىتتا قىسىم-دىن بىرنەچچە جەڭچىلەر كېلىپ، باندىتنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇپ، يۈز ـ كوزلىرى قان بىلەن قارىغا مىلەنگەن سۇپتاينىمۇ ئىستەپ تاپتى. شۇنداق قىلىپ سۇپتاي دېكابىرنىڭ باشلىرىدا ئېغىر جاراھەت بىلەن يېتىپ قالدى.

* * *

سۇپتاينىڭ خېلى ياخشى ئۇخلىغىنىغا بۈگۈن ئاران بىر كۈن بولدى. كوماندىرى ئۇنىڭدىن ھال سورىغىلى كەلگەندە، سۇپتاي بىرنەچچە كۈن ئۇخلىمىغان دەردىنى چىقىرىۋاتاتتى ۋە بىر تەرەپتىن چۈش كورۈۋاتاتتى. چۈشىدە كونا كاپىتانى ئابدىراخمان "پۇتۇڭ بۇرۇنقىدەك ساقىيىدۇ، مۇنۇ دورىنى ياقاي"دەپ مەسلىھەت قىلىۋاتاتتى، سۇپتاي دورىنى يېقىپ، خۇددى بۇرۇنقىدەك

چىۋەرلىك بىلەن ئاتقا سەكرەپ مىنىپ، خۇش خۇي يۈرەتتى.
شۇ چاغدا تالادا بولۇۋاتقان شۇۋىرغان ئەدەپ كېتىپ، گەمەن
بىر چېلەكتەك قوملىنى سۈپتاينىڭ يۈتىغا قويۇۋەتتى. سۈپتاي
ئويغىنىپ، يېنىدا ئولتۇرغان پولك كوماندىرىغا قاراپ ئۆزىنى
يوقاتقان هالدا:

ـــ سالام پولكوۋنىك، ـــ دەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى،
بىراق پۇتى سىقراپ كېتىپ قىمىرلىيالمىدى.

ـــ هېچقىسى يوق، دەم ئالغىن، سەندىن هال سورىغىلى
كەلدىم. پۇتۇڭنىڭ ئىششىغى قايتتىمۇ؟ ـــ دېدى پولكوۋنىك
مېهرىۋانلىق بىلەن.

ـــ خېلى قايتتى.

ـــ سەن ۋەتىنىڭ ئۈچۈن، خەلقىڭ ئۈچۈن ناكا بولدۇڭ،
جاراهەتلەندىڭ. بىراق روهىڭنى چۈشۈرمە. بۇنى ئۆزەڭمۇ
دەۋاتىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ساڭا دەيدىغىنىم دوختۇر-
لارنىڭ قارارى بويىچە تومۇرنى قىزىغىدا سوق دېگەندەك،
ئۈششۈگەن پۇتۇڭنى كەستۇرۇپ، ئازاپلانغان جېنىڭنى قۇت-
قۇزۇش كېرەك! ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، بەرىبىر پۇتۇڭ سېسىپ
ئۆزىدىنلا چۈشىدۇ.

ـــ ئۇ ۋاقىتتا بىر جاپانىڭ ئۈستىگە مىڭ جاپا بولىدۇ، ـــ دېدى
دوختۇرمۇ قوشۇمچە قىلىپ.

سۈپتاي پۇتىنى كەستۇرىدىغانلىغىنى بىلدۈردى. دوختۇرلار
شۇ كۈنى تەييارلىق ئىشىغا كىرىشتى.

ئەڭ ئاخىرى، مەسلىھەت بويىچە، سوپتاينىڭ پۇتى ھەرىدەپ كېسىلدى. بىراق ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىش شۇنداق دەھشەتلىك بولدىكى، سوپتاينىڭ ئاچچىق نالىسىدىن پۇتۇن يان گەمىدىكى جەڭچى، ئەپىتسەرلەر ئۇيقۇلىرىدىن چوچۇپ ئويغىنىپ، جاھان گويا ئاغدۇرۇلۇپ، ئىككىنچى بىر تەرەپكە سىلجىپ بارغاندەك ھىس قىلىشتى. كوزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن ئەس ـ ھوشلىرىنى يىغىپ، سوپتاينىڭ دەھشەتلىك ئۈنىگە قوشۇلۇشۇپ يىغلاشتى. بەزىلىرى سوپتاينى "جان تالىشىۋاتىدۇ" دېيىشىپ، باشلىرىنى توۋەن ئىگىپ ماتەم تۇتقاندەك قىلىشتى. شۇ چاغدا غەزەپ ـ نەپرەتكە تولغان بارلىق جەڭچى، ئەپىتسەرلەر قاماقتا تۇرغان باندىتنى چەيلىۋەتكۇدەك ھالەتتە ئىدى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن چىقراش پەسەيدى. ئەمما جەڭچى، ئەپىتسەرلەرنىڭ كوزلىرى ئۇيقۇغا كەتمىدى، چىقىرىغان ئۈن تېخىچە قۇلاقنى ياڭرىتىپ، دەم ـ دەم چوچۇتۇپ ئويغىتاتتى.

ئەتىسى ھال سورىغىلى كەلگەن جەڭچى، ئەپىتسەرلەر ئۇزاق سوزلىشىپ، مۇڭداشقاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. چۈنكى تاغ ئارىسىدا ئېتىشىش بولۇۋاتاتتى. سوپتاي يالغۇز مۇڭلىنىپ قالدى. ئۇزۇن كىرپىكلىك، ئاق يۈزلۈك سېپسترا ئۇيغۇر قىزىمۇ بىر چەتتە سوپتاي ئۈچۈن چوڭقۇر خىيالغا كەتتى. سوپتاي بولسا، ئۇرۇشقا كېتىش ۋاقتىدا مىجىننىڭ بەرگەن يوللۇغىنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىرئازدىن كېيىن چەرپىنىنى ئويلىدى

ۋە ئائىلىسىگە خەت يېزىپ، چەرپىنگە "ئىختىيار ئۆزەڭدە، مەن مۇنداق ھالەتكە دۇچار بولدۇم" دەيمەن. ئۇ بىرئاز خىيال قىلغاندىن كېيىن "ئۇنداق دېمۇ يازمايمەن. پەقەت پۇتۇمنىڭ كېسىلگەنلىكىنى يازىمەن". ــ قارار قىلدى ـ دە. ئۇڭ تەرەپكە ئورۇلغەندە سوپىتاينىڭ خىيال دەرياسىغا كەتكەنلىكىنى بىلگەن سېستىرا قىز:

ــ ئۆيىڭىزگە خەت يېزىپ بېرەيمۇ؟ ــ دېدى مېھرىۋانلىق بىلەن.

ــ يېزىڭ. مېنىڭ قوللىرىم تىترەۋاتىدۇ.

ــ كىمگە يازاي، يە ...... يۇرگەن قىزىڭىزغىمۇ؟ ئىسمى نىمە؟

سوپىتاي بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

ــ سىز ئاتا ـ ئانامغا يېزىڭ! ئاخىرىغا 2 قۇرچە ئورۇن قالدۇ- رۇڭ، ئۇ يەرگە ئۆزەم بىرنەچچە ئېغىز سوز يازىمەن.

سېستىرا قىزنىڭ يازغان خېتىنىڭ ئاخىرىغا سوپىتاي قىسقىچە مۇنداق دەپ يازدى: "سويۇملۇك ئاتا ـ ئانا باشقىلار...... مېنىڭ پۇتۇم كېسىلدى...... پات ئارىدا سىلەر بىلەن دىدار كورۇشەرمەن".

سوپىتاي بەش ئايدىن كېيىن ئوبدانلا ساقايدى. بۇرۇنقى قاۋۇل ۋە ئېگىز، كەڭ بەستلىك قىياپىتى بولسا، ئەمدىلىكتە كىشلەرنىڭ ئەڭ پاكىنىگى بولۇپ، ئىككى تىزى بىلەن ماڭىدى- غان بولدى. بىراق كوكرىگىدە باتۇرلۇق مىداللىرى پاقىراپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراڭلاپ تۇراتتى.

سۇپتاينىڭ يازغان خېتى ئائىلىسىگە تەگدى. سۇپتاينىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىرئاز كوز يېشى قىلىپ، سۇپتاينىڭ هايات قالغىنىغا شۇكۇر قىلىشتى. لېكىن چەرچىن قېيناتا-قېينانىسىغا: "مۇنچە يىل بوسۇغىلىرىڭغا، قازان-ئوچاقلىرىڭغا قۇل بولغىنىممۇ يېتەر" دەپ خولۇم-خوشنا ۋە يۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالماستىنلا، ئورۇن-كورپىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئارىدىن كوپ ئوتمەيلا ساربات دىگەن خوتۇنى ئولگەن، باي داغۇرنىڭ ھەمىشە هاراق ئىچىپ، ئات ئۇستىدە قىيشىپ، چىشىنىڭ ئارىسىدىن "چىرت-چىرت" تۇكۇرۇپ، پوچىلىق قىلىپ يۇردىغان ئىنچىكە، ئۇزۇن بويلۇق 40 نەچچە ياشلاردىكى بايۋەچچە بالىسىغا تۇرمۇشقا چىقتى. 9 ئاي توشا-توشمايلا خۇددى بايۋەچچىنىڭ ئوزىدەك ئوك كوزى قىسىق بىر ئوغۇل تۇغدى.

* * *

1949-يىل، ئاۋغۇستنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، تارباغاتاي دالىسىنى قاپلىۋالغان ئالتۇن باشاقلىق بۇغدايلار يىراقتىن قىزدرىپ كورۇنمەكتە. سۇپتايمۇ خادىك بىلەن ئوز يېزىسىغا كىرىپ كەلمەكتە. كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن كۇنىنىڭ قىزىل شولىسىغا، باغدىكى قىزىرىپ پىشىۋاتقان ئالمىلار قوشۇلۇپ قانداقتۇر قىزىرىپ، ئۇيۇلۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئىككى مەڭزىنى سۇپتايغا ئەسلەتمەكتە.

مانا قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا سۇپتاينىڭ يىللىق، ئايلىق ئىشلەپ يۇرگەنىدە قاغجىراپ ياتىدىغان ئېتىزلىرىمۇ چىمەن بولۇپ

يەلپۈنمەكتە، سوپتاي مجىن بىلەن خوشلاشقان يېرىگە كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى. پەقەتلا هارۋىكەشنىڭ:

— باغنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يولمۇ، سول تەرىپىدىكى يولمۇ؟ — دىگەن سوئالى ئۇنىڭ يول ئايرىلىشىغا كەلگەنلىگىنى يادىغا سالدى.

— ئوڭ تەرەپتىكى يول! — دىدى، سوپتاي ئاتتىن يىقىلىپ، مجىن بىلەن خوشلاشقان يېرىنى ئەسلەپ، "مجىن نىمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ"، — دەپ ئويلىدى. لېكىن سوپتاينى يەنىمۇ مۇرەككەپ خىياللار چىرماشقا باشلىدى.

هارۋىكەش چاپسانلاتتى. سوپتاينىڭ يۈرىگى خۇددى خادىكىنىڭ چاقىدەك پىقىرىماقتا ئىدى. ئۇنى قانداقتۇر بىرەر تەشۋىش باساتتى.

— ئاشۇ ئويمۇ؟ — دەپ سورىدى هارۋىكەش.

— هە، شۇ.

سوپتاي ئويگە يېتىپ كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئويى ئىلگىرىكىدەك كورۇمسىز ئەمەس. ئىشىگىنىڭ ئالدىغا دەرەخلەر تىكىلىپ، ئوينىڭ ئىچى - سىرتى ئاھاك بىلەن ئاقلانغاندەك كورۇنەتتى. ئەتراپتىكى خوشنىلار تېخى ئېتىزلىقتىن كەلمىگەچكە بىرمۇ ئادەم كورۇنمەيتتى. سوپتاي هارۋىكەشنىڭ ياردىمىسىزلا خادىكىتىن چۇشتى - دە، ئويىگە كىردى. ئوي جىمجىت بولۇپ، بۇلۇڭدا ئانىسى ئىشتىن قايتىپ كەلگەن پېتىچە، قاچاندۇر سوپتاينىڭ كىيىپ كونىرىغان كونا كون ئوتىگىنى تاۋار مايدا مايلاۋاتاتتى:

— ئاۋۋي①؟! — دېدى سۈپتاي ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ھەربىلەرچە قاتتىق تاۋۇش بىلەن ئانىسىغا.

— ھە، سەن كىم؟! — دەپ چوچۇپ كېتىپ كەينىگە قارىدى ئانا ۋە سۈپتاينى تونىمىدى.

— مەن سۈپتاي! — دېدى، تىزىنى پۈكۈپ سالام قىلماقچى بولۇۋىدى، لېكىن تىزى بىلەن تۇرغاچقا ئۇنىمۇ قىلالمىدى......

— ئاھ، قوزام سەنمىدىڭ! — دېدى، ئانا ئېتىلىپ بېرىپ ئوغلىنى باغرىغا باستى. ئاڭغىچە كۆنىمۇ پېتىپ، سۈپتاينىڭ خولۇم - خوشنا، دوست - يار، بۇرادەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئۆي ئادەمگە لىق تولدى.

— جېنىم ئوغلۇم! سېنىڭ پۈتۈڭنىڭ كېسىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىشەنمىگەن ئىدىم، — دەپ ئانا ئوغلىنىڭ ناكا پۇتىنى ئىككى ئالقىنىغا ئېلىپ سۆيۈپ پۇراپ يىغلاشقا باشلىدى، — ئوغلۇم، گوھىرىم، كوزۇمنىڭ قارچۇغىسى......

— ئاۋۋي؟! — دېدى سۈپتاي ئانىسىنىڭ ئاچچىق ھەسرەتلىك يىغىسىنى بېسىش ئۈچۈن، — دادام تېخى ئېتىزدىمۇ؟

— ئوغلۇم، داداڭ ۋاپات بولغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى، — دېدى ئانا.

شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ يىغىسىدىن كۆڭلى بۇزۇلغان سۈپتايمۇ بىرئاز كوز يېشى قىلدى. بىرئازدىن كېيىن كەلگەن خولۇم-

---

① ئاۋۋي — داغۇرچە — ئانا.

خوشنىلار تەسەللى بېرىپ، ئانا ـ بالىنىڭ يىغىسىنى توختاتتى. ئۇيەردە قايتىدىن كۆڭۈللۈك ھال ھوكۇم سۈرۈشكە باشلىدى. خولۇم ـ خوشنا ۋە تۇققانلار سۇپىتايغا دادىسى ئۈچۈن كۆڭۈل ئېيتتى.

بىر ۋاقىتلاردا بىز بىللە پادا بېقىپ، يىللىق ئىشلەپ تاپقىنىمىزنى گالىغا يەتكۈزەلمەي يۈرەتتۇق. ئەمدى سەنزە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قەھرىمان بولۇپ كېلىپسەن. بىزغۇ تېخى يۈرۈپتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن كورگەن ـ بىلگىنىڭدىن ھېكايە باشلىغىن، ـــ دېيىشتى.

سۇپىتاي ھېكايىگە چۈشتى. لېكىن، ئاغزى سوزدە بولسىمۇ، كوڭلى توپىنىڭ ئىچىدىن قانداقتۇر بىر كىشىنى ئىستەيتتى. "بەلكى ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك. كېلىپ قالسا، تەگتۇشلىرىمىنىڭ ئالدىدا نىمە دەپ كورۇشەرمىز. ئۇزىنى يەنە قۇچۇغۇمغا ئاتامدۇ، مەن شۇنچىلىك سېغىنغاندا، ئۇ قانچىلىك سېغىنمىسۇن" ـــ دەپ ئويلايتتى ۋە تاقىتى قالماي يۈرىگى تېپىرلايتتى. ئىشىك تەرەپ "تاراق" قىلىپ قالسا، "كېلىپ قالدىمۇ" دەپ كوزىنىڭ قىرى ئىشىك تەرەپكە كېتىپ قالغىنىنى ئۇزىمۇ بىلمەي قالاتتى.

شۇنداق قىلىپ ھېكايە ئۈچ سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىت داۋام قىلدى. ئەمما سۇپىتاي كۈتكەن كىشىدىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. ئاخىرى توت كوز بىلەن كۈتۈپ تاقىتى قالمىغان سۇپىتاي بىرئاز خىجىل بولۇپ، ھېكايە ئارىلىغىدا ئانىسىدىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

— ئاۋۋي، كېلىنىڭ (داغۇرلاردا ئېرى ئايىلىنى، ئايال ئېرىنى ئاتا ـ ئانا ئالدىدا ئاتىمايدۇ) ئۆيگە كەتكەنمۇ؟ تېخىچە كەلمەيدىغۇ؟ — دېدى.

— نېمە دەيسەن ئوغلۇم، ئۇنى قوي، — دەپ ئۇھ تارتىپ ھەسرەتلەندى ئانا.

شۇ كەچتە دوستلار ئۇزاق پاراڭلىشىپ، تاڭنى سۇپتاينىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدى.

— ئەسكەردىن قايتقان سۇپتاي ئاكىنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى بىر كىچىك بالا دەرىزىدىن كېلىپ.

— ھە مۇشۇ، سۇپتاي مەن بولىمەن.

— سىزگە بىر كىشى خەت بەرگەن ئىدى. مانا! — دەپ توش يانچۇقىدىن كىچىك پۇكلەنگەن خەتنى ئۇزاتتى بالا.

خەتنى ئالغان سۇپتاينىڭ يۈرىكى تۇيۇقسىز تىپىرلاپ كەتتى ۋە خەتنى ئاچتى. خەتتە شۇنداق دېيىلگەن ئىدى: "سۇپتاي سېنىڭ قايتىپ كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ تولىمۇ خوشال بولدۇم. پۈتۈنلەي ناكا بولغىنىغا بىرئاز قايغۇردۇم. ئەمدى كېرەك يوق. سەن ئۇرۇشقا قاتناشتىڭ. ئەيىۋى يوق. سەن بىز ئۈچۈن، خەلقىڭ ئۈچۈن ناكا بولدۇڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئەڭ ياخشى ئادەمسەن. مەن سېنى شۇڭلاشقا سۆيىمەن. مېنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببىتىم ئۆچمىدى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئىش قىلالمىساڭمۇ بەرىبىر مېنىڭ ئەمگەك قىلىشقا قۇدرىتىم يېتىدۇ. سېنى باقىمەن. بىراق ھازىر ئاياللارنىڭمۇ كۆنى تۇغدى. سۇپتاي مەن

سېنى ھېچ ئۇنتۇمىدۇم. مەن سەن بىلەن بىللە بىر ئۆيدە تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. سۇپىتاي، ھېلىقى ئايدىڭ كېچە تويدىن قايتقىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ مېنىڭ يادىمدا. سۇپىتاي ئەمدى سەن مېنى تاشلىمىغىن، سۇپىتاي، خوشاللىقتىن قوللىرىم تىترەپ خەتنى يازالمىدىم...... سۇپىتاي مەن ئۆيۈڭگە بارىمەن. ئاپاڭنى باشقا ياققا ئەۋەت. خەير! ۋاقتىنچە خوش.

سېنى قەدىرلىگۈچى. م.......“

سۇپىتاي خەتنى تەكرار - تەكرار ئوقۇپ راست مىجىننىڭمۇ ياكى ئەمەسمۇ "، — دەپ خىيال قىلاتتى ۋە خەتنى سۆيۈپ كوزىگە سۈرتەتتى.

"ساق چېغىمدا ئۇنىڭغا قارىمىغاندەك بولۇۋىدىم. ئەمدى ناكا بولغاندا...... ياق، ئۇ ۋاقىتتا دادام قويمىدى، بولمىسا ئالاتتىم. مەنمۇ ھەمىشە ئۇنى يادىمدىن چىقارمىدىم، ئەلۋەتتە ئۇنىڭمۇ مۇھەببىتى ئۇچمەپتۇ. جېنىم مىجىن سېنى ساق بولۇپ، قانچە بېشىمغا ئېلىپ يۈرسەممۇ ئەرزىيتتى. جېنىم مىجىن، يۈرىگىم يېرىلاي دەۋاتىدۇ. پاتراق كەلسەڭچۇ، مەنمۇ سېنى تالاي ئىستىگەن ئىدىم...... نوۋەت ساڭا كەلگەندەك تۇرىدۇ" — دەپ چەكسىز خوشاللىق ئىچىدە خىيال قىلاتتى سۇپىتاي.

ئەتىسى دىگەن ۋاقىتتا مىجىن كەلدى. سۇپىتاي ئۇنى تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتاتتى. مىجىننى كورگەن سۇپىتاي ئورنىدىن تۇرۇشىغىلا، ئىشىكتىن كىرگەن مىجىن ئوزىنى ئۇنىڭ قۇچىغىغا ئاتتى. ئوچمەس چىن مۇھەببىتى بىلەن بىر بىرىنى سېغىنغان

ئىككى ياشنىڭ كوزلىرىدىن خوشال ۋە تەنتەنىلىك ياشلار ئېقىپ بىر بىرىگە تويۇشماي قارىشاتتى.

— مىجىن، ياخشىمۇ سەن؟ نىمە دىگەن چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭ. تېخىچە تۇرمۇشقا چىقمىدىڭمۇ؟ — دىدى سۇپتاي مەجىننىڭ قاپ - قارا كوزلىرىگە تىكىلدى ۋە ئالۇچىدەك لىۋىگە سۇيۇپ كەتتى.

— ياق، سېنىڭدىن باشقا ھىچكىمگە بارغۇم كەلمىدى. ئەگەر سەن كەلمىگەن بولساڭ، ئازلا ئومرۇم قالغان ئىدى.

— ئاپاڭ بارمۇ، ساق - سالامەتمۇ؟ — دىدى سۇپتاي.

— بار، دادام ئولگەندىن كېيىن ئاپام مېنى ئوز ئىختىيارىمغا قويدى. شۇڭا تۇرمۇشقا چىقمىدىم. ئەمدى ئارمىنىم يوق.

— مېنىڭمۇ ئارمىنىم يوق! — دىدى سۇپتاي.

ئىككى ياش قانچە سۇيۇشسىمۇ، ھىچ قېنىشمايتتى. مەزگىلسىز كېلىپ قالغان ئانا شۇ ۋاقىتتا كوزىدىن خوشاللىق ياش تامچىلىرىنى تېمىتىپ، دەرىزىدىن ماراپ ئولتۇپ كەتتى.

* * *

مانا، مىجىن بىلەن سۇپتاينىڭ بودرۇقىنا بىر قىز، بىر ئوغلى بار. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى كوڭۇللۇك، مىجىن بىلەن سۇپتاي 8 يىلدىن بېرى "سەن" دىيىشىپ بىر بىرىگە قاتتىق سوز قىلىشقىنى يوق.

مىجىن راسا ئىش قىلىپ، ھېرىپ - ئېچىپ ئويگە كەلگەندە، سۇپتاي بىلەن بولغان يېڭى تۇرمۇشنى سوزلىشىپ ھاردۇغى

چىقىپ، ھارغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئاندىن ياشلىق چاخچاق-لىرىنى، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئېيتىشىپ، ئەتىلىك ئىش ھەققىدە پىلان قىلىشاتتى. ئانىسى بولسا، نەۋرىلىرىنى بېقىپ شۇنىڭ بىلەن مەززە قىلاتتى. شۇ كۈنلەردە سوپىتاي جىم ياتمىدى. موزدۇزچىلىقىنى، چىلەك-چوگۈن ۋە داسلارنى ياماشنى، كەپشەرلەشنى ئۆگەندى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلاندى.

ھازىر ئۇنىڭ ئانىسمۇ كوپىراتىپتىكى بىر گۇرۇپپا ئايالLارنىڭ باللىرىنى باقىدۇ.

سوپىتاينىڭ يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا ئېڭى كۆتىرىلدى، پارتىيىنىڭ ئاكتىپ ھەم ئىلغار تەشۋىقاتچىسى بولۇپ، خەلققە ئۆزىنىڭ ئاددى تىلى بىلەن پارتىيىنىڭ سىياسى-تىنى چۈشەندۈردى. كوپىراتسىيىلىشىش ۋاقتىدا بىرىنچى بولۇپ مىجىن ئىككىسى "قىزىلبايراق" كوپىراتىۋىنى تەشكىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ھازىر مىجىن يېزىلىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرىتارى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ باشلىغى بولۇپ ئىشلىمەكتە، سوپىتاي "قىزىلبايراق" كوپىراتىۋىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە. سوپىتاي ئەمدى تېزى بىلەن ئەمەس، پۇتىغا رېزىنكا ئۆتۈك كىيىپ، بالدۇرقىدەك ئۆرە مېڭىپ، كوپىراتىپنىڭ ئىشىنى باشقۇرىدۇ.

يېزىدىكى خەلقلەرمۇ سوپىتاي بىلەن مىجىننى ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار مىجىن بىلەن سوپىتاينىڭ ھەر بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سوزىگە ئىشىنىدۇ. مىجىن بىلەن سۇپتايلارنىڭ ئىشىگى ئالدىدىن ئۆتكەنلەر ئۇيگە كىرمەي كەتمەيدۇ. قانچىلىك ئالدىراش بولسىمۇ كىرىپ، بۇدرۇق بالىلىرىنى سۆيۈپ ئەكىلىتىدۇ.

هازىر سۇپتاي بىلەن مىجىننىڭ يېڭى سالغان ئۇيى ئەمدى كۆن نۇرىدا بولەكچە ئەكس ئېتىپ، ئەتراپى دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان هالدا ئاقىرىپ كورۇنىدۇ.

1957 — 1958 ـ يىللىرى (ئاپتور بۇ هىكايىنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان.)

ئەخمەت تۇردى

# گۇلخان

## I

ئۇنىڭ قەلبىدە چۇشىنىپ بولمايدىغان بىر رەنجىش پەيدا بولغان ئىدى، ئەجىبا، بۇ رەنجىش نەدىن ۋە كىمدىن كەلدىكىن؟......

ئۇ قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى پۇرلاپلا يانچۇقىغا تىقتى ـ دە، بۇرغىلاش سەھنىسىدىن چۇشۇپ، 40 نەچچە مېتىر ئىگىزلىكتىكى ۋىشكىغا ياماشتى، ئۇنىڭ مېتالدەك قاتتىق قوللىرى ۋىشكا بالداقلىرىنى مەھكەم قامايتتى، پۇتلىرىمۇ شۇنچە چەبدەس ئىدى. ئۇ بۇرۇن ھەر قېتىم ۋىشكا ئۇستىگە چىققاندا بويىنىنى سوزۇپ، مانا شۇ پايانسىز چول ئىچىدىن ئالىلىكمنى ئىزلەۋاتقاندەك يىراق ـ يىراقلارغا خېلىغىچە قاراپ قوياتتى، بۇگۇن ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ قەلبىگە ئېغىر رەنجىش سالغان ئاشۇ بىر ۋاراق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قەغەزدىكى توت ئىلىك خەتنى ئۇنتۇشقا، پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا بېرىشكە ھەركەتلەندى، لېكىن بۇ ئۆلگۈر خەت ھامان ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئاستا سوزۇلۇپ چىققان غايىۋانە بىر قولدەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى. ئۇ چاپىنىنى سېلىپ تاشلىدى، ھەتتا بەنجاڭ-نىڭ تووەندىن بېرىۋاتقان بۇيرۇغىنى ئاڭلىماي قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك قولاقچىسىنىمۇ ئېلىۋېتىپ، جان-جەھلى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. قۇرغاق شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئۇ ياق-تىن-بۇ ياققا چايقايتتى، يۈز-كوزلىرى خۇددى ئالمىدەك قىزىرىپ كەتتى، ئىزغىرىن شامال ئۇنىڭ ئىككى قەۋەت پوپايكىسىدىن ئوتۇپ يېگىنىدەك سانچىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قىزىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ شۇ ھالدا قانچىلىك ئىشلىگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى، بىر چاغدا بەنجاڭنىڭ قولىنى كاناي قىلىپ تۇرۇپ:

— قەيسەر، قايتىپ چۈش! روزى تۇتقان بولساڭمۇ ئىپتا قىلىدىغان ۋاقتىڭ ئوتۇپ كەتتى...... — دىگەن ئاۋازىنى غىرە-شىرە ئاڭلىدى.

ئۇنىڭ كوڭلى ھېچ نەرسە تارتمايتتى، ئۇ قاچىسىدىكى سەينى مالتىلاپ ناننى ئېرىنچەكلىك بىلەن چايناپ ئولتۇرغاندا كېرىم بۇرغا چاخچاق قىلدى:

قەيسەر، ساڭا گۈلخاننىڭ خېتى ھەپتىلىك ناشتا بوپتۇ-دە!

ئاردىن يەنە بىرسى لوقما سالدى:

—گۈلخاننىڭ خېتىنى كورۈپلا، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئاق بولاق-

تەك پارچىسى جەرەن بولاققا كەتتى.

ــ ها......ها......ها.....

كۆلكە ـ چاخچاقلار قەيسەرگە تەسىرمۇ قىلمىدى، ئەگەر بىر ـ نەچچە كۈن بۇرۇن بولىدىغان بولسا، ئۇمۇ بۇنداق چاخچاقلارغا ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ جاۋاپ بەرگەن بولاتتى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭدا بۇنچىلىك ھەۋەس يوق. قەيسەر تامغىنى چالا ـ بۇلا يەپلا سىرتقا چىقتى، يۇلغۇن بىلەن سوكسۇك قاپلىغان ئاي دالىدا بىرئاز ئايلىنىپ، ھىلىقى خەتكە يەنە كوز يۈگۈرتتى:

"قەيسەر! ــ دەپ يېزىلغان ئىدى ئۇنىڭدا قىسقىلا قىلىپ، ــ سىز كۈتمىگەن يەردىن بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن ئەمدى سىز كورگەن گۈلخان ئەمەس......مېنى ئۇنتۇپ، بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن!......"

قىزىق، قەيسەرنىڭ بەختلىك بولۇشى گۈلخان بىلەن ئۇمۇر ـ ۋايەت قوش مېغىزدەك بىللە ئوتۇشتە ئەمەسمىدى؟!......

قەيسەر كوزىنى يۇمۇۋالدى، قەلبىدە بولسا ناھايىتى ئاچچىق، ھەتتا مانا شۇ چولدىكى يانتاق بىلەن ئەمەندىنىمۇ بەتتەررەك ئاچچىق پەيدا بولدى. ئۇ گۈلخان بىلەن تونۇشۇپ ـ سىردىشىپ كەلگەن ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇزئارا بىرەر باغاقچىلىكمۇ خەت يېزىشمىغان، ئاز دىگەندە ئايدا بىرەر قېتىم ئۇچرىشىپ نېفىت شەھىرىنىڭ گۈزەل كېچىلىرىنى، جۇڭغار ۋادىسىنىڭ جۇشقۇن ھايات مەنزىرىسىنى بىللە تاماشا قىلىشاتتى، ئۇزلىرىنىڭ كەلگۈ ـ سى غايىلىرى، بەخت ـ ئىستىقباللىرى توغرىسىدا مۇڭدىشاتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئورنى

ساپ مۇھەببەتكە تولغان ئوتلۇق كوزلەر بىر بىرى بىلەن ئۇچ-راشقاندا، خۇددى توك سىملىرىدەك ئۇچقۇن چاقنايتتى، يەر قەھرىدىن نېفت پونتانلىرىنى ئېتىلدۇرۇشتا پىشقان مەزمۇت قوللار بىر بىرىنى سىقىشقاندا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئىللىق بىر ھارارەتتىن ھوزۇرلىناتتى......

لېكىن، ئەمدىلىكتە مانا بۇ خەت قەيسەرنىڭ قوللىرىنى مۇزلىتىۋاتىدۇ، بۇ مۇز ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ سوۋۇ-تۇشقا ئۇرۇنماقتا، ئۇ خەتنى بىر مىجىقلىدى-دە، تاشلىۋەت-مەكچى بولدى-يۇ، لېكىن يەنە كوڭلى قىيىمىدى، "بۇ زادى قانداق سىر؟! گۈلخان شۇنچىلىك يېنىك تۇيغۇلۇق قىز بولسا-ھە؟ ئىككى يىللىق مۇھەببەت ئىككى ئىلىك خەت بىلەن ئەخلەت ساندۇغىغا تاشلىنامدۇ؟!......"

شۇ تاپتا قەيسەرنىڭ پۈتۈن خىيالىنى ئوزى ئۇچۇن ئېغىر رەنجىش ئېلىپ كەلگەن بۇ خەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىستىگى چولغىۋالغان ئىدى.

## II

قەيسەر ئىككى كۈننى خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك مەسخۇش ئوتكۈزدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئارىلىشىپ كەتكەن مۇھەببەت بىلەن نەپرەت تۈنلىرىنى ئۇيقۇسىز، كۈنلىرىنى مەنە-سىز قىلىۋەتتى، لېكىن، ئىشقا كەلگەندە، ئۇ يەنىلا يولۋاستەك

ئىشلەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئاچچىق ھەسرەتلىرى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا سىر بولۇپ قالدى.

3 ـ كۈنى، ئۇ ئىشتىن ئەمدىلا چۈشۈپ ياتاقتا يۇيۇنۇۋاتقاندا، ئىشىكنى مۈرىسى بىلەن ئىتتىرىپ كىرگەن كېرىم بۇرغىنىڭ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ لايىغىڭنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونۇپتۇ، تەلەيلىكسەندە نېفىتچىم! ــ كېرىم بۇرغا ئېيىق شاپىلىغىدەك قوللىرى بىلەن قەيسەرنىڭ دومبىيىپ تۇرغان سۆڭگۈچمىگە يەڭگىللىگىنە بىرنى سالدى.

قەيسەر سوپۇن ماغزاپلىرى ئېقىپ تۇرغان بېشىنى كېرىمگە بۇراپ:

ــ ئۇنىڭ بېشىغا قونغان بەخت قۇشىنى سەن نەدە كوردۇڭ؟ ــ دېدى ۋە خورسىنغان ھالدا قوشۇپ قويدى، ــ ئاسماندىن تاۋار ياغسا، تۇمارلىق تەگمەيدىغان تەلەيسىز مەن......

ــ مانا ساڭا تۇمار، ــ دېدى كېرىم قولىدىكى «نېفىت گېزىتى» نىڭ يېڭى بىر نۇسخىسىنى شارتتىدا يېيىپ، ــ بۇنى قولتۇغۇڭغا ئەمەس، دەل كوكسۇڭگە ئېسىۋالساڭمۇ يارىشىدۇ.

قەيسەر يۈز ـ كوزلىرىنى ئۇ ياق ـ بۇ ياق سۈرتۈپ، كېرىمنىڭ قولىدىكى گېزىتنى ئالدى، ئۇنىڭ كوزى گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى قىزىل رەڭ بىلەن نەقىشلىق قىلىپ يېزىلغان "جەڭگەۋار بۇرغۇچى" دېگەن چوڭ ماۋزۇغا چۈشكەندە، بىر ھازاغىچە تۇرۇپلا قالدى، خەۋەر خېلى ئۇزۇن ئىدى، قەيسەر ئۇنىڭ باش

قىسمىدىكى "نېفىتلىكىمىز بويىچە قانات يايغان چوڭ بىرلەشمە جەڭگىنىڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدە، 3268 ـ قىزلار بۇرغىلاش دۇيىنىڭ بۇرغۇچىسى گۇلخان ئۇلۇم خەۋپىگە قارىماي 3000 مېتىر قېزىلىپ بولغان قۇدۇقنى ئېغىر ھادىسىدىن ساقلاپ، سەپدىشى شياۋ- لەننى قۇتقۇزۇپ، نېفىت رايونىمىزنىڭ قەھرىمان ئۇلگىسى بولۇپ قالدى......" دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغاندا، ئىختىيارسىز يۈرىكى دۇپۇلدەپ، لەۋلىرى پىر ـ پىر ئۇچۇشقا باشلىدى......

شۇ كۈنى كەچتە ياتاققا توپلانغان نېفىتچىلار ئارىسىدا گۇلخان- نىڭ ئىش ـ پائالىيىتى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر قىزىپ كەتتى، بۇ سورۇن ئۇستىگە پىشقەدەم دۇيجاڭمۇ كىرىپ قالدى. ئۇ تۇماچە ياستىۋالغان بۇرىتىنى تىلى بىلەن يالماپ قويۇپ، ھىلىقى گېزىت- نى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كورۇۋاتقان يىگىتلەرگە قاراپ دېدى:

ــ گۇلخان قىز بىزگە جەڭ ئېلان قىلدى، قېنى قايسىڭلار كېلەر قېتىمقى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر بەندىڭدا يانمۇ ـ يان ئولتۇرۇشقا ۋەدە بېرەلەيسىلەر؟

بۇ سوز خۇددى قەيسەرگە ئېيتىلىۋاتقاندەك باشقىلارنىڭ كوز- لىرىمۇ ئۇنىڭغا ئاغدى، ئۇ بىرئاز ئوڭايسىزلاندى.

دۇيجاڭ سوزىنى داۋام قىلدى:

ــ گۇلخاننىڭ روھىدىن ئۇگىنىشىمىز كېرەك يىگىتلەر، ئۇ نېفىتلىكىمىزنىڭ پەخرى!......ــ ئۇ گېزىتتىن ئوقۇغان خەۋەرگە ئۇزىنىڭ ھېسسىياتلىرىنى قوشۇپ شۇنداق ئىشتىياق بىلەن سوزلە- دىكى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىدىكى ھەۋەس ۋە ئىلھام ئوتىنى

تېخىمۇ ئۆلغايتتى. قەيسەرمۇ خېلىلا ھاياجانلاندى، بۇ ماختاشلار گويا ئۇنىڭغا تەنتەللۇقتەك پاقىراپ كەتكەن كوزلىرىدە كۆلكە شولىسى ئەگىدى، لېكىن ئۇ تاماكا خالتىسىنى ئېلىش ئۈچۈن يانچۇغىغا قولىنى سېلىۋىدى، ھىلىقى خەتكە قولى تېگىش بىلەنلا يەنە سەسكىنىپ كەتتى. ئۇ ئويچان ھالدا ساقىلى ئۆسۈپ قالغان ئۇچلۇق ئېڭىگىنى گىرەلەشكەن بارماقلىرى ئۈستىگە قويۇپ، غەمكىن كوزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئولتۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى ئۆزى ئۈچۈن تونۇش بولغان يىراقتىكى قىزلار بۇرغىلاش دۈيىسىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋىشكىلىرى ئۈستىدە ئەگىشكە باشلىغان ئىدى. قەيسەر كوزلىرىنى خىيالەن يۇمۇپ، گېزىت خەۋىرىدىكى تەپسىلاتلارنى ئويلىدى، تەپسىلاتلار بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىدا شاۋقۇن-سۈرەنلىك جانلىق مەنزىرە بولۇپ شەكىللەندى: قىزلار بۇرغىلاش دۈيى جانپىدالىق بىلەن ئىشلىمەكتە، قۇدۇق 3000 مېتىر بىخەتەر قېزىلىپ بولدى، گېولوگ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، نېفت كوزىنىڭ ئېچىلىشىغا پەقەت يۈز نەچچە مېتىرلا قالغان. قىزلارنىڭ قەلبىدە قۇدۇقنى مۇددەتتىن بۇرۇن قېزىپ، چوڭ بىرلەشمە جەڭگە سوغا قىلىش ئىستىگى ئۇرغۇيتتى، شۇڭا ئۇلار نوۋەتتىكى تۇرۇبىلارنى ئۇلاپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتكۈزدى، ئىككى قولى بىلەن تورمۇزنى قاماپ تۇتقان ياردەمچى بۇرغۇچى شياۋلەن بۇيرۇق كۈتمەكتە.

گۈلخاننىڭ بۇيرۇق ئىشارىتى بىلەن تورمۇز بوشىتىلىپ، 40 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيۋەتلىك تۇرۇبا مۇنارى ئاستا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىرىلىپ يەر قەھرىگە شۇڭغۇشقا باشلىدى......

كىرپىكلىرىدىن ماڭلاي چاچلىرىغىچە ئاپپاق قىرو باغلىغان گۈلخاننىڭ سەگەك كوزلىرى بىردە يەر ئاستى مەشغۇلاتىنى كورسەتكۈچى چوڭ قىزىل سائەتكە، بىردە نورمال سۈرئەت بىلەن قۇدۇققا چۈشۈۋاتقان تۇرۇبىلارغا قارايتتى. ئۇنىڭ كوڭلى ئىمىن تاپقاندەك شياۋلەنگە قاراپ، چەپ كوزىنى قىسىپ ئىللىققىنا كۈلۈپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭ كوزلىرىدىن باشلانغان كۈلكە زىناقلىق يۈزلىرىگە بېرىپ تارىغىچە شياۋلەننىڭ ھەركىتى جىددىي-لىشىپ قالدى. نەق شۇ چاغدا سىم ئارقان ئۇرالغان بارابان ئارقىغا يېنىپ كېتىپ، تورموزكوتىرىلىپ كەتكەن ئىدى، شياۋلەن پۈتۈن بەدىنىنىڭ سالمىغى بىلەن تورموزنى باسقان بولسىمۇ، لېكىن تورموز ئۇنى كوتىرىپ كېتىۋاتقاندەك پۇتلىرى تىپىرلاپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ "ۋاي بولمىدى......" دىگەن ئەنسىز ئاۋازىمۇ گۈلدۈرلەپ تۇرغان ماتورلار ئىچىدە غايىپ بولۇپ كەتتى. گۈل-خاننىڭ كوزى 270 گرادۇس بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ پىقىراۋاتقان سائەت ئىستىرىلكىسىدىن يوتكىلىپ، بىنورمال سۈرئەت بىلەن شۇڭغۇۋاتقان تۇرۇبىلارغا چۈشكەندە، خۇددى بېشىدا چاقماق چاققاندەك تېنى شۈركەندى، ئەگەر 50 ـ 40 توننا ئېغىرلىقتىكى بۇ تۇرۇبىلار ئاشۇ سۈرئەت بىلەن گۈلدۈرلەپ چۈشىدىغان بولسا، قۇدۇق بىلەن بىللە نۇرغۇن جازىلارنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى، ئۇ چاغدا......گۈلخاننىڭ كوزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، ئۇ ماتورخانا بىلەن سېغىزلىق ئېرىتمىدا ئىشلە-

ۋاتقانلارنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى-دە، ئۆزى تورمۇزغا قاراپ ئېتىلدى. شياۋلەننىڭ يۈزلىرى قەغەزدەك ئاقىرىپ، كوزلىرى پاقىراپلا قالغان ئىدى، گۈلخان پۈتۈن كۈچى بىلەن تورمۇزنى باستى، ئۇنىڭ قوللىرى خۇددى ئامبۇردەك تورمۇز تۇتقۇسىغا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. تۇرۇبىلارنىڭ سۈرئىتى بىرئاز ئاستىلىدى، لېكىن يەنە بىر كۈتۈلمىگەن پىشكەللىك يۈز بەردى، قاتتىق تارتىلىشتىن زورۇققان پولات ئارقان ئۈزۈلدى......

— قەيسەر، — كېرىم بۇرغىنىڭ غۇدۇدۇڭ ئاۋازى قەيسەرنى خىيالدىن سەگىتتى، — بېشىڭنى چېتىڭغا تىقىپ نىمانچە سوپۇمەلۇق قىلىپ كەتتىڭ، گۈلخانغا ئىستىقا سىلىۋاتامسەن-يە؟ قورقما پالۋىنىم، ئۇنى سەندىن ھېچكىم تارتىپ كېتەلمەيدۇ......

— ھىم...... — دېدى چاچلىرى مېتىس قوينىڭ يۇڭىدەك پاخپىيىپ كەتكەن ھاشىم دىمىغىنى قېقىپ، — ئۇ تارتىپ كەتكىلى بولمايدىغان مايتاغىنىڭ مىڭ تونىلىق ماي تۇڭىمىتى؟ قىز دىگەن كىم دان چېچىپ بەرسە، سوكۇلداپ كېتىۋېرىدىغان چۈجە.

— ھاي-ھاي! — دېدى كېرىم ئۇنىڭغا تۈمشۈغىنى ئۈشلاپ، — مۇشۇ سوزلىرىڭنى قىزلار ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، بۇدرە چاچلىرىڭنى خوراز پەيلىرىدەك يۇڭدىۋەتمىسۇن يەنە!

گاز پىلىتىسىنىڭ ئۇتىنى ئۆلغايتىۋاتقان بىر سەييۇ ئىشچىسى سوزگە ئارىلاشتى:

— ئالتۇننى كورسە پەرىشمۇ يولدىن چىقىدۇ ئاغىنىلار، گۈلـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خانىنغۇ ئۇلداق قىزلارغا ئوخشاتقىلى بولماس، ھەر ھالدا ئۇنىڭمۇ نام ـ شوھرىتى چىڭگىز تېغىدىن ھالقىپ مايتاققىچە كەتتى. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى گۈلخان ئەمەس، كوكسىگە قادالغان گۈللەر كىمنىڭ كوزىنى قىزارتمايدۇ دەيسەن، كىم بىلىدۇ، ئەتە ـ ئوگۇن كادىر بولۇپ، ئارقىسىدىن ئىس چىقامدۇ تېخى، ئۇ چاغدا بىزنىڭ قەيسەرجانمۇ "ۋاي توختىسىلا ـ توختىسىلا......"دەپ يېتىشەلمەي قالارمىكىن......

قەيسەرنىڭ خورلۇغى كەلدى، گويا گىلىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغاندەك پۈتۈن بەدىنى جىزىلداپ كەتتى، بۇرۇنقى چاغلار بولىدىغان بولسا، ھاشىمنىڭ شۇ سوزى ئۇچۇن پاخپىيىپ تۇرغان چېچىدىن قاماپ تامغا ئۇستۇرۇۋەتكەنمۇ بولار ئىدى، بىراق بۇ سوزلەر ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ئۇچۇن تېپىشماق بولۇپ يۈرىگىنى ئورتەۋاتقان خەتنىڭ سىرىنى يېشىۋەتكەندەك بولدى...... ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، ئۇندىمەستىن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

كەچ كۈزنىڭ قۇرغاق شامىلى سوقۇپ تۇراتتى، ماتورلار گۈ-رۈلدەپ، ۋىشكىلار كوك تىرەپ تۇرغان بۇ كەڭ جۇڭغار ۋادىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ تار بىلىندى، ئىككى يىلدىن بۇيانقى مانا شۇ نېفىت شەھىرىدىكى مۇھەببەتلىك خاتىرىلەر ئەسكە چۈشتى...... خاتىرى-لەر بارغانسېرى ئۇسمەكتە، ئىگىز، باراقسان، نەپىس گۈللەر بولۇپ ئېچىلماقتا، شوخ شامالغا ئارىلىشىپ خۇش پۇراق چاچماقتا......

قەيسەرنىڭ كوزىگە ئەنە شۇ گۈللەرنى ئارىلاپ كېلىۋاتقان

گۈلخان كورۈنگەندەك بولدى، لېكىن ئۇ بۈرۈنقى گۈلخان ئەمەس، بېشىدا ناۋات رەڭ ھەلىلە ياغلىق، ئۈستىدە لىغىلداپ تۇرغان پىلاتا-يوپكا، پۇتىدا ئىگىز ئوكچىلىك مىغىززەڭ ئاياق، قولىدا بولسا كادىرچە سومكا...... ئۇ ئۈستىتۈۋېشى ماي بىلەن لايىغا مىلەنگەن قەيسەرنى كورۈپلا بېشىنى بىر سىلكىپ چەتكە بۇرالدى-دە، ئاللىقانداق بىر ناتونۇش كولەڭگۈ تەرەپكە قاراپ كەتتى......

قەيسەر گويا بىرسى يۈرىگىنىڭ ئۈچىغا چۆۋىق بىلەن ئۇرغاندەك سىلكىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا شاخاراپ كەتكەن بىر توپ يۇلغۇن تۇراتتى. ئۇ يانچۇغىدىكى خەتنى ئالدى-دە، ”ۋاپاسىز!“ دىگىنىچە مىجىقلاپ-مىجىقلاپ تاشلىۋەتتى، خەت پىلدىرلاپ بېرىپ يۇلغۇن شاخلىرى ئارىسىدا غايىپ بولدى......

## III

قەيسەر دەم ئېلىش كۈنىگە بارماق ساناپ دىگۈدەك ئۇلاشتى. ئۇ ئەتىگەنلىكى ياتاقداشلىرى تېخى تۇرمىغان چاغدا يۇيۇنۇپ، ئازراقلا ناشتا قىلدى-دە، تۇرۇبا توشۇۋاتقان ماشىنىلارنىڭ بىرىگە ئولتۇرۇپ، جەرەن بۇلاققا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ بۈگۈن گۈلخان بىلەن سوزلىشىپ، يۈزتۇرانە ئىككى ئېغىز گېپىنى قىلىپلا ئارىنى ئۈچۈق قىلىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. چەكسىز چول باغ-رىدا شامالدەك تېز ئۈچقان ماشىنا بىر پەستە ئۇنى 100 نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىلومېتىرلىق مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويىدى.

ئەنە قەيسەرنىڭ كوزىگە يىراقتىنلا 3268 ـ قىزلار بۇرغىلاش دۈيىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋىشكىسىمۇ كورۈندى، كىم بىلىدۇ. گۈلخان ھازىر ئەنە شۇ ۋىشكىنىڭ ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپ، قەيسەرنى كورۈپلا يۈزىنى چەتكە بۇرۇۋالغاندۇ!......

قەيسەرنىڭ قەدىمى ئاستىلىدى، راستىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا دۈپۈلدەشكە باشلىغان ئىدى، بۇ دۈپۈلدەش ھاياجاندىنىمۇ ياكى خورلۇق ئەلەمدىنىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر قىز كېلىپ قالدى، قەيسەر ئۇنى تونۇدى، ئۇمۇ شۇ بۇرغىلاش دۈيىنىڭ تېخنىكى قايشا ئىدى. ئۇلار قىسقىچە پاراڭلاشتى، قىز دەم ئېلىش ئۈچۈن يۇرتىغا بېرىپ ئاخشام كەپتۇ، بۈگۈن سەپداشلىرى بىلەن كورۈشۈش ئۈچۈن ئىش مەيدانىغا كېتىۋاتقان ئىكەن. بۇ ئۇچرىشىش قەيسەرگە خوپ كەلدى، ئۇ ئەتىگەن يانچۇقىغا سېلىۋالغان كىچىككىنە تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ:

ـــ ئالدىراپ تۇرىمەن، بۇنى گۈلخانغا بېرىپ قويسىڭىز، ئاۋارە قىلدىم......ـــ دېدى ـ دە، تېزلا ئارقىغا ياندى.

* * *

كوركەم تاڭ شەپىقى سەھەرنىڭ سۈس تۇمانىنى قىزىللىققا پۈركەپ، كەڭ دەرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ ئازادە ياتاقنى تېخىمۇ يورۇتىۋەتكەن ئىدى. گۈلخان ياستۇققا يولىنىپ ئولتۇرۇپ كىتاپ كورۈۋاتاتتى.

"تاك ـ تاك" چېكىلگەن ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى بولدى، ئىشىك قىيا ئېچىلىپ قايشانىڭ يېرىم گەۋدىسى كورۇندى ۋە ئۇ هاياجانلىق بىلەن ۋاقىرىۋەتتى.

ـ گۇلخان!......

ئۇلار قۇچاغلىشىپ كورۇشتى. قايشا ئۇنىڭ داكا بىلەن تېڭىلغان يۈز ـ كوزلىرىگە، قاتمۇ ـ قات بېنتلار بىلەن ئورىۋەتكەن سول قولىغا قارايتتى، قارىغانسېرى كوزلىرىدە قانداقتۇ بىر ئېچىكى ئازاپىنىڭ كەلگۇسى ئەگىيتتى، لەۋلىرى لىپىلداپ، ئەگىم قاشلىرى بىر بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. گۇلخان ئۇنىڭ قىياپەتىدىكى ئوزگىرىشنى سەزدى ئەتىمالىم، ئۇ تەبىي خوش پېئىللىغى بىلەن قايشانىڭ دىققىتىنى بۇرىدى.

ـ قارىڭا قايشا، پۇتۇنلەي ياخشى بولۇپ كەتتىم، دوختۇرلارمۇ بىرنەچچە كۇندىن كېيىن چىقىپ كېتىشىمگە قوشۇلدى، ـ ئۇ قوللىرىنى، پۇتلىرىنى ئوزىچە هەركەتلەندۇردى ۋە بىردىنلا بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك، ـ ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، ئويدىكىلىرىڭىز تېچلىقمىكەن؟ ياخشى دەم ئېلىپ قايتقانسىز؟ ـ دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن سوئاللارنى ياغدۇردى.

ـ هەممىسى ياخشى، سىزگە كوپ سالام ئېيتتى، ـ دىدى قايشا ۋە هاياجانلىق بىلەن بىر تىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، ـ گۇلخان كوپ جاپا چېكىپسىز، لېكىن قان بەدىلىگە كەلگەن بۇ قۇدۇق ئەجرىڭىزنى بىكار كەتكۈزمەپتۇ، هازىر ئۇنىڭدىن سوتكىسىغا 80 توننا ماي چىقىۋاتىدۇ.

گۈلخان ھاياجانلاندى، كېچە ـ كۈندۈز تىنىمسىز ئېقىپ چىقىۋاتقان نېفىت شاقىراتمىلىرىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈكىرىگەندەك بولدى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا ھوزۇر بېغىشلايتتى، ئۇ نېپىز لەۋلىرىنى ھىمىرىپ كۈلۈپ قويدى.

ــ شىياۋلەن ياخشىمۇ؟

گۈلخاننىڭ سوئالى قايشانىڭ ئېسىگە شىياۋلەننىڭ تەسىرلىك سوزلىرىنى قايتا سالدى. قايشا كەلگەن كۈنىلا شىياۋلەن ئۇنىڭغا كوز يېشى ئىچىدە مۇنداق دىگەن ئىدى: "ئەگەر گۈلخان مېنى ئۇز گەۋدىسى بىلەن توسۇۋالمىغان بولسا، مەن ئاللىقاچان ئۇزۇلگەن پولات ئارقاننىڭ يېمى بولۇپ كەتكەن بولاتتىم...... بىراق، گۈلخان مېيىپ بولدى......"

دەرۋەقە، گۈلخان مېيىپ بولغان ئىدى، پولات ئارقاننىڭ چۇۋۇلغان سىملىرى خۇددى ئوقيادەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈز ـ كوزلىرىدىن قان جىرغاتتى، سول قولىنىڭ بارماقلىرىنى بولسا قىلىچتەك ئۈزۈپ تاشلىغان ئىدى......

ئۇلار خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى، قايشا ئەمدى قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە تۇيۇقسىزلا گۈلخانغا بۇرۇلۇپ:

ــ ئاپلا......ــ دىدى تاڭلىيىنى چېكىپ، ــ قاراڭا، سىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئامانەتنى ئۇنتۇغىلى تاس قاپتىمەن، ــ ئۇ كىچىككىنە قەغەز بوپىنى گۈلخانغا سۇنۇۋېتىپ قوشۇپ قويدى، ــ ئامانەتنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىدىم، ئۇ چاغدا مەن سىزنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقانلىغىڭىزنى نەدىن بىلەي.

قايشا خوشلىنىپ چىقىپ كەتتى. گۈلخان تۈگۈچنى ئالدىراپ يەشتى، ئۇنىڭ ئالقىنىدا ئۆزى ئۈچۈن تونۇش بولغان ئىككى نەرسە تۇراتتى. گۈلخاننىڭ قوللىرى تىترەپ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشى ئۆزىگە ئاڭلانغاندەك بولدى. گۈلخان ۋىشكا ئالدىدا تۇرۇپ چۈشكەن مانا شۇ 4 سۇڭلۇق رەسىمى بىلەن ماۋۇ كەشتىلىك ياغلىقنى تېخى بىر يىل بۇرۇن قەيسەرگە مۇھەببەت يالدامىسى قىلغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئالقىنىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ياغلىقنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان باغاقچىلىق خەتنى شۇۋىرلاپ ئوقۇدى: "ماڭا بەخت تىلىگەنلىگىڭىز ئۈچۈن كوپ رەخمەت! سىزنىڭ كوكسىڭىزگە قادالغان شەرەپ گۈلىنىڭ تىكىنى كوزۇمگە سانچىلار دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن، خەير!...... سىزنىڭمۇ ئوز خالىغىنىڭىز بىلەن بەختلىك بولۇۋېلىشىڭىزنى تىلەيمەن!......

قەيسەر"

گۈلخاننىڭ ئېقى بىلەن قارىسى روشەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان نۇرلۇق ۋە خوشال كوزلىرى بىردىنلا مۇڭلىنىپ تۇمانلاشتى، ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دەرىزە ئالدىغا كەلدى، جەينىگى بىلەن دەرىزە تەكچىسىگە يولىنىپ، تەرلەپ قالغان ئەينەكنىڭ نەم يۈزىگە ماڭلىيىنى تىرەپ ئويغا كەتتى......"نىمە ئۈچۈن ھەممىنى ئوچۇق يازمىدىم......ئۇ ئازاپلىنىپتۇ، ئەمدى يېزىشىم كېرەك. كىممۇ ئوزىنىڭ ياخشى كورگەن كىشىسىنىڭ بەختسىز بولۇشىنى خالايدۇ!؟ قەيسەر ياخشى يىگىت، لېكىن

ئەمدى مەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى بەختلىك قىلالمايمەن! ئۇ ئۇزىگە ئوخشاش ساغلام بىر قىزنى يار قىلىشى كېرەك......"

لېكىن گۇلخان ئۇزىنىڭ مېيىپ بولغانلىقىغا قىلچە زارلىنىش ھىس قىلمايتتى، ئۇنىڭ مۇھەببەت ھەم بەختى ئەنە شۇ كېچە-كۇندۈز گۈرۈلدەپ تۇرغان بۇرغا ۋىشكىلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئايلىنىشىغا قوشۇلۇپ، نېفىت پونتانلىرىنىڭ شاقىرىشىغا ئارىلە-شىپ، بۇ كەڭ نېفىتلىكنىڭ گۈزەل كېلىچىكى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن ئىدى......

# IV

قەيسەرنىڭ كوزى بىر نۇقتىغا مىقتەكلا قادىلىپ قالدى، ئۇ نىمىگە شۇنچە قارايدىغاندۇ؟......

ئۇ كىنوخانىنىڭ دەم ئېلىش ئويىدىكى ئەينەك جاھازلىق شەرەپ تاختىسى ئىچىدىن گۇلخاننى تېپىۋالغان ئىدى. ئەنە، بېشىغا قولاقچا، ئۇستىگە نېفىتچىلارنىڭ شىرىق چاپىنىنى كىيە-ۋالغان گۇلخاننىڭ سول كوكسىگە قىزىل گۇل تاقالغان، خۇددى باھار ئەترىسىدەك پورەك ئېچىپ تۇرغان بۇ گۇل ئۇنىڭغا خويمۇ ياراشقان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئوز ۋاقتىدا قەيسەرنى خۇماداتـ-قان گۇلگۇن چىرايى بىلەن ئوماق كوزلىرىگە قانداقتۇ بىر نەرسە سايە تاشلاپ تۇمانلاشتۇرۇۋەتكەندەك بىلىنەتتى......

قەيسەر ئاستا كوزىنى يۇمدى، ئۇ گۇلخاننىڭ ئوكتەبىر

كۆنىدىكى باغ سەيلىسىدە ئۆزى ئۆچۈن شۇنچە يېقىملىق ۋە ئىپپەتلىك كۆرۈنگەن ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى......

كىنوخانا ئىچىدىكى لابا جاراڭلاشقا باشلىدى، دىكتور قىزنىڭ خۇش نەپەس ئاۋازى يەنە گۈلخاننى مەدھىيىلىمەكتە ئىدى: "يېڭى ئۈزۈن سەپەر مىڭلىغان يېڭى قەھرىمانلارنى ياراتماقتا، بۇ قەھرىمانلار سانائەتنىڭ قېنى بولغان نېفىت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۆزىنىڭ ھالال تەر، ساپ قانلىرىنى تۆكۈپ، 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزرەك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشماقتا. 3268 - بۇرغىلاش دۈيىسىنىڭ بۇرغىچىسى گۈلخان بىر مېتىرى نەچچە يۈز يۈەن بىلەن قېزىلغان 3000 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقنى جىددى ھادىسىدىن ساقلاپ، دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن......"

جاراڭلىق ئۇرۇلغان قوڭغىراق ئاۋازى قەيسەرنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇ تۇرغان ئورنىدا بىر ھازاغىچە مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن بۇنداق ماختاشلارغا نىسبەتەن قاتتىق ھەسەت قوزغالغاندەك بولدى......

قەيسەر كۇلۇپ ئىچىگە كىرگەندە، كىنو يېڭىلا باشلانغان ئىدى، ئۇ قولىدىكى بېلەتنىڭ نومۇرى بويىچە تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئورنىنى ئاران تېپىپ ئولتۇرۇشىغا بىرسىنىڭ:

— قەيسەرمۇ سىز؟ — دېگەن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

قەيسەر يېنىغا قارىۋېدى، باشقارما ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئاتىكەم ئىسىملىك جوگاننىڭ تونۇش چىرايىنى كوردى، ئۇلار بىر يۇرتلۇق بولۇپ، پات-پات ئىزلىشىپ تۇراتتى. دەل شۇ پەيتتە "قەيسەر" ئىسمى چىقىش بىلەن بۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان بىرسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن لاپ قىلىپ ئارقىغا بىر قارىدى-دە، ئېغىر خورسىنىپ جىم بولدى......

— مانا قاراڭ، ئىشلار شۇنچە ئالدىراشكى، سىز بىلەن كورۇشمىگىلىمۇ نەچچە ئايلار بوپتۇ، — دېدى قەيسەر ئۇكۇنگەندەك ئۇھ تارتىپ ۋە نېرى-بېرى تېپچىلىق سوراشتى.

— بەكمۇ كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىز، — دېدى ئاتىكەم ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — بۇرۇن باشقارمىدا ئانچە-مۇنچە كورەتتىم.

— ھازىر دالىدا ئىشلەۋاتىمىز، ئاق بۇلاقنىڭ نېرىسىدىكى غىلاڭ سايىدا دەڭا. پۇتۇن بىساتىمىز بىلەن كوچۇپ كەتتۇق.

مىنۇت ئارىلىقىدا يېنىپ ئوچكەن چىراق يورۇقىدا قەيسەر ئۇزىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان بىرسىگە قىزىقىپ قاراپ قالدى، ئۇ ئاغزىغا ماسكا تاقىغان، قولىغا ئاپپاق يىپ پەلەي كىيىۋالغان ئىدى، ئەگەر ئۇنىڭ چەمبىرەك قىلىپ تۇگۇۋالغان قويۇق چاچلىرى كوزىگىچە چوكۇرۇپ كىيىۋالغان قۇلاقچا ئاستىدىن چىقىپ تۇرمىغاندا ئۇنىڭ ئاياللىقىنىمۇ پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. "قىزىق، نىمانچە چۇمپەردە ئىچىگە ئورىۋالغان-ھە؟" ھەيرانلىقتا كوڭلىدىن ئوتكۇزدى قەيسەر ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن

تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويائتتى.

ئاز جىملىقتىن كېيىن قەيسەر بېشىنى ئاتىسىكەم تەرەپكە قىيسايتىپ سورىدى:

ــ قىزلار بۇرغىلاش دۇيىدىكى گۇلخاننى تونۇيدىغانسىز؟

ــ تونۇيمەن، نىمىشقا تۇرۇپلا بۇ ئىسىم ئېسىڭىزگە كېلىپ قالدى؟ ــ قىزىقىپ سورىدى ئاتىسىكەم. ــ ئىكراندىكى تۇنەنى كورۇپ سىزمۇ گۇلخاننى ئەسلەۋاتامسىز ـ يە؟

قەيسەرنىڭ ئالدىدىكى ھىلىقى ماسكا تارتقان تونۇش قىز قۇلاق تۇۋىگە يېيىلىپ چۇشكەن چېكە چاچلىرىنى ئارقىغا قىستۇرۇپ، بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يولەنچۇكىگە تىرىدى......

ــ ياقەي...... ــ دىدى، قەيسەر يۇرىگىنىڭ دۇپۇلدىشىنى ئاران بېسىپ، ــ يېقىندا گېزىتتىكى ئىش ئىزلىرىنى ئوقۇغانتىم، ئاڭلىسام باشقارمىغا كادىر قىلىپ ئوستۇرۇپتۇ دىيىشىدۇ.

ئاتىكەم ئىكراندىن كوزىنى ئالماي ئاستا سوزلىدى:

ــ ئۇ مېيىپ بولغان ئىكەن، باشقارمىغا يوتكەپ مۇۋاپىق ئىش بەرمەكچى بوپتۇ، بىراق گۇلخان "بۇرغىلاش دۇيى مېنىڭ ئائىلەم، قۇدۇق بېشى ياتىغىم، ئومۇر بويى ئۇ يەردىن ئايرىلـ مايمەن!" دەپ گەپنى ئۇزۇۋېتىپتۇ.

ــ مۇنداق دەڭ!...... ــ قەيسەر لەۋلىرىنى تامشىپ قويىدى ۋە ئاخىرىدا ھودۇقۇپ سورىدى، ــ مېيىپ بوپتىكەن دەمسىز؟

قەيسەرنىڭ خېلىغىچە دىمى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كوز ئالدىدا ھىلى كورگەن گۇلخاننىڭ رەسىمدىكى تۇمانلىق

غەلتە سايىلار يەنە ئۇچۇشقا باشلىدى......

— سىزمۇ گۈلخاننى ئوبدان تونۇيدىغانسىز؟

ئاتىكەمنىڭ سوئالى قەيسەرنى بىرئاز تەمتىرىتىپ قويدى، ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ:

— ھازىر ئۇنى كىم تونۇمايدۇ دەيسىز؟ مەنمۇ تونۇيمەن، لېكىن تازا بىلمەيمەن! — دېدى قەيسەر ۋە مەنىلىك قىلىپ قوشۇپ قويدى، — بىر ئادەمنى بىلىش ئۈچۈن بىر تاغار تۇزنى بىللە يېيىش كېرەك ئىكەن.

— گۈلخان بىلەن بىر ئەمەس، بىر ئۆمۈر بىللە تۇز يېسىمۇ ئەرزىيدىغان قىز...... — دېدى ئاتىكەم ۋە يەنە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى سۆزلىمەكچى ئىدى، بىراق تاماشابىنلارنىڭ پاراقىقىدە كۈلكىسى ھەر ئىككىيلەننىڭ دىققىتىنى ئېكرانغا تارتتى.

پاۋول كورچاگىننىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى جانلىق، خىلمۇ-خىل ۋەقەلەر ئۇلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى، ئۇلار ھاياجانلىناتتى، كۈلۈشەتتى ۋە بەزىدە تەسىرلىنىپ تاڭلىيىنى چاكىلدىتاتتى. بولۇپمۇ تونىنىڭ ھىلىقى چوشقىدەك سولەتمەن ئېرى بىلەن پاۋېلغا ئۇچراشقان چاغدىكى كورۇنۇشلىرى تەسۋىرلەنگەندە قەيسەر ھاياجاندىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

— ۋاھ!...... ئەجەپ باپلىدى-دە! — ئۇ پاۋولنىڭ تونىگە قىلغان مەردانە سۆزلىرىدىن زوقلانغان ئىدى، — تونىدەك ۋاپاسىز قىزلار بىزدىمۇ ئاز دەمسىز؟! ئۇنىڭ تۇمشۇغى ئاق بولغان بىلەن كۆڭلى قارا! — قەيسەر ئېغىر خورسىنىپ قويدى. بۇ چاغدا ھىلىقى

ماسكا تارتقان تونۇش قىزمۇ بېشىنى يەڭگىل سىلكىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى، قەيسەر بۇنى ئاڭلىدى، ئۇزى ئۇچۇن ھىسداش-لىق قىلىۋاتقاندەك بىلىنگەن بۇ روھىي ھالەت بۇ قېتىم ئۇنىڭغا خېلىلا يېقىملىق تۇيۇلدى......

ئاتىكەم نارازى بولغاندەك قەيسەردىن سورىدى:

— ئەرخەقلەر ھە دىسە گۇنانى قىزلارغا ئارتىپ، ئۇزەڭلارنىڭ قانىتىغا قان تەككۈزمەيسەلەر، ئېيتىپ بېقىڭا، ئەگەر پاۋىلنىڭ ئورنىدا تونە بولۇپ، پاۋىل ئۇنى ئاشۇنداق ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالسا قانداق بولار ئىدى؟

— پاۋول ئۇنى بېشىغا تاج قىلىپ قىساتتى دەڭا! چۇنكى ئۇ مەنىۋى گۇزەللىكنى ياخشى كورىدۇ، راست ئەمەسمۇ چىراي دىگەن تويدا كېرەك، مۇھەببەت بولسا كۇندە!

قەيسەر بۇ سوزلەرنى شۇنچە سەمىمى ھىسسىيات بىلەن ئېيتتىكى، شۇ سوز بىلەن ئۇزىنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىق ئىپادىسىمۇ بىر دەملىككە ئاللىقاياقلارغا غايىپ بولدى.

— يۇرەكتىن نىمە چىقسا، پەقەت شۇنىڭ ئۇزىلا يۇرەككە ياقىدۇ، — دىدى ئاتىكەم قايىل بولغاندەك قىلىپ، — مانا سىزدىن خېلى تۇز تەمى بار گەپنى ئاڭلىدىم، سىزگە رىسقى چۇشكەن قىزنىڭمۇ تەلىيى ئوڭ كەلگۇدەك......

كىنو ئاخىرلاشتى، قەيسەر ئاتىكەم بىلەن خوشلىشىپ كىنو-خانىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. ئۇ كوڭلىدە ئاتىكەمنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئەسلەپ ئويلىناتتى، تۇرۇپلا يەنە ئۇنىڭ كوز ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھىلىقى ماسكا تارتقان قىز گەۋدىلىنەتتى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشى ۋە بەزىدە ھاياجانلىنىپ نەپەس ئېلىشى، بولۇپمۇ كىنو ئاخىرلاشقاندا، ئارقىغا بۇرىلىپ قەيسەرگە تىكىلىشى...... ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭ كوز ئەينىكى بولمىغان بولسا، قەيسەر ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ئۇزى ئۇچۇن سىرلىق بولغان مەنىلەرنى كورگەن بولار ئىدى، ئەپسۇسكى......

ـــ قەيسەر!......

ئارقا تەرەپتىن چىققان بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى بولدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىۋېدى، كىنوخانىدىكى ھىلىقى ناتونۇش قىزنىڭ ئۇزىگە قاراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىغىنى كورۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ماسكىنى يەشتى، قارامتۇل كوز ئەينىكىنى ئالدى.

ـــ گۇلخان!......

قەيسەرنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇزى ياخشى كورگەن قىزنىڭ بىر چاغلاردىكى چىرايلىق يۇزى بىلەن كۇلۇپ تۇرىدىغان تۇيغۇن كوزلىرى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن ئوڭ كوزىنى بېسىپ تاكى مەڭزىگىچە سوزۇلۇپ چۇشكەن ئىنچىكە بىر تاتۇق روشەن كورۇنۇپ تۇراتتى، بىر قارىماققا ئوڭ كوزىمۇ سەل قىسىلىپ قالغاندەك ئىدى.

ـــ قەيسەر، مەن ھەممىنى ئۇچۇق يېزىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن سىزنى ئايايمەن دەپ ئازاپلىدىم......ـــ گۇلخانىنىڭ سوزلىرى شۇنچە يېقىملىق ۋە خۇددى كوزلىرىگە ئوخشاش سەممى ئىدى، ـــ مەن مېيىپ بولدۇم، ئەمما بۇ مېنىڭ ئىنقىلاپ قىلى-

شمغا قىلچىمۇ تەسىر قىلالمايدۇ. لېكىن...... لېكىن بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز، كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز، ياق-ياق...... مەن ئەمدى سىزگە لايىق ئەمەس. سىزگە يەنىلا بەخت تىلەيمەن!......

— گۈلخان!...... — قەيسەرنىڭ ئاۋازى دولقۇنلۇق ئىدى. — گۈلنى سۆيگەن ئادەم تىكىنىنىمۇ سۆيىدۇ!

قەيسەر ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇ قەلبىدىكى پۈتۈن ھىس-تۇيغۇسى بىلەن ئارزۇ-ئىستىكىنى مانا شۇ بىر جۈملە سۆزگە يىغقان ئىدى.

گۈلخاننىڭ يۈزلىرى نەقىشدار ئالمىدەك پاقىراپ، مېغىزرەڭ قاتما قوللىرى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ماسكىسى بىلەن كوز-ئەينىكىنى يەنە تاقىماقچى بولۇۋېدى، لېكىن قەيسەر:

— تاقاپ نىمە قىلىسىز؟ ئارتۇقچە يۈكقۇ، — دەپ سىرلىق كۈلۈپ قويىدى.

— دوختۇرنىڭ بۇيرۇغى ئىدى، قايتا يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرنەچچە ۋاقىت تاقاش كېرەك ئىكەن. مەيلى، ئەمدى سىزنىڭچە بولسۇن، — دىدى گۈلخان ماسكا بىلەن كوز ئەينىكىنى يانچۇغىغا سېلىپ.

قەيسەر گۈلخاننىڭ سول قولىنى ئالقىنىغا ئالدى. بۇ قول گەرچە بارماقسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئوتلۇق ھارارەت ئاللىقاچان قەيسەرنىڭ يۈرىگىگە بېرىپ، ئۇنىڭ دۈپۈلدىشىنى تېزلىتىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار قوللىرىنى ئەنە شۇنداق زىچ گىرەلەشتۈرۈپ، مۇھەببەتنىڭ لەززەتلىك ئەللەيلىشىدە قىيغىتىپ

www.uyghurkitap.com

مېڭىپ، تالاي قېتىملىق يۈرەك سىرلىرىنىڭ شاھىدى بولغان باغچىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاسمانغا ئايمۇ چىقتى، ئۇ خۇددى كۆمۈش ھالقىدەك ھەيۋەتلىك چىڭگىز تېغىنىڭ ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى، قەيسەر گۈلخاننىڭ ئاي نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان يۈز-لىرىگە قارىدى، شۇ چاغ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كېرىم بۇرغىنىڭ "ئۆستەڭ يارىشىغى تال، قىزنىڭ يارىشىغى خال" دېگەن سوزلىرى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى.

راست، نىمە دېگەن يارىشىملىق خاللار ـ ھە؟! بۇ پەقەت ئاددى خاللا ئەمەس، بەلكى بارلىق مۇھەببەتلەرنىڭ جەۋھىرى بولغان يۈكسەك بىر مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس يالدامىسى ئىدى......

1979 ـ يىل يانۋار، قاراماي.

ئەخمەت ھاشىم

# ياۋا سادىق

تىراكتور توختىماي ئۈچ سائەت ماڭغاندىن كېيىن، يىراقتىنلا بۈك ـ باراقسانلىق ئىچىدە قەد كۆتىرىپ تۇرغان قاتار ـ قاتار ئاپپاق ئۆيلەر خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شامال باھار پەيزىگە چۆمگەن يېزىنىڭ خۇش بۇي ھىدىنى دىماقىمغا ئۇرغاندا، يۈرىگىم ھاياجاندىن دۈپۈلدەشكە باشلىدى. مەن بۇ قەدىناس يېزىنى قايتا كۆرۈشنى قاچاندىن بېرى ئارزۇ قىلغان ـ ھە؟! سېغىنىش، تەلپۈنۈش بىلەن ئۆزۈن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مانا بۈگۈن ـــ 28 يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇخبىرلىق ئىشى بىلەن يەنە كېلىۋا- تىمەن!......

تىراكتور ياپ ـ يېشىل ئورمان بەلۋاغلىرى بىلەن تولغان كۆكجۇم يېزىغا كىرىپ كەلدى. مەن تىراكتورچى بىلەن خوشلىشىپ، ئالدى پىشايۋانلىق، دەرىزە ئەينەكلىرى كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان ئەترەت ئىشخانىسىغا كىرگىنىمدە،

قانداقتۇ بىر جەدۋەللەرنى سىزىپ ئولتۇرغان 18 ـ 19 ياشلاردىكى كاتىپ يىگىت مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قىسقىچە ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، دادۇي مەسئۇللىرىنى سورىدىم.

ــ ھەسەن سېكرېتار تۈنۈگۈن دەريا بويىغا ــ چارۋىچىلىق دۈيىگە كەتكەن، ــ دېدى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ بۈگۈن كېلەلمەسمىكىن، چوڭ ئەترەت باشلىقى قادىر ئەزالار بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ، چاقىرىپ كېلەيمۇ؟

مەن سائەتمگە قارىدىم. ئىشتىن چۈشۈشكىمۇ ئاز قاپتۇ.

ــ بولدى ئۇكام، ئاۋارە بولماڭ. ئىشتىن چۈشكەندە كۆرۈشسەممۇ بولىدۇ. ئاڭغىچە تالا ـ تۈزنى ئايلىنىپ كىرەي.

مەن ئىشىك ئالدىغا چىقتىم. يىراقتا ــ ياپ ـ يېشىل مايسىلار ئارىسىدا ئالا ـ يېشىل كىيىملەرنى كىيىشىپ، قىزغىن ئەمگەك قىلىۋاتقان ئەر ـ ئايال ئەزالار ماڭا خۇددى رەڭمۇ ـ رەڭ ئېتىز گۈللىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەتراپقا ھەۋەس بىلەن قاراپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتكەن كوۋرۈككە كەلدىم. سېمونت بىلەن ياسالغان بۇ كوۋرۈك ناھايىتى چىرايلىق ھەم مەزمۇت ئىدى. ئۇستەڭدە شاقىراپ سۇ ئېقىۋاتاتتى. مەن بېشىمنى كۆتىرىپ، يىراقلارغا كۆز تاشلىدىم. مېنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرۇۋاتقان نەرسە يېزىنىڭ يېڭى ئۆيلىرى، كەڭ ئازادە كوچىلىرى ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشتە يانتاق، ياۋا كەندىر، يۇلغۇن شاخلىرى، بىر بىرىگە گىرەلىشىپ چىرمىشىپ

كەتكەن قېرى توغراقتىن باشقا نەرسە كورۈنمەيدىغان بۇ
قۇملۇقنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ياپ-يېشىل بوستانلىققا ئايلانغان-
لىغى ئىدى. پاھ، بۇ يەر نىمانچە گۈزەللىشىپ كەتكەن-ھە!
بۇرۇن مەن كورگەن تارىم يېزىسى مۇشۇنداقمىدى؟...... كوز
ئالدىمدا بىردىنلا 28 يىل ئىلگىرىكى يېزىنىڭ قىياپىتى پەيدا
بولدى......

تەكلىماكان قۇملۇغىنىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان بۇ يېزا
ئۇ چاغدا بىر چول-باياۋان ئىدى. جۇغ-جەمى ئارانلا يەتمىش،
سەكسەنچە تۈتۈن بار بۇ يېزىنىڭ چېگرىسى ئۈچ ناھىيە بىلەن
تۇتىشاتتى. قاياققا قارىسىڭىز كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان چاتقال-
لىقلار بىلەن سۈرلۈك قۇم بارخانلىرى كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.
بىرلا بوران چىقىدىغان بولسا ئورمانلار قورقۇنچلۇق گۈرۈلدەپ،
قۇملار ۋىژىلداپ ئۇچاتتى، ئۇ چاغدا ئاسمان بىلەن يەرنى
پەرق ئېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يېزىنىڭ بىردىن-بىر
ھوكۈمرانى خىزىر دىگەن زومىگەر بولۇپ، پۈتۈن كەمبەغەللەر
ئاشۇ زومىگەر ئۈچۈن ئىشلەيتتى. ئۇلار ھىچ نەرسىگە ئىگە
بولالماي ئالەمدىن ئوتكەن......

بالىلارنىڭ جاراڭلىق ناخشا ئاۋازى خىيالىمنى بولۇۋەتتى.
مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىكى
رىشاتكىلىق مەكتەپتىن قىزىل گالىستۇك تاقىغان بالىلار چىراي-
لىق تىزىلىپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىپ يەنە

نۇرغۇن يەرلەرنى ئايلاندىم، پەقەت ئەزالار ئىشتىن قايتقاندىن كېيىنلا چوڭ ئەترەت ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي مۇرىسىدە كەتمىنى بار، 50 ياشلار چامىسىدىكى شاپ بۇرۇت، قاۋۇل بىر ئادەم ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. بۇ چوڭ ئەترەت باشلىقى قادىر ئاخۇن ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن كورۇشكەندىن كېيىن، دولىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەرگە خەۋەر يېزىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى ئېيتقاندا، ئۇ ناھايىتى خوشال بولۇپ:

— قارشى ئالىمىز. سىلەردەك قەلەمكەشلەرنىڭ بۇنداق چەت يېزىمىزغا كېلىشى ئاسان ئەمەس، — دىدى ۋە ئورۇندۇقنى مەن تەرەپكە سۈرۈپ كېلىپ، — ئىلگىرى بۇ يەرگە كەلگەنمىدىڭىز؟ — دىدى.

— بۇرۇن بىر قېتىم كەلگەن، — دىدىم ۋە ئۇنىڭغا خېلىغىچە سىنچىلاپ قارىدىم، لېكىن زادىلا تونۇيالماي ئاخىرى سورىدىم:

— قادىر ئاكا، سىز ئەسلى مۇشۇ يەرلىكمۇ؟

— ھەئە. ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ تارىمدا چوڭ بولغان.

— دادىڭىز كىم؟

— مۇسا چورۇق.

— مۇسا چورۇق؟ ۋاي، سىز مۇسا ئاكامنىڭ ھىلىقى تەمبۇرچى ئوغلى قادىرمۇ؟

چوڭ ئەترەت باشلىقى ھەيران بولۇپ ماڭا قاراپ كەتتى-دە، ئالدىراپ سورىدى:

— سىز...... ئىسمىڭىز نىمە؟
— ئىسمىم يۈسۈپجان. يەر ئىسلاھاتىدا مەن مۇشۇ يەردە بولغان ئەمەسمۇ؟
— ۋۇي، سىز ھېلىقى شاكىچىك كادىر يۈسۈپجانمۇ؟ — ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. — ئەستا...... تونۇمىغىنىمنى قاراڭ! نىمانچە ئۆزگىرىپ كەتتىڭىز. كىچىككىنە بالا ئەمەسمىدىڭىز؟
ئىككىمىز باشقىدىن كورۈشۈپ كەتتۇق. كاتىپ يىگىت ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قالدى.
قادىر ئاكام شۇ چاغلاردا 25 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان تەمبۇرچى يىگىت بولۇپ، يېزىدىكى ياشلارنىڭ سەرخىلى ئىدى. قادىر ئاكامنىڭ قولىدىكى تاماكا دىرىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ، ھاياجانلىنىپ نىمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، مەندىن ئەھۋال سوراشقا باشلىدى. بىز بىر دەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە:
— يۈرۈڭ يۈسۈپجان، ئۆيگە چىقىپ چاي-پاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، بىر نەرسىمۇ يىمىگەنسىز؟ — دىدى.
بىز چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ، چوڭ ئەترەت باشلىغىنىڭ بۈك-باراقسانلىق ھويلىسىغا يېتىپ كەلدۇق.
بىز ئۆيگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوڭ ئەترەت باشلىغىنىڭ ئايىلى يۇمغاقسۇت ۋە پىننە سېلىنغان مەزىلىك سۈيقاش ئېلىپ كىردى. بىز ئاش ئىچىپ ئولتۇرۇپ كوكۇللۇك پاراڭغا چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتتۇق.

— ئۇ چاغدا سىز كورگەن قىرىلارنىڭ كوپىنچىسى ئولۇپ كەتتى، — دىدى قادىر ئاكام ۋە بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپ داۋام قىلدى، — ھازىر بىرنەچچىسىلا بار. نىياز پالۋان ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ھىلىقى ياۋا چوشقىنى مىنۋالغان ئادەممۇ؟

— ھەئە، شۇ، — دىدى ئۇ كۇلۇپ كېتىپ، — ھازىر 90 ياشلارغا كىرىپ قالدى. يەنىلا ناھايىتى تېتىك......

ئىككىمىزنىڭ پارىڭى تۇگمەيتتى. مەن ھە دەپ، بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى يېزىدا يۈز بەرگەن ئوزگىرىشلەرنى سورايتتىم. قادىركام بولسا بىر تەرەپتىن جاۋاپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئۇرۇمچىدىكى ئەھۋاللارنى ۋە يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا مۇشۇ يېزىدا تۇرغان كادىرلارنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى.

شۇ ئەسنادا ھويلىدا كىمدۇ بىرسىنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى.

— قادىر ئاكا، بارمۇ سەن؟ — ئويگە ئىگىز بويلۇق، كوزلىرى يوغان، يۈز تېرىلىرى ئاپتاپتا كويۇپ پاقىراپ كەتكەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

— ۋوي، مېھمان باركەنغۇ، — دىدى ئۇ كىشى ۋە كېلىپ مەن بىلەن كورۇشتى.

— ئۇكام، ھازىر كېلىشىڭمۇ؟ — سورىدى قادىر ئاكام ۋە ئۇنىڭ جاۋاۋىنى كۇتمەيلا ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، —

بۇ كىشى چوڭ ئەترەتنىڭ پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى، ئىسمى ھەسەن.

مەن سېكرېتار بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشكەندىن كېيىن ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇپ ئوتتۇم. ئىككىمىز بىر دەم قىزغىن ئەھۋاللاشتۇق.

— چارۋىچىلىق دۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇراي دېۋىدىم، — دېدى سېكرېتار ئۇستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن چوڭ ئەترەت باشلىغىغا قاراپ، — بۈگۈن كوممۇنىدىن ئۇشتۇمتۇت تېلېفون بېرىپتۇ. ئەتە مەجلىس بار ئىكەن، قايتىپ كەلدىم. ئەتە سەھەر ماڭمىسام ئۈلگۈرەلمەيمەن، شۇڭا ساڭا دەپ قوياي دەپ كىردىم، قادىر ئاكا.

— تېخى ئويۈڭگىمۇ بارماپسەن ـ دە؟ ئولتۇر، ئاش ئىچىپ ماڭغىن!

— رەخمەت قادىر ئاكا، مەن ئالدىرايمەن، — ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ، — مەجلىسكە كېتىپ قېلىپ سىز بىلەن بىللە بولالمايدىغان بولدۇم،......، — دېدى.

— ھېچقىسى يوق، قادىر ئاكاملار بولغاندىن كېيىن ئوخشاش.

قادىر ئاكام ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىقتىم. كوكتىكى تولۇن ئاي ئېلېكتىر نۇرىغا چومگەن بۇ چىرايلىق يېزىغا كۈلۈپ قارايتتى، يىراقتىن ماتورنىڭ رىتىملىق گۈكرىشى ئاڭلىناتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— قادىر ئاكا، سېكرېتارمۇ مۇشۇ يېزىلىق كىشىمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن.

— مۇشۇ يېزىدىن. سىلەر بار چاغدا كىچىك بالا ئىدى.

— كىمنىڭ بالىسى؟

— سادىق ئاكامنىڭ.

— قايسى سادىق، هازىر بارمۇ؟ — مەن ئويلىنىپ قالدىم.

— بار. ناھىيىلىك ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ دائىمى ھەيئىتى. سىز ئۇ كىشىنى ئوبدان تونۇيسىز. ھېلىقى "ياۋا سادىق" ئېسىڭىزدىمۇ؟

— نىمە، "ياۋا سادىق" دەمسىز؟!

— ھەئە، سىلەر بىرنەچچە كۈن ئىزلەپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىن ئاران تېپىپ كەلگەن "ياۋا سادىق"چۇ!

مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي، سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— ھەيران قېلىۋاتىسىز - ھە؟ — قادىر ئاكام خىرىلداپ كۈلدى، — ھازىر ئۇ 70 ياشلارغا كىرىپ قالدى، لېكىن يەنىلا ناھايىتى تېتىك.

— ھازىر ناھىيىدىمۇ؟

— خىزمىتى ناھىيىدە. ئۆيى مۇشۇ يېزىدا، ئۇلۇشكۈن كەپتۇ.

مەن يەنە نىمىلەرنىدۇر سورىماقچى ئىدىم، بىراق ھاياجاندىن ئاغزىمغا گەپ كەلمەي قالدى. قادىر ئاكام يەنە نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىپ بەردى، لېكىن ھېچنىمە قۇلاقىمغا كىرمىدى.

ياتقاندىن كېيىنمۇ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. "ياۋا سادىق"نىڭ قىياپىتى، ئاجايىپ قىسمەتلىرى كوز ئالدىمدىن تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

* * *

1952 ـ يىلى كۈز. تەكلىماكان چۆلىدە سوغاق بالدۇرلا باشلانغان ئىدى. تارىم يېزىسىغا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدى ـ كى كادىرلار يېزىدىكى ئاكتىپلار بىلەن بىرلىشىپ، پارتىيىنىڭ يەر ئىسلاھاتى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، داغدۇغىلىق ئاممىۋى ھەركەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. خىزىرنىڭ زۇلمىغا قاتتىق ئۇچرىغان يىللىقچىلار بىرلىشىپ، ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى چوڭ يىغىنلاردا خېلى يۈرەكلىك سۆزلەشكە باشلىدى. بىر كۈنى دەرت تارتقۇ ـ چىلاردىن بىرنەچچە كىشىنىڭ سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن ـ نىڭ ئاخىرىدا يېزا باشلىقى ئاۋۇت ئاكام (خىزىرنىڭ كونا يىللىقچىسى) خىزىرنىڭ جىنايەتلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— ھەي...... ھازىر "ياۋا سادىق" بولغان بولسا بەك ئوبدان بولاتتى. ئۇنىڭدەك دەرت تارتقان ئادەم يوق، بۇ خوشال كۈنلەرنى ئۇ تېخى كۆرمىدى...... — دېدى.

يىغىندىكىلەر شۇ ھامان "ياۋا سادىق" توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ خىزىرنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ كەلگەن ئىكەن. 10 ياش چاغلىرىدا يېتىم قالغان سادىق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ "قەرزى" ئۈچۈن خىزىرنىڭ قويىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. 10 نەچچە

يىل قوي بېقىپتۇ. بىر يىل ئەتىيازدا ئۆكىكى قوزىسىنى بورى يېۋاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان خىزىر سادىقنى ھەيدەپ كېلىپ: "بورى قويۇمنىڭ قارنىنى يارغان بولسا، سېنىڭ قارنىڭنى مەن يارد-مەن!" دەپ، ھۇشىدىن كەتكىچە ئۇرۇپ، ھويلىسىدىكى دەرەخقە ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كورگەن يىللىقچىلارنىڭ ئىچى سېرىلىپ، كېچىسى يوشۇرۇنچە ئاغامچىنى كېسىپ تاشلاپ-تۇ-دە: "بۇ زالىم سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى، ئۇكام، دەرھال جېنىڭنى ئېلىپ قاچ!" دەپ قاچۇرۇۋېتىپتۇ. سادىق شۇ قاچقانچە جاڭگاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ. خىزىر نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن خېلى ئىزلىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ. كېيىنكى يىللاردا بەزى ئوۋچىلار، پادىچىلار ئۇنى غىل-پال ئۇچرىتىپمۇ قاپتۇ. لېكىن ئۇ ئادەمنى كورسىلا قاچىدىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا "ياۋا" دېگەن سوزنى قوشۇپ "ياۋا سادىق" دەيدىغان بوپتۇ. ئۇ، زادىلا بىر ئورۇندا تۇرماي يوتكىلىپ يۈرۈپ ياشايدىكەن......

بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھەيران قالدۇق.

— بۇ بىزنىڭ خىزمەتنى چوڭقۇر ئىشلىمىگەنلىكىمىزنى كورسىتىدۇ، — دېدى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى جاڭ، — ئازات بولغىنىمىزغا 3 يىل بولاي دەپ قالدى، يومىشىك، زومىگەرلەرنىڭ زۇلمىغا شۇنچە قاتتىق ئۇچرىغان بىر سىنىپىي قېرىندىشىمىز تېخىچە ئازاتلىققا چىقالمىسا، قانداق بولىدۇ؟ ئۇنى

دەرھال ئىزلەپ تېپىشىمىز كېرەك!

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆتمۈشتە "ياۋا سادىق" بىلەن خىزىرنىڭ ئۆيىدە بىللە يىللىقچى بولغان ۋە "ياۋا سادىق" قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم ئۇچراشقان ھوشۇر ئاكام بىلەن مەن ئۇنى ئىزلەيدىغان بولدۇق. ھوشۇر ئاكامنىڭ ماڭا سوزلەپ بېرىشىچە، ئۇ 10 نەچچە يىل ئىلگىرى بىر قېتىم تارىم دەرياسىنىڭ نېرى قېتىدىكى قېلىن جاڭگاللىقتا "ياۋا سادىق" بىلەن تاسادىپى ئۇچرىشىپ قالغان، لېكىن ئۇ ھوشۇر ئاكام بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپلا يېزىدا زومىگەر خىزىر-نىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە قېچىپ كەتكەن. ئىككىنچى قېتىم 1950 - يىلى رايون باشلىقى بىرنەچچە كىشى بىلەن بىللە يېزىلارنىڭ چېگرا مەسىلىسىنى تەكشۈرگىلى كەلگەندە، ھوشۇر ئاكام ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭغان. بۇلار تەكلىماكان چۆللىرىنى كېزىپ يۈرۈپ "ئىلانلىق" دىگەن بىر جاڭگاللىقتا "ياۋا سادىق" بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالغان. بۇ قېتىم ئۇلار "ياۋا سادىق"قا ئازات بولغانلىقىمىزنى، قورقماسلىقنى، يېزىغا قايتىپ كېتىشنى ئېيتقان. باشتا ئۇ ماقۇل بولغان، لېكىن ئۇلارغا تازا ئىشەنمەي ئەتىسى يەنە قېچىپ كەتكەن.

بىز 10 كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈكنى غەملەپ ھوشۇر ئاكام بىلىدىغان نىشانلارغا قاراپ ئاتلىق يولغا چىقتۇق.

ئىككىمىز تاڭ سەھەردىن باشلاپ چۈشكىچە سۇرلۇك قۇم بارخانلىرى ئىچىدە ماڭدۇق. ھوشۇر ئاكامنىڭ پەرىزىچە،

قاراڭغۇ چۈشكىچە تارىم دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ بېرىشىمىز، ئۇ يەردىكى ئۇۋچى قەيۇم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە قونۇشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن چۈشتىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت ھاۋا بۇزۇلدى. قۇياش تۇمانلىشىپ، جاھاننى ساغۇچ چاڭ-توزاڭ قاپلىدى. ئانچە ئۇتمەيلا كۆكرەپ بوران چىقىشقا باشلىدى. ئالدىمىزدا بىردىنلا بوراندىن ياسالغان قۇم تۈۋرۈكلىرى پەيدا بولۇپ، چىقىراشقا باشلىدى......

—چاتاق بولدى ئۇكام!—دېدى ھوشۇر ئاكام ئەنسىرەپ،— يولدىن ئېزىپ كەتمىسەك بولاتتى.....چۈشتە چاي ئىچكەن ھېلقى ئۆيدە قونۇپ قالغان بولساق بوپتىكەن-دە! بولدى، ئەمدى كەينىمىزگە يانغىلى بولمايدۇ، ميڭۋېرەيلى.

مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق بوراننى كورمىگەن. مىنۇت ئۆتمەي ئېغىز-بۇرۇن، قۇلاقلىرىمنىڭ ئىچى قۇم بىلەن تولدى، يەلكەمدىن ئىچىمگە شىقىراپ قۇم كىرىشكە باشلىدى، بېشىمنىمۇ كوتىرەلمەي ئاتنىڭ يايلىدىن چىڭ تۇتۇۋالدىم، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتلار ئېگىز قۇم دۆڭلىرىگە بېرىپ تاقىلىپ قالدى.

—ئاپلا..... يولدىن ئېزىپتۇق!—ھوشۇر ئاكام ئەنسىزلىك بىلەن ۋاقىرىۋەتتى،—ماۋۇ ئاتنى تۇتۇپ تۇرۇڭ، مەن يولنى ئىزلەپ باقاي!

—ئاتتىن چۈشمەڭ ھوشۇر ئاكا، ئىككىمىز تېپىشالماي قالىمىز!

—ياق، سىز مىدىرلىماي مۇشۇ يەردە تۇرۇڭ، ئارىلاپ

ئىسمىمنى تونۇلاپ تۇرۇڭ، — دېدى ھوشۇر ئاكام ئاتتىن چۈشۈپ ۋە تەمسىقلاپ يولنى ئىزلەشكە كىرىشتى.

خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ھوشۇر ئاكام خوشال يېتىپ كەلدى.

— ئۇكام يولـنى تاپـتۇق! خۇدايا شۈكرى. تەلىيـمىز بار ئىكەن، مانا قۇمـنىڭ ئاستىدىن تېزەك تاپتىم. يولـدىن ئانچە كوپ يىراقلاپ كەتمەپتۇق!

شۇنداق قىلىپ، بىز ناھايىتى تەسلىكـتە يەنە ئىككى سائەت-تەك يول ماڭدۇق. بوران بىرئاز سېلىكىـپ قالـغان بولسـمۇ، لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. پۈتۈن ئالەمگە قارا سىيا توكۈلۈپ كەتكەنـدەك ھېچنەرسىنى كورگىلى بولمايتـتى. مەن ھوشۇر ئاكامغا ياندىشىپ كېتىپ باراتتىم. ئۇ ئادەم ئۇشتۇمتۇت ئېتىنى توختىتىپ خوشال ھالدا مەندىن سورىـدى:

— سېزىـۋاتامسىز؟ شامال سامان ئىسىنى ئۇچۇرۇپ كېلىۋا-تىدۇ، چوقۇم يېقىن يەردە بىرەر ئوي بار!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پۇت-قولۇمغا جان كىرگەندەك بولدى. دىگەنـدەك يېرىم سائەت ماڭـغانـدىن كېـيىن ئۇشتۇمـتۇت قويلارنىڭ مەرىشى ئاڭلاندى. بىز خوشاللىقـتىن ئاتلارنى دېۋە-تىـپ، شۇ ياقـقا ماڭـدۇق. يىراقـتىن سۇس چىـراق يورۇغـى كورۇنـدى. بىرنەچچە تۈپ توغراق دەرىخىنىڭ يېنىدا يالغۇزلا بىر ئوي تۇراتتى، ئىشىك "غىچ" قىلىپ ئېچىلىپ، بىر ئادەمنىڭ قارىسى كورۇندى-دە، ۋاقىرىدى:

— كىم سىلەر؟

— بىزا — دېدى ھوشۇر ئاكام.
ئاتلىرىمىزنى ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخقە باغلىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىردۇق، كاتەكتەك كىچىككىنە بۇ ئۆيدە پادىچى يىگىتتىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان كوتەك تۈتەپ كويۇۋاتاتتى. ئاچچىق ئىسنىڭ دەستىدىن كوزنى ئاچقىلى بولمايتتى. ئىمىلا بولسۇن ئۆيگە كىرىپ جېنىمىز ئارام تاپتى. ھوشۇر ئاكام پادىچى بىلەن خېلى پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن "ياۋا سادىق"نى تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىغىنى سورىدى.
— شۇنداق بىر ئادەم بارمىش دەپ ئاڭلىدىم، ئوزىنى كورمىدىم، — دېدى پادىچى ۋە بىر پەس خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپ سوزىنى داۋام قىلدى، — قايسى كۈنى دەريا بويىدىكى ئۇۋچى قەيۇم ئاكام: بىر - ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا "قېقىر تاڭ" دىگەن يەردە كوردۇم دىگەندەك قىلدى، بولسىمۇ باردۇ.
شۇنداق قىلىپ، بىز بۇ كۈنى پادىچىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدۇق. ئەتىسى يەنە يولغا چىقىپ، "ياۋا سادىق"نى ئۈچ كۈن ئىزلىدۇق، لېكىن ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. 5 - كۈنى "توپ توغراق" دىگەن يەردىكى جاڭگاللىقتىن كەچكىچە ئايلىنىپمۇ تاپالمىغاندىن كېيىن ئۈمىتسىزلەنگەن ھالدا توغراقلىق ئىچىدىن كېلىۋاتاتتۇق، تۇساتتىن "تارس" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھوشۇر ئاكام مىنگەن ئات سەكرەپ كەتتى. قارىساق، ئات يەرگە كومۈپ قويۇلغان بىر قاپقانغا دەسسەپ ساپتۇ، قاپقان كىچىك بولغاچقا ئاتنىڭ

پۈتى زەخىملەنمەپتۇ.

— ئۇكام، يۇسۇپجان! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى ھوشۇر ئاكام خۇددى كىچىك بالا ئۆز ئويۇنچۇقىنى تېپىۋالغاندەك قىن-قىنىغا پاتماي خوشال بولۇپ كېتىپ. — قاپقان بار يەردە جەزمەن ئادەممۇ بار. بىز مۇشۇ ئەتراپنى ئالدىرىماي ئوبدانراق ئىزلەيلى، قانداق دەيسىز؟

— بولىدۇ، — دېدىم مەنمۇ خوشال بولۇپ كېتىپ.

ھوشۇر ئاكام ئاتتىن چۈشۈپ ھېلىقى قاپقاننى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويدى. بىز يەنە ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدۇق. ئاللاھەزەل بىرەر سائەتلەردىن كېيىن بىر دوڭنىڭ كەينىدىن چىقىۋاتقان ئىسنى كۆرۈپ قالدۇق. شۇ تەرەپكە مېڭىۋىدۇق، يەر بىلەن تەڭ بىر گەمە كۆرۈندى. دەل شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت "گۈلدۈر......" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ گەمىنىڭ يېنىدا ياتقان 10 — 15 تەك قوي توپا توزۇتۇپ، توغراقلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچتى-دە، بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولدى. گەمىنىڭ ئالدىدا نىملەرنىدۇ ئويناپ ئولتۇرغان، پۈتۈن بەدىنى كۆندە قارىيىپ كەتكەن 6 — 7 ياشلاردا بار، يېرىم يالىڭاچ ئىككى ئوغۇل بالا بىزنى كۆرۈپلا گەمىگە قاراپ قاچتى. ئارقىدىنلا قاشلىرى ئۇزۇن، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغان قورقۇنچلۇق بىر ئادەم يوغان بىر كالتەكنى كوتىرىپ گەمىدىن چىقتى ۋە غەزەپلىك كۆزلىرىنى بىزگە تىككىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ پاقىراپ تۇرغان كۆزلە-

رىدىن ياشلىغى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن غۇجمەكلىشىپ ئوسۇپ كەتكەن قاپقارا چاچ ـ ساقاللىرى پۈتۈن يۈزىنى قاپلاپ كەتكەنـ لىكتىن قېرى ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ كەڭ يەلـكىلىك قاۋۇل بەستىگە ياغاق تېرىنى يېپىنىۋاپتۇ، پۈتىدا تېرە چورۇق بار ئىدى.

ھوشۇر ئاكام ماڭا قاراپ:

— تاپتۇق، "ياۋا سادىق" دىگەن كىشى مۇشۇ. سىز توختاپ تۇرۇڭ، — دەپ پىچىرلاپ قويۇپ ئاتتىن چۈشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! سادىقمۇ سەن ئۇكام؟ يائاللا...... بار ئىكەنسەن ـ ھە!

ھوشۇر ئاكام ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئاستا ماڭدى، لېكىن "ياۋا سادىق" قېچىشقا تەمشىلىۋاتقاندەك ئىككى تەرىپىگە قاراپ قويۇپ، كەينىگە ئىككى قەدەم داجىدى ـ دە، توختاپ بىردىنلا كالتەكنى ئېگىز كوتىرىپ ۋاقىرىدى:

— ماڭا يېقىن كەلمە، نېرى تۇرۇپ گەپ قىل! بولمىسا......

— ۋاي ئۇكام سادىق، — دىدى ھوشۇر ئاكام كۈلۈپ تۇرۇپ، — تونۇمايۋاتامسەن؟ مەن ھوشۇر قالغاچ ئەمەسمۇ؟ خىزىر دىگەن ئوغرىنىڭ ئۆيىدە ھارۋا ھەيدەپ يۈرگەن ھىلىقى ھوشۇر مەن! مەن سېنى ھېچنىمە قىلمايمەن، ھەرگىز قورقما......

— ھوشۇر......قالغاچ...... — دەپ پىچىرلىدى "ياۋا سادىق" ۋە ئۇنىڭ غـەزەپلىـك چىـرايى سەل ئېچىـلغانـدەك بولـدى، كالتەكنى تۇتقان قولى پەسلىدى، لېكىن ئۇ يەنىـلا غەزەپ ۋە گۇمانـلىق كۆزلىرى بىلەن بىر ھوشۇر ئاكامـغا، بىر ماڭا قاراپ

قويدى. ئاڭغىچە ھوشۇر ئاكام ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كورۇشۇش ئۇچۇن قولىنى ئۇزاتتى.

— ئوبدان تۇردۇڭمۇ ئۇكام؟ 2 يىل ئىلگىرى ئىككىمىز بىر قېتىم كورۇشمىدۇقمۇ؟ يېزا تەرەپكە بېرىپ باقايمۇ دىمىدىڭ......

— ھوشۇر ئاكا، مەن سېنى ئاللىقاچان تونۇدۇم، خۇدا ھەققى بىر راست گېپىڭىنى قىلغىنا، — دىدى "ياۋا سادىق" بىردىنلا ئېچىنىشلىق ھالدا يالۋۇرۇپ، — خىزىر مېنى تۇتۇپ كەل دەپ ئەۋەتتىمۇ، خوش بولاي، راست گېپىڭنى دىگىنە؟

— ھا ـ ھا ـ ھا......، — ھوشۇر ئاكام كۇلۇپ كەتتى، — ھەي...... سەن دۇنيادىن تېخى خەۋەرسىز ئىكەنسەن ـ دە! ئاڭلاپ قوي ئۇكام، ئوتمۇشتە سەن بىلەن بىزنىڭ قېنىمىزنى شورىغان خىزىر دىگەن مۇناپىقنىڭ ھازىر ئىككى پۇتى بىر ئوتۇككە تىقىلدى! بىز ئاللىقاچان ئازات بولدۇق، سەن تېخى ئۇقمىدىڭمۇ؟

"ياۋا سادىق" كالتەكنى گەمىنىڭ تېمىغا يولەپ قويۇپ، كوزىنى پاقىرىتىپ قاراپلا قالدى. ھوشۇر ئاكام ماڭا ئىشارە قىلدى. مەن ئاتنى يېتىلەپ كېلىپ، "ياۋا سادىق"قا سالام بەردىم. ئۇ مەن بىلەن ياتسىراپراق كورۇشتى.

— ھەرگىز قورقما، بۇ ئوز كىشىمىز، — دىدى ھوشۇر ئاكام مېنى كورسىتىپ، — بىزدەك كەمبەغەللەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۇچۇن ماۋجۇشى ئەۋەتكەن كادىر!

ئۇ، تېخىچىلا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. بىز ئاتلارنى توغراقتا باغلاپ قويۇپ گەمىگە كىردۇق. جۇل-جۇل كىيملىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياش بىر ئايال قورقۇپ كەتكەنلىكتىن نېمە قىلىشنى بىلمەي بىر بۇلۇڭدا تۇگۈلۈپ، بىزگە قاراپ تۇراتتى. ھىلىقى ئىككى ئوغۇل بالا ئانىسىنىڭ كەينىگە ئوتۇۋېلىپ مارىشىۋاتاتتى. بىز ئوچاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە سېلىنغان جەرەن تېرىسىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردۇق. "ياۋا سادىق" ئىشىكنىڭ يېنىدىكى كوتەكنىڭ ئۈستىدىلا ئولتۇردى. مورا ئوچاقتا ئادەم بېلىدەك چوڭلۇقتىكى توغراق كوتىگى تۈتەپ كويۈۋاتاتتى. گەمىنىڭ تام - تورۇسلىرى قاپ - قارا ئىسلىشىپ كەتكەن ئىدى.

— ئولتۇرۇڭ سىڭلىم، — دېدى ھوشۇر ئاكام قورقۇپ ئۆرە تۇرغان ئايالغا قاراپ. ئايال ئولتۇرغاندىن كېيىن "ياۋا سادىق"قا قاراپ سوزلەشكە باشلىدى، — ئۇكام سادىق، سېنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىللە بولالمىدۇق. ئېسىڭدە باردۇ، ئىككىمىز 2 - 1 قېتىم غىل - پال كورۇشۇپ قالدۇق. مانا بۈگۈن يەنە كورۇشتۇق، بايا بىزنى ئۇرۇۋەتكىلى تاس قالدىڭ! قارىغاندا، بىزگە تېخىچىلا ئىشەنمەيۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟ ھەرگىز قورقما، بىز سېنى يوقلاپ كەلدۇق، بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

— ئۇنتۇپ قالمىدىم ھوشۇر ئاكا، — دېدى "ياۋا سادىق" بىر ھازادىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — راست گەپنى قىلسام مەنمۇ سىلەرنى سېغىنىمەن، لېكىن...... لېكىن - زە...... خىزىر بار ئىكەن، مەن يېزىغا ھەرگىزمۇ قەدەم باسمايمەن!

— خىزىر ھازىر بىزنىڭ ئالقىنىمىزدا ئۇكام!

ھوشۇر ئاكام ئۇنىڭغا يەنە نېمىلەرنىدۇ چۈشەندۈرۈشكە

باشلىدى. مەن گەمە ئىچىگە سەپسالدىم. شۇنچە چوڭ گەمىنىڭ ئىچىدە بىر پارچە كىگىز ياكى يوتقان-كورپە دېگەن نەرسە كۆرۈنمەيتتى، ھەممىلا تەرەپتە جەرەن، تۈلكە، توشقانلارنىڭ چالا ئاشلانغان تېرىلىرى تۇراتتى. بۇلۇڭدا تۇرغان بىر قازان، ئوچاقتا شىگىلداۋاتقان بىر قۇم چوگۈندىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، قازاننىڭ يېنىدا قوپال ياسالغان 5-6 چوچەك، ئۇنىڭ نېرىسىدا يوغان تەگلىدە پىشۇرۇلغان گوش تۇراتتى. تاملارغا تۈرغۈن ياغاچ قوزۇقلار قېقىلغان بولۇپ، ھەممىسىدە قىساق، توزاق، چىشلىق تومۇر قاپقان، بېلىق تۇتىدىغان قاماق ۋە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى ئېسىقلىق تۇراتتى. ئىشىكنىڭ بېشىغا ئۇزۇن ساپلىق قوپال بىر نەيزە سانچىپ قويۇلغان ئىدى. مەن سادىق ئاكامغا قارىدىم. ئۇ ھوشۇر ئاكامنىڭ سوزلىرىنى ناھايىتى قىزىق چوچەك ئاڭلاۋاتقاندەك پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ تىڭشاۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئاستا-ئاستا كۆلكە پەيدا بولۇپ، بايىقى ياتسىنىشلار يوقىلىشقا باشلىغان ئىدى.

— ھەرگىز قورقما، — دېدى ھوشۇر ئاكام سوزىنىڭ ئاخىرىدا، — ئەمدى قورقىدىغان چاغلار ئوتۇپ كەتتى. پارتىيە، ماۋجۇشى بىزنى ئازات قىلدى!

مەن يانچۇغۇمدىن دەرھال خاتىرە دەپتىرىمنى چىقىرىپ ئاچتىم-دە:

— سادىق ئاكا، ماۋجۇشى مانا مۇشۇ كىشى، كوروپ بېقىڭ! —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دىدىم. ئۇ تارتىنىپ تۇرۇپ دەپتەرنى تەستە قولىغا ئالدى ۋە كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ كەتتى-دە، مەندىن سورىدى:

—ماۋجۇشى دىدىڭىزمۇ؟ بۇ كىشى ھازىر بىزنىڭ تارىمغا كەلدىمۇ؟

—ياق، بېيجىڭدا،— دىدىم مەن كۈلۈپ كېتىپ،—بېيجىڭدا تۇرۇپ بىزگە رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ.

—ھازىر تارىم يېزىسىدا كىم باشلىق؟

—سەن بىلىدىغان ئاۋۇت ئاخۇن،—دىدى ھوشۇر ئاكام كۈلۈپ،—ئېسىڭدە بارمۇ؟

—ئاشۇ خىزىرنىڭ ئويىدە ئىشلىگەن ئاۋۇتكامىمۇ؟ مېنى ئولۇمدىن قۇتقۇزۇپ، خىزىرنىڭ ئويىدىن قاچۇرۇۋەتكەن ئاشۇ ئاۋۇتاخۇن ئەمەسمۇ؟—ئاجايىپ خوشال بولۇپ كەتكەن "ياۋا سادىق" ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئوتكۇر كوزلىرى تېخىمۇ پاقىراپ كەتتى.

—دەل ئاشۇ ئاۋۇت ئاخۇن. يېزىغا بارساڭ كورىسەن. ھازىر يېزىمىزغا يۇقۇرىدىن كادىرلارمۇ كەلدى، دەرت تارتقان دىخانلار ئەمدى خىزىر دىگەن ئوغرىدىن بىرمۇ-بىر ھىساپ ئالىمىز. سەن ھىساپ ئالامسەن؟

—ئاشۇ خىزىرغا كۈچىمىز يېتەرمۇ ھوشۇر ئاكا؟—دىدى ئۇ يەنە گۇمانلىنىپ.

ھوشۇر ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ ساددا سوئالىدىن

كۆلۈپ كەتتۈق.

— ئازات بولدۇق دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تېخىچىلا چۈشەنمەپسەن - دە، ئۇكام! — دېدى ھوشۇر ئاكام ۋە ئۇنىڭغا يېزىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى، بىزنىڭ بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىگىمىزنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى.

مەن "ياۋا سادىق"تىن بىر نەرسىنى سوراي دەپ تۇراتتىم، ئاڭغىچە ئۇ بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:

— گېپىڭلارنى ئەمدى بىر ئاز چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى ۋە گوش بار تەڭلىنى كۆتىرىپ كېلىپ ئالدىمىزغا قويدى، — گەپ بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن ھوشۇر ئاكا، قوسىغىڭلارمۇ ئاچقاندۇ، گوش يەڭلار، باشقا نەرسىمىزمۇ يوق، يېڭىلا پىشۇرغان جەرەن گۆشى.

— يېقىن كېلىڭ يۇسۇپجان، — دېدى ھوشۇر ئاكام، — قېنى سادىق ئۆزەڭمۇ كەل، باللىرىڭمۇ كەلسۇن.

— مانا، باللارغا مەيەردە بار، — دېدى ئايال بىرىنچى قېتىم گەپ قىلىپ ۋە قازاننى دەس كۆتىرىپ باللىرىنىڭ ئالدىغا قويدى. باللار بىزگە قاراپ قويۇپ، ھەر يوغان پايخانلارنى قولىغا ئېلىشتى - دە، بىر ئەپلىك غاجاشقا باشلىدى.

مەن سومكامدىن بىرنەچچە ناننى ئېلىپ باللارغا ئۇزاتتىم.

— مەڭلا ئۇكام، نان يەڭلار!

باللار بىر بىرىگە قارىشىپ قويۇپ كەلمىدى.

— سىز بىرىنىڭ سادىققا، باللىرىڭىز قورقۇۋاتىدۇ، — دېدىم مەن ناننى سادىققامغا بېرىپ.

— مە، ھەسەنجان بالام، نان يە! — ناننى سادىققام ئۇزاتقاندىن كېيىنلا باللارنىڭ كىچىگى ئاستا كېلىپ قولىغا ئالدى، لېكىن ئۇ خۇددى بىر ئويۇنچۇققا قاراۋاتقاندەك نانىنىڭ ئالدى-ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ ئانىسىغا بېرىۋەتتى.

— بۇ باللار ناننى بىلمەيدۇ، — دېدى سادىققام ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇچراپ قالغاندا ناننى مەن ئانچە-مۇنچە يەيمەن، بولمىسا كارىم يوق. باللىرىم زادىلا يېمەيدۇ. بىز گوش بىلەن ھەپىلىشىمىز.

— گوش يوق چاغدا قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— ئويۇڭ جاڭگالدا بولسا ئوتتۇندىن غەم قىلما، دېگەندەك تېپىلىپ تۇرىدۇ ئۇكام. جەرەن بولمىسا توشقان بار. ئۇمۇ تېپىلمىسا زىرىق، شالدىرغاق، قاغا جىگدىلىرى بار، تېرىپ يەيمىز. دېگەن بىلەن بۇ يىل ئوزۇقنى خېلى غەملىۋالدىم، ئاۋۇ تەرەپتە يەنە بىر گەمىچاق بار، گوش بىلەن تولدى. كورۇپ باقامسىلەر؟

بىز بايا دىققەت قىلمىغان ئىكەنمىز. تامنىڭ بۇلۇڭىدا بىرنەچچە پارچە تېرە مىخلاقلىق تۇراتتى، بۇ بىر كىچىك گەمىنىڭ ئىشىكى ئىكەن، بىز بۇ كىچىك گەمىگە كىرىپ ھەيران قالدۇق. 20 — 10 بۇغا، جەرەن، توشقاننىڭ قۇرۇتۇلغان گوشى تورۇسقا ئېسىلغان ئىدى.

— بۇنچە چوڭ جەرەننى قانداق تۇتتىڭىز سادىق ئاكا، — دەپ سورىدىم مەن جايىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ۋە يوغان بىر پاچاقنى غاجاۋېتىپ.

— ئانچە تەس ئەمەس ئۇكام، — سادىق ئاكام ئالدىرىماي ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئادەم ھايۋانلار بىلەن بىللە ياشىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئادەت، مىجەزىنىمۇ بىلىپ قالىدىكەن. مەن مۇشۇ جانىۋارلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقىلى...... — ئۇ ئېسىگە ئالالماي بارمىقى بىلەن ساناشقا باشلىدى.

— مېنىڭ تازا ئېسىمدە بار، — دەپ گەپ قىستۇردى ھوشۇر ئاكام، — سەن خىزىرنىڭ ئۆيىدىن قاچقاندا 18 ياشلاردا بار ئىدىڭ.

— ئۇنداق بولسا ھازىر 20 يىلغا يېقىنلاپ قاپتۇ-ھە؟ شۇنداق قىلىپ بۇ ھايۋانلارنىڭ مىجەزىنىمۇ بىلىۋالدىم ئۇكام. مىسالى، بىرەر ئىزغا ياكى بەلگىگە قاراپلا بۇ يەردىن قانداق ھايۋاننىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلىۋالىمەن. دەرەخنىڭ شاخ-پاخلىرى سۇنغان بولسا "ھە، بۇ يەردىن بۇغا ئۆتۈپتۇ" دەپ بىلىمەن. نىمىشقا دېسىڭىز بۇغىنىڭ مۈڭگۈزلىرى شاخلارنى سۇندۇرىدۇ. قىرىق قۇلاق دەيدىغان بىر خىل ئوت بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇغىنىڭ چىرايلىق ئىزلىرى چۈشۈپ قالىدۇ ياكى ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈزۈلگەن ئورنىغا قاراپلا بۇغا كەپتۇ، دەپ بىلىمەن. ئۇلارنىڭمۇ دائىم ماڭىدىغان يولى بولىدۇ. دەل شۇ يوللارغا قاپقاننى قۇرۇپ قويىمەن. بىرنەچچە كۈندە بىر قېتىم ئېشىگىمنى مىنىپ ئايلى-

نىپ كېلىمەن، دىگەندەكلا بۇغا، جەرەنلەر چۇشۇپ قالىدۇ. هايۋانلار بۇ يەردىن تەزگىلى تۇرغاندا مەنمۇ كوچۇپ باشقا يەرگە يوتكىلىمەن، هەرھالدا خىزىرنىڭ ئويىدىكىدىن ئوبدانىراق ياشايمەن......

— مەن بىر قېتىم تاقىتا بارغىنىمدا بۇغىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى كورگەن ئىدىم، ئاجايىپ چىرايلىق بولىدىكەن، — دىدىم هوشۇر ئاكامغا قاراپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سادىق ئاكام تېخىمۇ ئېچىلىپ سوزلەپ كەتتى:

— شۇنداق ئۇكام، بۇغا ئورمان هايۋانلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقى. ئۇنىڭ ئاجايىپ كېلىشكەن ئاچماقلىق مۇڭگۇزلىرى بار. ئۇ ئاشۇ ئاچماق مۇڭگۇزلىرىنى دۇمبىسىگە ياتقۇزۇۋېلىپ هايت - هۇيت دىگىچە قېلىن ئورمانلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ...... ئاندىن بۇ جانىۋار بەكمۇ تۇيغۇن، هاۋانى پۇراپ شەپىنى تىڭشايدۇ ئۇكام. ناھايىتى يىراقتىكى شەپىنى سەل - پەل سېزىپ قالدىمۇ، بولدى، غىل - پال قىلىپ قالىدۇ - دە، كوزىڭىزدىن غايىپ بولىدۇ......

مەن تاماكا چېكىش ئۈچۈن يانچۇغۇمدىن قۇتامنى ئالغان ئىدىم، سادىق ئاكام ئاجايىپ بىر نەرسىنى كورۇۋاتقاندەك سوزىنى توختىتىپ قۇتىغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى - دە، سورىدى:

— ئاجايىپ چىرايلىقكەنا، ئۇستىدىكى نىمىنىڭ سۇرىتى؟

— بۇ بېيجىڭ شەھىرى، — دىدىم مەن قۇتىنىڭ ئۇستىدىكى سۇرەتنى كورسىتىپ، — ماۋجۇشى تۇرۇۋاتقان يەر!

ئۇ، قۇتىنى قولىغا ئېلىپ كورۇشكە باشلىدى. بىر دەمدىن كېيىن:

— بەك ئەپچىل، چىرايلىق قۇتا ئىكەن، ماڭا......بەرسىڭىزمۇ بوپتىكەن ئۇكام! — دېدى. مەن تاماكىنى يانچۇقۇمغا قويۇۋالغاندىن كېيىن:

— مەڭ سادىق ئاكا، سىزگە مېنىڭدىن خاتىرە بولسۇن، — دېدىم.

ئۇ ئىنتايىن خوشال بولۇپ قۇتىنى ئالدى. ئايالى، بالىلىرىمۇ كېلىپ، قولدىن - قولغا ئېلىپ تالىشىپ كورۇشكە باشلىدى.

ئاخشىمى "ياۋا سادىق" بىزنى مۇزلاپ قالمىسۇن دېدىمۇ، ئوتنى راسا گۇلدۇرلىتىپ قالۇۋەتتى. ئويىنىڭ ئىچى ھەم ئىسسىپ، ھەم يوپ - يورۇق بولۇپ كەتتى. ئۇچىمىز ئېچىلىپ - يېيىلىپ قىزغىن پاراڭغا چۇشۇپ كەتتۇق.

— ئۇكام سادىق، سەن خىزىرنىڭ ئويىدىن قاچقاندىن كېيىن نەلەردە يۇردۇڭ، قانداق بولۇپ ئويلۇك - ئوچاقلىق بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى ھوشۇر ئاكام.

ئادەمنىڭ جېنى بەكمۇ چىڭ بولىدىكەن ھوشۇر ئاكا، — دېدى "ياۋا سادىق" خىيالچان كوزلىرىنى لاۋۇلداپ كويۇۋاتقان ئوتقا تىكىپ، — ئولمىدىم، — ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم، بوران ئۇچۇرۇپ يۇرگەن قامغاقتەك بارمىغان يېرىم قالمىدى. پۇتۇن تەكلىماكان چولىنى كېزىپ چىقتىم دېسەممۇ بولىدۇ. جان باقماق ئۇچۇن ھەممە ئىشنى قىلدىم. بۇ ئىشلارنى نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىچە ـ كۈندۈزدىمۇ سوزلەپ بولالمايمەن......

بىر پەستىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق ئويلۇك ـ ئوچاقلىق بولۇپ قالغانلىغىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

10 نەچچە يىل ئىلگىرى "ياۋا سادىق" لوپ ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك دىگەن يېزىدىكى جاڭگالنىڭ ئىچىدە قاڭقىپ يۈرۈپ، خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش سەرسان بولۇپ يۈرگەن بىر كەمبەغەل موماي بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. مومايىنىڭ ئېرى ئولۇپ كەتكەن بولۇپ، بىرلا يالغۇز قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن ئىكەن، بىر كۈنى موماي:

— ئوغلۇم، سەنمۇ بېشىڭ قايغان، پۇتۇڭ تايغان يەرلەردە تەمتىرەپ يۈرگەن يېتىم بالا ئىكەنسەن، مېنىڭمۇ ئىككى پۇتۇم گورگە ساڭگىلىدى، مۇشۇ قىزىمدىن بەك ئەنسىرەيمەن، كوزۇمنىڭ ئوچۇغىدا قىزىمنى نىكايىڭغا ئالغىن، ماڭا كويوغۇل بولۇپ، مۇشۇ ئويدە تۇرغىن، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، "ياۋا سادىق" بۇ قىزنى ئاپتۇ، موماي ئىككى يىلغا بارمايلا ئولۇپ كېتىپتۇ. "ياۋا سادىق"نىڭ ھازىر بۇ ئايالدىن ئىككى بالىسى بار ئىكەن.

— سادىق ئاكا، — دىدىم مەن ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — بېشىڭىزغا شۇنچە كۈنلەر كەپتۇ. سىزنى مۇشۇنداق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان كىم؟ ياۋۇز كونا جەمىيەت، زومىگەر خىزىر. بۈگۈنكى كۈندە كومپارتىيە، ماۋجۇشى بىزنى خىزىردەك زومىگەرلەر بىلەن كۈرەش قىلىڭلار، ئۇلاردىن ھىساپ ئېلىڭلار دەۋاتىدۇ. سىز يەنىلا ئاشۇ خىزىردىن قورقۇپ، مۇشۇ جاڭگال-

لمقتا يۇرۇۋېرەمسز، ئۇنىڭدىن دەردىڭىزنى ئالامسىز؟
— ئەمدى قورقۇپ يۇرۇۋەرمەسمەن ئۇكام، — دىدى ئۇ بىردىنلا بېشىنى ئىگىز كوتىرىپ، يېرىم ئومىرۇم ئازاپ ئىچىدە ئۇتتى، سىلەر مەدەت بېرىۋاتساڭلار نىمىدىن قورقىمەن!؟
شۇنداق قىلىپ بۇ گەمدە ئىككى كۇن تۇردۇق، "ياۋا سادىق" باللىرىنى ئېلىپ، بىز بىلەن يولغا چىقتى.

"'ياۋا سادىق' كەپتۇ!" دىگەن خەۋەر يېزىغا تارقالغاندىن كېيىن، يىراق-يېقىندىن ھەممە ئادەم ئۇنى كورىمىز، دەپ يۇگۇرۇپ كېلىشتى. ئۇ يېزىلىقلىرى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ، قۇچاقلىشىپ كورۇشتى......
بىر كۇنى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلار مەجلىس ئېچىۋاتاتتۇق، ئۇ يوغان بىر كالتەكنى كوتىرىپ كىرىپ كەلدى.
— ھە، سادىق ئاكا كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، بىر ئىش بىلەن كىردىڭىزمۇ؟ — دىدۇق.
— خىزىردىن دەردىمنى ئالاي دەۋاتىمەن......
— ئولتۇرۇڭ، — خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغى جاڭ كۇلۇپ تۇرۇپ، — دەردىڭىزنى قانداق ئالماقچىسىز؟
"ياۋا سادىق" گەپ قىلماي قولىدىكى كالتەكنى كورسەتتى.
— بىزنىڭ ئالدىمىزغا كىرگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دىدى ۋە ئۇنىڭغا ئالدىرىماي سوزلەپ، پارتىيىمىزنىڭ سىياسەتلىرىنى، بىزنىڭ كورەش ئۇسۇلىمىزنى چۇشەندۇردى.

"ياۋا سادىق"نىڭ بىر ياخشى يېرى — ئۇ ناھايىتى زېرەك بولۇپ، تەربىيىنى تېز قوبۇل قىلاتتى، گەپ ئاڭلايتتى.

— مەن بەك ئالدىراپ كېتىپتىمەن - دە! — دېدى ئۇ جاڭنىڭ چۇشەندۇرۇشلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن كالتەكنى تاشلاپ.

شۇنىڭدىن كېيىن "ياۋا سادىق" دىخانلار بىلەن بىللە كېچە - كېچىلەپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنىشكە باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ بىزگە مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدى: خىزىرنىڭ تۇققانلىرىدىن بىرى كېچىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، خىزىرنىڭ سوزىنى يەتكۈزۈپتۇ. خىزىر: سادىق ماڭا ئۇزۇن يىللار ئىشلەپ ئۆز بالامدەك بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ مەندە نۇرغۇن ھەققى بار، نەچچە يىلدىن بېرى ئۆتەمەكچى ئىدىم، ئۇنى تاپالمىدىم، ھازىر بېرىۋەتسەم، نىمە ئالىمەن دىسە مەيلى دىگۈدەك.

— سىز نىمە دىدىڭىز سادىق ئاكا؟ — دەپ سورىدى جاڭ.

— خىزىردا يالغۇز مېنىڭلا ھەققىم يوق، باشقا نۇرغۇن كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىمۇ بار، ھەققىمنى مەن ئوغرىلىقچە يالغۇز يەردە ئالمايمەن، كوپچىلىك بىلەن بىللە، ئوچۇق - ئاشكارا ئالىمەن، — دىدىم......

يەر ئىسلاھاتى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭغا خىزىرنىڭ بىر باغلىق ھويلىسى، 3 ئېغىزلىق ئويى، 15 مو ياخشى يەر، بىر دانە ئات - هارۋا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. شۇ كۈنى ئۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى ۋە بىرىنچى قېتىم ئۇسۇلغا چۈشتى......

خىزىرنى كۆرەش قىلىش يىغىنى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك، جانلىق ئېچىلدى، ئاممىنىڭ ئالدىدا شۈمشىيىپ تۇرغان خىزىرنى كورۈپ، "ياۋا سادىق"نىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، كوزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇۋې-لىپ، ئاممىغا قارىدى-دە، كوزلىرىدىن تارام-تارام ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ، زومىگەر خىزىر ئۇستىدە شىكايەت قىلىشقا باشلىدى......

كېيىن، ئۇ كوزگە كورۈنگەن ئاكتىپلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، يېزىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى بولدى.

بىز خىزمەتنى تاماملاپ قايتتۇق. كېيىن يېزا باشلىغى ئاۋۇت ئاكامنىڭ ماڭا يازغان خەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىنتايىن تېز ئالغا بېسىۋاتقانلىغىنى، يېزىدا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان باشلانغۇچ كوپېراتىپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغانلىغىنى بىلگەن ئىدىم. كېيىن ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن خەتلىرىمىز ئۈزۈلۈپ قېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قالدىم.

مانا، ئەمدى بىلدىمكى، ئاشۇ "ياۋا سادىق" ھازىر ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ دائىمى ھەيئىتى، ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىكەن! ھېلىقى گەمدە مەن نان بەرسەم قورقۇپ ئالمىغان يالىڭاچ، قاپقارا بالا ھەسەن ھازىر چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بوپتۇ. بۇ نىمدىگەن چوڭ ئوزگىرىش-ھە!......

مەن خۇددى چۈش كورۈۋاتقاندەك ئاجايىپ ھاياجانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوي ـ پىكىرلەر ئىچىگە غەرق بولغان ئىدىم. ئىتتىكرەك تاڭ ئېتىشىنى، ئاشۇ سادىق ئاكام بىلەن ئۇچرىشىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىم......

* * *

بۈلۈتسىز كوك ئاسماندا ئالتۇن قۇياش نۇر چېچىپ تۇراتتى. باھار ھوسنىگە تولغان گۈزەل تارىم يېزىسى كوز ئالدىمدا يېيىلىپ تۇراتتى. مەن قادىر ئاكام بىلەن دىڭىزدەك دولقۇنلاپ تۇرغان ياپ ـ يېشىل ئېتىزلار ئارىسىدىكى كەڭ يولدا كېتىپ بارىمەن.

ــ ئاۋۇ يىراقتا كورۇنۇپ تۇرغان كوكجۇم مەھەللە 6 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىدى. سادىق ئاكامنىڭ ئويى شۇ يەردە، ــ دىدى قادىر ئاكام ۋە ماڭا 10 نەچچە يىل ئىلگىرى سادىق ئاكامنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ، پايتەختىمىز بېيجىڭغا بارغانلىغى، داھىمىز ماۋجۇشى ۋە سۇيۇملۇك زۇڭلىيىمىز جۇ ئېنلەي بىلەن قول ئېلىپ كورۇشكەنلىگى توغرىسىدا زوق ـ شوخ بىلەن سوزلەپ ماڭدى. مەن سادىق ئاكامنىڭ ھاياتىدىكى بۇ ئاجايىپ يېڭىلىقنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم.

ــ لېكىن، ــ دىدى قادىر ئاكام بىردىنلا غەزەپلەنگەن ھالدا قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، ــ ۋەھشى لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" زوراۋانلىق قىلىپ يۇرگەن چاغلاردا سادىق ئاكامۇ ئاز جەۋرى چەكمىدى.

ــ شۇنداق بولدىمۇ؟ ــ مەن ھەيران بولۇپ قادىر ئاكامغا

قارىدىم.

— بۇ ھەقتە گەپ قىلىدىغان بولساق گەپ تولا، لېكىن سادىق ئاكامنى سىز بىلىسىز، كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزىمغا ئۇنىڭدەك مېھرى-مۇھەببىتى چوڭ-قۇر ئادەم يوق. شۇڭا ئۇلارنىڭ دوق-لىرىدىن بۇرۇتىمۇ تەۋرەپ قالمىدى. پېپەن، كۈرەش قىلىغۇ-چىلىرى شۇنچە قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىدى. بەختىمىزگە "4 زىيانداش" يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا توقۇلغان تۆھمەتلەر بىكار قىلىندى: ھازىر كورسىڭىز سادىق ئاكام ئىنتايىن تېتىك، باشقىدىن ياشىرىپ كەتتى......

بىز پاراك بىلەن 20 مىنۇتتەك مېڭىپ، 6-ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە يېتىپ كەلدۇق. قادىر ئاكام ئوچۇق تۇرغان دەرۋازى-نىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

— مۇشۇ ئۆي شۇ، — دېدى.

ھەر خىل گۈل-چېچەكلەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ھوي-لىنىڭ ئىچىدىكى تال بارىڭىنىڭ ئاستىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئوينىشىۋاتقان ئىككى بالا بىزنى كۆرۈپ جىم بولۇشۇپ قالدى.

بىز يېشىل سىرلانغان ئەينەكلىك ئىشىكتىن دالانغا كىرىشى-مىزگە ئۆك تەرەپتىكى مېھمانخانىدىن بىر ئادەم يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ھوي، قادىرەممۇ سەن، كەل-كەل، قىنى يۇقۇرى ئۆتۈڭلار!

مەن قىپ-قىزىل گىلەملەر ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرغان ئازادە ئۆيگە ھەيرانلىق ئىچىدە كىرىپ كەلدىم ۋە توردىكى كورپىگە

چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن چاچلىرى ئاقارغان، بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا دىكا چاپان كىيىۋالغان بۇ ئادەمنىڭ ئۇسكىلەك قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان قاپ - قارا، يوغان كوزلىرىدىنلا سادىق ئاكام ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئولتۇرالماي قالدىم، يۈرىكىم ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ كەتتى.

— سادىق ئاكا، ئۈيۈگگە كىمنى باشلاپ كەلدىم، بىلىۋاتامسەن؟ — دىدى قادىر ئاكام بىر دەمدىن كېيىن چاقچاق قىلىپ.

سادىق ئاكام بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قۇر سەپسېلىپ تۇرۇپ كېتىپ بېشىنى چايقىدى.

— ئىشقىلىپ بىر كورگەندەك قىلىمەن، كوڭلۇم تونۇپ تۇرىدۇ، لېكىن دەماللىققا ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن.

— هەي..... سادىق ئاكا، تونۇمايۋاتامسەن؟ يۈسۈپجاننى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

— يۈسۈپجان دەمسەن؟ — سادىق ئاكامنىڭ ئۇزۇن قاشلىرى بىردىنلا ئىگىز كوتىرىلىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى - دە، خوشال ۋاقىرىۋەتتى، — هوي، راست يۈسۈپجانغۇ سىز! — ئۇ غولىچىنى قوشنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، ماڭا قاراپ ئېتىلدى......

1979 - يىل مارت، ئۇرۇمچى.

**زوردۇن سابىر**

# دولان ياشلىرى

## 1

جۇۋان ئايلام، چوكان ئايلام،
سىنىڭ مەلەڭگە بارمايمەن.
سىنىڭ مەلەڭگە ماڭغاندا،
شاپاشلاپ زادى ھارمايمەن.

پالتاخۇن ھەر ۋاقىت تامىغىدىن كىيىن مۇشۇ قوشاقنى ئېيتاتتى. سىم باياۋان، بوم باياۋان، خۇدەك باياۋان مۇقاملىرىنى ئېيتقاندا ئاقۋاش، قارا كوز، ئۇزۇن چاچ ئاسىخان موماي قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، زوقى بىلەن تىڭشايتتى، بەزىدە ئەگىشىپمۇ قوياتتى. جۇلا مۇقامىغا سىلىپ ئېيتقاندا بولسا، ئاسىخانىنىڭ يۇرەكلىرى ئويناپ كېتەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىزلىق مەزگىلى بىلەن خوشلاشقان كۈننى ئەسلەيتتى:

سىكىلەك قويغان چېچىنى 16 قىلىپ ئۆرۈگەن 16 ياشلاردىكى گۈزەل قىزچاقنى ئات كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ، ئىنىزدۇرۇق جاۋ-غىيىدىن ئىككى يىگىت تۇتۇۋېلىپ، ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى. ئاسى-گۈل چۈمپەردە ئىچىدە تۇرۇپ كەينىدىكى هارۋىدا ئولتۇرۇش-قان يىگىتلەرنىڭ قالۇن، غىچەك، دولان راۋىپى ۋە داپلارنى چېلىپ ئېيتقان جۇلا مۇقامىنى ئاڭلاپ ماڭدى. ئۇ كۈنى گويا پۈتۈن دولانلىقلار بىرلىشىپ جۇلا مۇقامىغا تولۋاپ، ئاسىخاننى كوچۇرۇپ ماڭغاندەك بىلىنگەن ئىدى، يىگىتلەر قىزنى ئاشۇنداق قىلىشىپ هوجرىسىغا ئۈزىتىپ كېلىشتى. ئۆيگە كەلگەندە، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، 4 بۇرجىكىنى 4 قاۋۇل يىگىت تۇتۇپ تۇرغان كىگىزگە تاشلىدى. يىگىتلەر كىگىزنى يۇقىرى توۋەن سىلكىشتى. ئاسىگۈل شۇ كىگىز ئۈستىدە پالتاخۇن بىلەن تۇنجى قېتىم ئىر-ماش-چىرماش بولغان ئىدى......تويى بولۇپ ئالتە ئاي بولغان-دا، يەنە مەرىكە بولدى. قىزنى قولىدىن يېتىلەپ ئاتا-ئانىلىرى هەغدا ۋە كوپچىلىك توپلانغان سورۇنغا ئېلىپ چىقتى. ئاتا-ئانى-لىرى بۇغداي، قوناق، كېۋەز پاختا ئېلىپ چىقىپ قىزنىڭ بې-شىدىن ئۆرىدى-دە، ئۇلارنى سازچىنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ چاغدا مۇڭلۇق جۇلا مۇقامى ئېيتىلدى، قىز ئۇسۇلغا تەكلىپ قىلىندى، قىز سورۇنغا چۈشكەندە، يىگىت بېشى ئۇنىڭ يۈز ياغلىقىنى ئېلىۋەتتى. مەيداندىكىلەر "ۋاي!" دەپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ يۈزى يېپىلماي كېلىۋاتىدۇ، ئانىسى

ئورۇپ قويغان 16 ئورۇم چېچى 2 ئورۇم بولۇپ ئورۇلۇپ كېلە-ۋاتىدۇ. ئاسخان قىزلىق ھاياتىدىن مۇشۇ جۇلا مۇقامى تەنتەنىسى بىلەن ئەنە شۇنداق خوشلاشقان. ئۇلار 45 يىلدىن بېرى تالاي مەشرەپلەرنى، تالاي تويلارنى كورۇشتى. لېكىن ئۇسۇل بىلەن ناخشىغا بولغان تەشنالىغى زادىلا قانمىدى.

بوۋاي ھەر ۋاق تامىغىدىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاندا، موماينىڭ جېنى يايراپ كېتىشىنىڭ سەۋەۋى ئەنە شۇ.

بۈگۈن پالتاخۇن قازاندا قايناۋاتقان كوجىغا يالت قىلىپ قا-راپ قويىدى - دە، جۇلا مۇقامىنى باشلىۋەتتى. مەزىلىك توخۇ گوشى، كوكۋاش قوناق سۇتى بىلەن ئېتىلگەن كوجا بوۋاينىڭ ياخشى كورىدىغان تامىغى ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇ جۇلا مۇقامىنى كۇندىكىدىن ئۇنلۇكرەك ۋە ھېسسىياتلىق قىلىپ ئېيتتى. موماي كوزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ بوۋىيغا قارىدى - دە، سۇپىغا ئاۋار كورپە سالدى.

ئەجرى بىلەن ئەتكەن تامىغىنى بىر ئويلۇك جەم بولۇپ ئىشتىھا بىلەن يەيدىغانلىغىغا موماينىڭ كوزى يەتتى. شۇڭا ئۇ خوشال ئىدى. ئويگە كىرىپ كىتاپ ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ جەينىگىگە نوقۇدى - دە:

— يۇرسلە غوجام، كورپە سېلىپ قويدۇم، — دەپ پىچىرلىدى.

— ھېزى بولمايدىكەنسەنيا!......

ئوغلى قوپال ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى. موماينىڭ خوشاللىغىمۇ، بوۋاينىڭ مۇقامىمۇ قۇيۇنغا يولۇققان توزغاقتەك غايىپ بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوۋاي ئۇيگە ئېتىلىپ كىردى، ئۇ تاتىرىپ كەتكەن ئىدى:

— ساڭا نېمە بولدى ئوغلىماي! — دېدى ئۇ ساقاللىرىنى تىترىتىپ.

— كەچكىچە مۇقام، كەچكىچە ناخشا! — دېدى ئوغلى ئاتا-ئانىسىغا ئالىيىپ، — قولاق-مېڭەمنى يەپ كەتتىڭىيا!

— كىتاپ ئوقۇشىڭغا دەخلى بولدىمۇ-يا، غوجام، — دېدى ئانىسى يېلىنىش بىلەن ئوغلىغا تەلمۈرۈپ، — ماقۇل، ئېيتمىسۇن، 45 يىل ئېيتىپتۇ، كوڭلىمىزنىمۇ ئېچىپ بولغان بىز، سەنلا خوشال بولساڭ دىگىنىڭ بولسۇن، داداڭ ناخشا ئېيتمىسۇن!

— ئېيتمايمىشمەن تېخى! — دېدى بوۋاي ئاچچىق بىلەن ئويىدە ئايلىنىپ، — ناخشا ئېيتمىغانىغا خوشال بولسا مەن ئولگەنىدە خوشال بولىۋالسۇن، بۇنىڭ بەدىنىدە دولانلىقنىڭ قېنى يوق!

— نېمە؟ — دېدى ئوغلى چېچىلىپ، — دۇنيادىكى ئىلغار مەدىنىيەتنى بىلمەيسەن، دولانلىقنىڭ كونا مۇقامىنى يېڭى دەۋرگە تاڭماقچى بولىسەن، بۇ گۇزەل باققا كاۋا تېرىغاندەكلا بىر ئىش!

— شۇنىڭغا خاپا بولدۇڭمۇ غوجام! — دېدى ئانىسى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنى سىپاپ، — بولدى، دىگىنىڭ بولسۇن، داداڭمۇ ئېيتمىسۇن، مەنمۇ خوشال بولمايلا قوياي، قاپىغىڭنى ئېچىپ يۇرگىنە ئوغلۇم!

ئانىنىڭ ئوز خوشاللىغىنى، راھىتىنى ئوغلىغا ئاتا قىلىشى ھەتتا ئوغلىنىڭ بىر مىنۇتلۇق ئارامى ئۇچۇن ئوزىنى ئېغىر ئازاپلارغىمۇ تۇتۇپ بېرىشكە نەييار ئىكەنلىگى ياش يىگىتنىڭ

كۆڭلىنى يۇمشاتقان ۋە ئۇنى مەجبۇرەن بولسىمۇ كۆلۈمسىرەتكەنمۇ بولار ئىدىيۇ، بىراق بوۋاي ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى:

— شۇنداقلىغىڭدىن ساقىلىڭ بىر باغ بېدىدەك بولغىچە ئۆزەڭ لايىق تاپالماي يۈرۈيسەن! بىلەمسەن، مېنىڭ بايلىغىممۇ، خوشاللىغىممۇ ناخشا بىلەن ئۇسسۇل. ناخشىسىز، ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم سىرتماقتا تۇرغاندەك ئازاپلىق! سەن تېخى پۈتۈن دولان-لىقنى زېرىكتۈرگىنىڭنى ئاز دەپ مېنىمۇ گورگە ئىتتەرمەكچىمۇ؟ مېنىڭ پۇشتۇمدىن تامغان بولساڭ كاۋا-پاۋا دەيدىغان گەپلەرنى دولان دەرياسىغا ئېقتىۋەت ! دولانلىقتەك ئادەم بول!

— ئازار بەرمىسىلە! مېنى ئايىسىلا! — دىدى موماي كوز-لىرىگە ياش ئېلىپ، بوۋايغا يالۋۇردى، — مۇنداقمۇ بالا ئەمەس-تى، بىلىگىگە قىزىل تاقاپ، ئۇنىمۇ-بۇنىمۇ كونا دىگۈزۈپ، ئۇسسۇل بىلەن ناخشىغا ئوچ قىلىپ قويدى بالىنى.

بوۋاي ساقىلىنى تۇتامىلاپ نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. چۈنكى ئۇ 45 يىللىق ھەمرىيىنى قانداق كويۇپ-پىشىپ ئالغان بولسا، ھىلىمۇ شۇنداق ياخشى كورەتتى. ئۇنىڭ دىگىنىنى قىل-ماسلىقا بوۋاي بىقۇۋەت ئىدى، ئۇ ھويلىغا چىقتى، موماي ئۇنى كورپىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلارنىڭ كوزى ھامان ئوغلىدا ئىدى، ئوغلى ئورنىدىن تۇردى-دە، ۋەلسىپىتىنى دوڭغاقلىتىپ تالاغا ماڭدى. موماي ئۇنى توسىدى:

— ئوغلۇم...... سېنى دەپ توخۇ يۇگۈزلاپ، كوكۋاش ئېزىپ......— لېكىن ئوغلى ھويلىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بالىنىڭ مىجەزى يوق، 4 ـ 3 كۈن بولـدى غىزاسىمۇ كېمىيىۋاتىدۇ، — دىدى ئانا كوز يېشىنى يەڭلىرى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، — بىكارلا ئازار بەردىلە!

— نىمە مىجەزى بولمايتتى، بىرەر قىزغا كويۇپ قالغان گەپ! بۇ يىل 27 ياشقا كىردى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭـلەرنىڭ قىزلىرى بويىغا يېتەي دىدى. ۋاي شورپېشانەم! مەھەللىنىڭ نى ـ نى قىز-لىرى ئۇنىڭغا كوز تاشلىدى، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ يانغاندا بىز-نىڭ ئىشىككە كېلىپ ھېرىپ قالىدىغانلار ئاز بولدىمۇ؟ ئالتۇندەك قىزلار چېلەكلىرىنى قويۇپ بىزنىڭ ئىشىككە تەلمۈرۈپ قاراشتى. لېكىن سېنىڭ بۇ كەنجەڭ ئۇسۇل ئوينايدىكىنەي، ناخشا ئېيتە-دىكىنەي، دەپ بۇلارغا سىڭايان قاراۋەردى. مانا ئەمدى 4 بالىسى بار جۇۋانلار چېغىدا ئۇنىڭغا كوز قىرىنى سالمايدۇ! ئۇ ئاغرىماي كىم ئاغرىسۇن، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسام ئۇلۇپ قالاتتىم!

— قويىسىلا، — دىدى موماي روھى چۈشۈپ يەرگە قاراپ.

— ئەجەپ پېشانىمىز كاژكەنغۇ تاڭ!......

ساندۇقتىكى سارجىلارغا نەچچە قېتىم كۆيە چۈشتى. ھازىر بولسا مەخسۇس قېپىن ساندۇق ياسىتىپ قىممەتلىك تويلۇقلارنى ساقلاۋاتىدۇ. موماي ياقۇت كوزلۇك ھالقا، ئۈزۈكلەرنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئەرتىپ پاقىرتىپ قويىدۇ. كورسەتمىگەن خولۇم ـ خوشنىسىمۇ قالمىدى. قول سائىتىنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ماڭغۇزۇپ تىڭشاپ كورىدۇ، قوتاندىكى بېقىلغان قويلارنى نەچ-

چە قېتىم ئىلاجسىز سويۇۋەتتى، باغ تەرەپكە يانداش قىلىپ ياسىغان 2 ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ باسما زەدىۋاللىرىنىمۇ نەچچە تار-تىپ، نەچچە ئالدى. ئانار گۈللۈك بىر جۈپ گىلەمنىمۇ موماي نەچچە قېتىم يايدى، قاقتى......

— 2 ئېغىز ئۆينى بۇزۇۋېتىمەن، — دېدى بوۋاي كوچىنى كۆڭۈلسىز سۈمۈرۈپ قويۇپ، — 3 قېتىم ۋادەك (قۇرماتام)نى يېڭى-لاپ توقۇدۇق، 10 يىل بولدى، پالتاخۇننىڭ ئوغۇل تويىنىڭ داۋرىڭى چىققىلى! قانچىلىغان قېرىلار توي ئىشىغا ئېغىز تەگ-مەي ئۆلۈپ كەتتى، ئەمدى يېڭى تويلارنى سانىغاندا ھېچكىم بىزنى ئېغىزغا ئالمايدىغان بولدى خوتۇن، مەن چىدىمىدىم. جامائەتكە نەزىر قىلىۋېتىمەن. مەرىكىسىز ئۆيدىن گۆندىخانا ياخشى. سېنى ئايالا ھازىرغىچە كەلدىم خوتۇن. بۇ ئازاپنىڭ چېكى ھېچ كۆرۈنمەيدۇ-يا!......

ئۇ، خورسىنىپ ئۇلۇق-كىچىك تىندى.

— ئاسىدەمگە ئەلچى كىرگۈزۈپ باقساقمىكىن، ئەجەپ ئۈز، بەلەن بالا بوپتۇ! — دېدى ئاسىخان بوۋايغا يالۋۇرغاندەك تەلمۈرۈپ.

— ئاسىدەمگە ئەلچى كەتمەيدۇ، — دېدى بوۋاي خوشنا تامنى شەرەت قىلىپ، — 3 ئاچا-سىڭىلمۇ بىر بىرىدىن ئۈز، بەلەن باللار بولغان ئىدى، خوشناڭ قايسى قىزىنى ئاياپ قويغان، ئۆزلىرى ئېغىزلانغان ئىدىيا! گەپ كەنجەگىدە. بىرسىنى كەچ كىرگىچە ئۇسۇل ئوينايدىغان ئوغلاق دېدى، بىرسىنى ئاغزى

بېسلماي ناخشا ئېيتىدىغان ۋىتىلداق سېغىزخان دىدى، يەنە بىرسىنى راۋاپ چالىدىغان ئەكەك ـ زەدەك دىدى.

ــ ئاسىدەم تېخىمۇ شوخ، ــ دىدى ئانا قىزىنىڭ ئىسمىنى زوق بىلەن تىلغا ئېلىپ، ــ بۇ يىللا ئۇزگىدىن ئۇزگىچە سەكرەيدىغىنىنى قويۇپتۇ. بابا قارىسام قۇدۇقتىن ئىككى چېلەك سۇنى ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ، ئاغزىدا ناخشا، دولىسى بىلەن پۇتلىرى ئۇسۇلغا كېتىۋاتىدۇ. ئۇزەمچىلا كۇلۇپ تاشلاپتىمەن!...... سىلىچە بىزنىڭ كەنجىۋاي كىمگە كويگەندۇ ـ هە؟

ــ قەمەر شاهتەك چۇشىدە شەمشى جانانغا كويۇپ قالغاندۇ، 360 يىللىق يولغا بېرىپ دىۋىلەر شەهىرىدىن شەمشى جانانىنى ئەكەلگىچە سېنىڭ بىلەن مېنىڭ تېنىمىز توپا بولۇپ، توپىسىدىن كېسەك قۇيۇپ ياسىغان ئۇيلەرمۇ ئورۇلۇپ بولىدۇ خوتۇن!......

ــ تۈزۈك گەپ قىلسىليا! ــ دىدى موماي خاپا بولۇپ.

ئۇلارنىڭ گېلىدىن مېزىلىك كوجىمۇ ئۇتمىدى......

## 2

كەنجى ئۇيدىن چىقتى ـ يۇ، ئەمما نەگە بېرىشىنى بىلمىدى. ۋەلسىپىتىنى بولۇشىغا تېپىپ، كومىمۇنا مەدىنىيەت ئۇيىگە كەلدى. ئۇ مەدىنىيەت ئۇيىدە رەسىم سىزىش بىلەن ۋاقىت ئۇتكۇزمەكچى، ئىچ پۇشۇغىدىن قۇتۇلماقچى، ئەڭ مۇهىمى، پۇتۇن ۋۇجۇدىنى ئورتەۋاتقان بىر يوشۇرۇن ئۇتىنىڭ ئازاۋىدىن

ئازراق بولسمۇ پانا تاپماقچى بولدى...... ئۇ رەسىم جازىسى ئالدىغا كەلدى، قولىغا موبىنى ئېلىپ رەسىمگە قارىدى. خوشاللىق تەنتەنىسى قىلىۋاتقان كوممۇنا ئەزالىرى — ئۆزى سىزىۋاتقان سۈرەتتىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا قاراپ مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك، بولۇپمۇ ئاۋۇ ئۇششاق ئورۇم چاچلىرى ئۈستىگە گۈللۈك دوپپا كىيىۋالغان 18 ـ 17 ياشلاردىكى گۈزەل قىزچاق كەنجىنى مەنستىمەي كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ پەلكۈچنى ئاق بوياققا چىلىدى، قىزنىڭ يۈزىنى بويىۋېتىش ئۈچۈن قولىنى ئاپپاردى، قىز يەنىلا كۈلۈپ تۇراتتى. قەيسەرنىڭ پەلكۈچ تۇتقان قوللىرى تىترىدى:

— ئاسىدە! ...... دېدى ئۇ سۈرەتكە قاراپ پىچىرلاپ، — بۇ سۈرەتنى نىمىشقا ئاسىدىگە ئوخشىتىپ سىزغاندىمەن. بىرەر يۈز ئادەمنىڭ سۈرىتى ئىچىدە يالغۇز سەنىلا ئوبرازلىق، جانلىق سىزىلىپسەن، بۇ نىمە ئىش؟ ...... جاۋاۋى ئاددى بۇ سوئالغا ئۇنىڭ جاۋاپ بەرگۈسى كەلمەيتتى، جاۋاپ ئورنىغا 3 كۈن بۇرۇنقى كىچىككىنە ئىشنى ئەسلەپ قويۇش يېتەرلىك. بۇ قەيسەر ئۈچۈن ھەم كوڭۈللۈك، ھەم ئازاپلىق بولسىمۇ گەرچە......

* * *

قەيسەرنىڭ ئاغىينىسى مومىنجان ئايىلىنى قويۇۋېتىپ 3 كۈن ئۆتمەيلا قەيسەرنىڭ ھوجرىسىغا كەلدى:

— نىمىشقا ئايىلىڭنى قويۇۋەتتىڭ! — دېدى قەيسەر ئۇنىڭدىن رەنجىپ.

www.uyghurkitap.com

— راستىنى ئېيتايمۇ؟

— يالغىنىمۇ بارمۇ تېخى؟

— ئانداق بولسا ئاڭلا! مەن 48 يۇەن مائاش ئالىدىغان تېخنىك بولۇپ قالدىم. كوممۇنىنىڭ ئېلېكتىر ئىشلىرى مېنىڭسىز يۈرۈشمەيدۇ، ئاڭلىمىچۇ؟ دەرتمەن مەشرىپىدە تېپىشىپ قالغان بىر قىرى قىز. ئويۇنغان ئۇسۇلى بىلەن پوتا ئويۇنىدا ئېيتقان بېيىتلىرىگە قاراپ كويۇپتىكەنمەن، ئەمدى قارىسام بىر يۇك بولدى. ئالداپ-سالداپ خېتىنى بەردىم. ئەمدى چېكىپ يۇرۇپ ئالىمەن. پۇل دېسە بار، قولۇمنى نەگە سۇنسام شۇ يەرگە يېتىدۇ.

— نومۇس ئەمەسمۇ؟ — دېدى قەيسەر ئاچچىق بىلەن، — مۇنداق قىلساڭ مۇھەببەت دېگەننىڭ قانداق قىممىتى بولىدۇ ساڭا؟

— ئەخمەق، — دېدى مومىنجان ئۇزۇن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، — ئەركىشمۇ مۇھەببەت باغلامدۇ، كويۇپ پىششىش قىزلارنىڭ ئىشى، ئەرنىڭ ئىشى تاللاش. كورۇپ قالسەن، 10 كۇنگە قالماي مۇنۇ خوشناڭ ئاسىدەمنى قولغا چۇشۇرىمەن. ئۇنى قولغا چۈشۇرۇۋالسام پۈتۈن خەقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ. نىمىشقا دەمسىنا، سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ئۇ قىز ئەقىللىق؛ ئىككىنچىدىن، كورۇپ تۇرسەن چىرايلىق؛ ئۇچىنچىدىن، مائاش ئالىدۇ؛ تۆتىنچىدىن،......

— بولدى قىل! مەن سېنى ئادەم دەپ دوست بولۇپ

يۇرۇپتىمەن، باشقىچە بىرنىمە ئىكەنسەن!
مومىنجان قەيسەرنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كورۇپ چوچۇدى ـ دە:
ــ پاھ، سىنىڭ تەۋازلىقىڭنى، چاخچاق، يالغان ئىيتتىم. راستىنى ئىيتسام، مەن ئۇزۇڭدىن بىرى ئاسىدەمگە كويۇپ يۇرۇۋاتىمەن. بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئويىگە ئەككىرگىنە! قىز مىنى كورسىلا كىيىكتەك ئۇركۇپ قاچىدۇ. نىمىشقا؟ كوزلىرىمنى ئۇزەلمەي قالىمەن ـ دە.
شۇ سوھبەتتىن كىيىن قەيسەر ئاسىدىگە سەپسالىدىغان بولۇپ قالدى. مومىنجان ھەر كۇنى كىلىۋەردى. قەيسەر ئاسىدەنى بۇ كاززاپ يىگىلدۇرۇپ كەتمىگىيدى، دەپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۇنى ئاسىدەنىڭ مومىنجانغا چىلەك بىلەن سۇ چاچقىنىنى كورۇپ قالدى ـ دە، قىزغىنىش ۋە قىزنى مومىنجاندىن ساقلاپ قىلىش نىيىتى بىلەن: "خوتۇنىنى قويۇۋىتىپ قىزلارغا سوز قىلالايدۇ ـ يۇ، مەن نىمىشقا قورقىمەن. مەنلا ئىغىزلانسام ئاسىدە جەزمەن ماقۇل كورىدۇ. قىنى ئۇزەمنى بىر سىناپ كورەي، قىزلارنى جەلپ قىلالىغۇدەك يىگىتلىك كۇچۇم تۇگىدىمۇ، يوق!" دەپ ئويلىدى.
قىز ـ يىگىتلەر قۇدۇق بىشىدا سوزلىشىدۇ، چاقىرىلەكنى تالاشقان بولۇپ بىر بىرىنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇشۇپ، ياشلىق تىلەكلىرىنى بايان قىلىشىدۇ. قەيسەر چىرايلىق ياسىنىپ، پاكىز يۇيۇنۇپ، ئەپكەشنى مۇرىسىگە سىلىپ قۇدۇق بىشىغا باردى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاسدەنىڭ چىلەك كوتىرىپ چىقىپ كەتكىنىنى كورگەن ئىدى. قەيسەر قۇدۇق كاجۇسى ئۈستىدە تۇرۇپ چاقىپىلەك پىقىرىتتى. ۋاتقان قىزغا قاراپ:

— ئاسدە، ئىماندىاق بىر قولۇڭغا بىلەيزۈك، بىر قولۇڭغا سائەت تاقىۋالدىڭ؟ — دىدى. كۈندە نەچچە قېتىم دىدارلىشىپ، ئايلار ئۆتسىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمايدىغان سىپايە يىگىتنىڭ سوئالى قىزنى ھەيران قالدۇردى.

— پاھ، كەنجى ئاكا، سىزمۇ قىزلارغا سەپسالىدىكەنسىز - ھە؟ — دىدى قىز شوخلۇق بىلەن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ.

— بىلەيزۈگىڭگە قاراپ بالىمىكىن دىسەم، سائەت تاقاپسەن، چوڭ بولغان ئوخشىمامسەن؟

— كىنوغىمۇ، مەشرەپكىمۇ بارماي كۆن ئۆتكۈزگىنىڭىزگە قاراپ بوۋاي بولۇپ قالدىمىكىن دىسەم تېخى قىزلارغا زەڭ قويۇپ يۈرۈپسىز، ياش ئوخشىمامسىز؟

— تولا شېتىلىك قىلما! دىدى كەنجى قىزنىڭ بىلىگىدىن تۇتۇۋېلىپ، — بىر دەمدىن كېيىن چېتىنىڭ يېنىغا كەلگىنە، ساڭا بىر مۇھىم گېپىم بار، كېلەمسەن؟

— مۇشۇ يەردە يېرىمىنى بولسىمۇ ئېيتىڭ! دىدى قىز قولىنى تارتىپ.

— ماقۇل گەپىنىڭ بېشى شۇ، ئۇسۇل ئوينىشىنى، ناخشا ئېيتىشنى تاشلايسەن!

— پاھ، تېخى، — دىدى قىز يامپىشىغا ئۈرۈپ، — ھىلىمۇ

ياخشى كوزلىرىڭىنى ئۇيۇپ، ماڭا بېرىسەن دېمىدىڭىز، ها-ها-ها ...... قېنى ئاندىن كېيىنچۇ؟

— قالغىنىنى چىت تۇۋىدە ئاڭلايسەن!......

قەيسەر بېغىغا چىقتى، چىت قىلىپ تىكىلگەن جىگدىلەرنى ئارىلاپ ئاخىرىغىچە ماڭدى. ئاسىدە كورۇنمىدى. چىتلار ئارد-سىدىن بويىنىنى سوزۇپ هويلا ۋە باغلىرىغا قارىدى، ئاسىدە يوق. ئۇ، قىزنىڭ ئەخمەق قىلغانلىغىدىن خاپا بولۇپ ياندى. تۇيۇقسىزلا ئاموت دەرىخى ئۇستىدىن بېشىغا توك ئاموت چۇشتى ۋە كەينىدىنلا قىزنىڭ جاراڭلىق كۇلكىسى ئاڭلاندى:

— هە، ئېيتىڭ، — دېدى قىز ئاموت شېخىدىن پەسكە قاراپ تۇرۇپ، ئۇ يىگىتنىڭ كوزىگە شاخلار ئارىسىدىن غىل-پال كورۇنگەن ئايدەك بىلىندى، — ئۇسۇل بىلەن ناخشىنى تاشلاپ نىمە قىلىمەن؟

— تۇۋەن چۇش، ساڭا ۋاقىراپ ئېيتىدىغان گەپمىدى ئۇ؟

— ئېيتىڭ، — دېدى قىز، — مۇشۇ شاختا تۇرۇپ قۇشلار بىلەن بىللە ئاڭلاي.

يىگىت ئۇز بېشىغا ساڭگىلىغان ئاموت شېخىغا قارىدى:

— شاخ يېرىلىپ بېغىمغا چۇشسىغۇ گەپمۇ لازىم بولمايتتى...... ئاسىدە!...... ساڭا بىر يىگىت ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. لېكىن سېنىڭدىن ئۇسۇل ئوينىماسلىقنى، ناخشا ئېيتماسلىقنى تەلەپ قىلىدىكەن! — دېدى قەيسەر تەكەببۇرلۇق بىلەن گەپنى ئوچۇق قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىز پۈتۈن مەھەللە ئاڭلىغۇدەك قاقاخلاپ كۈلدى.

— بىلىمەن، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ناخشا بىلەن ئۇسۇلنى يامان كۆرىدىغان ئادەم مەھەللىمىزدە يالغۇز بىرلا! سىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇنىڭ قىزىققۇچىلىقى يوق، دولان قىزلىرى ئۇنىڭغا بۇت، دەپ لەقەم قويۇپتۇ، ھا-ھا-ھا..... قىز شۇنى دېدى-دە، شاختىن سەكرەپ چۈشۈپ كېتىپ قالدى. كەنجى تۇرغان يېرىدە تۈرۈپ قېتىپلا قالدى. ئۇ، قىزدىن بۇنداق جاۋاپنى كۈتمىگەن ئىدى.

ئەتىسىلا كوممۇنا بويىچە ئىلغار ياشلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى بولدى. يىغىندىن كېيىن دولان مەشرىپى بولدى، قەيسەر ئاساسلىق نەمۇنىچىلارنىڭ بىرسى بولغاچقا كوممۇنا رەھبەرلىرى ئالدىدىن كېتىشنى ئەپ كۆرمىدى. مەشرەپتە مومىنجان ئاسىدىنى ئۇسۇلغا تارتتى. ئۇلار بىر بىرىگە بېقىشىپ ئويناشتى، مومىنجان كەنجىگە قاراپ-قاراپ قويدى. كەنجىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل ئوت يېنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئالدىدا ئوسكەن ئاسىدە بىر كۈندىلا تەڭدىشى يوق چىرايلىق، ھەركەتلىرى نەپىس، ئاۋازلىرى يېقىملىق باشقىلا بىر سىرلىق قىزغا ئايلىنىپ قالدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ قەيسەرنىڭ ئۇيقۇسى كېمەيدى، تامىقى ئازايدى، گەپ خوشىياقمايدىغان، خىيالچان بولۇپ قالدى. ئۇ يېرىم كېچىدە بېغىغا چىقىپ، چىت تام ئارىسىدىن ئاسىدەلەرنىڭ بېغىغا، ھويلىسىغا ۋە ئۆي دەرىزىلىرىگە ئۇزاق

قارايدىغان بولۇپ قالدى.

* * *

ئۇ، قىزنىڭ سۈرىتىگە ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى. ئاق بوياق بىلەن بويىۋېتىش ئورنىغا موبىنى قارا بوياقتا تەككۈزۈپ، ئۇنىڭ چىرايلىق قۇلاقلىرىغا ياراشقان سېكىلەكلىرىنى قېنىق قىلىپ بويىۋىدى، قىزنىڭ ئالتۇن هالقا ئاسقان قۇلىغى خۇددى قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان چىرايلىق غۇنچىغا ئوخشاپ قالدى.

"ئاسىدە، سېنىڭ قايسىلا ئەزايىڭنى سىزسا بىر سەنئەت، بۇ رەسىمىم نەشر قىلىنىپ قالسا، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ سېنى كورگۈسى كېلىشىدىن قورقىمەن......" ئۇ، ئاسىدە بىلەن خىيالىدا مۇڭدىشىپ، قولىدىكى موبىنى رەسىم جازىسى ئۈستىدە يورغىلاتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئىشلىگىنى بەلگىسىز، دادىسىنىڭ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئېسىگە كەلدى:

— ئوزەڭ يىمىسەڭ مەيلى، — دىدى دادىسى ئۇنىڭغا قاتتىق ۋاقىراپ تۇرۇپ، — ئاناڭمۇ غىزا يىمىسە، ماڭ، ئاناڭنى ئايا بالام! ماڭ، جۇگۇ، تامىقىڭنى يە، ئاندىن كېيىن مەتيا راۋاپىنىڭ پېشىگە يېپىش، ساڭا ئۇسۇل ئۇگىتىپ قويسۇن.

كەنجى ئورنىدىن تۇردى. ئىشخانىغا كەچكى تاماقتىن كېيىن رەسساملار، تاماشىچىلار كىرىشكە باشلىغان ئىدى، ئۇ، دادىسىدىن خەلقى ئالەم ئالدىدا بىرسىگە ئاشىق بولۇپ يۈرگىنىنى ئاشكارىلاپ قويمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دادىسى ئوغلىنىڭ كەينىدىن قاراپ خۇرسىندى:

— ھەي، ياشلىق! ئاشىقلىق نېمە كويغا سالمايدۇ-ھە؟

## 3

ئاردا بىر ھەپتە ئۆتتى، كەنجىنىڭ ياڭاقلىرى چاپلىشىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇ، ئەتىگەن تۇرۇپ ئېتىزغا كېتەتتى، چۈشتىمۇ كەلمەيتتى، كەچتە كېلىپلا چالا-بۇلا غىزالىنىپ، مەدىنىيەت ئۆيىگە كىرىپ رەسىم سىزىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى، ئۇنىڭ قۇلىغا ماختىنغۇچىلارنىڭ ئاۋازلىرىمۇ، مەسلىھەتچىلەرنىڭ پىكىرلىرىمۇ سوغاق ۋە يېقىمسىز ئاڭلىناتتى. كىمدۇ بىرسى، ھېلىقى قىزنىڭ سۈرىتىنى كورسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاسىدەكىلا ئوخشىتىپ قويۇپسەنغۇ، — دېگەنىدىلا ئۇ، بېشىنى كوتىرىپ ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەيتتى ۋە:

— ئاسىدەدىن باشقا چىرايلىق قىز يوقمىدى؟ — دەپ قوياتتى.

— بولدى، چەتئەللەرگە چىقىرىدىغان دىخانلار رەسىملىرىگە سېنىڭ ئۇ رەسىمىڭ تاللىنىدۇ، يۇر، دۇنيادا رەسىم سىزىشتىنمۇ كۆڭۈللۈك ئىشلار بار، مەن سېنى سەگىتىپ ئەكىلىمەن! — پاكار بويلۇق، خۇش پېيىل يىگىت ئۇنى بىلىگىدىن تۇتۇپ تالاغا سورىدى.

— مەتيا ئاكا! چىشىمغا تەگمىگىنە! — دېدى كەنجى ئۇنى

سىلكىپ تۇرۇپ، — سېنى كۆرسەم 40 يىللىق قوقىغىم ئۆرلەپ، سېرىق تۈكلىرىممۇ تىك بولۇپ كېتىدۇ!

— مېنىڭمۇ سېنى كۆرسەم جەھلىم قاتىدۇ. لېكىن داداڭنىڭ تەلۋى، ئاناڭنىڭ ئىلتىماسى، قېرىلارنىڭ رايىغا بېقىپ قايتىدىن سېنى دولانلىق قىلىشقا بەل باغلىدىم!

— سېنىڭسىزمۇ مەن دولانلىق! — دېدى قەيسەر ئۇنىڭ يېپىشقاق قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ، — سېنىڭ دەسسىگەن يېرىڭگە ئايىغىم تەگسە پۇتلىرىمنى يۇيۇپ ياتىمەن مەتىيا، يېتەر، قوللىرىمنى خېلىلا بىزەپ قىلدىڭ. ئەمدى يىراقىراق تۇرغىن!

مەتىيانىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تىترىدى، كەنجى قانچە قېتىم بۇ گەپنى قىلدى: سېرىق ناخشا-ئۇسۇل تارقاتقۇچى، فېئوداللىزىم تەرغىباتچىسى دەپ سازايى قىلىنغاندىمۇ، چوڭ يىغىندا سۆزلىگەن سۆزلىرىدىمۇ، مىنبىك لىيەنجاڭى نامى بىلەن قىلىنغان ئايرىم سوھبەتلىرىدىمۇ، ئۇرۇمچىگە نەزىرىيە كۇرسىغا بېرىپ كېلىپ ياشلارغا قىلغان نەزىرىيە ئۆگىنىش فۇداۋلىرىدىمۇ، كەنجى ھامان مەتىيانى بىرمۇ يارامىلىق يېرى يوق، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە، ئەخلاقتا ھەتتا يۈرۈش-تۇرۇشتىمۇ سەپتىن چىققانلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى. مۇشۇ بىر يىلدىن بېرى مەتىيا قەيسەرنىڭ ئەيىپلەشلىرىدىن خېلى قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى، مانا بۈگۈن يەنە ئاڭلىماقتا.

مەتىيا ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈلۈمسىرىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

— ھەي پالتاخۇن ئاكا، سىنىڭ بىلەن دوست بولغىنىمغا ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، بۇنداق بالاڭ بارلىقىنى نېمىشقا دائىم يادىمدىن چىقىرىپ قويىمەن - ھە؟ ئۇستازىم پالتاخۇننىڭ يۈز - خاتىرى جۇمۇ. مەن سىنى سەگىتىپ قويىمەن يۈر!

قاۋۇل مەتىيانىڭ ئامبۇردەك قوللىرى كەنجىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالغان ئىدى. ئۇ كەنجىنىڭ نالىسىگە، قارشىلىقىغا قارىماي، ئۇنى ئۆيدىن باققا سۆرەپ چىقتى. ئۇلار باغدىكى شاتۇت دەرىخىنىڭ ئاستىدا زوڭزىيىشتى.

— نېمە قىلماقچىسەن مەتىيا؟

— مەن سىنى دولان ياشلىرىنىڭ قاتارىغا قايتۇرۇپ كەلمەكچىمەن.

— قانداق قىلىپ؟

— ساڭا ئۇسۇل ئۆگىتىمەن!

كەنجى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى - دە:

— نېمە؟ سەن ئۆگىتەمسەنا؟ بىلىپ قويغىن، سىنىڭ ئىزىڭ چۈشكەن توپىدىن بىر چاڭنىمۇ بەدىنىمگە قوندۇرمايمەن. سەن كىم؟ داڭلىق ئاقنانچى. سەن بىرسى خورەك تارتىپ بەرسىمۇ ئۇسۇلغا چۈشسەن! مەن سىنىڭدىن ئۆگىنەمدىمەن؟

— دىگەنلىرىڭ راست ئۇكام، مەن ھورۇن، مەن لايغەزەل ئىدىم، ئەمگەكتىن قاچاتتىم، ئۇسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، داپ چېلىپ يۈرگىنىمگە 33 يىل بولۇپ قالدى، يەنە بىلىپ قويغىنكى، مەن مۇشۇ ناخشا ئۇسۇلنى دوست تۇتقىنىم ئۈچۈن

ئۇلۇپ كەتسەم نامىزىمغا 10 ئۇستەڭلىك يەرنىڭ ئادىمى كېلىدۇ، يەنە 33 يىل ياشىيالايمەن. سەن شۇ چاغدا مەتىيانى تىللىغان ئاغزىڭغا كاچات ئۇرىسەن بالا!

مەتىيانىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان بۇ سوزلىرى كەنجىگە تەسىر قىلدى، ئۇ يەنە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، دىمىسىمۇ مەتيانىڭ ئەيىپلىرىنى يېپىپ تۇرغانمۇ ئاشۇ ناخشىسى بىلەن ئۇسۇلى ئىدى.

— مەتىيا ئاكا، سەن مۇندىن كېيىنمۇ ئاقنانچى بولۇپ ئوتۇۋېرەمسىنا؟ ئۇ ئەيىۋىڭنى تۈزىمەمسىنا؟

— لېكىن ئەيىپ تۈزىتىشتە سەندىن قالمايمەن ئۇكا. مەنمۇ بىلدىم، ئەمگەكسىز هايات لەززەتسىز بولىدىكەن، مېنى ئاقنانچى دەيدىغان يالغۇز سەنلا قالدىڭ. مېنىڭ ئەيىۋىمنى ئارتۇقچىلىغىم يېپىپ كېتەلەيدۇ، — دىدى مەتيا كەنجىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ، — سېنىڭ ئەيىۋىڭنىچۇ؟ ئەمگەكتىكى ئىلغارلىغىڭ، خوتۇن - قىزلارغا كوز سالماسلىغىڭ، يالغان ئېيتماسلىغىڭ، ئۇستا رەسساملىغىڭ، خىزمەتتىكى ئاكتىپلىغىڭ، قولۇڭنىڭ ئەپچىللىكى، ئاتا-ئاناڭغا كويۇنۇشۇڭ، كىتاپقا بېرىلىشىڭ، يەنە ئاللىقانداق ياخشىلىقلىرىڭ زادىلا ياپالمايدۇ. نىمىشقا؟ سەن دولان ياشلىرى-نىڭ ئەڭ ياخشى بىر پەزىلىتىدىن مەھرۇم سەن! سەن سەنئەت-نى خورلايدىغان ياۋايى تەبىئەتلىكلەرنىڭ خىلىدىنسەن! شۇنىڭ ئۇچۇن سېنى قىزلار ياراتمايدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن مەنمۇ سېنى ياخشى كورمەيمەن. بۇگۈن داداڭ بىلەن ئاناڭمۇ سېنىڭدىن

نەپرەتلەنمەكتە!

قەيسەرنىڭ بېشى چۈشتى. ئۇنىڭ قۇلىغى تۈۋىدە ئاسىدەنىڭ "سىزنى قىزلار بوت دەيدۇ، ھا ـ ھا ـ ھا......" دېگەن كۇلكىسى جاراڭلىغاندەك، دادىسىنىڭ "بەدىنىڭدە دولانلىقنىڭ قېنى يوق!" دېگەن سوزلىرى گۇكىرىگەندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

كەنجى يېرىم كېچىدە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ ھوجرىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىدا ياتقان ئاتا ـ ئانىسى تۇيۇپ قالدى!

— كەلدىڭمۇ، غوجام! — دېدى مېھرىۋان ئانىسى يېنىك ئۇھ تارتىپ.

— مەتيا سېنى ئىزلەپ نەچچە رەت كەلدى، — دېدى پالتاخۇن تام تەرەپكە ئورۇلۇۋېتىپ، سېنى قىمار ئويناشقا دەۋەت قىلمىغاندىن كېيىن نىمانچە گەدەنكەشلىك قىلىسەن ، بالاماي!

دادىسىنىڭ ئۇيقۇسىرىغانلىقتىن گاراڭ ـ گۇرۇڭ چىققان ئاۋازىدىن، رەنجىگەنلىگى بىلىندى. كەنجى ھوجرىسىغا كىرمىدى، چاقىسىنى ئاستا ئېچىپ باققا چىقتى. باغنىڭ ئارقا تەرىپى دۆڭنىڭ چوڭ بېغىغا تۇتىشاتتى، ئۇ دۆڭنىڭ، ئۆزىنىڭ ۋە ئاسىدەلەرنىڭ باغلىرى تۇتىشىدىغان بۇلۇڭغا كېلىپ ئەنجۇر ئاستىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى، ئۇ، خوشنىسىنىڭ بېغىغا قاراپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ـ دە: "ئاسىدە، سەن تۇنۇگۇن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ مومىنجان بىلەن پاراڭلاشتىڭ ـ ھە، ھەتتا قاقاقلاپ كۈلدۈڭ، مېنىڭ جېنىمغا

تېگىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭمۇ ياكى......" دەپ پىچىرلىدى.

ئۇنىڭ باشلىرى غوڭۇلدايتتى، كوزلىرىگە ئىمىر-چىمىر بىر-نىمىلەر كورۇنەتتى، ئۇ هازىر بارلىق شىرىن خىياللاردىن قۇتۇلۇش-نىلا ئويلايتتى، چۈنكى نەچچە كۈندىن بېرى مەيلى كېچە-كۈندۈزدە ئىشلىسۇن، مەيلى رەسىم سىزسۇن، ياكى مەيلى يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسۇن، ئاسىدە بىلەن بىللە بولغاندا قىلىشىدىغان شىرىن سوزلەر، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىغاندا قىلىدىغان ئىشلار......، قىسقىسى، ئوزى شىرىن هايات دەپ هىساپلىغان ئىشلارنىڭ هەممىسىنى ئويلاپ بولغان، هەتتا نەچچە قايتۇرۇپ ئويلىغان، بۇ خىياللار هىساۋىغا ئانىسىنىڭ ئارامىنى، دادىسىنىڭ خوشلۇغىنى قاچۇرغان ئىدى.

— بالام!......بالام!......— ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇ ئەترەتنىڭ بېغىغا چىقىپ كەتتى، — دىدى دادىسى ئەسنەپ تۇرۇپ، — ئارقىدىكى چاقسا غىچىرلىغاندەك قىلدى-يا.

— بالا كويگەن بولسا ئاسىدەگە كويىدى، — دىدى ئانىسى تىترەڭگۇ ئاۋاز بىلەن، — كويەك يامان دادىسى، كويەك يامان، مەنمۇ سىلىگە كويگەندە، قويغان-تۇتقىنىمنى بىلەلمەيلا قالغان......

— قىزلار بەكرەك كويىدۇ، ئاسخان، بىزنىڭ كەنجىمىزمۇ قىزلاردەك كويىدىكەن، ئۇن-تىنسىز تۇتىگەن چۈچۈلىدەك كويىدىكەن، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇۋېرىدىكەن. كويگەن ئوغۇل بالا بۇنداق جىمغۇر بولۇۋالسا زىيان تارتىدۇ، مېنىڭ خاپا بولغىنىم شۇ ئەمەسمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— تۈزۈك گەپ قىلسىلا!......

— ئاسىدەمگە كويىگەن بولسا......— دېدى پالتاخۇن بىردىنلا خۇشال بولۇپ، — ياخشى بوپتۇ. ئۇسۇل ئۇينىسۇن، شوخ بولسۇن، شۇ چاغدا ئاسىدە كەنجەگە ياق دېمەيدۇ. لېكىن كەنجەك ئۇنى قىلالمايدۇ، ئاسىدە ئۇنى ياقتۇرمايدۇ! ...... پالتاخۇن ئېغىر خورسىندى.

— ياقتۇرۇپمۇ قالار...... ئىسسىقچىلىق چوشۇپمۇ قالار......

— دېدى ئانىسى مىشلداپ يىغلاپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كەنجى يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. "نېم بوپتۇ، ئاتا-ئانامنى، شۇ قاتاردا ئۇزەمنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن بولسىمۇ، مەتيا راۋاپتىن ئۇسۇل ئۇگەنسەم نېمە بوپتۇ......" دەپ ئويلىدى ۋە شەپە بىلدۇرمەستىن ئېرىق ئىچى بىلەن دۆڭنىڭ بېغىغا چىقىدىغان چاقسا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى......

## 4

پاراسەتلىك چەۋەنداز ئاساۋ ئايغىرنى كوندۇرگەندەك، سەۋرلىك يىگىت تەكەببۇر قىزنى ئاخىر ئۇزىگە قاراتقاندەك...... مەتيا راۋاپ ئۇزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە سەۋرچانلىقىنىڭ مېۋىسىنى كوردى. كەنجى بۇگۇن كەچقۇرۇن هاراق، سامسا، توغاچلارنى ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ كەلدى:

— ئۇسۇل ئوينىغانغا ئاسىدە ماڭا تېگىدىغانلا بولسا مەن ئۇگىنەي، بېشىم بىلەن مېڭىپ بولسىمۇ ئۆگىنەي، — دىدى كەنجى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ تۇرۇپ، — مەتيا ئاكا، ئەمدى تاقىتىم تۈگىدى، 3 سوتكا بولدى، ئۇخلىمىغىلى. گېلىمدىن سوغاق سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە ئوتمەيدۇ، ئانامىمۇ مېنىڭ بىلەن تەڭلا قورۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئانامغا قاراپ دادامىمۇ تۈگىشىۋاتىدۇ. تونۇگۇن يەنە مەشرەپ بولدى. مېنى بۇ ھالغا سالغان قىز قېرىشقاندەك مومىنجان بىلەن ئۇسۇلغا چۈشتى. ئۇلار بېقىشىپ ئوينىشىۋىدى، يۈرىگىمگە سانسىز تىغلار سانچىلغاندەك بولۇپ كەتتى. مەتيا ئاكا، دىگىنىڭنى قىلىپ بېرەي، ماڭا ئۇسۇل ئۇگەت، لېكىن بىرسىگە تىنما. پىشقان ئالما شېخىدىن ئۈزى چۈشكەندەك، ۋاقتى ـ قەرەلى كەلگەندە، مەن ئۆزەم سەكرەپ چۈشمەن!

مەتيا پىيالىگە هاراقنى تولدۇرۇپ قويدى ۋە يۇمشاق بۇرۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ قاقاخلاپ كۇلدى. ئۇ كەنجىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ:

— سەنمۇ كوڭلۇڭ تارتمىغان ئىشقا ئۆزەڭنى مەجبۇرلاۋاتىسەن، مەنمۇ قوچاققا قېتىق ئىچكۈزگەندەكلا بىر ئىش قىلىۋاتىمەن، لېكىن ياخشى نىيەت بىلەن دارغىنى ئىرغىتساڭمۇ ئېتىگىڭگە مىۋە چۈشىدۇ ئۇكام، قېنى ئەمسە باشلايلى، مەتيا ئاكاڭ پالتاخۇنكامنىڭ سالامەتلىگى ئۇچۇن بىر كوتىرىۋېتىدۇ، قېنى، خوشە!

ئۇ ھاراقنى ئىچتى، سامسىنى يىدى ۋە كەنجىنى بىغىدىكى كولچەكنىڭ بويىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ قولىغا داپنى ئېلىپ:

— ئەمىسە سىم باياۋاندىن باشلايمىز، — دىدى-دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن مۇقام باشلىۋەتتى:

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئايغا كويىدۇ بۇ جان.
كىيگەن كوينىگى ئەتلەس،
تۈگمىسى سەدەپ مارجان.

مۇقام تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ئالدىرىماي ئۇسسۇل باشلىدى، ئۇنىڭ قىسقا پۇتلىرى رىتىملىق ئاۋاز بىلەن يەرگە ئەپچىل تېگەتتى، ئۇ ئاۋال بىر خىل ھەركەتنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ كەنجىنىڭ بىلىگىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇز ئىزىنى دەسسەتكۈزۈپ ماڭغۇزدى. كەنجى ئىچ-ئىچىدىن خورلۇق ھىس قىلدى، چۈنكى ئۇ يىگىت بولۇپ يېتىلگەندىن تارتىپلا ئۇسسۇل-ناخشىلارنى يامان كورۇپ كەلگەن، ئۇنىڭغا بۇنداق ھەركەتلەر، بايىقى قوشاقلار سەنئەت ئەمەس، بىر خىل ھاقارەتلىك ئىشتەك بىلىنەتتى. ئۇ 1966-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىنى تۈگەتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۇگەنگەن قايسى كىتاۋىدا بونداق سەنئەت بار دەيسىلەر. كىتاۋىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ مىنىبىڭ، ئىلغار زىيالى ياش، ئۇگىنىش نەمۇنىچىسى دىگەن-دەك ناملارغا ئېرىشىشىدە، ياكى ئۇز ناھىيىسىدە، ۋىلايىتىدە

ھەتتا ئۈرۈمچىدە بولۇپ ئۆتكەن نەزىرىيە ئۆگىنىش كۇرسى-
نىڭ قايسىبىر دەرسىدە بۇنداق دولان ئۇسۇلىنى "ئىنـ-
قىلاپ ئۈچۈن پايدىلىق" دەپ تىلغا ئاپتىكەن. شۇنى ئۇز
نۆۋىتىدە ئېيتىپ قويۇشقا بولىدۇكى، كەنجى سەنئەت نەزىرىيىلىرى-
نىمۇ خېلى ئۆگەنگەن. سەنئەتتىن سىياسەتنىڭ يۇرىغى چىقىپ
تۇرۇشى لازىم،...... دادىسىنىڭ كونىنى ياقلايدىغانلىقى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇن سېرىق دەپ قارالغان بەزى نەرسىلەرنىڭ
سەھنىگە چىقىۋاتقانلىقى...... ئۇنىڭ تىلىنى قىسقا قىلىپ تۇرۇۋا-
تىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇسۇل بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاسىدىنىڭ
ئۇنى كوزگە ئىلمىغانلىقى......خەپ:"مەتيا، ساڭا ھاجىتىم چۈشەر
دەپ ئويلىمىغان بولغىيدىم. مانا قارا، ھايات دىگەن ئادەمنى
نىمىلەرگە مۇھتاج قىلمايدۇ-ھە!......" ئۇ بېشىنى تۇتۇپ
قىرغاقتا ئولتۇرۇۋالدى. مەتيا كەينىگە قاراپمۇ قويماي ھە دەپ
ئۇسۇل ئوينىماقتا، ئۇ كەنجىنىڭ ئولتۇرۇۋالغانلىقىدىن بىخەۋەر
ئىدى.

كەنجى بۇ ئۇسۇل ئويناۋاتقان ئادەمگە نەپرەت بىلەن قاراپ
ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇزى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتلىرىنى ئەسكە
ئالدى:

......كەنجى 1966 - يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى،
ئۇ، مەھەللىسىگە "فېودالىزىم تەرغىباتچىسى" دىگەن قەغەز
مەيدىسىگە چاپلانغان، بېشىغا ئىگىز قالپاق كىيدۇرۇلگەن ئادەمنى
سازايى قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئۈستىگە كەلدى. ئۇستۇۋېشى توپا-چاڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىلەنگەن "تەرغىباتچى" كەچقۇرۇن كەنجىلەرنىڭ ئۆيىگە كىردى، كەنجى ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ:

— نىمە لازىم ساڭا؟ — دەپ ھومايدى ئۇنىڭغا.

— كەلگىن مەتيا، — دىدى دادىسى كەنجىگە ئالىيىپ قويۇپ، — كەلگىن، ساڭا غىزا ئېلىپ قويدۇم، يۈر ئۆيگە!

كەنجى دادىسىغا نارازى بولدى. "فېودالىزىم تەرغىباتچىسى" دىگەن نام بېرىلگەن ئىكەن، ئۇنى بوسۇغىغا يولاتماسلىق لازىم ئىدى، دادام نادانلىغىدىن بۇنىڭغا شەپقەت قىلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ.

دادىسى يالغۇز قالغاندا:

— جەمىيەت تۆكۈرۈپ تاشلىغان نەرسىلەرنى ئەتىۋالايدىكەن-سەنغۇ دادا، ئۇ بىر جەمىيەتنىڭ دۈشمىنى تۇرسا، — دىدى.

دادىسى 15 ياشلىق ئوغلىغا:

— ناخشا-ئۇسۇل، ساز ئۈچۈن گۇناكار بولىدىغان ئىش بولسا، مەنمۇ گۇناكار، سەنمۇ گۇناكارنىڭ بالىسى، نىمىشقا دەمسەنا؟ قانچە گۇنا بولسا بولسۇن، ناخشا بىلەن ئۇسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم ئاچ قالغان كۈنۈمدىنمۇ بەتتەر كۆڭۈلسىز...... — دىدى، كەنجىنىڭ ئۇ كۈنى مەتيانى كۆرە كۆزى يوق بولسىمۇ، دادىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپلا ئۇنى ئۆيدە قوندۇردى......

1971-يىلى كەنجى ئىلغار مىنبىڭ، ئىلغار ئىتتىپاق ئەزاسى، ئىلغار زىيالى ياش نامى بىلەن، ئۆز تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن كوممۇنىلارغا باردى. ئۇ يىراق بىر كوممۇنىدا

جۇل ـ جۇل كىيىملىك، قولتۇق تاپاق تايىنىۋالغان مەتيانى كوردى. مەتيا كەنجىنى كورۇپ:

ـــ داداڭغا سالام دەپ قوي، مەتيا تېخى هايات! دەپ ۋاقىردى. كەنجى ئۇنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلغىنىنى بىرسى كورۇپ قالمىسۇن دەپ دەرهال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

شۇ كۇنى كەچقۇرۇن ناهىيىنىڭ تەشۋىقات ئەتىرەتى ئۆيمۇ ئۆي قويۇپ بېرىلىۋاتقان، ئويۇن تېخى يېرىمىغا بارا ـ بارمايلا، ئادەملەر تارقىلىشقا باشلىدى. مىنبىگلار ئادەملەرنى قورال بىلەن توسۇپمۇ توختىتىپ قالالمىدى. توساتتىن شۇ يەردە، راۋاپ بىلەن مەتيا پەيدا بولۇپ قالدى.

ـــ چال! مەتيا، مانا سەنئەت دېگەن! ـــ دېيىشتى كوپچىلىك تۇشمۇ ـ تۇشتىن. مەتيا ئۆزى تۇزگەن يېڭى قوشاقلارنى دولان مۇقاملىرىغا سېلىپ ئېيتىۋىدى، كوپچىلىك بىردىنلا باريكاللا ئېيتىشىپ ئۇنى ئورىۋالدى. كوپچىلىك ئۆزلۈگىدىنلا مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ ئۇسۇلغا چۇشۇپ كەتتى. ئادەملەر ئوي ـ ئويدىن، نە ـ نەلەردىن كېلىپ سەيناغا پاتماي قېلىشتى،...... بىردىنلا قورالىق مىنبىگلار پەيدا بولدى ـ دە، مەتيانى باغلىدى.

ـــ سېرىق ناخشا ئېيتىپ فېئودالىزىمنى تەشۋىق قىلدى، ـــ دېدى بىر مىنبىگ.

ـــ كوممۇنىنى ماختاپ ناخشا ئېيتتىڭمۇ! ـــ دېدى بىر دېھقان مەتيانى ماختاپ.

ـــ ئاھاڭى سېرىق! ـــ دېدى ھىلىقى ياش تەكەببۇرلۇق بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گىدىيىپ، ــ فېودالىزىمنىڭ مەدھىيەنامىسى!......

كەنجى مىنبىگىنىڭ سوزلىرىنى چىن كوڭلىدىن ماقۇل كوردى، چۈنكى ئۇنىڭ سادىق ئەمما نادان ۋۇجۇدىغا سىڭگەن تەربىيە ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر قارا كۇچ پەيدا قىلغان ئىدى. بۇ قارا كۇچ ئۇنىڭغا ھەتتا پەرىجە ـ يەكتەك كىيگەنلەرنىمۇ سەت ۋە يىرگە-نىشلىك قىلىپ كورستەتتى. كەنجى سوزلىمەكچى بولدى، لېكىن دادىسىنىڭ ھورمىتى ئۇچۇنلا مەتيانى ئوچۇق قارىلىمىدى. ئۇ، مەتيانى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن، كوپچىلىكتىن مۇنۇ سوز-لەرنى ئاڭلىدى:

ــ ئەكسىلئىنقىلاپچى دەپ بىر يىل قامىدى، ئۇرۇپ پۇتلىرىنى چېقىۋەتتى، گۇنايى نىمكىن؟ ناخشا ئېيتقان، ساز چالغان شۇنچە چوڭ گۇنامىكەن؟

ئاغزىمىزنى تىكىۋەتەيلى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئۇسۇلىمىزنىمۇ ئويناتقۇزمامدىكەن؟

......كەنجى خىيالدىن بېشىنى كوتىرىپ، ئۇسۇل ئويناۋاتقان مەتياغا قارىدى، مەتيا دولان ئۇسۇلىنى تەرلەپ ـ پىشىپ، زوق بىلەن ئوينىماقتا ئىدى.

ــ بىر ـ ئىككى ـ ئۇچ...... ھە، مانا بۇ چېكىتمە، ئۇچ ماڭ-دامدىن كېيىن بېقىشىمىز، دەسسە، ھە! ...... ئاۋال چېكىتمىنى ئۇگىنىمىز...... مانا سىزىپ قويدۇم. قېنى دەسسە، ۋۇي سول پۇتنى ئاۋال......

ــ مەن سەھنىگە چىقمىغاندىن كېيىن ئانچە ـ مۇنچىلا ئۇگىنىپ

قويسام بولدى! ــ دېدى كەنجى مەتيانىڭ قولىدىن قوللىرىنى تارتىپ.

ــ نىمە دېدىڭ؟ سەن مەتيادىن ئۆگەنگىنۇ، تېخى ئانچە ـ مۇنچىلا ئۆگىنىدىكەنسەن! پالتاخۇن ئاكام پۇتۇن دولان بويىچە بىرىنچى ئۇسسۇلچى. داداڭغا يارىغۇدەك ئۆگەتمىسەم، قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭغا قارايمەن. ئەگە پۇتۇڭنى، مۇنۇ سىزىلغان يەرگە دەسسە! چېكىتمىنى بىر ھەپتە، سەنەمنى بىر ھەپتە، سەنەقەسنى بىر ھەپتە، سىرىلمىنى ئون كۈن ئۆگىتمەن، بىر ئايدىن كېيىن تولۇق ئۇسسۇلچى بولۇپ چىقسەن. پۇتۇڭ كەلمىدى، باشقىدىن دەسسە، ھە،...... غۇلچىڭنى كەڭ كەرگىن. كوكرىگىڭنى ئالدىغا چىقار، ھەمرىيىڭ بىلەن كۆلۈپ تۇرۇپ بېقىشسەن......

ئۇ كەنجىنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ، ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا ماڭغۇزدى، تىزىنى ئەگدى، پىشانىسىدىن نوقۇدى،...... كەنجىنىڭ پۇتلىرى تالدى، پۇتۇن ئەزايى چىلىق ـ چىلىق تەرلىدى، ئۇ قاتتىق تەبەتلىك يىگىت بولغاچقا، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، مەتيانىڭ دىگىنىنى قىلىۋەردى......تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا، مەتيا ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ:

ــ يالغۇزمۇ ئويناپ باقتىڭ، پۇتلىرىڭ خېلىلا كېپ قالدى، لېكىن ھەركىتىڭ قوپال راق، سىلىق ھەركەت قىل، سەن ئۇسسۇلغا چۈشكەندە، پۇتۇن دولانلىق ھەيران قالىدىغان بولسۇن. كورگۈچىلەر: "پالتاخۇن ئولسىمۇ ئۇسسۇلى ئولمەيدىكەن!" دېيىشسۇن. مەن سېنى ئاشۇنچىلىك ئوينىيالايدىغان قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقمىسام مەتىيا بولماي كېتەي، ئەتىگەنلىككە يەنە مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىمىز، خەير! ـــ دېدى.

ئەتىگەنلىكى كەنجى ئىشتىھا بىلەن تاماق يېدى، بۇنى كورۇپ پالتاخۇن بىلەن ئاسىخان بىر بىرسىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى.

## 5

تۇرمۇش ئاشۇنداق. خوشاللىغى بىلەن خاپىلىغىنىڭ كەلمە-گىمۇ، كەتمىگىمۇ تۇيۇقسىز بولىدۇ.

ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىزلا ناخشا ئېيتقىنىنى ئاڭلىغان ئاسىخان ھە دېگەندە ئۇز قۇلىغىغا ئىشەنمىدى. ئۇ چونەكلىك ئارىسىدىن بېشىنى كوتىرىپ ئېرىغا قارىدى، راستلا ئوغلى كەنجى رەسىم سىزىدىغان جازىسىنى چىنار دەرىخىگە يولەپ قويۇپ، چالا سىزىلغان رەسىمگە قاراپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋېتىپتۇ. موماي بېشىنى ئىرغىتىپ، ئوزىچىلا پىخىلداپ كۈلدى. لېكىن ئوغلىنىڭ نېمىگە خوشال بولغىنىنى بىلەلمىدى. تۇنۇگۇن ئۇنىڭ سىزغان رەسىمىنى بېيجىڭغا تاللاپ ئېلىپ كېتىپتۇ دېيىشىۋىدى، شۇنىڭ خوشاللىغىمىدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ تەجرىبە ئېتىزىنىڭ بۇغدىيىنىڭ موسىدىن 840 جىڭدىن ھوسۇل چىقىپتۇ دېيىشىۋىدى، شۇنىڭ مۇكاپاتىدىن خوشالمىدۇ ـ يە! بۇنداق ئىشلارغا خوشال بولۇپ ناخشا ئېيتقان بولسا ھەر يىلى مۇكاپاتلىنىدۇ، ھەر يىلى ماختىلىدۇ، شۇ چاغلاردا ناخشا ئېيتقان بولماسمىدى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغلى

ناخشا ئېيتسەڭ «3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەت» ناخشىسىنى ياكى «ئىنتېرناتسىونال»نى، ناھايىتى ئېچىلىپ كەتكەن كۆڭلىرى لى يۈيخېنىڭ ناخشىلىرىنىلا ئېيتاتتى، بۈگۈنكىدەك دولان مۇقامىغا ئىگىشىپ:

چىللاك توخام، چىللاك توخام،
يايرىم ئۆيغانسۇن.
لەۋلىرىدىن چىشلىۋالاي،
چوچۇپ ئۆيغانسۇن......

دەپ ناخشا ئېيتىپ باققان ئەمەس. بۈگۈن نىمە بولدى، ياكى تېگى يوق خىياللار بالىنى ئېلىپ قويمىغاندۇ؟......

ئاسخانىنىڭ بېشىدىن بىر چېلەك سوغاق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى: "ئالما قېقى، ئارچا ياغىچى، قوي يېغى بىلەن بوي سىلىۋېتەيمۇ، يا؟" دەپ پىچىرلىدى ئانا پەرىشان بولۇپ. ئانا ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئوغلى ئورنىچىلا قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە پەلكۈچ تۇتقان قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، پۇتلىرىنى ئېگىشتۇرۇپ سەنەمگە دەسسىگىلى، كۈلۈمسىرەپ چىنار دەرىخىغە بېقىپ، ئايلىنىپ ئۇسۇل ئوينىغىلى تۇردى. ئانا قورققىنىدىن ياقىسىنى تۇتۇپ بىرنىمىلەرنى پىچىرلاپ ئۇقۇپ ھۈرگىلى تۇردى، ئوغلى ئەمدى غۇلاچ تاشلاپ سەنەـ قەسكە ئايلىناي دېۋىدى، بىردىنلا خوشنا باغدىن قىز بالىنىڭ قاتتىق كۈلكىسى ئاڭلاندى. ئۇشتۇمتۇت ۋە جاراڭلىق چىققان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كۆلكە ئاۋازىدىن ئاسخان ئاچا تېخىمۇ چوچۇدى ۋە بېشى ئايلىنىپ، ياش نەشپۈت كوچىتىگە يولىنىپ قالدى.

— شەيتان! — دېدى كەنجى پىشقان ئانارىدەك قىزىرىپ چىت كەينىگە بويىنىنى سوزۇپ قاراپ، لېكىن قىزنىڭ كۆلكىسى بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى. ئاسخاننىڭ بايىلا قورقۇنچ بىلەن تىترىگەن ۋۇجۇدى ئەمدى بىر خىل ھاياجان ۋە خوشاللىق لەززىتىدىن مەس بولۇپ ئاستا سىلكىندى: "بالامنىڭ تازا جۇپ-تىنىڭ، ئاسىدە، — دېدى ئانا پىچىرلاپ، — كۆزۈم تەگمىسۇن، باللارنىڭ ئارىسىغا ئىسسىقچىلىق چۈشكەندەك تۇرىدۇ......" ئانا ئوتاۋاتقان چوڭنىگنى تاشلاپ، ئۆز خوشاللىغىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن خوشنىسىنىڭ — ئاسىدەنىڭ ئانىسىنىڭ ئويىگە قاراپ يۈگۈردى......

ئارىدىن يەنە 10 كۈن ئۆتتى، ئاسخان ئوغلىنىڭ كېچىدە باغدا تۇرۇپ ئېيتقان ئۈنلۈك ناخشىسىنى ئاڭلاپ، خوشاللىغىنى يېنىدىكى ھەمرىيى پالتاخۇنغا پىچىرلاپ مەلۇم قىلدى:

— بالا ئاسىدەمگە كۆز سېلىپ يۈرىدۇ، قىزنى دەپ ناخشا ئېيتىدىغان، ئۇسۇل ئوينايدىغانمۇ بولۇپ قاپتۇ. قايسى كۈنى ئەپكەشنى كوتىرىپ سۇغا كېتىپ بارىدۇ، 2 پوتى بىلەن دولىسى ھە دەپ سەنەمگە قىمىرلاۋاتىدۇ......

— ۋەلسىپىت ئۈستىدە تۇرۇپمۇ ئۇسۇل ئوينايدىغان بولىدۇ تېخى، — دېدى پالتاخۇن، — دولان ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە ئىخلاس قىلدىمۇ، بولدى، ئەمدى ئۇسۇل، ناخشا دىسە پۇتۇن بەدىنى

قىمىرلاپ كېتىۋاتقان بولۇپ قالىدۇ، ئىزا ـ نومۇس دىگەننىمۇ ئۇنتۇيدۇ. بالاڭ شۇ ھالغا چۈشسۇن، ئاندىن ھىم......

ــ تۇزۇك گەپ قىلسىلا!......

ــ ھىچ بولمىسا مىنىڭچىلىك خۇمارى بولسۇن، دولان ياشلىرى دولان ئۇسۇلىنى بىلمىسە بىزگە ئازاپ......

ئۇ يەنە نىمىلەرنى دەر ئىدىكى، بىردىنلا باغدىن ناخشا ئاۋازى كەلدى:

يار كېلىپ گۈل دەستە تۇتسا،
تار كېلۇر دۇنيا ماڭا.
جان دىلىمدىن ئەتىۋاردۇر،
شۇ گۈلى رەنا ماڭا!......

ــ ھىم! ــ دىدى پالتاخۇن ئاق بولۇتلار ئارىسىدىن كۆلۈپ چىقىۋاتقان ئايغا قاراپ، ــ ئاسخان، بالاڭنىڭ تويىغا قانچە ئۇستەڭلىك يەرنى ئىيتىمىز؟......

كۈنلەر يىزىغا باياشاتلىق، باغلارغا رەڭ، ئىتىزلارغا سوغا، ئادەملەرگە خوشاللىق تەقدىم قىلىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ تىز ئۆتۈشتى. مەكتەپ ئىتىزلىرى كىۋەزدىن، ئاشلىقتىن، باغلىرى ئىسىل مىۋىلەردىن بىرىدىغان ئىنئاملىرىنى بىرىپ بولۇشتى. ئەمدى ئەزالار ئۈچۈن كوڭۈللۈك تويلار، جۇشقۇن مەرىكىلەر مەئىشەت بىلەن تولغان داستىخانلارنى كەڭ ئاچماقتا...... ئۇسۇل ۋە ناخشا پەسلى يىتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

ئاسخان، تەييارلان! ئەيىپ ئەمەس، ھىلىقى بىر ئاتىنىڭ پۇلىغا ئالغان كۆمۈش چاتقاڭنى ئاس، ئەتە تويىكەن!

— كىمنىڭ تويىكەن شۇنچە؟

— چوڭ ئەترەتنىڭ! — دېدى پالتاخۇن تەنتەنىلىك ۋاقىراپ، — بىزنىڭ چوڭ ئەترەت پاختا بىلەن ئاشلىق سېتىپ بىرىنچى ناھىيە بويىچە بىرىنچى بوپتۇ. نۇرغۇن مۇكاپات ئاپتىمىز. شۇنىڭ خوشاللىقىغا چوڭ توي قىلغۇدەكمىز، مەشرەپكە پۈتۈن ناھىيىدىن ۋەكىللەر كېلەرمىش!......

— ئىست، كەنجىنىڭ يوقلۇقىنى ئىست! — دېدى ئانا ھەسرەت قىلىپ، — بار بولغان بولسا كوكسى-قارنى ئېچىلىپ قالار ئىدى،......

## 6

......لېكىن بۇ چاغدا كەنجى مەھەللىدىن يىراقتا دولان دەرياسىنىڭ بويىدا يېتىپ-قوپۇپ يېڭى ئۆستەڭگە تاش ياتقۇزماقتا ئىدى. ئۇ زەربىدار گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولغاچقا قول ئاستىدىكى 24 نەپەر يىگىتنىڭ ئىشىغىمۇ، تۇرمۇشىغىمۇ قارىشى لازىم ئىدى، ياشلار مەھەللىدىكى تويغا ئۈلگۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، چارە-ئامال ئىزلەشمەكتە ئىدى.

— چالا قالغىنىنى تويدىن كېيىن پۈتتۈرۈۋېتىمىز! — دېدى بىر يىگىت قولىدىكى تاشنى يەرگە تاشلاپ، — سەن كەنجى،

مەشرەپ دىسە بېشىڭ ئاغرىيدىغان ئادەم! بىزنىڭ ھالىمىزغا نەدىن يېتەتتىڭ، سېنى گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا سايلاشتا مۇشۇ ئەيىۋىڭ بىلەن ھېساپلاشماپتىمىز، ھېلىھەم بولسىمۇ، يولداشلار، مەن كەنجىنى گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلاشقا قول كوتىرىمەن. شۇنداق قىلمىساق، بىز تويىدىن قۇرۇق قالىمىز.

— 6 سائەت قاتتىق ئىشلىسەك ۋەزىپە توگەيدۇ، — دىدى يەنە بىر يىگىت ھېساپلاپ كورۇپ، — يەنە 6 سائەتتە بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت 9 بولىدىكەن. سائەت 9دا يولغا چىقساق 47 كىلومېتىر يولنى......

— پىيادە ماڭساق 10 سائەتتە بېسىپ بولىمىز، ئۇ چاغدا تويىدىن كېيىن ناغرا، قېتىق توگىگەندە زاغرا دىگەندەك بىر ئىش بولىدۇ......

— قول تىراكتۇرى بولغاندا ئىدى، سائەت 11دا يېتىپ بارساقمۇ ئاخىرقى ئۇسسۇلغا بولسىمۇ ئۇلگۇرەتتۇق......

— نىملا بولمىسۇن ۋەزىپىنى توگەتمەي قايتمايمىز، — دىدى ئاخىر كەنجى ئىشتىن بېشىنى كوتىرىپ، — بىزگە ئوگۇنلۇككە توي بولىدۇ، دەپ 2 كۇن بۇرۇن ئۇقتۇرغان. دادۇيدە جاۋاپكارلىق يوق. ئۇزىمىز ئۇلگۇرتەلمىدۇق!

— ئۇزىمىز دەيسەنغۇ كەنجى؟ — دىدى ھېلىقى كەنجىنى گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىن ئېلىۋېتىشكە قول كوتىرىمەن دىگەن يىگىت خاپا بولۇپ، — توشۇغۇچىلار تاشنى ئۇلگۇرتەلمىدى، بولمىسا بۇگۇن ئەتىگەن توگەيتتى، شۇلار تويغا دەخلى قىلدى، شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇچۇن چالىسىنى شۇلار تۇگەتسۇن، مەن شۇ تاپتا ماڭىمەن، ۋەلسىپىت بىلەن 3 سائەت چاپسام تويغا ئۇلگۇرۇپ بارىمەن!

ھىلىقى يىگىت قىرغاقتا چىقتى.

— ۋەلسىپىتى بارلار ماڭايلى! — دەپ يەنە بىر يىگىت قىرغاققا چىقتى.

— سەن كەنجى، بىزدىن رەنجىمە، — دېدى ھىلىقى يىگىت ۋاقىراپ تۇرۇپ، — شۇنداق چوڭ تويدا بىر ئۇسسۇلغا چۈشۈۋالمىساق، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى بولىدۇ. سېنىڭدىن باشقا قالغان 23 مىزنىڭ ئايىلىمىز بار، 23 چوكاننىڭ كوزى مۇشۇ ياقتا تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەللىنىڭ كوزگە كورۇنگەن ئۇسۇلچى يىگىتلىرى بىز تۇرساق، كىچىككىنە ئىشنى دەپ قانداقمۇ چوڭ تويغا سوغاقچىلىق سالغىلى بولسۇن، ماڭايلى، ھەممىمىز ماڭايلى، تۇگىدى، دەپ بارايلى، چالىسىنى ئەتىلىككە چۈشتىن كېيىن كېلىپ تۇگىتىۋېتىمىز!

شۇ چاغدا قاتناش گۇرۇپپىسىدىكى يىگىتلەر ئىشەك، كالىلىرىنى قامچىلاپ توپا-چاڭ توزىتىپ مېڭىشتى، ئۇلارنىڭ مەسئۇلى بولغان مومىنجان ۋەلسىپىتتە سىڭايان ئولتۇرۇۋېلىپ:

— كەتتۇق، ھەي تاشچىلار، ئايالىرىڭلار بىز بىلەن ئۇسۇل ئوينايدىغان بولدى، رەنجىمەڭلار ئەمىسە-ھە! — دەپ قويۇپ چاڭ توزۇتۇپ چىقىپ كەتتى.

— توختاش، ئولۇمتۇكلەر! — دەپ ۋاقىرىدى بايىقى يىگىت غەزەپ بىلەن، — سەنلەر تاشنى ئۇلگۇرتۇپ بەرمەي، بىزنى تونۇ-

گۆن يېرىم كۈن بىكار قىلىپ قويۇشتۇك، شۇنىڭ كاساپىتى......

لېكىن ئۇلاردىن بىرسىمۇ قايرىلىپ قويمىدى، تاشچىلار مومىنجاننىڭ گېپىنى بىلەن خېلىلا غودۇرىدى. 10 غا يېقىن يىگىت چالىسىنى كېيىن ئىشلەيمىز دەپ ۋەلسىپىتلىرىگە يۈگۈرۈشتى، كەنجىنىڭمۇ ۋەلسىپىتى بار، ئۇنىڭمۇ كەتكۈسى بار، لېكىن يالغاندىن تۇگەتتۇق دەپ بېرىشقا ئۇ ئادەتلەنمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادۇي باشلىقلىرىنىڭ يۈزىگە قاراشمۇ بىر گەپقۇ، لېكىن بارمىسا مومىنجان بۈگۈن جەزمەن ئاسىدەنى ئۇسۇلغا تارتىدۇ. بىر يېرىم ئايدىن بېرى ئاسىدەنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن ئۇسۇللىرىنى ئەمدى قاچان ئوينايدۇ! مەتيا ئۇنى ھازىر 4 كوزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندۇ.

يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمى مېڭىشقا تەييارلاندى، بىرقىسمى كەنجىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرىدۇ، كەنجى كوپچىلىككە قارىدى:

— يولداشلار، مېنىڭمۇ ئۇتتەك بارغۇم بار، — دىدى ئۇ، — لېكىن، يولداشلار يەنە 6 سائەت جىددى ئىشلىسەك ئىش تۈگەيدىكەن، لېكىن بىز ئىشنى تۈگىتىپ يېتىپ بارغىچە توي تارايدىكەنۇ،......مەن يالغان ئېيتالمايمەن؛ ۋەزىپىنى تۈگەتمەي قايتمايمىز! كېتىمەن دىگۈچىلەرنى توسۇشقا ئاجىزمەن.

ئۇ، گەپ تۈگىدى دەپ ئۆز ئىشىغا ئىگىشتى، قىرغاقتىكىلەردىن بىرنەچچىسى قايتىپ چۈشتى، لېكىن يەنە بىرنەچچىسى بولسا مومىنجان كەتكەن تەرەپكە قاراپ ۋەلسىپىتلىرىنى غۇيۇلدىتىپ قويۇۋەتتى.

# 7

كوممۇنا ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى تېرەكلىك مەيدان كۈندۈزدەك يورۇغان، ۋاسكىتبول گارىغا ۋە دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئېلىپ قويۇلغان لامپۇچكىلارنى پەرۋانىلەر ئايلانماقتا. لامپۇچكا يورۇغىدا نۇرلانغان چىرايلاردىن كۈلكە ۋە شاتلىق ياغماقتا. باللار ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈگۈرۈشمەكتە، چىرايلىق يەكتەك ۋە چاپانلىرىنى كىيىشكەن قېرىلار بىر بىرى بىلەن قىزغىن ۋە تەنتەنىلىك كورۇشمەكتە. ئالا-يېشىل كىيىشكەن ئاياللار، قىزلار ئوز توپلىرى بىلەن مەيدان تەرەپكە ئالدىراپ مېڭىشماقتا.

— راستلا چاتقا سېلىۋاپلا! — دېدى ئاسىخاننىڭ خوشنىسى، يەنى ئاسىدەنىڭ ئانىسى ئاسىخاننىڭ جاراڭلاپ تۇرغان كۈمۈش چاتقىسىنى شەرەت قىلىپ.

— ئاسمىسام ئۇ كىشى خاپا بولغۇدەك! — دېدى ئاسىخان، — ئۇ كىشىنىڭ زورى بىلەن ئېلىۋالدىم.

— ئۇسۇلغا چۈشەملا؟

— پالتاخۇن چۈشۈرمەي قويارمۇ؟ — دېدى ئاسىخان قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، قايسىبىر مەشرەپتە ئۇ مېنى تارتمىغان.

— مەنمۇ چۈشمەن، چۈشمىسەم قىزلىرىم قويمايدۇ......

شۇ چاغدا چاچلىرىنى ئۆششاق ئورۇگەن، ئەتلەس كوينەك كىيىپ، چاچلىرىغا گۈللەرنى قىستىغان ئاسىدە ئۇلارنىڭ يېنىغا

يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، قولىدىن تارتىپ، ــ بولۇڭلار، قىرلارغا گىلەم، يېكەندازلار سېلىنىدى. سىلەرنى جايلاشتۇرۇپ قوياي، ــ دەپ ئالدىراتتى. ئاسىخان ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىدى ـ دە:

ــ ئىست بالام، كەنجاخۇننىڭ يوقلۇغى. بار بولسا، كوڭلۇم توق بولار ئىدى......

ــ ۋاي، خوشنا، ئوغۇللىرى بولغان بىلەنمۇ بۇنداق مەشرەپلەردىن ئۇزىنى قاچۇراتتى، كوڭۇللىرى يېرىم بولمىسۇن، پالتاخۇن، ئوغۇللىرىنىڭ يوقلۇغىنى ھېلىلا ئۇنتۇلدۇرىدۇ، كوردىلىمۇ، ئەنە، ساز چېلىنماي تۇرۇپلا سەنەمگە دەسسىگىلى تۇرۇپتۇ.

ــ سۇرەتكە ئېلىۋاتىدۇ، ــ دېيىشىپ باللار پالتاخۇن تەرەپكە يۈگۈرۈشتى، پالتاخۇن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئوينىماقتا، راستلا ئۇنى بىرسى سۇرەتكە ئالماقتا ئىدى. ئاسىخانلار گىلەم ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى، مەيدان ئادەمگە لىق تولغان، مېھمانلار-نىڭ ئالدىدىكى ئۇستەلگە مۆۋىلەر، قوغۇنلار تىزىلغان......

لېكىن مەشرەپ تېخى باشلانمىغان ئىدى، ئاسىخان كەيىندە ئۇرە تۇرغانلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى.

ــ نىمىشقا باشلىمايدىغاندۇ؟

ــ مەتيا راۋاپقا قاراپ تۇرۇپتىمىش.

ــ ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

ــ ئۇستەڭگە تاش ياتقۇزۇۋاتقان ياشلارغا ماشىنا ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەجەپ ئادەم ـ دە! ئەمگەك دېسە بۇرۇن بېشى قاتاتتى، بىر يىل بولدى ئېغىر ئەمگەك قىلغانلار بىلەن دائىم بىللە......

ئاسىخان بىردىنىلا خوشال بولۇپ، ئاسىدەنىڭ ئانىسىنىڭ بېقىنىنى نوقۇدى:

— خوشنا، كورۇپ تۇرسىلا، مېنىڭ كەنجاخۇن بالام بۈگۈن قىزلىرىنى ئۇسۇلغا تارتىدۇ!

— سىلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قولىدىن شۇ ئىش كەلسە ئىگە-كىم بار، ئاسىدەنى ئوغۇللىرىغا ئەتىلا ئۇنىتىمەن ......ھا-ھا-ھا......

* * *

بۇ چاغدا كەنجىنىڭ ئىشىمۇ تۈگىگەن، ئۇ يىراقتا قالغان مەھەللىسىگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. كەچكىچە ئىشلەپ ھارغىنىغا قارىماي بۇ چولدە قالغان 10 نەچچە يىگىتنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيتتى، ئۇلار مەيۈسلەنگەن، روھسىزلانغان، بىر بىرسى بىلەن گەپ قىلىشقىمۇ رەھى بارمايتتى.

— ماشىنىلاشقان بولساقمۇ ماشىنىدا بىر سائەتتە يېتىپ بارار ئىدۇق، ھەي، بىزنىڭ قالاقلىقىمىز......

— ماشىنىلاشقان بولساق دۈمچىيىپ قول بىلەن تاش تىزىش-تىنمۇ، گۈرجەك بىلەن ئۇستەڭ كولاشتىنمۇ قۇتۇلاتتۇق...... ھەي......

— مەن يوق، ئايلىم جەزمەن يىغلىدى جۇمۇگلار، مەن بولمسام، ئۇ ئۇسۇل ئوينىمايدۇ، ئۇسۇل ئوينىيالمسا، ھوكرەپ

يىغلايدۇ......

— دەرتمەن مەشرىپىدە تېپىشقان دەۋاتاتتىڭ. ئەجەپ قالتىسكىنا!......

— بىر كەنجىنىڭ يولغا قارايدىغان ئادىمى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەشرەپ بىلەنمۇ خوشى يوق، ئارىمىزدا كۆڭلى يېرىم بولمىغان بىرلا ئادەم بار ئىكەن جۇمۇڭلار......

كەنجىنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى يوق. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ كۆڭلى ھەممىدىن يېرىم، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت ئىچىدە يانماقتا، ئۇ خۇددى گۇناسىز تۈرمىگە كىرىپ قالغان ئادەمدەك تىت-تىت بولماقتا...... ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەھەللىسى تەرەپكە قارىدى. شۇ ياقتىن بىر دەرەخنىڭ قارىسى بولسىمۇ كۆرۈنسىدى كاشكى،......شۇ تاپتا مەشرەپ باشلاندى، ئەنە، مومىنجان پار-پۇر ياسىنىپ ئاسىدەنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى، ئەنە، ئۇلار بېقىشىپ ئوينىدى، ئەنە، سەنەمگە چۈشتى، ئاسىدەنىڭ،ئۇزۇن چاچلىرى ھەتتا مومىنجاننىڭ يۈزلىرىگە تەگدى،...... كەنجى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى،...... ئۇ، خۇددى ھەرە چېقىۋالغان توپاقتەك تىپىرلىدى......

— ماشىنا-ماشىنا! — بىرسى ۋاقىرىدى، كەينىدىن كۆپچىلىك ۋاقىرىدى.

— ماشىنا، بىزنى ئېلىپ كەتكىلى ماشىنا كەلدى! ھەممەيلەن شۇ ياققا يۈگۈرۈشتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەنجىمۇ بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

—چىقىڭلار، تېز چىقىڭلار ماشىنىغا! —دەپ ۋاقىرىدى مەتيا بېشىنى كەبىنكىدىن چىقىرىپ، —سىلەرنى ھەممە ئادەم ئۇنتۇسىمۇ، مەن ئۇنتۇمايمەن. نىمىشقا دەمسىلەر، ھەممىڭلار ئۇسۇل دىسە جان بېرىدىغانلار. بۇنداقلارنى قاتناشتۇرماي ئوتكۈزگەن مەشرەپ تۇز سالمىغان كوجىدەك بەتتام بولىدۇ. مەتيانى بىلمەمسىلەر تېخى؟ مەن ھازىر ئاقىنانچى مەتيا ئەمەس، ئەمگەكچى مەتيا. شۇنىڭ ئۇچۇن مەشرەپنىڭ مېغىزىنى ئېغىر ئىش قىلغانلار چاقسۇن دەپ ماشىنا ئېلىپ كەلدىم.

*    *    *

ئاسخاننىڭ يەنە ئۇمىدى ئۇزۇلدى، قارا تەلپەك كىيگەن بىرسى مۇقامنى باشلىۋەتتى. لابادا ئۇنىڭ ناھىيىدىن كەلگەن مۇقامچى ئىكەنلىگى بايا ئېيتىلغان ئىدى، مانا ئەمدى مۇقام توگەپ قالۇن، غىجەك، دولان راۋاپلىرىدىن چىققان يېقىملىق ساز كىشىلەرنى ئۇسۇلغا چىللىماقتا، ئەنە بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا پالتاخۇن چۈشتى. ئاسخان ئۇنىڭغا ئىچىدە كايىدى: "ئوغلى چوللەردە بوينىنى قىسىپ يۇرسىمۇ خوشال بولىۋېرىدىكىنا، مېنى ئۇسۇلغا تارتىپ كورسۇنا قېنى......"

لېكىن ئاسخاننىڭ كايىشلىرى بىكار بولدى، پالتاخۇن ھەييارلىق بىلەن ئايلىنىپ كېلىپ، ئاسخاننىڭ ئالدىدا بىر تىزىنى پۇكۇپ تەكلىپ قىلىۋىدى، ئاسخان يېڭى تويى بولغاندەك خوش بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، كەڭ ئەتلەس كوينىگىنى يەلپۇتۇپ، بوۋايغا بېقىپ ئۇسۇل ئوينىدى. موماي كىملەر بىزگە زەڭ قويۇ-

ۋاتىدىكىن دەپ قارىشىدى، مەيدان ئۇسسۇلچىلار بىلەن تولۇپتۇ. بوۋاي ـ مومايلار، قىز ـ يىگىتلەر، باللارمۇ جۈپ ـ جۈپى بىلەن ئويناۋېتىپتۇ. سەنەقەسكە ئايلانغاندا، پۈتۈن مەيدان ئۇسسۇلچىلار چەمبىرىكى بىلەن لىق تولدى. سىرىلمىغا چۈشكەندىلا ئاسخان بوۋايغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

خوشاللىق نۇرىغا ئاسخاننىڭ كۆڭلى غەش بولدى. سەۋەبى، شۇنداق چوڭ سورۇندا ئوغلى كەنجى يوق ئىدى.

## 8

ئاسخان لابادىن تۇيۇقسىزلا مەتيانىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. مەتيا جۈلا مۇقامغا تىۋۇلماقتا ئىدى، مۇقام تۈگىشىگىلا، مەيداندا چىرايلىق كىيىنگەن بىر يىگىت پەيدا بولدى. يىگىت ئالدىراپ بېرىپ، ئۇچۇشقا تەمشەلگەن قالغاچتەك تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئاسىدەنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلدى. قىز ھەيران بولۇپ كەينىگە داجىدى، مەيداندا كۈلكە كوتىرىلدى. مەتيا ئاۋازىنى تېخىمۇ كوتىرىپ ناخشا ئېيتتى:

ئالمىنىڭ تاياقىمۇ،
بىيىنىڭ تاياقىمۇ.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
يارىنىڭ ئىشتىياقىمۇ؟......

ئاسخان كورۇپ تۇردى، ئاسخانلا ئەمەس، پۈتۈن مەيدان-دىكىلەر كورۇپ تۇردى. ئاسىدە ئانارىدەك قىزاردى، ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپتى-دە، بىردىنلا يېنىك ھەركەت قىلىپ مەيدانغا چۈشتى. يىگىت ھازىرغىچە ئەرلەر ئىچىدە كورۈلمىگەن بىر خىل سىلىق ۋە چىرايلىق ھەركەت بىلەن چېكىتمىگە دەسسەمەكتە، ئاسىدە — يۇرتنىڭ ئەڭ داڭلىق ئۇسۇلچى قىزىمۇ يىگىتنىڭ نەپىس ھەركەتلىرىگە ماسلىشىپ، ئاددى شەكىللەرنىمۇ ئەۋرىشىم، نازۇك قىلىپ كورسەتمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ ئىككى ياش ھەر قېتىم بىقىشقاندا، ئۇلارنىڭ كوزلىرىدىن زوقلىنىش ۋە تەشنالىق ئوت-لىرى ئۇچقۇنلاپ چىققاندەك بىلىنەتتى.

— ماۋۇ كارامەتنى كورۇڭ، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئاسىدەنىڭ ئاپىسى ئاسخانغا قاراپ، — شۇنچە ھۈنەر ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىگە قانداقمۇ سىققاندۇ؟......

— ئوغلۇم! — دىدى ئاسخان ئورنىدىن تۇرۇپ ھاياجان بىلەن، — كورۈۋال، ئاسىدەنى قانغىچە كورۈۋال......

— قويسىلا ئاسخان! — دىدى پالتاخۇنىمۇ ھاياجان بىلەن تازىم قىلىپ، — ئومرۇمدە بۈگۈنكىدەك كوڭۈللۈك مەشرەپ كورمەپتىكەنمەن، قارا، كەنجىمىزنىڭ پۇت-قوللىرىنى ئىلىشى دادىسىنى نىمە دىگەن دورىغان......

ئۇلار ئوغلىنى چورىدەپ چېكىتمىگە دەسسىدى، لىكىن كەن-جىنىڭ ئۇلارغا قارارغا كوزى يوق ئىدى. كەنجى ئۇلاردىن بەك ھاياجانلانغان ئىدى. ھەر قېتىم ئايلىنىپ كېلىپ قىزغا قارىغاندا

قىزنىڭ زىلۋا، تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بەللىرى، ئويناق قارا
كوزلىرى، يىمىرىلگەن ئوماق لەۋلىرى...... ئەتلەس كوينەكتىن
سەل بىلىنىپ تۇرغان كوكسىنىڭ ھەر قېتىم بېقىشقاندا كوتىرى-
لىشى بولەكچىلا گۇزەل ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇ ئاسىدەنى خىيال
قىلىدىغان بولۇپ قالغاندىن بېرى بىرمۇ قېتىم قىزنى مۇشۇنچى-
لىك گۇزەل قىياپەتتە كوز ئالدىغا كەلتۇرۇپ باقمىغان ئەمەس
ئىدى. ئۇنىڭغا ئالدىدا بېقىشىپ ئويناۋاتقان قىز ھىلىقى خوش-
نىسىنىڭ قىزى ئاسىدە بولماستىن، بەلكى چوچەكلەردىكى
مەشۇقلاردەك، باتۇرلارنى جېنىدىن كېچىشكە مەجبۇر قىلغان
لىۋەن، دورنالەردەك بىلىنىشكە باشلىدى. قىزنى شۇنچە قانغىچە
كورۇۋېلىشقا پۇرسەت بەرگەن دولان ئۇسۇلىغا ئىچ-ئىچىدىن
رەخمەت ئېيتتى، قىزنى شۇنچە گۇزەل قىلىپ كورسىتىدىغان
ئۇسۇللارنىڭ ئىجاتچىسى بولغان ئەجداتلىرىغا بىردىنلا ھورمىتى
ئاشتى، ئاسىدەنى چىرايلىق قىلىپ كورسىتىۋاتقان ئۇسۇل ئەل-
ۋەتتە كەنجىنىمۇ باشقىلارغا شۇنداق چىرايلىق قىلىپ كورسىتىۋا-
تىدىغاندۇ، يۇزلىگەن دىللار شۇ تاپتا زوق ۋە ھەۋەس ئىلكىدە
مەس بولۇپ، بۇ بىر جۇپ ياشقا قاراۋاتىدىغاندۇ...... كەنجى
سەنەمگە كوچكەندىن كېيىن، تېخىمۇ راھەتلەندى. قىزنىڭ
ئۇششاق چاچلىرى ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا، يەلكىلىرىگە تېگىپ
تۇراتتى، ئۇلار ئايلانغاندا دولىلىرى بىر بىرىگە سۇركېلىپ
كېتەتتى. بۇ چاغلاردا كەنجى خۇددى بىر يېقىملىق پەپىلەش
بىلەن ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندەك كوزلىرىنى يۇمدى، ھاياتىدا كورۇپ

باقمىغان بىر راھەتلىك غىدىق پۈتۈن بەدىنىدە چىمىرلىدى......

مەتيانىڭ يېقىملىق ناخشىسى، قالۇن، غىجەك، دۇلان راۋابىنىڭ ئاۋازى قوشۇلغاندا، ئۇنىڭغا رىتىملىق ئۇرۇلغان داپ قوشۇلغاندا چىقىدىغان تاۋۇشچۇ؟ بۇ تاۋۇش ئەمەس، پۈتۈن مەيداندىكىلەرنى خوشاللىقتا قوزغىغۇچى، پۈتۈن مەيداننى تەۋرەتكۈچى كۈچ بولۇپ سېزىلمەكتە. بۇنداق كۈچنى كەنجى مۇشۇ كۈنگىچە ھېچ يەردە، ھېچقانداق بىر مۇزىكا ئەسۋابىدىن ئاڭلاپ باقان ئەمەس، ئۇ 10 يىللىق ئۇمرىگە ئېچىندى، ئەۋرىشىم چاغلىرى، ھېسسىياتقا باي مەزگىللىرى گۈزەللىك بىلەن قارشىلىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۆتكەن ئۆمۈرنى پۇشايمان بىلەن قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى قەدىرلەش كېرەك......

كەنجى شۇ خىياللار بىلەن سەنەقەسىنىمۇ تۈگەتتى، ئۇنىڭ مەيداندىن چىققۇسى كەلمەيتتى. مانا سىرىلما باشلاندى. ئۇ مەتيانىڭ ئۈگەتكىنى بويىچە تېز ۋە چاققان ئايلىنىپ ئوينىدى، قىز ھەر قېتىم پىقىراپ ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئەڭ سىلىق ۋە يېقىملىق ھەركەت بىلەن قىزنى كۈتۈۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇلار گۈللەر ئارىسىدىكى بىر جۈپ كېپىنەكتەك شۇنچە تېز ۋە يېقىملىق پىقىراشتى. مانا، بۇ ئويۇن ئەۋجىگە چىقتى، مەيداندا ئەڭ ماھىر ئۇسۇلچىلار جۈپ-جۈپ بولۇشۇپ پىقىراشماقتا، پۈتۈن مەيداننى ھاياجان ۋە قىزغىنلىق ئورىۋالغان، "ياشا!"، "بەللى!" "قايناپ!" دىگەن ئاۋازلار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ تۇرىدۇ. لېكىن كەنجى سىرىلما ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ نازۇك

شەكىللىرىنى كۆرسىتىشكە بېرىلىپ كېتىپ، مەيداندا يالغۇز ئاسسىدە بىلەنلا قالغىنىنى سەزمەي قالدى. ئۇ ئىمىلەر بولۇۋاتقىنىنى، كۆپچىلىك ئىمىلەر دەۋاتقىنىنى سەزمەيتتى. سىرلىمىغا شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە سەنئەتلىك ئويناۋاتقان بىر جۈپ ياش پۈتۈن مەيداندا ھەۋەس، زوقمەنلىك ۋە ئىلھام قوزغىغان ئىدى، ئاخىرقى مۇقام ئېيتىلىپ، ئۇسسۇل ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، مەتىيا يالغۇز داپ بىلەنلا 2 ياشنى مەيداندىن چىقارماي تۇتۇپ تۇرماقتا ئىدى، كانايدىن "مەشرەپ تامام" دەپ ئېلان قىلىندى. لېكىن خەلق تارقالمىدى.

ھاياجانلانغان پالتاخۇن مەيدانغا چىقىپ، ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتەردى:

— قانىمدۇق، بولۇپمۇ دولان ياشلىرى قانمىدى، رۇخسەت قىلساڭلار ئەتە كەچ يەنە بىر ئاخشام مەشرەپ ئۆتكۈزسەك، 10 ئۇستەڭلىك يەرنى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىمەن، مەشرەپ مېنىڭ نامىمدىن بولدۇ. راسخوتى مەندىن بولدۇ. ئۇسسۇلغا راسا بىر قانايلى، بولۇپمۇ دولان ياشلىرى راسا بىر قانسۇن......

مەيداندا ئۇنىڭغا جاۋاۋەن كۈچلۈك چاۋاك كۆتۈرۈلدى.....

قادىر ھاپىز

# پەلەي

سىڭىلىرا قىز ئايشەمنىڭ قانداق خەۋەر ئېلىپ كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ياتقان ياسىن ئۇنىڭ "خۇش خەۋەر" دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا كارۋاتتىن قاڭقىغاندەك تۇرۇپ كەتتى.

— خۇش خەۋەر؟!

— ھە - ئە، — دېدى ئايشەم ياسىننىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئىلتىماسىڭىز تەستىقلاندى، ئەتە ئىش ئورنىڭىزغا قايتىدىغان بولدىڭىز.

ياسىن خۇشاللىقىدا ئايشەمنى قۇچاقلىۋېلىپ، بىر - ئىككى ئايلاندۇرۇۋەتكىلى قىل قالغان بولسىمۇ، لېكىن قىزنىڭ قولىدىكى دورا، داكىنى كۆرۈپ، خۇش خەۋەردىن گۇمانلىنىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، يەنە دورا ئېلىپ كىرىپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىشەنمەي.

— بۇ ،ئەڭ ئاخىرقىسى.

ياسىن بۇ قېتىم كوينەكنى ئايشەمنىڭ ياردىمىسىزلا سالدى. ئايشەم ئۇنىڭ سول قولتۇغى بىلەن ئوڭ مۈرىسىدىن ئايلاندۇرۇپ تېڭىلغان داكىنى يېشىپ، سول قولتۇغىدىكى يارىغا چاپلانغان پاختىنى ئاۋايلاپ ئاجراتتى- دە، يارىنى تازىلاپ، دورا سۈرۈپ، يېڭى داكا بىلەن تېڭىشقا باشلىدى.

— ساقىيىپتىمۇ؟

— ئىششىقى پۈتۈنلەي يېنىپتۇ، — دېدى ئايشەم يارىنى تېڭەۋېتىپ، — بىراق تەگكىدەك تاتۇق بولۇپ قالىدىغان بولدى- دە.

مەيلى، — دېدى ياسىن پەرۋاسىزلا، — تاتۇق بولسا تېخى ياخشى.

— ساق يەرنىڭ تاتۇق بولۇشىمۇ ياخشىمۇ؟

— ياخشى، — دېدى ياسىن بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ قويۇپ، — چۈنكى، بۇ تاتۇق مەن ئۇچۇن ئۇنتۇلماس بىر ۋەقەنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالىدۇ.

— قانداق ۋەقەنىڭ؟ — قىز قىزىقىپ سورىدى.

ئايشەمنىڭ بۇ سوئالى ياسىننىڭ خىيال يىپلىرىنى تېخى يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا چىگىپ قويدى.

— بۇ ۋەقە تېخى تۈگىمىدى، — دېدى ياسىن، — تۈگىگەندە ئېيتىپ بېرەي.

ئايشەم ئۇنۇمىدى. ياسىننىڭ تېپىشماقتەك سوزى ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالدى، ئۇ ياسىنغا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى

ۋەقەنى سوزلەپ بېرىشكە قىستىغىلى تۇردى.

بۇ، ياسىن بىلەن ئايشەمنىڭ بىرىنچى قېتىم ئېچىلىپ-يېيىلىپ سوزلىششى ئىدى. ياسىن بۇنىڭدىن 10 كۈن بۇرۇن دوختۇرخانىغا ھۇشسىز ھالدا كەلتۇرۇلگەن ۋە ھۇشىغا كېلىپ پىشانىسىگە ئەم لۇڭگىنى تۇتۇپ يېنىدا تۇرغان مۇشۇ كۆيۈمچان قىزنى كورگەن ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلار كۈنىگە ئۈچ-تۆت قېتىم ئۇچرىشىپ تۇراتتى، ئايشەم كىرەتتى-دە، ياسىننىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى ۋە ئۇنىڭ يارىسىنى سەممىي مېھرىۋانلىق بىلەن يۇيۇپ، تېڭىپ، دورا بېرەتتى. قىزنىڭ بۇنداق مېھرىۋانلىغى ياسىننىڭ قەلبىدە بىر خىل ئىسسىق تۇيغۇ قوزغىغان ئىدى، ئۇ بۇ تۇيغۇنىڭ يا ھورمەت ئىكەنلىگىنى، يا مۇھەببەت ئىكەنلىگىنى بىلمەيتتى، ئىش قىلىپ، ئايشەمنى كورگەندە، ئىمىشكىدۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق-ئۇزاق سوزلەشكۈسى.. ئۇنىڭغا قايتا-قايتا مىننەتدارلىق بىلدۇرگۈسى كېلەتتى، شۇڭا ئۇ ئايشەمنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلغۇسى كەلمەي، ۋەقەنى سوزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

* * *

كۈن ئۇپۇقتىكى بۇلۇتلارنىڭ چورىسىگە ئالتۇن جىيەك تۇتۇپ، قارلىق تاغلارنىڭ كەينىگە موكۇنگەن چاغدا، ھال سوراش ئۇمىگى "غالىبىيەت" ئۇستىگى قۇرۇلۇشىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، شەھەرگە قايتتى. كەچكى تاماقتىن كېيىن ئومەك ئېلىپ كەلگەن سوغىلار تارقىتىلدى.

— بۇ سوغىلار ئاددى بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەت، — دەيتتى زەربىدارلار دۈيجاڭ تۇرسۇن ئال-دىدىكى پەلەيلەرنى ھەر بىر كىشىگە بىر جۈپتىن تارقىتىپ بېرد-ۋېتىپ، — چۈنكى، بۇ، شەھەردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن مەدىتىنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا...... — تۇرسۇن دۈيجاڭ بىر جۈپ پەلەينى قولىغا ئېلىپ، بىردىنلا توختاپ قالدى. قارا چىپەرقۇتتىن تىكىلگەن ئىپىز پاختا سېلىپ، بەش بارماقلىق قىلىپ تىكىلگەن بۇ پەلەي باشقا پەلەيلەردىن كوركەملىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

— كارامەت ئېسىل پەلەيغۇ، بۇ، — دىدى دۈيجاڭ پەلەيگە زوقلىنىپ قاراپ، — قايسى قولى گۈل تىككەندۇ، ئەمدى بۇنى قايسىڭلارغا بېرىش كېرەك؟

پەلەي ئالمىغانلار "ماڭا - ماڭا" دەپ تەڭلا تالاشتى. تۇرسۇن دۈيجاڭ ئىككىلىنىپ قالدى، بىرسىگە بەرسە بىرسىنىڭ كوڭلى، ئۇ كىمگە بېرىشنى بىلەلمەي، پەلەيگە يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقـ-قاندىن كېيىن، قولىغا كىيىپ كوردى ۋە بىر نەرسىدىن چوچـ-گەندەك قولىنى ئىتتىك چىقىرىۋالدى - دە، ئالقىنىدىكى قالغاچ قانىتىدەك ئەپچىل قاتلانغان قەغەزگە قاراپ ۋاقىرىۋەتتى.

— خەت! پەلەي ئىچىدىن خەت چىقتى!

بۇ ئەھۋالدىن ھاڭ - تاڭ بولغان كوپچىلىك ئۇنى ئورىۋېلىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن خەتكە تىكىلدى، دۈيجاڭ خەتنى چىراق-قا تۇتۇپ ئوقۇدى!

"'غالبىيەت' ئۇستىگى قۇرۇلۇشىدىكى يولداشلارغا سالام! يولداشلار، مەن سىلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتنى يېڭىپ، تەبىئەت بىلەن پىداكارانە كۈرەش قىلىپ، ئۇستەڭ قۇرۇلۇشىدا ياراتقان غەلىبەڭلەرنى تەبرىكلەيمەن. ئەپسۇسكى، مەن سىلەر بىلەن بىر سەپتە ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىگىگە بىۋاستە ھەسسە قوشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدىم، ئەمما مەن سىلەردىن ئۆگىنىپ، ئۆز ئىشىمنى ياخشى ئىشلەشكە تىرىشىمەن.

يېقىندا شەھەردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۇستەڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان ئىدى. مەن ئىدارىمىزدىكى ئىشتىن سىرتقى تىكۇچىلىك گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، سىلەرگە بىرنەچچە ئاددى پەلەي تىكىپ ئەۋەتتىم، مېنىڭ بۇ ئاددى سوغام ئىشچان قوللىرىڭلارنى سوغاقتىن ساقلاپ، ئىشىڭلارغا كىچىككىنە بولسىمۇ ياردەم بېرەلىسە، چەكسىز خوشال بولاتتىم.

ئىشىڭلارغا ئۇتۇق، تېنىڭلارغا سالامەتلىك تىلەيمەن."

دۈيجاڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، كوپچىلىككە قارىدى. ھاياجانلانغىنىدىن بولسا كېرەك، ھەممەيلەن ئۈنچىقماي تۇرۇشاتتى، شۇ چاغدا دۈيجاڭنىڭ يېنىدىكى كارۋاتقا چىقىۋالغان قىزىقچى توختى جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— ئەمدى پەلەينى كىمگە بېرىش مەسىلىسىمۇ يېشىلدى، قولى گۈل قىز تىككەن پەلەي ئىشچان يىگىت — ياسىنىڭ بولسۇن!

— راست، ياسىنغا بېرەيلى.

— دەل ئىگىسىنى تاپتى، — كۆپچىلىك توختىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

— ئەرشەرىپى ئەل بىلەن، — دېدى ياغاچچى مەسۇم بوۋاي قەلەمتۇراچ بىلەن سىلىغداۋاتقان كەتمەن دەستىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ، — بۇ پەلەي ياسىننىڭ بولسۇن. نىمىشقا دېگەندە، ياسىن مەشەدىكى ھەممىمىزدىن ياخشى ئىشلىدى. ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز دەپتىكەن، قېنى، بۇ ياققا كەل، ئۇكام ياسىن، — مەسۇم بوۋا دۈيجاڭ سۇنغان پەلەينى ئېلىپ، ياسىنغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— رەخمەت يولداشلار، — دېدى ياسىن ھاياجان بىلەن، — بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى جەزمەن ئاقلايمەن!

"غالىبىيەت" ئۈستىڭى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى "قۇمساي" دېگەن چۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئۈستەڭ پۈتكەندە بەگۋاش سۇلارنى باشلاپ كېلىپ، چۆلنى ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرغىلى، سۈيى قىس كوممۇنىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگىلى بولاتتى. شەھەردىكى ئىدارىلەر بۇنداق خاسىيەتلىك قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئادەم ئاجراتقاندا، ياسىن زەربىدار ياشلار ئەترىدىگە قاتنىشىپ، ئىش ئورنىغا ئەڭ بالدۇر كەلگەن ھەم ۋەزىپىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ئۇلۇشكۇنكى بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىشنى خۇلاسىلەش يىغىنىدا نەمۇنىچى بولۇپ باھالانغان ئىدى. بۇ پەلەي بىلەن خەت ئۇنىڭ ئەمگىكىگە بېرىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەنە بىر يوقۇرى باھا ۋە چوڭ مۇكاپات بولدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ياسىن شىۋىرغاننىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن چوچۇپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ دەرىزىدىن تالاغا قارىدى، ئۇپۇقتا نۇر چېچىپ تۇرغان چولپان تاڭدىن دېرەك بەرمەكتە، يېڭى ياققان يۇمران قارلار شىۋىرغاندا پۇرقۇپ ئۇچماقتا. ئۇ چولپانغا قاراپ تۇرۇپ، بۈگۈن يېڭىدىن باشلايدىغان ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلاندى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا بىردىنلا پەلەي ۋە پەلەيدىن چىققان خەت كەلدى. خەتنىڭ ھەر بىر سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىدا جاراڭلىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قەيسەر، سەممى ۋە ئىشچان بىر قىز گەۋدىلەندى، "تېخىچە ياتامسىز، — دىگەندەك بولاتتى قىز، — ئاخشام كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا بەرگەن ۋەدىڭىز ئېسىڭىزدىن چىقمىغاندۇ؟....". ياسىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىراپ كىيىندى - دە، ئىش ۋاقتى بولغىچە يېڭىدىن چېپىلىدىغان يەرلەرنىڭ قارلىرىنى تازىلاپ تۇرۇش ئۈچۈن كۈرجىگىنى ئېلىپ، ياتاقتىن چىقتى. شىۋىرغان ئىسسىق ئويدىن چىققان ياسىننىڭ يۈزىنى ھەرىدەك چېقىشقا باشلىدى، قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ كوز ئاچقۇزمايتتى، ياسىن ئۇستەڭنىڭ قېشى بىلەن مېڭىپ ئىش ئورنىغا يېتىپ كەلدى ۋە قاشتىن ئۇستەڭنىڭ ئىچىگە چۈشۈشكە تەمشىلىپ، تولۇق چېپىلىپ بولمىغان ئۇستەڭنىڭ ئىچىدىكى چىلىق - چىلىق سۇنى كورۇپ چوچۇپ كەتتى. "بۇ، نىمە سۇ؟ نودىن بىرەر چاتاق چىققان بولمىسۇن، يەنە...."ياسىن گۈرجەكنى كوتەر-

گەن پېتى ئۇ تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى.

چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا شور بۇلاق دېگەن بىر ساسلىق بار ئىدى. بۇ ساسلىقنىڭ زەي سۈيى قىش-ياز دېگۈدەك چۆلنىڭ غەرپ تەرىپىگە ئېقىپ تۇراتتى. ئۇستەڭنىڭ ئاشۇ زەي سۇ ئاقىدىغان ئېرىقىنى كېسىپ ئۆتكەن جايىغا ئادەمنىڭ قۆچغى يەتمىگۈدەك بىر نو ئورنىتىلغان بولۇپ، زەي سۇ شۇ نو ئارقىلىق باشتىكىدەكلا ئۆز جايىغا ئېقىپ كېتىۋېرەتتى.

ياسىن نوغا يېقىنلاشقاندا، نونىڭ يېنىدا بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كورۇپ قالدى ۋە "بۇ ئادەم بۇنداق بىمەھەل ۋاقىتتا نېمە قىلىپ يۈرىدىكىنە" دەپ گۇمان قىلىپ، توپا دۆڭلىرىنىڭ دالدىسى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ بېرىپ، نامەلۇم كىشىنىڭ زومىگەر پومىششىك ئەمەت چوڭ ئىكەنلىكىنى تونۇدى ۋە ئۇنىڭ نونى ئىزىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئېرىقنىڭ قىرىنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى كورۇپ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تاشلاندى. ئەمەت ھودۇقىنىدىن قېچىشقا تەمشىلىۋىدى، ياسىننىڭ كۈچلۈك قولى ئۇنىڭ گەژگىسىدىن ئامبۇردەك قىسىپ، قىمىرلاشقا ئىمكان بەرمىدى.

— قېچىپ كېتەلمەيسەن، مۇناپىق! — دېدى ياسىن غەزەپ بىلەن.

شۇ چاغدا ئەمەت بىردىنلا ياسىننىڭ يۈزىگە بىر مۇشت سالدى، ياسىن ئۇرۇش دېگەن مانا دەپ كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغان ئىدى، ئەمەت سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، ئۇستەڭ قېشىغا يىقىلدى، ئۇ قايتا ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، ياسىن يەنە بىر مۇشت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇنى يەرگە چاپلاپلا قويدى ــ دە، بېلىدىكى پىدەينى يې-
شىپ باغلىماقچى بولدى. لېكىن ئاڭغىچە ئورنىدىن تۇرۇۋالغان
ئەمەت قونجىدىكى پىچاقنى ئېلىپ، ياسىنىنىڭ كوكسىگە قارىتىپ
ئۇردى. ياسىن ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن قاچۇرغان ئىدى، پىچاق
ئۇنىڭ سول قولتۇغىنى تىلىپ ئوتۇپ كەتتى، ياسىن شۇنداق
چاققانلىق قىلدىكى، ئەمەت پىچاقنى ئىككىنچى قېتىم كوتەرگىچە،
ئۇنىڭ قوسۇغىغا بىرنى تېپىپ، ئوستەڭنىڭ ئىچىگە تىك موللاق
چۇشۇرۇۋەتتى. ياسىن ئۇنىڭ كەينىدىن ئوستەڭگە چۇشكىچە،
ئەمەت جان ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئولە ـ تىرىلىشىگە
قارىماي قاچتى.

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — ئويلىدى ياسىن بىر ئەمەتكە، بىر نوغا قاراپ، — قوغلاش كېرەكمۇ، ياكى سۇنى ئېتىش كېرەكمۇ؟

شۇ چاغدا ياسىن ”ئەتىيازلىق تېرىلغۇغىچە سۇ باشلاشنى قولغا كەلتۇرەيلى“ دىگەن جەڭگىۋار شوئارنى ئەسلىدى. ”— ئەۋۋەل سۇنى ئېتىش كېرەك، — دىدى ئۇ قەتئىي هالدا، — قۇرۇلۇش سۇرئىتىگە هەرگىز تەسىر يەتكۇزمەسلىك كېرەك، دۇشمەن قېچىپ نەگە بارالايدۇ؟“

ياسىن نو قويۇلىدىغان جايىنى تاش بىلەن پۇختىلاپ، نونى باشتىكىدەك ئورنىتىپ، ئىككى تەرىپىنى ئەتتى، ”ئوغرى يولى“ ئېتىپ تاشلانغان سۇ نوغا ئېقىپ كىرىپ، باشتىكى ئىزىدىن چۇشتى. بۇ چاغدا تاڭ ئوبدانلا يورۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالدى ئىشقا

يېتىپ كەلگەن ئىدى. ياسىن ئۇلارغا ئەھۋالنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى، بىرنەچچەيلەن ئەمەتنى قوغلاپ كەتتى. ياسىن يېنىك نەپەس ئالدى ۋە بىردىنلا بېشى قېيىۋاتقانلىقى ھەم ماغدۇرسىزلانغانلىقىنى سەزدى.....

*　　*　　*

— ۋەقە مانا شۇ، — دېدى ياسىن ئايشەمگە قاراپ، — لېكىن پەلەيدىن چىققان خەتنى يازغان كىم. بۇ تېخى ئېنىق ئەمەس. بۇ ۋەقەنىڭ ئاخىرى تۈگىمىدى دېگىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ.

ئايشەم ئۈنچىقماي يەرگە قاراپ، خىيال سۈرمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ چوغدەك قىزارغان مەڭزىدىن، جانلانغان بوتا كۆزلىرىدىن، تېز-تېز نەپەس ئېلىشىدىن ھاياجانلانغانلىقى روشەن سېزىلىپ تۇراتتى.

— قانداق پەلەي ئىكەن ئۇ، يېنىڭىزدا بارمۇ؟ — سورىدى ئايشەم.

— بار، — ياسىن سومكىسىدىن بىرئاز لاي بولۇپ كەتكەن چىپەرقۇت پەلەينى ئېلىپ قىزغا سۇندى، — ئەپسۇسكى، خەتكە ئىسمى يېزىلماپتۇ، مەيلى، ئۇستەك پۈتكەندىن كېيىن مەن ئۇ قىزنى چوقۇم ئىزلەپ تاپىمەن !

— ئۇنى تېپىپ نېمە قىلىسىز؟

— رەخمەت ئېيتىمەن. ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئىلھام، مەدەت بەردى. ھەقىقەتەن ھۆرمەتكە لايىق قىز! يەنە.....

— يەنە نېمە قىلىسىز؟

— يەنە دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار.
— قانداق گەپىڭىز بار؟
— سىزگە دىمەيمەن، ئۆزىگە دەيمەن.
— ئەگەر ئۇنى تاپالمىسىڭىزچۇ؟
— تاپالـمـسام،....... ياق، چوقۇم تاپـىمەن! بىر قىزنىڭ سوغىسى بىلەن خېتىنى ئېلىگۇ، ئوزى بىلەن تونۇشماڭ، بۇنىڭغا قانداق يىگىتنىڭ يۈرىگى چىدايدۇ؟!

ياسىن سوزىنىڭ ئاخىرقـى جۇملىسىنى بىر تۈرلۈك چوڭـقۇر ھىسسىيات بىلەن دىدى. ئايشەم بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز قىزىرىپ يەرگە قارىۋالـدى. ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. ئايـشەم پەلەيـنى ياسىنـغا قايـتۇرۇپ بېرىپ، سائىتـىگە قاراپ ئورنـىدىن تۇردى ۋە ياسىنـغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەتـىـسى ياسىن دوخـتۇر ۋە سېستىرالار بىلەن خوشلىشىپ. ئىش ئورنىغا مېڭىپ كەتتى، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، ئايشەم توغ-رىسىدا ئويـلاپ ماڭدى: "ئايـشـەم نىمىشكە ئۇ قىز توغرىـسىدا ئىنچىكىلەپ سوراپ كەتتى؟ ئۇ ھىلىـقى سوزۇمنىڭ ئاخىرىـغا نىمىشكە قىزىرىـپ كېتىدۇ؟......" ئۇ شۇنـداق خىيالـلار بىلەن شەھەردىن خېلى ئۇزاپ كەتكەنلىگىنىمۇ سەزمەي قالدى ۋە قولى مۈزلىدى بولغاي، سومكىسىدىن پەلەينى ئېلىپ كىيمەكچى بولدى، لېكىن پەلەيدىكى لايلارنىڭ تازىلانغانلىغىنى كورۇپ، روشەنلە-شىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلغان بىر خىل خوشاللىق بىلەن ئەجەپ-

لىنىپ تۇرۇپ قالدى، خىيال ئارىلاش ئاستا پەلەيىنى كىيىپ، چوچۇپ ئۆزىگە كەلدى، يەنە خەت!

"يولداش ياسىن!

سىز ئىزلەپ تاپماقچى بولغان قىز مەن بولىمەن. سىز مېنى بەكمۇ ئارتۇق باھالىۋەتتىڭىز، مېنىڭ قىلغان ئىشىم ئەرزىگۈدەك ئىش ئەمەس. سىز قولىڭىزغا قورال ئېلىپ، قار- شىۋىرغان ئىچىدە تەبەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىسىز. ھەقىقى ھۆرمەتكە لايىق ئادەم مەن ئەمەس، سىز. شۇڭا مەن كېيىن سىزدىن ئالاھىدە ئەھۋال سوراپ بارىمەن. مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار......

ئايشەم".

ياسىن خۇشاللىقىدا ئىختىيارسىز يوتىسىغا بىرنى سالدى.

1963- يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**مەھەممەت پولات**

# ئالتۇن چىش

ئاخىرقى سائەتلىك دەرسىمنى ئۆتۈپ بولۇپ، بولۇمدە گېزىت ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، كىمدۇ بىرى ئىشىكنى چەكتى. بىرەر ئوقۇغۇچى ئىش بىلەن كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئالدىمدا بۇغداي ئۆڭ، قارىـقاش، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن دائىم دىگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرساممۇ، كالتە خۇرۇم چاپان كىيگەن، ئەلتىرە قۇلاقچىلىق مۇنۇ كىشىنى ئۇچراتمىغان ئىدىم......سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇشنىڭ ئورنى يوق،مەن مېھمان بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشكىنىمدىن كېيىن ئۇنى بولۇمگە تەكلىپ قىلدىم.

— سىز......

ئۇ مېنىڭ تونۇمىغانلىغىمنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئالدىراپ سوزۇمنى بولدى:

— ھە، مەن سىزنىڭ كونا ئوقۇغۇچىڭىز ئومەر، — دېدى ئۇ، — ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ بىر چاغلاردا! مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئىدىم. سىز بىزگە خۇشخەت بىلەن ھىساپتىن دەرس بېرەتتىڭىز. مانا مەن ئەمدى سىزنى يوقلاپ كەلدىم.

مېنىڭ ئويلىرىم گويا بىردىنلا قاناتلاندى - دە، ئۇزاق ئوتمۇشتىكى كىچىككىنە بىر خاتىرىگە بېرىپ توختىدى. گومىنداڭنىڭ قانلىق ئىستىپداتلىقى تازىمۇ كۈچەيگەن چاغلار ئىدى. مەن شەھىرىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتىم. مېنىڭ قولۇمدا قانچىلىغان باللار ئوقۇدى! بولۇپمۇ مەن شوخ، تېتىكلىكى، زىرەك ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئومەر ئىسىملىك كىچىككىنە بالىنى تېخىچە ئۇنۇتقىنىم يوق! ئانا تەربىيىسىنى ئاز كورۇپ، جاپا-مۇشەققەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئائىلىدە ئوسكەن بۇ بالا ئۇگىنىشتە ناھايىتى تىرىشقاق، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە ساغلام ئىدى. سوغاقتىن يەر يېرىلىۋاتقان يېقىمسىز قىش كۈنلىرىمۇ ئومەر مەكتەپتە ھەممىدىن بۇرۇن پەيدا بولاتتى-دە، تۇمشۇغىدىن پايتىمىسى چىقىپ تۇرغان قوپال بەتىنكىسىنى تاراقلاتقىنىچە، مېنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن بولۇمگە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە تېگىشمەيدىغان قىممەتلىك ئىككى نەرسىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى قۇيمىچىلىق كارخانىسىدا ئۇستا بولۇپ ئىشلەيدىغان خوش چاخچاق دادىسى، يەنە بىرى بولسا، ئالتۇن بىلەن قاپلانغان كىچىككىنە بىر تال ئۇدۇل چىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇمەر تېخى ئون ياشقىمۇ تولمىغان چېغىدا، ئۇنىڭ ئەنە شۇ چىشىغا قۇرۇت چۈشۈپ، كەمتۈك قىلىپ قويغان، ئوغلىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كورىدىغان ئاتا بولسا، ئوزىنىڭ ئېشىنىغان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى سەرپلەپ، ئۇمەرنىڭ بۇ چىشىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىتىپ قويغان ئىدى. شۇڭا ئۇمەر بۇ چىشىنى شۇنچەلىك قەدىرلەيتتىكى، ھەتتا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ بىر ھېجىر ئىلمان سۇ بىلەن يەۋالىدىغان بىر پارچە قاتتىق زاغرىسىنى چايناۋېتىپمۇ "ئۇپراپ قالغان بولمىسۇن يەنە" دەپ ئاشۇ كىچىككىنە مېتال پارچىسىنى ئاستا سىلاپ كورەتتى......

مەكتىۋىمىزدە 2-مەۋسۇملۇك ئوقۇش ئەمدىلا باشلىنىپ، دەرسلەر تازىمۇ قىزغىن ئوتۇلۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇمەر ئوزىچىلا مەكتەپكە كەلمەي قويدى. باللاردىن سوراپ كوردۇم. ھېچكىم ئۇنىڭ نىمە بولغانلىغىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. مەن ئۇنى ئاغرىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ يوقلاپ كېلىش ئۇچۇن ئويىگە باردىم. تاملىرى قىڭغايغان كىچىككىنە ھويلىغا كىرىشىم بىلەنلا قانداقتۇر بىر كوڭۇلسىزلىكنىڭ رۇي بەرگەنلىگىنى سەزدىم. ئۇمەرلەرنىڭ توخۇ كاتىگىدەك كىچىككىنە ئويىنىڭ قوپال ئىشىگى تاختاي بىلەن مىقلانغان بولۇپ، ئۈستىگە يوغان بىر پارچە ساقچى پېچەتى چاپلانغان ئىدى. خوشنىلاردىن سوراپ كوردۇم. مەلۇم بولدىكى، ئۆزاقتىن بۇيان گۇمان ئاستىدا يۈرگەن بۇ قۇيمىچىنى بىر كۈنى ئىككى چىرىك كىرىپ باغلاپ كەتكەن ئىكەن. ئۇمەر بولسا شۇ چاغدا دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ھوڭگىر-

گىتىپ يىغلاپ چىقىپ كەتكىنىچە، تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان مانا ئون توت يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە مەن ئۇمەرنىڭ ھەتتا بىرەر خەۋىرىنىمۇ ئاڭلىغىنىم يوق ئىدى. ئەمدى مۇنۇ يىگىت ئۆزىنى "ئۇمەر" دەپ تونۇشتۇرۇۋا-تىدۇ. ئادەمدە يېڭىلىشىشلار بولىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك ياشانغان ئوقۇتقۇچىلاردا شەكلەن پەرق ئېتىش قابىلىيىتى بەكمۇ ئاز بولى-دۇ. لېكىن مەن ئۆزەمنىڭ بۇنداق ئەيۋىمگە قارىماي، ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ يىگىتنىڭ ئۇمەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمىدى. نېمىشقا دېسىڭىز، مۇبادا، ئۇمەر تىرىكلا بولىدىغان بولسا، دادىسىنىڭ يالدامىسى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولاتتى!

— ئەجىبا سىزنىڭ چىشلىرىڭىز......

— ھە، ھېلىقى ئالتۇن چىشنى دەمسىز، — سوھبەتدىشىم يەنە سوزۇمنى بولۇۋەتتى، — سىز بۇنى تېخىچە ئۇنتۇماپسىز - دە!؟

— بۇ ئاللىقاچان يوقالغان!

— قانداق قىلىپ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن.

— بۇ بىر ئۇزاق بولغان گەپ، — دىدى سوھبەتدىشىم ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ، — ئەگەر بۇ ئىش راستىنلا سىزنى قىزىقتۇرسا، مەيلى، مەن ئېيتىپ بېرەي.

سوھبەتدىشىم ۋەزمىنلىك بىلەن ھىكايىسىنى باشلىدى. مىل-يونلىغان كىشلەرنىڭ قەلبىگە مەڭگۇ ئۆچمەس ئەلەم تامغىسىنى بېسىپ كەتكەن زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ قاراڭغۇ بىر بۇرجىگى ئاستا - ئاستا مېنىڭ كوز ئالدىمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

كونىلارنىڭ "يېتىم ئوغۇل كۆل ئوغۇل" دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن. كىچىككىنە ئۆمەر قەدىردان ئاتىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قاۋاقخانىدا دومىلاپ يۈرگەن بوش بوتۇلكىلاردەك ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ، بىر ئامال بىلەن ئىككى ئاينى ئۆتكۈزدى.

دەسلەپكى چاغلاردا، ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ئۇ خېلىلا ئۇرۇنۇپ كوردى. كارۋان سارىيىغا بېرىپ ياشانغان يولۇچىلارنىڭ خوجۇن ـ قاچىلىرىنى كوتەردى. كېيىنچە بىر كۈندە ئىككى قېتىم بېرىلىدىغان تاماق قالدۇقلىرىنىڭ يىغىندىسى ئۈچۈن چوڭ بىر ئاشپۇزۇلدا سۇ توشۇغۇچى بولۇپ ئىشلىدى. كېيىن ئۆمەر بۇ يەردىنمۇ قوغلاندى. بىچارە بالا ئاچ قوساق، يېرىم يالىڭاچ هالدا قانچە قېتىملاپ كوچىلاردا ئۇخلاپ قالدى. قارا سىر بېرىلگەن ھەيۋەت دەرۋازىلار ئالدىدىن قانچە قېتىملاپ قوغلاندى. لېكىن بۇرۇنقى قوساق غېمى بولسا يەنىلا ئۆز پېتىچە قالدى. مانا بۇگۈن "خاسىيەتلىك" جۈمە! ئۆمەر بولسا، ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىغا چومگەن ئاۋات بىر كوچا بويىلاپ ئاستا كېلىۋاتىدۇ. مانا ئۇ نىمىنىدۇر بىر نىمە توغرىسىدا قىزغىن تالىشىۋاتقان بىر توپ ئادەملەرنى ئايلىنىپ ئوتۇپ، يولنىڭ چېتىگە باردى. ئەتراپىغا ۋەھىمە ئارىلاش قاراپ چىققىنىدىن كېيىن، ماي ئارىلاش كىردىن پاقىرىغان ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى تىزىغا قىستۇرغىنىچە ئاستا يۈكۈندى. ئۇنىڭ كونا بۇلغارى بەتىنكىسى ئالىلقاچان يىرتىلىپ پۈتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا

قانداقتۇ بىر مايتۇق باشماق كىيىۋالغان ئىدى. باللىق شوخلۇغى بىلەن پاقىراپ تۇرىدىغان يوغان قارا كۆزلىرى بولسا دوڭ قاپاق-لىرى ئاستىدا ئاران-ئاران مولدۇرلەيتتى...... نان! يېتىملەر دۇئاسىغا تەشنا بولۇپ يۈرگەن بىرەر رەھىمدىل كىشى ئەنە شۇ ناندىن ئازراق ئىرغىتىۋەتسىيۇ، ئۇمەر پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ ئۇنى چايناشقا باشلىسا! بىراق ئۇمەر جامائەت جۇمەدىن تارقاپ بولغىچە كۈتۈپمۇ، ئۇنداق رەھىمدىل كىشىدىن بىرەرسىنىمۇ تاپالمىدى. ئۇ مەيۈسلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇردى-دە، ھالسىز ئاياقلىرىنى ئاستا باسقىنىچە يولنىڭ ئىككىنچى چېتىگە ئۆتۈۋال-دى. نېمە دېگەن ئاۋات بازار-ھە؟! مانا تۈۋرۈكلىرىگە قىزىل سىر بېرىلگەن، مۇنۇ يوغان ئاشپۇزۇلنى قاراڭ! نېمە دېگەن ئازادە ۋە يورۇق! ئۇمەر بۇرنىغا ئۇرۇلغان لەززەتلىك پۇراقتىن مەس بولۇپ ئىشىككە يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى. تامغا يۆلەپ قويۇلغان كىچىككىنە جوزىدا بوبرۇك پەلتۇ كىيگەن سالاپەتلىك بىر كىشى ھوزۇر قىلىپ سامسا يەۋاتاتتى. ئۇمەرنىڭ قوسىغى غولدۇرلاپ بېشى ئايلىناتتى. كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، قۇرۇغان تامىغى يەم سېغىنغان چوجىدەك چاكىلدايتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى كىشى ئورنىدىن تۇردى-دە، كۆيگەن كىچىككىنە سامسا پارچىسىنى تەخسىدە قالدۇرۇپ، ئاش-پۇزۇلدىن چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئۇمەر بۇرۇنراق مۇشۇ يەرگە كەلمىگىنى ئۈچۈن ئېچىندى. ئۇ ئاشپۇزۇلغا كىردى ۋە كىرلەشكەن قولىنى تەخسىگە سوزۇشى بىلەن تەڭلا كىمدۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەي، ھارامزەدە، — ئومەرنىڭ يەڭگىل تېنى، بەدىنىدىن ماي پۇراپ تۇرغان يوغان خوجايىنىنىڭ يۇگىلۈك قولىدا ئېسىلىپ قالدى، — ساڭا ئوغرىلىق قىلىشنى كىم ئۆگەتتى - ھە؟!

— قويىۋەتكىن ئاچ! — بۇنداق ئىشقا ئومرىدە بىرىنچى قېتىم جۈرئەت قىلىۋاتقان ئومەر باشقا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى.

ئۇنى ھازىرلا چاپاپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ھورپىيىپ تۇرغان خوجايىن ئومەرنىڭ ئۇمچەيگەن ئاغزىدا پاقىراۋاتقان ئالتۇن چىشنى كورۇپ قېلىپ، بىردىنلا يۇمشاپ قالدى:

— نىمە، سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ يوقمۇ؟!

— يوق، ئاپام ئولگەن، ئاتام ھەپسىدە، — ئومەر بىردىنلا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

"ماۋۇ ئامەتنى قاراڭ، — دەپ ئويلىدى خوجايىن، — شۇنچە ئالتۇن ئۇچۇن پەقەت بەشلا سامسا - ھە!"

— يىغلىما ئوكا، — خوجايىن ياسىما مېھرىۋانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى، — ھېچنەرسە بولمايدۇ. مانا مېنىڭمۇ ئاتا - ئانام يوق، سەنمۇ بىرنىمە قىلىپ چوڭ بولۇپ قالىسەن.

خوجايىن ئومەرنى ئىچكەركى ئويگە يېتىلەپ كىردى ۋە بىر تەخسە سامسا ئېلىپ چىقىپ ئۇستەلگە قويغىنىدىن كېيىن، ئاستا سوزىنى داۋام قىلدى:

— مانا قارا، مۇشۇنىڭ ھەممىسنى ساڭا بېرىمەن، قانداق، خوشال بولامسەن؟

— مېنىڭ پۇلۇم يوق، — دەپ جاۋاپ بەردى ئومەر مەيۈس بىر ئاھاڭ بىلەن.

— مەيلى، پۇلنىڭ كېرىكى يوق. سەن ماڭا مۇنۇ نەرسەڭنى بەرسەڭلا بولدى، — خوجايىن ئومەرنىڭ ئاغزىدا ۋاللىداۋاتقان كىچىككىنە بىر تال ئالتۇن چىشنى قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ كورسەتتى، — بىلەمسەن، ئادەمنىڭ ئاغزىدا بۇنداق سېرىق نەرسە تۇرسىچۇ، دائىم قوساق ئاچمىدىغان بولىدۇ.

بىچارە ئومەر ئوز ئاغزىدا تۇرغان بۇ كىچىككىنە مېتال پار- چىسىنىڭ بۇنچىلىك سامىنغا يارايدىغانلىغىنى نەدىن بىلسۇن! ئۇ خوجايىنىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئېيتقۇسىز دەرىجىدە خوشاللى- نىپ كەتتى.

— مەيلى، — دىدى ئۇ تەخسىگە ئاچكوزلۇك بىلەن ئىنتىلىپ.

— ياق، ئاۋال ئۇنى چىقارغىن، — خوجايىن تەخسىنى بىر چەتكىرەك سۇرۇپ قويدى، — ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسىنى بىر يولىلا يەيسەن.

بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىللار بۇرۇن قاپلانغان بۇ چىش ئومەر بىلەن بىللە ئوسۇپ، موسكۇل بىلەن قوشۇلۇپ ئولتۇرۇپ كەت- كەن ئىدى. ئومەر بارماقلىرىنى ئېغىزىغا تىقىپ ھەرقانچە كۇچەپ تارتىپ باقسىمۇ ئەسلا بوشاشمىدى.

— چىقمايدىكەن، — دىدى ئومەر ئۇمىتسىزلىك بىلەن يۈزىنى پۇرۇشتۇرۇپ.

— ياق چىقىدۇ، قېنى، مۇنۇ بەكە بىلەن قايرىپ كورگىنە؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇمەر بەكىنىڭ دات باسقان ئۇچىنى چىشىنىڭ ئاستىغا بىر ئاماللاپ تىقتى: ۋايىيەي، نىمە دىگەن ئازاپ!!

ئۇمەرنىڭ قوللىرى بوشاشتى، شۇ پەيتتە خوجايىن:

— سەن بىلمەيدىكەنسەن، مانا مۇنداق قىلسا، ئاسانلا چىقىدۇ، — دىدى - دە، بەكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇمەرنىڭ چىشىنىڭ ئارىسىغا تىقتى. ئۇمەرنىڭ ھالسىز بەدىنى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. تاقەتسىزلەنگەن خوجايىن بەكىنى كۆچەپ قايرىغىنىدىن كېيىن، يىلتىزى بىلەن قوشۇلۇپ قومۇرۇلۇپ چىققان كىچىككىنە بىر تال چىش قاپ - قارا قان بىلەن بىللە جوزىغا ئېقىپ چۈشتى...... خوجايىن ئالتۇن چىشنى قول ياغلىقىغا ئوراپ يانچۇقىغا سېلىۋاتقان چېغىدا، ھاياتىدىكى ئەڭ قەدىرلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇمەر نەم يەردە خىقىراپ ياتاتتى.

* * *

مېنى ئىزلەپ كەلگەن بۇ كىشىنىڭ راستىنلا مېنىڭ دىلكەش ئوقۇغۇچۇم ئۇمەر ئىكەنلىگىگە ئەمدى تەل - توكۆس ئىشەندىم.

ئۇمەرنى شۇ يىلى ئەتىيازدا دادىسىنىڭ قەشقەردە شوپۇر بولۇپ ئىشلەيدىغان بىر دوستى كوچىدا كورۇپ قېلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. يوقسۇللارنىڭ بۇ دەرتمەن يۇرتى شەرق قۇياشىنىڭ ھايات بەخش نۇرلىرى بىلەن يورۇپ ھەممە نەرسە يېڭىلىنىشقا باشلىغىنىدىن كېيىن، ئۇمەر شۇ يەردە ئېچىلغان دارىلئىتام مەكتىۋىگە كىرىپ ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان مانا 13 يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بىزنىڭ ئۇمەر بولسا تولۇق ئوتتۇرا

مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېيجىڭدىكى مىدىتسىنا شۆبىيۆە-
نىگە كىرىپ ئوقۇپ، بۇ يىل ئۇنى ئەلا باھا بىلەن تۈگىتىپ،
ئۆز يۇرتىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن ئىكەن!

ئۆمەر بىلەن بولغان سوھبىتىمىز ئىككى سائەتتەك داۋام قىل-
دى. ئۇ قايتار ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭ يېڭى خىزمەت-يېڭى قەدد-
مىگە ئۇتۇق تىلەپ، تا مەكتەپ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ باردىم.

1963-يىل 6-ئاي، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هېمىت مەخسۇت
شېرىپىدىن ئۆمەر

# ئۈچرىشىش

(دولەت بايرىمىنىڭ 30 يىللىقىغا سوغا)

## 1

قادىر ئۇزۇنىنىڭ ئۈچۈق-يورۇقلۇقى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشۇۋالدى. ئۇ ناھىيىلىك سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تېخنىكى بولۇپ، دېھقانلار ئۇنى "قادىر تېخنىك" دەپلا ئاتىۋالدى.

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا كومموئۇنا سېكرېتارىنىڭ باشچىلىقىدا چوڭ ئەترەت باشلىقى داۋۇت ۋە پىشقەدەم تۇگمەنچى كېۋىر ئاكىنى باشلاپ 4-قېتىم كۆمۈش تاغ شاقىراتمىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى.

ئۇ كۆمۈش تاغ شاقىراتمىسىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك

ئاستىدىن ئۈستىگە تىكىلىپ قارىدى. تاغ يوتىسىدىن ئۆسۈپ چىققان ئىككى قاڭشا ئوتتۇرىسىدىن ئۈنچە-مارجان چاچرىتىپ ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان سۈپ-سۈزۈك سۇدىن ئۇنىڭ يۈرىكى راھەتلىنىپ كەتتى. ئۇلار شاقىراتمىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۈستىدىكى توپىلىككە قاراپ ماڭدى. سۇنىڭ كۆچى بىلەن چىققان نەم شامال ئۇلارنىڭ يۈزىنى سىلاپ ئۆتتى. شاقىراتما قايىنىمىغا سايە تاشلاپ تۇرغان قارىغايىنىڭ ھول غوللىرى يېشىل مەخمەلدەك يالتىراپ تۇراتتى. قارىغايلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ شاقىراتمىغا چۈشكەن كۈن نۇرى يان تەرەپتىكى تىك يار تاشتا ھەسەن-ھۈسەن ھاسىل قىلىپ جىمىرلايتتى.

—نېمە دېگەن ياخشى جاي!— دېدى قادىر تېخنىك شاقىراتمىنىڭ ئىگىزلىكىنى ئۆلچەۋېتىپ، — بۇ يوشۇرۇن كۈچ شۇنچە ئاشكارا تۇرۇپمۇ پايدىلىنىلماپتۇ، — ئۇ تەئەججۈپ بىلەن سېكرېتارغا قارىدى.

—نېمىسىنى ئېيتىسىز! "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ كاشىلىسى بولمامدۇ! — دېدى سېكرېتار قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ئۇلارنىڭ نىجىس قولى ئېلېكتىر ئىستانسىسى تۇرماق، چوڭ ئەترەتنىڭ ئالتە تاش تۈگمىنىنىمۇ ئۆرۈپ چېقىۋەتتى، خەلق ياغۇنچاقتا ياما چۇرۇپ يېدى، ئۇنىمۇ "توت كونا" دەپ ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇرۇپ چېقىۋېتىپ، ھاۋانچىدا يانچىپ يەيدىغان ئىش چىقتى......پاراقىدە كۆتۈرۈلگەن كۆلكە ئاۋازى شاقىراتمىنىڭ ئاۋازىغا سىڭىپ كەتتى.

ــ شۇنداققۇ؟ ــ دېدى سېكرېتار كېۋىر ئاكىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ، ــ ئۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. تارىخ بېتى ئالماشتى...... مەركىزىي كومىتېتنىڭ چاقىرىقى بويىچە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا بۇرىدۇق. بۇ يەرگە قۇرۇلىدىغان ئېلېكتىر ئىستانسىسى بىزنىڭ بىرىنچى قەدىمىمىز.

ــ خاتىرجەم بولۇڭ! ــ دېدى قادىر، ــ ئۇلۇغ ۋار پىلانغا ئايلانغان بۇ يۈكسەك ئارزۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ! ئۇنىڭ ئىشەنچكە تولغان ئاۋازى جاراڭلىق بولۇپ، كوزلىرىدە ئۈمىت نۇرلىرى چاقنايتتى.

ئۇ سومكىسىدىن قانداقتۇر ھەر خىل ئەسۋاپلارنى ئالدى- دە، سۇنىڭ ئاز- كوپلۇگى ۋە سۈرئىتىنى ئۆلچەپ، شاقىراتمىنىڭ تولۇق خەرىتىسى چۈشۈرۈلگەن ئاق قىلىن قەغەزنىڭ ئاستىغا ئالللقانداق رەقەملەرنى يازاتتى.

ــ كۈن ئەڭ ئىسسىغان ۋاقىتلاردا شاقىراتمىنىڭ سۈيى قانچىلىك كوپىيىدۇ؟ ــ سورىدى ئۇ كېۋىر ئاكىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ. كېۋىر ئاكا سول قولى بىلەن كوكسىگە چۈشۈپ تۇرغان بومبا ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 30 - كۈنلىرىگىچە ئەنە ئاۋۇ شەيتان جىلغىسىنىڭ بېلىدىكى بەلدەمگىچە ئۆلغىيىدۇ، ــ دېدى ئۇ بىگىز قولى بىلەن جىلغىنى كورسىتىپ، ــ بۇ چاغدا جىلغىدىن ئۇچار قاناتتىن باشقا نەرسە ئوتەلمەيدۇ.

كېۋىر ئاكىنىڭ دەلىلى قادىر ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېريالنى تولۇقلىدى. ئۇ 4 قېتىم تەپسىلى تەكشۈرۈپ "كۆمۈش تاغ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى" قۇرۇشتا قانائەتلىنەرلىك ئاساسقا ئىگە بولغان ئىدى.

ئۇلار شاقىراتمىدىن سەل نېرى جايلاشقان چوپلۇكنى ئىستانسا كولىگە پىلانلاپ قايتىشتى. ئۇلار شەيتان جىلغىسىدىن ئۆتۈپ "قارا دالا" تەكچىسىگە چىققاندا، كۈن پېشىن بولغان ئىدى. قادىر تەبىئەتنىڭ گۈزەل ھوسنىگە تويىماي قارايتتى. "قارا دالا" تەكچىسىدىن نەچچە مېتىر تۆۋەن جايلاشقان "نۇرلۇق چوڭ ئەترەت" خۇددى ئاي ئىچىدىكى داققا ئوخشاش قارىداپ ياتاتتى. كۆمۈش تاغ شاقىراتمىسى "قارا دالا" تەكچىسى بىلەن كۆمۈش تاغنى ئايرىپ تۇرىدىغان شەيتان جىلغىسى ئارقىلىق تاغنىڭ ئوڭ قولتۇغىدىن چىقىپ، سول قولتۇغىنى بويلاپ ئېقىپ كېتەتتى.

— ئەجەپ ئىش-ھە! دەپ ئويلىدى قادىر، — "ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق" دىگەن مانا شۇ. تەبىئەت شۇنچە ئەپچىل جايلاشتۇرغان "قارا دالا" تەكچىسى سۇنىڭ يېنىدا چاڭقاپ، قاغجىراپ ياتسا! — ئۇ بىر سىقىم توپىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئۇۋۇتۇپ كوردى، — نىمە دىگەن مۇنبەت تۇپراق! توك كېرەك — توك! — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ، — تەبىئەت كۈچىدىن پايدىلىنىپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك!

ئۇنىڭ قەلبى هاياجانلانغان ئىدى. تاغنىڭ خۇشبۇي هىدىغا چۆمۈلگەن بۇ ياپ-يېشىل يۇرتنىڭ كېلىچەكى قادىرنىڭ قەلبىدە گۈزەل ۋە نۇرلۇق بولۇپ قەد كۆتەرگەن ئىدى......

شۇ كۈندىن باشلاپ قادىر كېۋىر ئاكىنى ئۆزىگە مەسلىهەتچى قىلىۋالدى. ئۇلار ئىگەللىگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن "كۆمۈش تاغ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش پىلانى"نى تۈزۈشكە كىرىشتى. خۇپتەن بىلەن كېۋىر ئاكىنىڭ قىزى خەلچەم تاماق ئېلىپ كەلدى.

— پۈتۈن چوڭ ئەترەت بىر دادىڭىزنى باقالماسمىدى، — دىدى قادىر چېقىشىپ، — ئەنسىرەپ ئاتايىن تاماق ئېپكەپسىز-دە.

— ئوي تامىغىنىڭ تۇز-تەمى ئوخشمايدۇ. تېخىنىكىنىڭمۇ ئاغزى تەگسۇن دىدىم، — دىدى خەلچەم ئۇيالغىنىدىن يۈزىنى تۇتۇپ ۋە قاقاخلاپ كۈلگىنىچە ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى.

ئۇ تولىمۇ شوخ بولۇپ، هەممە ئۇنى "كۈلگۈنچەك" دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ شوخلۇغى ئۆزىگە يارىشاتتى.

كېۋىر ئاكا ئارقىسىدىن چىقىقاندا، ئۇ چوڭ ئەترەتنىڭ كەينىدىكى چىغىر يول بىلەن خېلى يىراقلاپ كەتكەن ئىدى.

— هاي! هاي خەلچەم! بۈگۈن مەن بارالمايمەن، بەختىنىسانى ئۆزەڭگە هەمرا قىلىۋال!

— دادا! خاتىرجەم بولۇڭ!

— توت يېشىدا ئانىسىدىن يىتىم قالغان، — دىدى كېۋىر ئاكا قايتىپ كىرىپ، كورنىڭ ئاغزىنى ئېچۋېتىپ، — شۇنىڭدىن

كېيىن يىتىم قوزىدەك ئەگەشتۇرۇپ يۈرۈپ چوڭ قىلدىم. بۇ يىل 19 غا توشۇپ ئاشتى، چوڭ بولغانسېرى ماڭا بەك ئىچكىپ كېتىۋاتىدۇ، ھازىر چوڭ ئەترەتنىڭ دوختۇرى. ئۇلار تاماق يەۋاتقاندا تاشقىرىدىن يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

يۈرەكلەرنى ياشارتقان،
كۆمۈش تاغنىڭ ھاۋاسى.
جاراڭلايدۇ ئېتىزدا
ناخشىمىزنىڭ ساداسى.

خەلچەم يېزا قىزلىرىغا خاس شوخلۇق بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ مەردانە ئاۋازى بۇ تاغ يېزىسىنى چاڭ كەلتۈرۈپ، قەيەردىدۇر ئەكس سادا قايتۇرماقتا ئىدى.

* * *

ئەتىسى كەچقۇرۇن چوڭ ئەترەتنىڭ يىغىن مەيدانى ئادەمگە لىق تولدى. كوممۇنا باشلىقلىرى قاتناشقان بۇ يىغىنغا تومۇرچى، باغاچچى، تامچى، تىراكتۇرچى، دوختۇر قاتارلىق قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەزالار قاتناشتۇرۇلدى.

قادىر تېخنىك كۆمۈش تاغ شاقىراتمىسىنىڭ تولۇق ئىسخە-مىسى سىزىلغان يوغان بىر پارچە ئاق قەغەزنى تامغا مىخلىدى-دە، ئۇزۇن يۇلغۇن تايىقى بىلەن كورسىتىپ سوزلەشكە باشلىدى:

— شاقىراتمىنىڭ ئېگىزلىگى 11 مېتىر، — دىدى ئۇ تاياقنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇچىنى ئون بىر رەقەمگە تىرەپ، — شۇنداق بولغاندا سۇلىق ئېتىلىپ چۈشۈش تېزلىگى ئىككى كۈپ مېتىر سىكۇنت، يەنى سىكۇنتىغا ئىككى كۈپ مېتىر سۇ چۈشىدۇ، ئەگەر تومۇردىن ياسالغان چاقپىلەكنى ئىككى دەرىجە رەزىنكە تاسما بىلەن گېنىراتورغا چاتقاندا، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ئومۇمى توك مىقدارى 132 كىلوۋات سائەت بولۇپ، 100 ۋاتلىق لامپۇچكىدىن 1مىڭ320 نى ياندۇرغىلى، 60 ۋاتلىق لامپۇچكىدىن 2مىڭ 200 نى ياندۇرغىلى بولىدۇ...... — ئۇنىڭ ئاۋازى ئىشەنچ بىلەن جاراڭلاپ چىقاتتى، ئۇ سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇ كۈچ بىلەن 7 كىلوۋات توك كېتىدىغان سۇ چىقىرىش ماشىنىسى ئورنىتىلغان 18 قۇدۇقتىن بىرلا ۋاقىتتا سۇ چىقارغىلى ۋە شۇ بىرلا ۋاقىتتا 40 ۋاتلىق لامپۇچكىدىن 25نى ياندۇرغىلى بولىدۇ......

قادىر ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق يىغىنغا قاتناشقانلارنى ئۇزىگە قاتتىق جەلپ قىلدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۇزىنى توختاتقان، بىلىمى چوڭقۇر، مىتوتلۇق ئوقۇتقۇچىغا ئوخشايتتى.

كېۋىر ئاكا ئۇنىڭ سوزىنى ئەمدىلا ئاڭلاۋاتقاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. خەلچەم يېنىدا ئولتۇرغان بەختىنىسانى نوقۇپ نىمىدۇ بىر نىمە دەپ پىچىرلايتتى. تىراكتورچى جىلىل ھاياجىنىنى باسالماي ئورنىدىن قوزغىلىپ زوڭ ئولتۇردى. ھەممە خوشاللىنىپ بىر پەس غۇلغۇلا قىلىشتى.

نىمە ئۈچۈندۇ قادىر ياغاچچىنىڭ كەيپىياتى تۇۋەن بولۇپ،

روھى چۇشكۈن ھالـدا قادىر تېخنىكـقا يەر تېگـدىن قاراپ ئولتۇراتتى......

— بۇ پىلاننى قانداق ۋە قاچان ئەمەلگە ئاشۇرىمىز؟! — قادىر تېخنىك ھەممىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى - دە، ئارقىدىنلا بۇ سوئالغا ئۆزى جاۋاپ بەردى، — پۈتۈن قۇرۇلۇشنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن "ئۇرلۇق چوڭ ئەتىرەت"نى ئاساس قىلىپ، قۇرغۇچىلار تەشكىل قىلىنىدۇ. ئىشنىڭ سۈپىتى ۋە سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قۇرغۇچىلار كوللىكتىۋى ئۆز ئىچىدىن تومۇرچىلەر گۇرۇپپىسى، ياغاچچىلار گۇرۇپپىسى، توشۇغۇچىلار گۇرۇپپىسى، تامچىلار گۇرۇپپىسى، ئاشپەزلەر گۇرۇپپىسى قاتار- لىق بىرنەچچە گۇرۇپپىلارغا بولۇنۇپ ئۆزئارا سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرىدۇ......

ئۇنىڭ سوزىنىڭ ئاخىرىسى چۇشمەي تۇرۇپلا گۇلـدۇراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. يىغىن مەيدانىنى بىر پەس ھاياجان- لىق غۇلغۇلا قاپلىدى.

قادىر ياغاچچى ئالقىنى بىلەن ئىڭىگىنى تىرەپ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. "بۇ ئادەمنى زادى قەيەردە كوردۇم؟ بۇ تونۇش چىراي زادى كىم؟! ...... چېكىسىدىكى تاتۇق...... ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسمى قادىر......"

ئۇنىڭ قەلبىنى چېگىش سوئاللار ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىغىغا ھىچقانداق گەپ كىرمىدى. ئۇ يەر تېگىدىن قادىر تېخنىكقا پات - پات قاراپ سەپسالاتتى. قادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياغاچچى بۇ يۇرتقا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن مۇشۇ ناھىيە-نىڭ چېكىرىسىدىن سىرتقا چىقمىغان ئىدى. ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ، بۇ تونۇش چىراينى زادى ئەسلىيەلمىدى-دە، بېشىنى زورغا كوتىرىپ: "ئادەم ئادەمگە ئوخشايدۇ، بەلكىم بىرسىگە ئوخشاتقاندىمەن، قادىر ئىسىملىك ئادەم ئازمۇ؟" دەپ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ قويدى. لېكىن ئۇ، تېخنىكنىڭ چېكىسە-دىكى تاتۇقنى يەنە بىر قېتىم كورگەندە، ئۇنى سۇر باسقاندەك بولدى، بىر خىل ۋەھىمە ئۇنىڭ گەژگىسىدىن تۇتۇپ تارتقاندەك ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇردى-دە، يىغىن مەيداندىن كىشىلەرنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىپ يۇرۇپ چىقىپ كەتتى...... ئۇنىڭ بۇ ھەركەت-لىرىنى ھېچكىم سەزمىدى.

— ئېلېكتىر ئىستانسىسى، — دېدى قادىر تەمكىنلىك بىلەن، — ئەتىدىن باشلاپ 5 ئاي ۋاقىت ئىچىدە تولۇق پۇتتۇرۇلۇپ، دولەت بايرىمىنىڭ 30 يىللىقىغا سوغا قىلىنىدۇ، دولەت بايرىمىنى ئاپتاپتەك چاقناپ تۇرغان ئېلېكتىر نۇرى ئاستىدا خوشال-خورام ئوتكۈزىمىز!......

ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاك ياڭرىدى. ھەممىنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن خوشال تەپمەكتە ئىدى.

يىغىندىن كېيىن ھەر بىر گۇرۇپپا ئۆزلىرى خالىغانلىرىنى گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ سايلاشتى. ياغاچچىلار گۇرۇپپىسى قادىر ياغاچچىنى ئۆزى بولمىسمۇ گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ سايلىدى. چوڭ ئەترەت باشلىقى داۋۇت ئەتە ئەتىگەندە ئىش مەيدانىغا يۇرۇش قىلد-

دىغانلىغىنى ئۇقتۇرۇش قىلىپ، يىغىننى ئاخىرلاشتۇردى.

## 2

قادىر ياغاچچى ئۆيگە كىرگەندە ئانىسى گۈلسۇمخان تاماقنا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى.

— يىغىن تۈگىدىمۇ بالام؟ — سورىدى گۈلسۇمخان خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ، — نىمە گەپلەر بولدى؟

— گەپ جىق......

قادىر ياغاچچىغا گەپ خوش ياقمايتتى. ئۇ ئىچكەركى ئۆيگە كىردى. نىمىگە كىرگەنلىكىنى بىلمەيتتى، يەنە ئېغىز ئۆيگە چىقتى، سۇپىدا پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ، ئالقىنى بىلەن ئىڭىكىنى تىرەپ ئەسنىدى.

— نىمە بولدۇڭ؟ — سورىدى گۈلسۇمخان ئوغلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ. ئۇنىڭ قوللىرىغا چاپلاشقان خېمىر ساڭگىلاپ تۇراتتى، گۈلسۇمخان ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، قادىر ياغاچچىنىڭ چىرايى تاتارغان بولۇپ، يۈزىدىن توپا ئۇرلەپ تۇراتتى. ئادەتتە كوزگە كورۇنمەيدىغان سېرىق تۈكلەر ئەمدى ھورپىيىپ تىككىدە تۇراتتى. ھىچ ۋاقىتتا ئانىسى ئۇنىڭ بۇنداق چۈشكۈن قىياپىتىنى كورمىگەن ئىدى.

— نىمە بولدۇڭ؟ — سورىدى ئەجەپلىنىپ.

— ھىچنىمە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟

— ياق!

ياغاچچى تاماقنى يېمىدى. «ئەمدى تۇگەشتۇق، — دەپ ئويلايتتى ئۇ چېكىش خىياللار ئىچىدە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئۇنىڭ كوز ئالدىدا قادىر تېخىنىڭ ئوتكۇر كوزلىرى ئۇستىدىكى تاتۇق نامايەن بولدى، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسمى قادىر» ئۇ ئاۋازىنىڭ تېشىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمىدى.

— نىمە، نىمە دىدىڭ؟! — جىددى سورىدى گۇلسۇمخان تاماق يەۋاتقان قاچىسىنى يەرگە قويىۋېتىپ.

ياغاچچى ئۇن چىقارمىدى. ئۇنىڭ خىيال يىپلىرى ئوتمۇشكە ئۇلاندى:

......جالالىدىن باينىڭ باقىا تۇتىشىدىغان پېشايۋانلىق چوڭ قوراسىدا 8 ياشلار چامىسىدىكى ئىككى بالا ئوينىماقتا. بىرى جامال بايۋەچچى، بىرى باينىڭ مالىيى گۇلسۇمخاننىڭ ئوغلى قادىر ئىدى. «يات!» دىدى بايۋەچچى قادىرنى يەرتىق كوينىكى ئىچىدىن كورۇنۇپ تۇرغان ئورۇق قوۋۇرغىسىغا تاياق بىلەن نوقۇپ. قادىر توت پۇتلۇق بولۇپ ياتتى. بايۋەچچى مىنىپ «چۇ! چۇ!» دەيتتى ئىككى پۇتىنى ئالچاڭلىتىپ. ئاچلىقتىن ماغدۇرى قالمىغان قادىر پات - پات يېتىپ قالاتتى. بايۋەچچى ئۇنىڭ باشلىرىغا تېخمۇ قاتتىق ئۇراتتى. ئاستىغا ئۇچ قەۋەت كورپە، بىلىگە ئىككى پەر ياستۇق قويۇپ پېشايۋاننىڭ سول چېتىدىكى ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدا ياتقان باينىڭ خوتۇنى زىلەي

بۆۋى ئوغلىنىڭ "قىزىق" ئويۇنىغا مەسلىكى كېلىپ قاقاخلاپ كۈلەتتى...... قادىر ئازاپقا چىدىمىدى. بار كۈچى بىلەن بايۋەچچىنى ئوكتۇرۇپ ئىرغىتقان ئىدى، بايۋەچچىنىڭ سالاپەتلىك ئۈستى-بېشى توپىغا مىلىنىپ، پوتلىسىنى ئېقىتقىنىچە جاقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. زىلەي بۆۋى كۆزلىرىنى ئالايتىپ توڭگۇزدەك چىقىرىدى-دە، قادىرنى ھويلا ئىچىدە قوغلاشقا باشلىدى. ئاخىرى ئۇنى ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى تونۇرنىڭ يېنىدا تۇتۇۋالدى-دە، تونۇر ئۈستىدە تۇرغان قىسقۇچ بىلەن باش-كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. دىدەكلەر ئۇنى ئاران ئاجراتقاندا، قادىرنىڭ چېكىسىدىن تەپچىرەپ قان ئېقىۋاتاتتى. گۈلسۈمخان ماز كويدۇرۇپ بېسىپ قاننى ئاران توختاتتى...... چېكىسى تاتۇق بولۇپ ساقايغان قادىر ئەتىگەندىن كەچكىچە باينىڭ يۈكۈر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ، بوش ۋاقتىدا بايۋەچچىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش بىلەن ئۆتەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئازاتلىقنىڭ شەپىسىنى سېزىۋالغان جالالىدىن باي مال-مۈلكىنى سېتىپ ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ، "ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىش" ئۈچۈن بىر كېچىدىلا يۇرتىنى تاشلاپ يولغا چىقتى، قادىرنى "ئاتقا قارايدۇ" دەپ ئېلىۋالغان ئىدى...... تاغقا يېقىن قارا شەھەر دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى تارمىقى ساغان ئۇسۇن① دەرياسى بويىغا كېلىپ زىلەي بۆۋى بىلەن

① ساغان ئۇسۇن — موڭغۇلچە ئاقسۇ ئېقىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىچىرلاشتى ـ دە، ئانا ـ بالا ئىككىسىنى ئالدىدا ماڭغۇزۇۋەتتى......
بىر ھازادىن كېيىن باي قايتىپ كەلدى. يېنىدا قادىر يوق
ئىدى. "كوۋرۇكتىن ئۆتۈپلا ھارىمى يولغۇنلۇق ئىچىگە كىرىپ
غايىپ بولدى......" ـ دېدى ـ دە، زىلەي بوۋى بىلەن ئوغلى
جامالنى توختىتىپ: "بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ ئىسمىڭ قادىر،
سېنىڭ ئىسمىڭ گۈلسۈمخان" ـ دەپ، قاتتىق جىكىپ، ئېتىنى
دىۋىتىپ يۈرۈپ كەتتى......

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە
چۆمۈلۈپ، چېكىسىدىن ھور كۆتىرىلمەكتە ئىدى. بۇ ۋەقەگە
ئازغىنا كەم 30 يىل بولغان بولسىمۇ تېخىچە ئۇزىنىڭ تەگتۇشى
قادىرنى ئېسىدىن چىقارمىغان ئىدى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا
گەرچە ئۇنى بوزەك قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا دائىم بىللە
ئوينايدىغان ئادىمى شۇ قادىر ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ سەبى
قەلبىدە قادىرنىڭ كولەڭگۈسى ساقلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇنداق
بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەپ، ئۇنىڭ ئانىسى ئوزلىرىنىڭ
پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى باشقا باللارغا زادى
ئارىلاشتۇرمايتتى. شۇڭا 20 ياشلارغا كەلگىچە ئۇنىڭ تۇزۇككىنە
يېقىن دوستىمۇ يوق ئىدى. ئۇ زىرىككەندە پات ـ پات قادىرنىڭ
گېپىنى قىلسىلا ئانىسى: "تىلىڭنى چايىنما! دۇنيادا يوق ئادەمنىڭ
گېپىنى قىلغىچە ئىشىڭنى قىل!"دەپ چالۋاقاپ كېتەتتى. ئۇ
ھازىرغىچە ئىككى قېتىم ئويلەنگەن بولسىمۇ، ئانىسى كېلىنىنىڭ
بىرىنى "قولى ئەگرى"، بىرىنى "مەينەت"دەپ ئويىنى بۇزۇۋەت-

كەن ئىدى. تا هازىرغىچە ئۇنىڭ باشقا بىرسى بىلەن سىرداش بولۇشىغا ئانىسى هەر خىل ئۇسۇل بىلەن يول قويمايتتى. شۇڭا ئانا ـ بالا ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدا ئوتكۇر ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە پارتىيىنىڭ تەربىيىسى ئاستا ـ ئاستا ئوغلىنىڭ كالللىسىغا سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىدىن ئانىسى تولىمۇ ئەندىشە قىلاتتى. بۇلارنىڭ هەممىسى ياغاچچىنىڭ سىڭلىسى بەختىنىسا ئۇچۇن سىر ئىدى......

ــ ئانا! ــ دىدى قادىر ياغاچچى بېشىنى كوتىرىپ، ــ كىچىگىمدە بىللە ئوينايدىغان قادىر زادى هايات بارمىدۇ؟! ــ سورىدى شۇبهە بىلەن كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ.

ــ چۇشۇڭگە كىرىپ قالدىمۇ؟ نىمە ئۇ ياللاڭتوشلەرنى ئەسلەپ قالدىڭ؟!

ــ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا تېخىنىك بولۇپ كەلگەن ئادەم ئۇنىڭغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. چېكىسىدىكى تارتۇغى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسمىنىڭ ئوخشىغىنىنى دىمەمسەن؟! ــ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ئۇ.

ــ كاپىشما! ــ چالۋاقاشقا باشلىدى گۇلسۇمخان جۇدۇنى تۇتۇپ، ــ ئۇلارنى يەنە ئاغزىڭغا ئالغىچە بولما! ئەگەر سىرىمىز پاش بولۇپ قالسا هوكۇمەت هەر ئىككىمىزنى بوش قويمايدۇ!......

ئۇلار ئۇزۇن دەتالاش قىلدى. شۇ ئەسنادا ئىشىك "تاراققىدە" ئېچىلىپ، بەختىنىسا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى خوشال ئىدى. چۇنكى ئۇنىڭ هەر بىر يېڭىلىققا پەرۋانىدەك

ئۇرغۇپ تۇرغان قەلبى بۇگۈنكى يەنىدىن پۈتمەس-تۈگمەس كۈچ ئېلىپ قايتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جانىجان دوستى "كۆلگۈنچەك" بىلەن بىرقاتاردا قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئاشپەزلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغى بولدى.

بەختىنىسا قادىر ياغاچچىنىڭ ئانا بىر ، دادا باشقا سىڭلىسى بولۇپ، ئاق سۆزۈككىنە كەلگەن يۇملاق يۈزلۈك، خۇما كوزلۇك چىرايلىق قىز ئىدى.

گۈلسۈمخان بۇ يۇرتقا كېلىپ، 8 يىلدىن كېيىن ئېقىپ كەلگەن بىر ئادەمنى تېپىپ توي قىلىۋالغان ئىدى. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىك ئورنىدىن بۇ ئادەمنى تۇتۇپ كېتىشتى. ئۇ ئەسلىدە نازارەت ئاستىدىكى جىنايەتچى ئىكەن. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ 6 ئايدىن كېيىن بەختىنىسا تۇغۇلدى. ئۇلار خەلچەم بىلەن بىر مەھەللىدە بىر نان تاپسا تەڭ يەيدىغان دوست بولۇپ چوڭ بولغان ئىدى.

بەختىنىسا كىرىش بىلەن ئەمدىلا ئەۋجىگە چىقىۋاتقان غاژ-غۇژ چىپپىدە توختىدى-دە، ئانىسى كوزىنى ئالايتىپ ئاكىسىغا بىر قارىۋېلىپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ جىم بولدى.

ئانىسى بىلەن ئاكىسى ئوتتۇرىسىدا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان چۈشىنىكسىز دەتالاشتىن بەختىنىسانىڭ كۆڭلى ئىنتايىن بىارام بولاتتى. "بۇلارنىڭ مەندىن يوشۇرۇن تالىشىدىغان نىمىسى بار؟"—دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئۇنىڭ ئېسىگە مۇنداق بىر ئىش چۈشتى:

بىر كۈنى ئانىسى خوشنا دادۇيدىن ساماساق ئىسىملىك بىر لايىق تېپىپتۇ، ئۇنى كىشىلەر "ساماساق سىلىڭ" دەپ ئاتايتتى. ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتا "داڭ" چىقارغان بۇ سىلىڭ "ئىككىگە زەربە بېرىش، بىرنى پەپەن قىلىش" ھەركىتىنىڭ ئوبېكتى ئىدى. گۈلسۈمخان ئۇنى "قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىت" دەپ كۈيوغۇللۇققا لايىق تېپىپتۇ. قادىر ياغاچچىنىڭ قوشۇلمىغىنىغا قارىماي گۈلسۈمخان ئادەم قويۇپ بەختىنىسانىڭ بېشىنى ئاغرىتقاندا، ئۇ خەلچەمنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىپ ئىككى ھەپتە كەلمەي قويغان ئىدى.

— يەنە شۇ گەپقۇ تايىنىلىق، — دەپ ئويلىدى بەختىنىسا، — كۆزۈممۇ كورمىسۇن، قۇلىقىممۇ ئاڭلىمىسۇن، — دەپ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى - دە، كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئېلىپ كۆلگۈنچەكىنىڭ ئۆيىگە كەتتى......

قادىر ياغاچچى كېچىچە تولغىنىپ ئۇخلىيالمىدى، دادىسىنىڭ: "كوۋرۈكتىن ئۆتۈپلا يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بولدى" دىگەن گېپى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئاڭلىنىۋاتقاندەك بولدى.

— ئەگەر قېچىپلا كەتكەن بولسا ئۇ ھايات! — دەپ ئۇز ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، — ھاياتلا ئىكەن چوقۇم ئۇچرىشىمىز، 20 نەچچە يىللىق سىرىمۇ يېشىلىدۇ...... — دەپ ئويلىدى - دە، پۈتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ شىرىن ئۇيقۇغا كەتتى......

* * *

قۇرغۇچىلار سائەت 7 دىلا يولغا چىقىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆمۈش تاغ باغرىدىكى سايدا ئۈرۈك چېچەكلىگەن، تاغ يېشىل كىمخاپتىن لىباس كىيگەن، مەجنۇن تال ئېگىلىپ سۇپ ـ سۈزۈك تاغ سۈيىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاۋاتقان. شۇنداق گۈزەل سەھەرلىكى نۇرلۇق چوڭ ئەترەت بايرام تۈسىگە كىرگەن ئىدى......

تىراكتور ئۈستىگە قادالغان قىزىلبايراق باھار شامىلىدا جەۋلان قىلاتتى. يوك ـ تاقا، سايمان بېسىلغان تىراكتورغا بىرتوپ قىزلار قوچقاچتەك چۇۋۇرلىشىپ چىقىشىۋاتاتتى. تىراكتورچى جېلىل تىراكتورنى تېخىمۇ قاتتىق گۈلدۈرلىتىۋەتتى. خەلچەمنىڭ قاقاخلاپ كۈلگەن شوخ كۈلكىسى ھەممە ئاۋاز ئىچىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەختىنىسا ھە دەپ جېلىلنى كورسىتىپ بىر نىمىلەر دەپ ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق گۈلدۈرۈۋاتاتتى......

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئالا ـ يېشىل گۈل تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئىچىدە يېزىنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرۈپ قۇدرەتلىك بىر جەڭگىۋار قوشۇن كېلىۋاتاتتى. بۇ قوشۇن ”نۇرلۇق چوڭ ئەترەت“نى ئاساس قىلىپ ئويۇشتۇرۇلغان ”كۆمۈش تاغ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى“نىڭ قۇرغۇچىلىرى ئىدى. قۇرغۇچىلار ئۆزىگە باش قىلىپ سايلىغان قادىر تېخنىك كېۋىر ئاتا بىلەن ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى، ئۇلار تىراكتورنىڭ كەينىدە توختىدى. قادىر ياغاچچى بىلەن چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى داۋۇت ”كۆمۈش تاغ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى“ نىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى كورسىتىدىغان 3 قەۋەتلىك چوڭ مودىلنى كوتىرىپ چىقتى ـ دە،

تىراكتۇرنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئورناتتى. ئۇنى قادىر تېخنىك بىلەن كېۋىر ئاكا كېچىچە گەج بىلەن قاتۇرۇپ چىققان ئىدى.

— يولداشلار، — دېدى كوممۇنا سېكرېتارى، ئۇنىڭ ئاۋازى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە ئاران ئاڭلاندى، — مەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە كوممۇنا پارتكومىغا ۋاكالىتەن ئىشىڭلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. ئۇ تەسىرلىك قىلىپ خېلى ئۇزۇن سۆزلىگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سۆزىنى تاماملىدى. قادىر تېخنىك جاۋابەن سۆزلەشكە باشلىدى.

شۇ ئەسنادا گۈلسۈمخان قولىدا بىر تۈگۈنچەكنى كوتىرىپ، يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدىن بۇ قاسنىقىغا ئۆتتى. ئۇ ئاغزى - بۇرنىنى ياغلىق بىلەن چىڭ ئورىۋالغان ئىدى. قىستىلىپ كېلىپ قادىر تېخنىكقا سەپسالدى...... قاڭشالىق، ئەگمە قاش، بۇغداي ئۆڭلۈك بۇ ئەزىمەت ئىشەنچ نۇرلىرى بالقىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئاممىغا تىكىپ، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەپ، قىزغىن سۆزلىمەكتە ئىدى. گۈلسۈمخان تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن قىستىلىپ، باللارنى ئىتتىرىپ ئالدى تەرەپكە ئۆتتى - دە، زەڭ سېلىپ قاراشقا باشلىدى. قولىدىكى تۈگۈنچەكنى بەختىنىساغا سۇنۇپ بېرىش ئۈچۈن تېخنىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ ئۇنىڭ چېكىسىدىكى تاتۇقنى كۆرۈپ يۈرىكى "قات" قىلىپ، پۇتلىرى كالامپايلىشىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

.

ئۇ ئىمىدۇ بىر نىمە دەپ چۇشىنىكسىز پىچىرلىدى ـ دە، كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بولدى......

قادىر تېخنىك قۇرغۇچىلارغا ۋاكالىتەن "كۆمۈش تاغ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى"نى مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ، دولەت بايرىمىغا سوغا قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكتلەپ سوزىنى تۈگەتتى. گۇلدۇراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە قوشۇن قوزغالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىمغانىغا ئۇنىماي كېۋىر ئاكىنى تىراكتۇرنىڭ كېپىنكىسىگە چىقىرىپ قويدى. قىزلار:

ــقىزنى بەرمەي تۇرۇپ، كۇيوغلىنىڭ راھىتىنى كورىدىغان بولىدى، ــ دەپ كۇلگۇنچەكىنىڭ چىشىغا تەگدى. خەلچەم ھوپپىدە قىزىرىپ قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇۋالدى.

تىراكتۇر گۇرۇلدەپ قوزغالدى. قوللىرىدا گۈل تۇتقان پىونېرلار قوللىرىنى ئۇزمەي پۇلاڭلىتاتتى. ئەمدىلا كوتىرىلىۋاتقان قۇياش نۇرىغا چومۇلگەن بۇ تاغ يېزىسى ھەقىقەتەنمۇ قاينام ـ تاشقىنلىققا چومگەن ئىدى......

## 3

قۇرغۇچىلار شاقىراتمىنىڭ كۇن چىقىش تەرىپىدىكى قاقشا باغرىغا گۇرۇپپىلار بويىچە گەمە كولىدى. شەيتان جىلغىسى بويىدىكى مەخمەلدەك چىملىق ئۇستىگە يوغان ئاشخانا قۇرۇلدى.

جەڭ قىزىپ كەتتى. كۆچىنىڭ ئاساسىي سالىمىغى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ كولىگە قويۇلغان ئىدى. ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ نورمال توك بېرىشى ئۈچۈن كول تەشنەكلىك رول ئوينايتتى. سۇ ئاللىقاچان باغلىنىپ، يامغۇر سۈيى ئاقىدىغان جىرا ئارقىلىق شەيتان جىلغىسىغا بۇرۇۋېتىلدى. پارتلاتقۇچلار كېچىسى پۈتۈن تاغ ئاسمىنىنى تىترىتىپ لەرزىگە كەلتۈرەتتى......

قادىر تېخنىك گويا چوڭ بىر جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان چېۋەر كاماندىردەك ئىشىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى كوزدىن كەچۈرۈپ ئۈلگۈرەتتى......

ئۇ "قانداق قىلغاندا ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازات قىلىپ، ئۇسۇل-چارىلەرنى كوپرەك قوللىنىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۈستۈرگىلى بولىدۇ" — دەپ ئويلايتتى، — يەنىلا توك كېرەك! توك! — دېدى ئۇ ئۆزىگە پىچىرلاپ ۋە شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ تىراكتوردىن شىبەن چۈشۈرۈۋاتقان كېۋىر ئاكىنى چاقىردى:

— ھاي كېۋىر ئاكا! كېۋىر ئاكا! — چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىغىنى چاقىرغاچ كەلسىلە! — قوشۇپ قويدى ئۇ.

ئۇچەيلەن سۇ كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان جىرانى بويلاپ شەيتان جىلغىسىغىچە كوزدىن كەچۈردى. بىر كونا تۈگمەننىڭ كويلىسى تېخنىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئەتراپىغا سەپسالدى، جىرادىن بىر نولۇق سۇنى چاتاپ ئاچسىلا تۈگمەننىڭ كويلىسى ئارقىلىق ئايلىنىپ شەيتان جىلغىسىغا چۈشۈپ كېتىدىغان

ئېرىقنىڭ ئىزى تۇراتتى.

— ھەببەللى! — دېدى قادىر كېۋىر ئاكىنىڭ مورىسىغا قولىنى قويۇپ، — بۇ يەرگە بىر تاش تۇگمەن قۇرايلى، بۇ بىزنىڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىمىزدا زور رول ئوينايدۇ.

— ئۇنى چوڭ ئەترەتتىن بېرىۋاتسا، تۇگمەننى نىمە قىلىمىز؟ — سورىدى چوڭ ئەترەت باشلىقى ھەيران بولۇپ.

كېۋىر ئاكا ھاڭ - تاڭ بولۇپ نىمە دېيىشىنى بىلمەي ساقىلىنى قولى بىلەن تاراپ تېخىنىقا قارىدى.

— ئۇن تارتىدىغان تۇگمەن ئەمەس، توك چىقىرىدىغان تۇگمەن، — دېدى قادىر كۈلۈپ تۇرۇپ، — شەكلى تۇگمەنگە ئوخشايدۇ. سۇ ئايلاندۇرىدىغان چاقپەلەك تاسما ئارقىلىق دىنامىغا چېتىلىدۇ، بۇنىڭدىن چىققان توكنى تېجەپ ئىشلەتسەك قۇرۇلۇشنىڭ كۆچ ئىشلىرىنىڭ ھوددىسىدىن تامامەن چىقىمىز.

— ھە، مۇنداق دەڭ! — دېدى كېۋىر ئاكا چۈشىنىپ، — ئۇنداق بولسا بۇنىڭ يولى ئاسان، بۇرۇن ئۆزەم ياسىغان تۇگمەن، ھەممىسى ماڭا تونۇشلۇق.

چوڭ ئەترەت باشلىقى قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا دەرھال تۇتۇش قىلايلى، — دېدى كويلىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋېتىپ، — باش ئۇستام كېۋىر ئاكا تۇرۇپتۇ، بىر-نەچچە ئەزىمەتنى ئاجراتساق ئۈچ كۈن ئىچىدىلا گۈل كەلتۈرىدۇ.

شۇكۈنىلا تۇگمەنگە 5 ئادەم ئاجرىتىلىپ ئىشقا چۈشتى. چوڭ

ئەترەتنىڭ باشلىقى دىنام ئەكىلىش ئۈچۈن جىپلىنىڭ تىراكتورىغا چۈشۈپ چوڭ ئەترەتكە كەتتى. قادىر تېخنىك تۆگمەننىڭ سىخىمىسىنى ئاددىيلا قىلىپ سىزدى-دە، ياغاچچىلىق ئۈيىگە قاراپ ماڭدى.

قادىر ياغاچچى تاختاينىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ ھە دەپ رەندە سالماقتا ئىدى. ئۇ تېخنىكنىڭ كىرگىنىنىمۇ تۇيمىدى. تېخنىك ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى. رەندىنىڭ ئىككى قولىغىدىن قاماپ ئۇتقان ياغاچچىنىڭ مەزمۇت قوللىرىنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان ئىدى. رەندىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، دۈمبىسى-دىن چىقىۋاتقان قىرىندىلار چىرايلىق تۈگۈنچەك ھاسىل قىلىپ ئىككى تەرەپكە چۈشەتتى.

— ئۇستام، ئىشلار قانداق؟ — سورىدى تېخنىك ياغاچچىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قىرىندىسىنى ئېلىۋېتىپ.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى! — دېدى ياغاچچى تېخنىك ئۇزاتقان قىرىنداشنى قولىغا قىستۇرۇۋېتىپ.

— مۇنداق بىر ۋەزىپىنى دەرھال ئورۇنلاپ بەرسەڭلار، — دېدى تېخنىك قولىدىكى قەغەزگە سىزىلغان چاقپىلەكنى كۆرسى-تىپ، ئۇنىڭ چوڭلۇغىنى، ئۇقىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىغىنى كۆرسى-تىدىغان سانلىق رەقەملەرنى ئېنىق چۈشەندۇرۇپ، — توك تۆگ-مىنى ياسايمىز، پۇختىراق بولسۇن، تومۇرچىلەرگە ئېيتىپ قويدۇم، تومۇر بىلەن چەمبەرلىگەن ياخشىغۇ دەيمەن؟!

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ! —

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېدى قادىر ياغاچچى سىخىمىنى چىرايلىق پۈكلەپ يانچۇغىغا سېلىۋېتىپ.

— ياغاچچىلاردىن ئىككىسى تۈگمەنگە ياردەملەشسۇن، — دېدى تېخنىك چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئۈچ كۈندىن كېيىنلا سېمونت نو ئارقىلىق يولۋاستەك ئېتىلىپ چۈشكەن تاغ سۈيى چاقپەلەك ئارقىلىق گېنىراتورغا جان كىرگۈزدى. بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان توك بېسىمى تىرانسپورماتور ئارقىلىق يۇقۇرىلىتىلدى-دە، گويا كۈمۈش تاغ چوققىسىغا قويىاش كېلىپ قونغاندەك پۈتۈن ئىش مەيدانى ئاپپاق نۇرغا چۆمۈلدى.

كېچىسى ياتاقتا ئىشلىتىلگەن توك كۈندۈزى توك شوتىسى ئارقىلىق قۇرۇلۇشقا ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ياغاچچىلىق ئۆيىگە توك ھەرىسى ئورنىتىلدى، ئاشخانا يېنىدىكى تاغ تېرىگىگە يۇقۇرى ئاۋازلىق كاناي بېكىتىلىپ، ئىش مەيدانى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. نۇرغۇن كۈچ ئازات بولۇپ، يازلىق يىغىمغا قايتۇرۇلدى. ئىش ئاسانلاشتى، سۈرئەت تېزلەشتى، سۈپەت ئۆستى......

شەنبە ئاخشىمى ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى. بەزىلەر كىر يۇيۇشقا تۇتۇندى، بەزىلەر ئەتىسى ئۆيىگە قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. بىر توپ ياشلار ئايرىم-ئايرىم سورۇن تۈزۈپ شاخمات، كورت ئويناشقا باشلىدى، بىر قىسىم قىزيىگىتلەر بولسا دۇتار چېلىپ ئۇسۇلغا چۈشتى.

يۈز ۋاتلىق لامپۇچكا خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغان

ئاپپاق چىدىرنىڭ ئىچى بىر دەمدىلا ئادەمگە لىق تولدى. قادىر تېخنىك چەتتىكى گەمە ئويىدە گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. تالدىن توقۇلغان ئىشىك "غىچ" قىلدا ئېچىلىپ قادىر ياغاچچى كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ-كېلىڭ، — دېدى قادىر تېخنىك ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — يۇقۇرى ئۆتۈڭ.

قادىر ياغاچچى بەكمۇ قورۇنۇپ، ئاستا بېسىپ يۇقۇرى چىقتى-دە، قادىر تېخنىكنىڭ يېنىدا ئامانەتتەكلا ئولتۇردى. ئۇلار بىر پەس خىزمەت ئۈستىدە نېرى-بېرى پاراڭلاشتى. كېيىن قادىر ياغاچچى بىردىنلا مەقسەتكە كۆچتى:

— كىچىكىڭىزدە بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىغانمۇ؟ — سورىدى ئۇ تېخنىكنىڭ چېكىسىدىكى تاتۇققا قاراپ، — ئەجەپمۇ چېكىڭىز زەخىملىنىپتىكەن......ئارىغا جىملىق چۈشتى، بىر ھازادىن كېيىن قادىر تېخنىك ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ:

— باشقا گەپ قىلىشايلى، — دېدى خوشال كۆنلەردە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئەسلەشنى خالىماي.

قادىر ياغاچچى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى:

— باشقا گەپلەرمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئەگەر مەن ئۈچۈن سىر بولمىسا...... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتماي، تېخنىكقا مەنىلىك قاراپ قويدى. بۈگۈن ئۇ ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىنى ئازاپلاپ يۈرگەن بۇ سىرنى ئېچىشقا بەل باغلىغان ئىدى، شۇڭا، قادىر تېخنىكمۇ ھەرقانچە قىلىپ گەپنى ئېپقاچالمىدى-دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرى ياش قەلبىگە ئۆچمەس داغ سېلىپ ئۆتكەن ئۆتمۈش قىسمەتلىرىنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى:

ئازاتلىقنىڭ ھارپىسى ئىدى، جالالىدىن باينىڭ خوتۇنى زىلەيخا بۇۋى بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئوغلى قادىرنى باغرىغا بېسىپ ياتقان گۈلسۈمخاننى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى، ئىككى كۈن ئۆتتى قايتىپ كەلمىدى، قادىرنى ئۆزىنىڭ ئوغلى جامال بىلەن باققا سولاپ قويدى. ئۇلار نىمىگىدۇ ئالدىراش تەييار- لانماقتا ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى كېچىدە جالالىدىن باي نەرسە- كېرەكلىرىنى ئىككى ئاتقا ئارتىپ، بىرىگە خوتۇنىنى مىنگۈزدى- دە، چۇلۋۇرىنى قادىرغا تۇتقۇزدى. بىرىگە بالىسىنى ئالدىغا ئېلىپ ئۆزى مىنىپ "ھەرەمگە" قاراپ يولغا چىقتى......

تاڭغا يېقىن ساغان ئۇسۇن دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە زىلەيخا بۇۋىنى يېنىغا تارتىپ بىرنىمە دەپ پىچىر- لىدى، كېيىن زىلەيخا بۇۋى بايۋەچچى بىلەن تۇۋرۇكلىرى سېسىپ، لىڭشىپ تۇرىدىغان تار تاختا كوۋرۇكتىن يېتىلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى، بىر ھازادىن كېيىن باي:

— ماڭ! — دەپ قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن قادىرنى ئىتتى- رىپ كوۋرۇكتىن ئۆتۈشكە باشلىدى. كوۋرۇكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قادىرنى سۇغا ئىتتىرىۋەتتى-دە، ئۆزى ئېتىنى يېتىلەپ يۈرۈپ كەتتى. قادىر "ۋايجان" دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي دولقۇندا غايىپ بولدى......

ئەمدى گەپنى سۇدا ئېقىپ كەتكەن قادىردىن ئاڭلايلى:

كەنەن ئاتا ئاتا سەھەر [illegible]

ھەيدەپ ساقال ئۈچۈن [illegible]
بېرىش ئۈچۈن دوبيانى [illegible]
قېيغىنىپ كىچىككە سالدى. [illegible]
نەمدىنىدۇر تۇرۇپ [illegible]
ئەگىشەتتى. كەنەن ئاتا [illegible]
قايتۇرۇپ كەلدى. [illegible]
بىرى ئۇنىڭ يانىدى. [illegible]
كەلدى. ئاتلارنى كىچىككە [illegible]
ئىشنى [illegible]
كۆزى چۈشتى-دە [illegible]
ياقۇرى [illegible]
كۆردى. [illegible]
كەنەن ئاتا [illegible]
قىلىپ [illegible]
ئارىلاش [illegible]
كۈلكى [illegible]
بەزدەك [illegible]
قىلىپ [illegible]
ئەمدى [illegible]
ئاللابى:
جالالىدىن [illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شاھىدلىرىنى خىلمۇ - خىل ئۇسۇل بىلەن يوقاتقان بولسىمۇ، ئامان - ئېسەن قېچىپ كېتىشتە خوتۇنى بىلەن بالىسىنى ئېغىر يۈك ھېس قىلدى - دە، 10 كۈندىن كېيىن بىر كېچىسى مال - مۈلكىنى ئېلىپ ئۇلارغا تۇيدۇرماي غېپلا قىلىپ تىكىۋەتتى. خوتۇنى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ "تىلەمچى" قىياپەتكە كىرىپ، ئۇ يۇرتتا ئۇن كۈن، بۇ شەھەردە 5 كۈن تۇرۇپ نەچچە ئاي يول يۈرۈپ، ئاخىرى جەنۇبىي شىنجياڭنىڭ ئەڭ يىراق چېتى بولغان كۆمۈش تاغ باغرىدىكى بۇ يېزىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى، شۇنىڭدىن بۇيان بۇلار گۈلسۈمخان، قادىر دىگەن ئىسىم بىلەن ياشاپ كەلمەكتە ئىدى. نەچچە يىلدىن بۇيانقى ھەر خىل ھەركەتلەردە بۇلارنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن تەكشۈرۈش خىتىگە "گۈلسۈمخان ئوغلى قادىر بىلەن جالالىدىن بايغا ئىشلەپ ئېزىلگەن" دىگەن جاۋاپ خەتمۇ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار - دىن ھېچكىم گۇمانمۇ قىلمىدى......

## 4

تېخنىكنىڭ ھىكايىسى قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ، گۈلسۈم - خانغا يەتكەندە، ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، كوزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى، ئۇ ئورۇنسىز ھالدا ئۇ ئۆي - دىن بۇ ئۆيگە چىقىپ، قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ يۈرىگى چىشلەپ تارتقاندەك ئېچىشىپ،

ئىچى سىقىلاتتى.

بەختىنىسا ئانىسىدىكى ئۆزگىرىشتىن ھېچنېمىنى گۇمان قىلمىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ دەممۇ-دەم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ھالسىرىشىدىن ساقلىقى يوق دەپ ھېس قىلدى. ئەمما گۈل-سۇمخاننىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە قىلغان گەپ-سۆزلىرى بىر بىرىگە زادى قولاشمايتتى. ئاخىرى ئۇ ھەممە ئىشنى تاشلاپ ئىشكىنى قاتتىق يېپتى-دە، چىقىپ كەتتى.

كەچ كىرىپ، كوز باغلاندى. ئانىسى تېخىچە قايتىپ كەلمە-دى. كۆلگۈنچەك ئىستانسىغا بىللە قايتىش ئۈچۈن سۆيلەپ ئىككى قېتىم كىردى. ئۇلار دەم ئىلىشتا ئۆيلىرىگە قايتقان بولۇپ، جېلىل تىراكتور بىلەن ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— گۈلسۇمخان ئاچا ساڭا يىگىت تاپقىلى كەتكەندۇ تايىن-لىق، — دېدى خەلچەم ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قاقاخلاپ كۈلۈپ، — شۇڭا ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتىدىغانسەن؟!

— سەن تولا ۋالاقشىما، — دېدى بەختىنىسا قولىغا سۇپۇر-گىنى ئېلىپ خەلچەمنى ساۋاشقا باشلىدى. خەلچەم ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە قېچىپ قاقاخلاپ كۈلەتتى. ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋا-زى ئۆينى بىر ئالدى.

شۇ ئەسنادا ئىشىك غىچىدا ئېچىلىپ گۈلسۇمخان كىرىپ كەلدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سۈرلۈك قارىدى-دە، كېيىن ئۆزىگە يالغان تۈس بېرىپ كۈلدى.

— ئىككى شەيتان نېمە قىلىشىۋاتىسىلە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەلچەم ئاغزىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ:

— ئىستانىسىغا قايتماقچى ئىدۇق. سىلىنى ساقلاپ تۇردۇق.

— بەختىنىسا بۈگۈن قايتالمايدۇ. سىلەر كېتىۋېرىڭلار، — دېدى گۈلسۈمخان سوغاققىنا.

— ئانا، ئەتە ئەتىگەنگە يەتكىدەكلا نان قالغان، بېرىپ نان يېقىشىم كېرەك......

— سېنى مەن تۇققان! بار دېسەم بارىسەن، بولمىسا مېنى باقىسەن!

گۈلسۈمخاننىڭ خۇي-پەيلى خەلچەمگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، بەختىنىساغا مېھرىۋانلىق بىلەن بىر قارىۋېلىپ چىقىپ كەتتى.

— قىزىم! — دېدى گۈلسۈمخان يالغان كۈلۈپ، — سەن ئاناڭنىڭ يۈرەك پارچىسى. سەندىن باشقا مېنىڭ ھېچنىمەم يوق! — ئۇ نەملەشكەن كوزلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — مەن قېرىپ قالدىم...... سەن چوڭ بولۇپ قالدىڭ، — ئۇ ھىلىگەرلىك بىلەن مىشىلداپ تۇرۇپ كوزىنىڭ قۇيرۇغى بىلەن بەختىنىساغا قارىدى، بەختىنىسا قوشۇمىسىنى تۇرۇپ يەرگە قارىغىنىچە كارۋاتتا يانتۇ ئولتۇراتتى. ئۇ ئانە-سىنىڭ نىمە دەيدىغانلىغىنى ئاللىقاچان سەزگەن ئىدى، — كوزۇمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا بېشىڭنى ئوڭلاپ قوياي، قىز بالا بەك چوڭ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. تەڭتۇشلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئويلۈك-ئوچاقلىق بولدى. مانا يېقىندا دوستۇڭ خەلچەمۇ

تويي قىلغۇدەك. سېنىڭ تويۇڭنىمۇ كېچىكتۈرمەسەك...... بۇ توغرىدا ساماقجان ئەتە سەن بىلەن سۆزلەشمەكچى......

بەختىنىسا يۇلقۇنۇپ ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، ئانىسىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ بېشىم ساق! قالغىنىنى ئۆزەم ئوڭلايمەن! ئالماق-ساتماق بىلەن يەڭ ئىچىدە "باش "ئوڭلايدىغان دەۋر ئاللىقاچان سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلاردىلا ئۆتۈپ كەتكەن. — دېدى-دە، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى......

بۇ گەپ گۈلسۇمخاننىڭ يۈرەك بېغىشىغا گويا خەنجەردەك سانجىلدى. بەختىنىسانىڭ "سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلاردا" دېگەن گېپى ئۇنىڭ يېغىرىنى ئېچىۋەتكەندەك بولدى-دە، ئۇ جان-جەھلى بىلەن قولىنى چىشلىدى ۋە سودايىدەك ئۆي ئىچىدە بىر پىقىراپ، قولىغا چىققۇدەك ھېچنەرسە تاپالمىدى. ئاخىرى ئوچاق بېشىدىكى تېۋىلغا ياغىچىدىن قىلىنغان ئۇزۇن كوسەينى قولىغا ئالدى-دە، كىرگىنىچە بەختىنىسانىڭ باش-كوزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. بەختىنىسا ئۇچىسىدىن سېلىۋاتقان پىلاتىنىسىنى ئانىسىنىڭ بېشىغا ئېتىپ، گۈلسۇمخان ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە ئىشىكتىن قالغاچتەك ئۇچۇپ چىقىپ، گۇگۇم ئىچىدە غايىپ بولدى......

*　　　*　　　*

گۈلسۇمخان بىر سوتكىنى تەستە ئۆتكۈزدى. يېزىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان بۇ يالغۇز ئۆي ئۇنىڭ نەزىرىدە قورقۇنچ-

www.uyghurkitap.com

لمۇق ۋە سۇرلۇك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى بالىسى ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئوغلى توت ئاي جەريانىدا بىر قېتىممۇ يوقلاپ كەلمىدى. قىزى ئۇنىڭ كېپىگە كىرمىدى، يۈرىگىنى پارە قىلدى. ئۇنى ئاز دىگەندەك تاغنىڭ ئاچچىق كۆز شامىلى باشلىنىپ، ئۇنىڭ ئوگزىسىدە قاتتىق گۆكىرەپ، ئىشىك - دەرىزىلىرىنى توختىماي جالاقلىتاتتى......

"نىمە قىلىش كېرەك!؟ — دەيتتى ئۇزىگە - ئۇزى پىچىرلاپ، چىگىش خىياللار بىلەن باغلانغان كاللىسىنى سىلىكىتىپ، ئۇنىڭ چاچلىرى تېخىمۇ پاخپىيىپ كەتكەن ئىدى، — سىرلىرىم پاش بولۇپ، رەسۋا بولىدىغان بولدۇم......" ئۇ ئويدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى......

تاشقىرىدا دۇپۇرلىگەن ئاياق تىۋشى ئاڭلاندى، گۈلسۇمخان دەرىزىدىن مارىلىدى. ئاتلىق ئادەمنىڭ كولەڭگۈسىنى كورۇپ يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئېغىلنىڭ ئىشىگىنى ئېچىۋېتىپ:

— ساماقجان! سىزنى كۈتۈپ تاقىتىم تاق بولدى. مەن تېخى تۇنۇگۇنكى ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن!......

— ۋەدىسىدىن يانغان ئوغۇل بالا ئەمەس! — دىدى ساماق مەغرۇرانە قىياپەتتە گىدىيىپ، — بېشىمىزغا نى - نى كۈنلەر كەلسىمۇ تېخى بېلىمىز چىڭ! ۋەدىمىز ۋەدە! ھى ھى ھى، — كۈلدى ئۇ.

— يارايسىز ئوغلۇم، خەخ سىزنى بىكارغا "سىلىڭ" دىمەي-دۇ - دە! قولىڭىزدىن ئىش كېلىدۇ دەپ يۈرتىنىڭ ئەڭ گۈزەل

قىزلىرى ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە! — ھى ھى ھى!......

ساماقنى ئۇيىگە باشلاپ، گۈلسۈمخان دەرىزىنىڭ قاپقىغىنى پۇختا ئەتتى-دە، ئەتراپقا زەڭ سېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كوڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى-دە، ئۇيىگە كىرىپ ئىشىكنى زەنجىرلىدى. بوران تېخىمۇ قاتتىق گۈكىرىمەكتە ئىدى......

ئۇلار ئۇزۇن پاراڭلاشتى، جىن چىراقنىڭ غۇۋا يورۇغىدا گۈلسۈمخاننىڭ كولەڭگۈسى ساماقنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغاچقا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىق كورگىلى بولمايتتى.

— بەختىنىسا ھېچكىمنى سىزگە تەڭ قىلمايدۇ، — دېدى گۈلسۈمخان كۈلۈمسىرەپ، ئۇ ئۆز ھىلىسىنىڭ كۈچىنى سىناش ئۈچۈن كوزىنىڭ قۇيرۇغى بىلەن ساماققا زەڭ سالدى.

— مەنمۇ ھېچكىمنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلمايمەن! — دېدى ساماق خىقىراپ، — ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن سوزلىشەرمەن دەپ كەلسەم...... ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىسىنى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىش بىلەن تۈگەتتى.

— ساماقجاندىن ئىزا تارتىمەن، دەپ ئۇنىمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دوستلىرى زورلاپ ئېلىپ كەتتى. بۇ قېتىم كەلگەندە كەڭتاشا مۇڭدىشىسلەر...... — ئەمما، — دېدى گۈلسۈمخان بىردەم تۇرۇۋېلىپ، — ئىشىكلارغا شەيتان ئارىلاشتى!

— نىمە؟ شەيتان؟! — جىددى سورىدى ساماق سىڭا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ.

— ھەئە، شەيتان! ئۇنىڭ بېشىنى باشقا بىرسى ئايلاندۇرد-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاتىدۇ!

— مېنىڭ جېنىم تېخى تېنىمدە! ئادەم ھامان بىر كۈن ئۆلىدىغۇ! — دېدى ساماق چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، — بېشىمغا كەلگەننى كورەمەن! — ئۇ ئالدىدىكى تاماق جوزىسىغا چېك توگۈلگەن مۇشتى بىلەن قاتتىق بىرنى ئۇرۇۋىدى، پىيالە جاراڭلاپ كەتتى. گۈلسۇمخان چوچۇپ كەتتى-دە، ئەتراپىغا ئالاق-جالاق قاراپ:

— ساماقجان، ھەرقانداق بۇلبۇل خالىغان گۈلگە قونالايدۇ. لېكىن ھەرقانداق گۈل خالىغان بۇلبۇلنى ئۆزىگە قوندۇرالمايدۇ!......

— ئېيتقىنا، ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىۋاتقان زادى قانداق مەخلۇق؟! — سورىدى ساماق تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ. ئۇنىڭ ئىچىنى نەشىنىڭ ھىدى قاپلاپ كەتتى. گۈلسۇمخان ئەنە شۇنى كۈتكەن ئىدى. ئۇ "ئەمدى پەيت كەلدى"، — دەپ ئويلىدى-دە، گەپنى سوزماي:

— كىم بولاتتى، ھىلىقى شەھەردىن كەلگەن قادىر دىگەن تېخنىك! قۇرۇلۇشتا كېچە-كۈندۈز ئىككىسى ئايرىلمىغۇدەك، بەختىنىسامۇ ئۇيگە كەلسىلا ئۇنى ماختاپ گېپىنى قىلىپ، قايتىپ كەتكىچە كوزى توت. ئاڭلىسام بەختىنىسانى شەھەرگە ئېلىپ كېتىمەن دەپ كوندۇرۇپ بوپتۇدەك! — ئۇنى پۇتلاش كېرەك! — دېدى گۈلسۇمخان بېشىنى تېخىمۇ يېقىن ئېگىپ.

— توغرا، ئۇنى ئامال قىلىپ بۇ يەردىن قوغلىۋېتىش كېرەك،

بۇنچىلىك ئىش بىز ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس! — دېدى ساماساق خۇش خۇيلىنىپ.

— بۈگۈن كېچە ياخشى پۇرسەت، — دېدى گۈلسۈمخان، — خۇدا بىزنى قوللاۋاتىدۇ. بۇنداق قاتتىق بوراندا ھەرقانداق ئىشنىمۇ قىلىۋەتكىلى بولىدۇ...... ئۇلار پىچىرلىشىپ يەنە تاللى ئىملەرنى مەسلىھەت قىلدى - دە، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— "يېتىپ ئۇلگىچە، ئېتىپ ئۇل" دېگەن گەپ بار، مەن ماڭاي، — دېدى ساماساق قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ. ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا گۈلسۈمخان ئۇنى توختاتتى ۋە ئۇڭ يانپېشىدىكى يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇقنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئاستىدىن مۇڭگۈز ساپلىق بىر خەنجەرنى ئالدى - دە، ساماساققا سۇنۇپ، — مانا، مېنىڭ سىزگە سوغام! خۇدا سىزگە يار بولسۇن! — دەپ ئۇ ئىككى قولىنى كوتىرىپ دۇئا قىلدى......

ساماساق خەنجەرنى قونجىغا قىستۇرۇپ، تاقىقا قاراپ يولغا چىقتى. ھەيۋەتلىك بوران گۈلسۈمخاننى شىددەت بىلەن ئۇرغان ئىدى، ئۇ ئىككى پۇكلىنىپ زوكۇزىيىپ قالدى - دە، "سۇبھا-ناللا"نى ئۇقۇغىنىچە ئۇملەپ ئارانلا ئۆۋىسىغا كىرىپ كەتتى......

* * *

بوران بۇلۇتلارنى كۈمۈش تاغ چوققىسىغا توپلاشقا باشلىدى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا تاراسلاپ يامغۇرمۇ ياغدى. يامغۇر بىلەن بوران ئېلىشىپ گاھ يامغۇر بوراننى بېسىپ كېتەتتى، گاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بوران كۈچىيىپ يامغۇرنى ئۇچۇرۇپ كېتەتتى، ھەش-پەش دېگۈچە چېدىرلار ھول بولۇپ، ئازگاللار تولۇشقا باشلىدى. نىمە ئۈچۈندۇ توك تۈگمىنى توختاپ زىم-زىيا قاراڭغۇ ئىچىدە ھېچنىمىنى كورگىلى بولمايتتى. سۇنىڭ شاقىرىشى ئاڭلاندى. قادىر تېخىنىڭ بېشىنى كوتىرىپ تىڭشىدى. سۇ تېخىمۇ قاتتىق شاقىرىدى. ئۇ دەرھال كىيىنىپ باشقىلارنىمۇ ئويغاتتى، ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئارقا-ئارقىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئۇلار چىققاندا شاقىراتمىدىن شىددەت بىلەن سۇ ئېتىلىپ چۈشۈۋاتاتتى، بۇ سۇ دەرھال ئېتۈۋېلىنمىسا، قۇرۇلۇشقا زور زىيان-زەخمەت يېتەتتى.

شاقىراتمىنىڭ بېشىدا بىر ئادەمنىڭ:

—ھاي! ھاي! تېز كېلىڭلار، تېز! سۇ يا كەتتى، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ كېۋىر ئاكىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ توك توختىشى بىلەن تەكشۈرۈپ چىققان ئىدى.

چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىغى كانىينى ئىسلىدۇرۇپ بار كۈچى بىلەن سۈشتىك چالدى. بىر دەمدىن كېيىنلا قۇرۇلۇش مەيدانى جەڭگىۋار ھالەتكە كەلدى-دە، ھەممە شاقىراتمىغا قاراپ ئېتىلدى......

ئۇلار دوڭگە چىققاندا كول لىپمۇ-لىق تولغان بولۇپ، ئىستانىسنىڭ سىمۇنتلانغان ئۇستىگى بىلەن سۇ خۇددى زەنجىر ئۈزگەن غالجىر ئىتتەك تۇرۇلۇپ كېلىپ، شاقىراتمىدىن قۇرۇلۇشقا ئۇقتەك ئېتىلىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئورنىتىلىپ بولمىغان

ئىككى جۈپ سىمونلت نونى بىر بىرىگە سوقۇپ يانتۇ قىلىۋەتتى.

قۇرۇلۇشچىلارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى، يامغۇر بىلەن سۇنىڭ شاقىرىشى، بوراننىڭ گۈلدۈرلەپ ئۈشقىرتىشى قوشۇلۇپ بىر دەھشەتلىك ئاۋاز پەيدا بولۇپ، پۈتۈن كۆمۈش تاغ ئاسمىنىنى بېشىغا كىيدى.

ئۇستەڭ بېشىدا كەسكىن ئېلىشىش باشلاندى.

— چۇشۇرگىنى ئېچىڭلار! — دەپ ۋاقىرىدى تېخنىك.

قادىر ياغاچچى چۇشۇرگىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇزىنى كولگە ئاتتى. ئۇزۇن ھەپىلەشىپمۇ تاقاقنى سۇغۇرالمىدى. سۇغا چۆمۈلۈپ ئاستىدىن كوتىرىپ باقتى، يەنە ئاچالمىدى. بىر ئىرغىپ قىرغاققا چىقتى-دە، يوغان تاشنى بېشىدىن ئىگىز كوتىرىپ ئۇرغان ئىدى، تاقاق چېقىلدى. تومۇر بىلەن چەمبەرلەنگەن تاقاقنىڭ تاختايلىرىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ بىردىن ئاجرىتىپ، چۇشۇرگىنى ئېچىۋەتتى.

بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ، يامغۇر قاتتىق يېغىشقا باشلىدى، قەيەردىدۇر چاقماق چېقىلىپ، ھەممە يەرنى بىر پەس ۋال-ۋۇل يورۇتۇپ ئۆتتى.

خەلچەم بىلەن بەختىنىسا يوغام بىرلىمنى كوتىرىپ كېلىشتى. قادىر تېخنىك باشچىلىقىدا بىرقانچە يىگىت سۇغا سەكرەپ چۇشۇپ، لىمنى ئۇستەڭنىڭ ئاغزىدا ئىككى قىرغاققا تىرەپ توغرىسىغا توختاتتى-دە:

— تۇرمەل كەلسۇن! — دەپ ۋاقىرىدى. كېۋىر ئاكا، جېلىل،

قاسىملارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا يوغان تۈرمەل ئېقىپ كەلمەكتە ئىدى. تۈرمەل دولقۇنلارنى سۈرۈپ كېلىپ لىمغا تاقاشتى-دە، سۇغا چۆكۈپ توختىدى. قىرغاقتا دۆۋىلەنگەن تاشلار ھەش-پەش دېگۈچە تۈرمەلنىڭ ئالدىغا تاشلاندى......

سۇ ئېتتىۋېلىندى!

قۇياش يۈزىنى ئاچقاندا، يامغۇر سېلىكىپ، بوران پەسەيدى. شەرقتىن سۇس كۆرۈنگەن ھەسەن-ھۈسەن گويا ئاسمانغا سېلىنغان ئەگمە كۆۋرۈكتەك ئاستا-ئاستا روشەنلىشىشكە باشلىدى......

توك تۈگمىنىگە جان كىرىپ چىراقلار يانغاندا ھەممە چاۋاك چېلىشىپ، خوشاللىقىدىن سەكرىشىپ كەتتى. قۇرۇلۇش مەيدانىدا ھايات باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى......

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن قادىر تېخنىك ھەممە گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىرىنى باشلاپ، سۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ دىققىتىنى ئىستانسا كولىنىڭ زاكۇسى ئۆزىگە تارتتى. زاكۇنىڭ يان ياغىچىدا يوغان ئىككى تال مىق تۇراتتى. قادىر ياغاچچى مىقنى كۆرۈپ بىلدىكى، تاقاق مىقلىۋېتىلگەچكە ئېچىلمىغان ئىكەن.

— بۇنىڭدىن قارىغاندا، — دېدى تېخنىك زاكۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ سەپسېلىپ، — سۇ بوران كۈچى بىلەن يا كەتكەن ئەمەس.

ھەرقايسىسى ئۆزى ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىشتى، شۇ ئەسنادا جېلىل قاپقارا ئاغامچىنىڭ

ئۈزۈلگەن پارچىسىنى سورەپ كەلدى:
ــ شەيتان جىلغىسىنىڭ بويىدىكى تېرەككە باغلاقلىق تۇرۇپتۇ، يەردە ئاتنىڭ تىلغۇەتكەن ئىزلىرى تۇرىدۇ.
ئاغامچىنى كورۇپ قىزغىن غۇلغۇلا باشلاندى، ئاخىرى "ئات چۇقان - سۈرەندىن ئۈركۈپ ئاغامچىنى ئۈزۈپ قاچقان" دىگەن خۇلاسىگە كېلىشتى.
شۇ كۈنى كەچتە كوممۇنا سېكرېتارى قوغداش كادىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى.
ــ ئىگەللىشىمىزچە، ــ دىدى قوغداش كادىرى، ــ شۇ كېچىسى ئىككى ۋەقە يۈز بەرگەن. بىرى، خوشنا چوڭ ئەتىرەتتىن بىر ئات يوقالغان. يەنە بىرى، ئىستانىسغا بۇزغۇنچىلىق قىلىنغان. پاكىتتىن قارىغاندا بۇ ئىككىسى بىر مەقسەت ئۈچۈن قىلىنغان ئىككى ئىش.
ــ ئاتنى بىزنىڭ چوڭ ئەترەتتىكىلەر قارا دالا تەكچىسىنىڭ ئاستىدىكى قوناقلىقتىن تۇتۇۋاپتۇ. مانا ئاتنىڭ بېشىدا قالغان ئاغامچا پارچىسى، ــ دىدى جېلىل بېلىگە باغلىۋالغان ئاغامچىنى يېشىپ.
مۇزاكىرە ئارقىلىق قوغداش كادىرى، قاسىم ۋە خوشنا چوڭ ئەترەتتىن بىر ئادەمنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، بۇ ئەنزىنى تەكشۈرىدىغان گۇرۇپپا تەشكىل قىلىندى - دە، بۇلار كېچىلەپ يۈرۈپ كەتتى......

* * *

www.uyghurkitap.com

ئىستانسا پىلانىدىن 23 كۈن بۇرۇن پۈتتى. ھالال ئەمگەكنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۈمۈش تاغ باغرىدا ئىستانسىنىڭ 3 قەۋەتلىك بىناسى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتەردى.

قادىر تېخنىك بىلەن قادىر ياغاچچى ئىككى ھەپتە قارا تەرگە چۆمۈپ ئىشلەپ، ئىستانسىنىڭ ھەممە زاپچاسلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك، پۇختا ئورنىتىپ تۈگەتكەن ئىدى.

ئۈستىدىكى چاقچۇقلىرى كۈن نۇرىدا پاقىراپ تۇرغان سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىنى بويلاپ ياتقان تاغ يولى بىلەن تىراكتور، ماشىنىلار ئۈزۈلمەي كەلمەكتە ئىدى. تاماقخانا يېنىدىكى چىمەنلىككە سەھنە ياسىلىپ، "كۈمۈش تاغ سۇ ئېلېكتىر ئىستان-سىسىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى" دىگەن چوڭ خەتلىك لوزۇنكا چاپلاندى. تاغ باغرى قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك بايرام تۈسىگە كىرگەن ئىدى. خوشاللىق بىلەن قاپلانغان بۇ تاغ باغرىدا پۈتۈن ئادەمنىڭ قەلبى ھازىر سىكۈنت ئىچىدە پەيدا بولىدىغان ھىكمەتنىڭ جەۋلان قىلىشىنى تەقەز-زالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى......

پۈتۈن ئاممىنىڭ دىققىتى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ نو بېشىدىكى تاقاق ئالدىدا خەلچەم بىلەن بەختىنىسا تارتىپ تۇرغان قىزىل لىنتىنى كېسىشكە كېتىپ بارغان ناھىيە باشلىقىنىڭ قولىدىكى قايچىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. چۈنكى قايچا لىنتىنى كەسكەن ھامان خەلق ئەمگىكىدىن تۇغۇلغان قۇدرەتلىك نۇر ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ-دە، ئۇنىڭ گۈزەللىكى جاھانغا نامايەن بولىدۇ......

بىردىنلا تاغنى چۇلغۇغان خوشاللىق چۇقان كوتىرىلدى، لىنتا كېسىلىش بىلەن تاقاق سۇغۇرۇۋېتىلگەن ئىدى، نودىن ئۇقتەك ئېتىلىپ چۇشكەن سۇ ئىستانىسا يۇرىكىگە قان قۇيغاندەك توك گېنىراتورى هەيۋەت بىلەن گۇكىرىدى-دە، تاغ باغرىدا سانسىز ئالتۇن يۇلتۇزلار چاراقلاپ كەتتى...... قۇرغۇچىلار بىر بىرىنى تەبرىكلىشەتتى، دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ سەكرىشەتتى. خەلچەم بىلەن بەختىنىسا قوللىرىدا تەڭ بولۇنگەن لىنتىنى تۇتقىنىچە بىر بىرىنى قۇچاقلاپ كۇلۇشەتتى. رادىيو كانىيدىن شادىيانىغا ئۇرۇلۇۋاتقان قەشقەر راۋابىنىڭ يېقىملىق ساداسى كوكۇللەرگە هوزۇر بېغىشلايتتى......

مۇراسىم ئىش نورمىسىنى ياخشى ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغانلارنى مۇكاپاتلاش بىلەن ئاخىرلاشتى. قادىر تېخنىك گۇلدۇراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئاكتىپلار قاتارىدىكى قادىر ياغاچچىغا ئۇز قولى بىلەن مۇكاپات ئۇزاتقاندا، قادىر ياغاچچى هاياجان-دىن توكۇلگەن ئىسسىق ياشلىرىنى سۇرتۇپ، كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېمۇر گۇەنچىڭفۇ (شۇە)

# ئىنسان قەدرى

بىر كۈنى ماشىنىست ئاياللارنىڭ قېشىغا ماتېرىيال ئالغىلى كىرئۆدىم، گەپتىن ـ گەپ چىقىپ ئەتىيازدا ئىدارىمىزگە يوتكەلىپ كەلگەن يۈگدىپنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى ھەققىدە پاراڭ بولۇپ قالدى. — ئۇزىغۇ ئۇگلۇقىنا يىگىت ئىكەن. شۇغىنىسى، بەكمۇ يۇۋاشتەك قىلىدۇ. بۇنداق مورىمەي يۇرۇۋەرسە قانداق بولغىنى؟ — دىدى خەنزۇ ماشىنىست ۋاڭ ھەدە كويۇنگەن ھالدا.

— خاتىرەگلەرنى جەم قىلىڭلار، بىزدە "يۇۋاشنىڭ مۈگگۈزى بار" دىگەن ماقال بار، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتىپ ئۆز ئىشىنى پۈتتۈرۈپ يۈرەمدۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىلىم جەھەتتە كامالىغا يەتكەن يىگىت ئىكەن، يۈگدىپدەك يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا بارغۇ، قىز دىگىنىڭ دوزنىسى بىلەن كەلمەيدىغان بولسا، قاراپ تۇرۇڭلار، — دىدى ئۇيغۇر ماشىنىست بۇۋى خەلچە ھەدەم سىرلىق كۈلۈپ.

ئۇلار "ئۆزەڭ خېلى چاققانغۇ" دېگەننى قىلىشىپ، ئاخىرى يۈگۈدىغا بىرەر لايىق تېپىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى مېنىڭ ئۈستۈمگە يۈكلەشتى. مەن بۇ ۋەزىپىنى خالار - خالىماي ئۈستۈمگە ئالدىم. چۈنكى مېنىڭ قارىشىمچە، يۈگۈدى گەرچە باشقا جەھەتلەردە قىل سىغمايدىغان يىگىت بولغىنى بىلەن، مۇشۇ تۇرمۇش مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇنى تېخى ياخشى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن ئىدىم.

بۇ يىل 3 - ئايلاردا، شىنجياڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ۋە تارىخ تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سىرت جايلاردىن ئىدارىمىزگە بىرنەچچە ئىقتىساسلىق يولداشلار يۆتكەپ كېلىنگەن ئىدى. شۇ قاتاردا، بېيجىڭدىن فېڭ پروفېسسورنىڭ شەخسەن تونۇشتۇرۇشى بىلەن يۈگۈدى ئىسىملىك بىر شىۋە يىگىتمۇ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ماڭا بىرىنچى بولۇپ تەشكىلىي ئىشلار خادىمى لاۋلى يەتكۈزگەن ئىدى. كوز ئالدىمدىن دەررۇ بەزىبىر كوزەينەك تاقاپ يۈرىدىغان ئېگىز بويلۇق شىۋە زىيالىيلىرى ئۆتتى، كوڭلۈمدە ئېچكىرىدىكى چوڭ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، بىرەر داشۆيدە لىكسىيە ئوقۇغان بىرسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلدىم - دە، خوشاللىقىم قىن - قىنىمغا پاتماي كەتتى. چۈنكى مەن ئىدارىمىزدىكى بىردىن - بىر "خاجى"① بولۇپ، ئۆزەم مانجۇ - شىۋە تىل - يېزىقىنى تەتقىق

---

① "خاجى" — شىۋەچە "بالا"، "يىگىت" مەنىسىدە.

قىلىپ يۈرگىنىم بىلەن، كوپلىگەن مەسىلىلەردە بېشىم قېتىپ يۈرەتتى، مەن ئوزەمگە پىكىرداش ۋە ئۇستاز بولغۇدەك بىرسىگە بەكمۇ مۇھتاج ئىدىم.

بىراق، يۈگدې توغرىسىدا قىلغان خىيالىلىرىم ئويلىمىغان يەردىن چىقتى.

يۈگدې كېلىپ ئۈدۈلىمدىكى ياتاقتا ئورۇنلاشتى. رەسىم-قائىدە بويىچە كورۇشكىلى كىردىم. ئۇستىگە ئاددى كوك خادانى چاپان، پۇتىغا قارا چىپەرقۇت خەي كىيگەن، يۇملاق يۈزلۈك شۇۋە يىگىتنى كورگىنىمدە، ئىچىمدە بىرئاز ھەيران قالغاندەك بولدۇم. چوڭ زىيالىلارغا خاس يوك-تاقى، مەسىلەن، ھەتتا خۇرۇم چامىدانىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا پەقەت ئىككى سىرلانمىغان ساندۇق تۇراتتى، بۇنىڭدىن باشقا بىسات كورۇنمىدى.

— سىز قايسى سۇمبۇلدىن بولىسىز؟

— مەن چاپچالدىن ئەمەس، A ناھىيىسىدىن.

— بۇ يەرگە كەلمەستىن ئىلگىرى قايسى داشۆيدە خىزمەت قىلغان؟

يۈگدې بىرئاز تۇرۇۋالدى-دە:

— مەن بۇ يەرگە كەلمەستىن ئىلگىرى A ناھىيىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتىم، — دىدى مىيىغىدا كۈلۈپ.

— قايسى بولۇمگە ئورۇنلاشتىڭىز؟

— هازىرچە ئۇيغۇر-قازاق بولۇمىدە ئىشلەپ تۇرغىن دەۋاتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بىز بىللە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدۇق. ئۆزەمنىڭ مۇشۇنداق "يېڭى كەلداخۇن"لار بىلەن، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىمدىن بولغان زىيالىلار بىلەن بىلىم سوقۇشتۇرۇپ باقىدىغان ئادىتىم بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قوسىغىدا قانچىلىك ئۇماچ بارلىغىنى بايقاپ يۈردۈم. ئەمما ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدىن خەۋىرىم بولمىغانلىقتىن ئىلاج بولمىدى. ئىچىمدە: "تايىنلىق ئۇيغۇر، قازاقلار ئارىسىدا يۈرۈپ، ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن ئانچە-مۇنچە بىلىم قاقتى-سوقتى قىلىدىغان ئوخشايدۇ، مۇشۇ كەمگىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ يۈرگىنىگە قارىغاندا كارى چاغلىق ئىكەن-دە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىغى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەشھۇر بولغان پىروفېسسور فېڭ ئۇنىڭ نېمىسىگە قاراپ بۇ يەرگە تونۇشتۇرغاندۇ؟ بۇنىڭمۇ ئەلۋەتتە بىر سىرى باردۇ؟" — دەپ ئويلاپ يۈردۈم. مەن بۇ سىرنى ئېلىش ئۈچۈن، فېڭ پىروفېسسورغا ھەمرا بولۇپ ئادەم تاللاشقا بىللە بارغان مىجىتكامدىن يۈگدىنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈردۈم.

— ھەي خاجى، ھەي خاجى، فېڭ پىروفېسسور ئۆز قولى بىلەن ۋاللىداپ تۇرغان گوھەرنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويسا، ئۇنى تونۇمىغىنىڭ قىزىقتە. تىلشۇناسلىق جەھەتتە، بىزگە بىرنەچچە خىل تىلنى تەڭلا پىششىق بىلىدىغان كىشلەر ئەزەل-

دىن ئېھتىياجلىق ئىدى. يۇڭدې ئالدى بىلەن بۇ شەرتكە تولدى. ئۇ بىرىنچى سىنىپتىن تارتىپ ئوتتۇرچىنى پۈتتۈرگىچە ئۇيغۇرچە ئوقۇغان. بۇنىڭدىن باشقا، بىز قاتتىق ئىمتىھان ئارقىلىق ئۇنىڭ قازاق، موڭغۇل ۋە ئوز تىلىنىمۇ مۇكەممەل بىلىدىغانلىقىنى بايقىدۇق، ئەمدى خەنزۇچىنى بولسا، داشۆدە ئۆگەنگەن ئىكەن. لېكىن بولار، بىزنىڭ ئۇنى ئىزلەپ بېرىشىمىزغا سەۋەپچى بولغان ئەمەس. گەپ باشقا يەردە!

—ئۇنداقتا سىلەر ئۇنى نىمە ئۈچۈن ئىزلەپ باردىڭلار؟— دەپ سورىدىم ئالدىراپ.

—فېڭ پىروفېسسور كارامەت ئادەم ئىكەن. شۇ ئادەم مۇشۇ دورەم بېيجىڭدىن كېلىپ، ئىدارىمىزنىڭ خىزمىتى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللارنىڭ ئارىسىدىن يۇڭدېنىڭ بۇنىڭدىن 5 يىل ئىلگىرى يېزىپ ئەۋەتكەن تىل-يېزىق ھەققىدىكى بىرقانچە ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى كورۇپ قاپتۇ. سىلەرنىڭ مانجۇ-شىۋە يېزىغىڭلار قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىن پەيدا بولغانلىغىدىن خەۋىرىڭ بارغۇ دەيمەن، دىمەك يۇڭدې ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئوزگىرىش تارىخى ھەم ئۇنىڭ قېرىنداش مىللەتلەر مەدىنىيىتىگە بولغان زور تەسىرى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزگەن. فېڭ پىروفېسسور يۇڭدېنىڭ بۇ ئەمگىگىگە يۇقۇرى باھا بەردى. ئۇ، ئوز ۋاقتىدا بىزنىڭ بۇ مەسلىگە سەل قارىغانلىغىمىزدىن قاتتىق رەنجىپ كەتتى، ھازىر ئۇ ئوزى بۇرۇن يازغانلىرىنى قايتىدىن رەتلەپ

چىقىۋاتىدۇ. كېلەر يىلى ئېچىلىدىغان تىل-يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇماقچى.

مىجىتكامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يۈگدېي توغرىسىدا قىلغان بەزى نامۇۋاپىق خىياللىرىم ئېسىمگە چۈشۈپ، بىردىن ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتىم. ئانچە ئۆتمەي، يۈگدېي بىلەن قەدىناس بولۇپ كەتتىم. كەم سۆز بولغىنى بىلەن مەن ئويلىغاندەك "مۇڭ" ئەمەس، بەلكى قالتىس پاراڭچى ئىكەن. تىلشۇناسلىق توغرىسىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"قا قاتتىق لەنەت ياغدۇرۇپ قىلغان قىزغىن پاراڭلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئاڭلايدىغان بولدۇم.

ئەمما تۇرمۇش مەسىلىسىگە كەلگەندە، ھېچقانداق بىر سىر ئالالمىدىم. ئۇ گويا تۇرمۇش ھەققىدە ئويلانمايدىغاندەك قىلاتتى. ئىدارىگە كەلگىنىگە مانا يېرىم يىلدىن ئېشىپ قالدى، مەن يا ئۇنىڭ كىنو-تانسلارغا بارغىنىنى، يا بىرەرسى بىلەن پاراڭلاشقىنىنى كۆرمىدىم، خىزمەت ۋاقتىدىلا ئەمەس، ھەتتا كېچە-كېچىلەپ بىر نەرسىلەرنى يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. تۇرمۇش مەسىلىسى توغرىسىدا گەپ ئاچسىملا بولدى، جاۋاپ بەرمەي كۈلۈپ تۇرۇۋالاتتى، بۇۋى خەلچە ھەدەم دېگەندەك، راستىنلا قىزلار ئۇنى ئىزلەپ كېلەرمۇ؟ مەن ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە قول قويغىنىم بىلەن، بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدىم.

* * *

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى ئىدى، ئىشىگىمنى كىمدۇ بىرسى ناھايىتى يېنىك تاكىلداتتى. مەن دەررۇ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم، ئىشىك ئالدىدا خۇددى ئۇسۇلچى قىزلارغا ئوخشاش چاچلىرىنى بىر خىل پاسونda ئارقىسىغا ئىگىز قىلىپ تۈگۈۋالغان، كۆز كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ئۇچىسىغا يىلىك تاجى رەڭ نىلون چاپان ۋە هاۋارەڭ تار يوپكا، پۇتىغا ئىگىز پاشنىلىق ئاق تۇپلى كىيگەن، بەجايىكى ماۋدۇن ئەپەندىمنىڭ «ھەسەن - ھۈسەن» رومانىدىكى باش قەھرىمان مېي خانىمغا ئوخشاش شۇنچىلىك گۈزەل ۋە زىلۋا "شەرق پەرىشتىسى" تۇراتتى. قىزنىڭ مۇنداق تۇرقىدىن ھەتتا ئۆزەمنى بىرئاز يوقىتىپمۇ قويۇپتىمەن.

— ئۇدۇلىڭىزدىكى يۈگىدىي ئىسىملىك شىۋە بالا نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ خۇددى رادىيودا سوزلەيدىغانلارغا ئوخشاش ساپ ئاھاڭدا.

— ئۇ بۈگۈن داشۆيگە يىغىنغا كەتكەن ئىدى، چۈشتە قايتىپ كەلمىسە كېرەك، — دېدىم يۈگدىيىنىڭ شۇ يەرگە كەتكەنلىكىنى دەررۇ ئېسىمگە كېلىپ، — سىز ئۇزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— يۈگدىيغا مۇشۇنداق بىرسى ئىزلەپ كەپتۇ دېسىڭىزلا ئۆزى بىلىدۇ. ئەتە يەكشەنبە مېنى چوقۇم ئىزلەپ بارسۇن، قانداق بولمىسۇن ئىزلەپ بارسۇن، سىزدىن ئۆتۈنەي، ئېيتىپ قويۇڭ! — دېدى ئۇ سەل يالۋۇرغان ئاھاڭدا.

— قىزىق گەپ بولدى - دە، يا ئىسمىڭىزنى، يا تۇرغان

جايڭىزنى ئېيتىپ بەرمىسىڭىز، قانداق بولىغىنى؟ — دېدىم ئېيتىشىپ.

— ئۇنىڭ بۇ شەھەردە مېنىڭدىن باشقا تونۇش قىزى يوق. مۇشۇنداق بىرسى ئىزلەپ كەپتۇ دېسىڭىزلا بولدى. قالغىنىنى كېيىن ئۆزىڭىز بىلىپ قالارسىز، — دېدى - دە، قانداق پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق غايىپ بولدى.

يۇڭدېنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى توغرىسىدا پارالڭ بولغاندا مىيىغىدا سىرلىق كۈلۈپ قويۇشلىرىنىڭ سىرىنى ئەمدى بىلگەندەك بولدۇم. "ھەممىمىزگە چاندۇرماي، يېپىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ، بېلىقنىڭ يوغىنىنى تۇتۇۋالغىنىنى قارا! توختا، بۇ قىز بىلەن يېقىندا يۈز كورۇشمىگەن ئوخشايدۇ. توغرا، ئۇزۇندىن بېرى دىدارلاشمىغان ئاشىق - مەشۇقلار ئىكەن - دە!"

كەچقۇرۇنلۇغى ئۇنىڭ ياتىغىغا ناھايىتى يوغانچىلىق قىلىپ كىردىم.

— قېنى لاۋيۇڭ، بىر خۇش خەۋەر بار، سۆيۈنچىسى بىر بوتۇلكا ماۋتەي.

— سۆيۈنچىسى بىر بوتۇلكا ماۋتەي؟ پاھ، قالتىسقۇ، قېنى ئالدى بىلەن ئاڭلاپ باقمايمۇ، ئەرزىسە ماۋتەي چىقىپ قىلىشى مۇمكىن، ئەرزىمىسە ئامال يوقتە!

— ئۆزەڭ بىر تېپىپ باقە؟

— بىرەر ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىگە بولسام كېرەك؟ — دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— تاپالمىدىڭ.

— مائاشىم ئوستۇرۇلەمدىكىن؟

— يەنە جايىدىن چىقمىدى.

— ئۇنداقتا بۇ خۇش خەۋىرىڭ ماۋتەيگە چۇشلۇق ئەمەس ئىكەن.

— چاخچاقنى بولدى قىلىلى، — دېدىم جىددى قىياپەتتە، — بۇگۈن چۇشتە بارغۇ، سېنى ئايىدىن چۇشكەن بىر پەرىزات ئىزلەپ كەپتۇ، — مېھمانىنىڭ ۋە سىرلىق گەپلىرىنىڭ زىر - زەۋەرىنى، تەققى - تۇرقىنى قالدۇرماي يۇگدىغا ئېيتىپ بەردىم.

— خا خا خا! ئاي پەرىشتىسى ئىزلەپ كەلگۇدەك مەن كىم ئىكەنمەن! — يۇگدي گېپىمنى تولۇق ئاڭلاپ بولماي شۇنداق كوگۇللۇك كۇلۇۋەتتى، ئەمما مېھمانىنىڭ تەققى - تۇرقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قوشۇمىلىرى بىردىن تۇرۇلدى ۋە بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى.

— ئىككى قېشىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بىر تال مېڭى بار دېدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

يۇگدي ئۆزىچە: "ھە توغرا، توغرا شۇ ئىكەندە" دەپ پىچىرلاپ كەتتى.

— ھە، ئەرزىگۈدەكمىكەن، قانداق؟ — دېدىم بايىقى چاقچىقىمنى قايتىلاپ.

— ئەرزىمەيدۇ! — دېدى ئۇ سەل ئويلىنىپ كەسكىن تۇردە.

— ماۋتەيىنى قوپۇپ بەرمىسەڭ بوپتۇ، بۇنى كېلىمىنىڭ تەلەيسىزلىگىدىن كورەي، لېكىن بۇ قىزنىڭ كىملىگىنى بىر ئېيتىپ بەرمىسەڭ بولماس ئەمدى!— دىدىم.

ئۇ ھىچنەرسە دىمەستىن، چوچەكلەردىكى "سىرلىق قاپاق" نىڭ ئاغزىنى ئاچقاندەك، بۇلۇڭدا ياتقان ساندۇقنىڭ ئىچىنى ئۇزاق ئاختۇرۇپ كەتتى، ئاخىرى بىر قىزنىڭ 6 سوڭكچە كېلىدىغان رەڭلىك رەسىمىنى ئالدى-دە، ماڭا ئۇزاتتى ۋە مېنىڭدىن:

— چۇشتە كورگىنىڭ ھەرقاچان مۇشۇ قىز بولغىيدى؟— دەپ سورىدى.

— ئوھوي، نەق ئوزى، نەق ئوزى!— دەپ تەكرار-تەكرار تەستىقلىدىم، رەسىمدىكى قىز مەن چۇشتە كورگەن قىزغا قارىغاندا تېخىمۇ ياش، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ، كىشىگە مۇڭلۇق كولۇمسىرىشى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئىسمى نىمە بۇ پەرىنىڭ؟

— ئارقىسىغا قارا.

ئارقىسىغا قارىۋىدىم، بىر كۇپلىت خەنزۇچە شېئىر يېزىلغان ئىكەن:

"ئوسمەسمەن ليەنخۇادەك كوكۇل خوشى بوپ،
ئۇچماسمەن ھەر يانغا پەسىل قۇشى بوپ.
ئارمىنىم— ئېچىلسام ئوز نامىمغا باپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قار-بوران قويندا شۇھلىيەن گۈلى بوپ.
مەڭگۈ ئەسلەپ قېلىشىڭىز ئۈچۈن.
1968-يىل، قىش. بېيجىڭ"

— ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟ — دېگەندەك قىلىپ، يۈگدې ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— ئىسمىڭىز شۇھلىيەن ئىكەن، ئەمما ئەزبىرايى خۇدا، ھېچنەمىنى چۈشەنمىدىم...... — تەرسالىق بىلەن قايتا-قايتا تەلەپ قىلىشىم ئارقىسىدا، يۈگدې ئاخىرى ئۆز ھېكايىسىنى باشلاشقا مەجبۇر بولدى.

* * *

ئۇ قىز بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىمغا دادام سەۋەپچى بولغان. دادام 3 ۋىلايەت مىللى قىسمىدا روتا كوماندىرىنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ، گومىنداڭچىلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق كەسكىن جەڭدە قاتتىق يارىدار بوپتۇ، ئازاتلىقتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى تۆكۈلگەن يەرگە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ تەيىنلىنىپ كېلىپ، كېيىنچە ئانام بىلەن ئىككىمىزنى يېنىغا ئالدۇرۇۋالدى، بۇ يەردە يا خەنزۇچە، يا شۇۋەچە مەكتەپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تا تولۇق ئوتتۇرىغىچە پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە ئوقۇشقا توغرا كەلدى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ داشۆگە ئىمتىھان بېرىۋىدىم، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىگە ئېلىنىپتىمەن. مەن بېيجىڭغا مېڭىش ئالدىدا، دادام ئۆزىنىڭ

بېيجىڭدىكى مەلۇم چەت تىل شۆيۈەنىدىكى بىر پروفېسسور دوستىنىڭ بارلىغىنى ئېيتىپ، خەت يېزىپ بەردى ۋە چوقۇم بېرىپ يوقلاپ تۇرۇشۇمنى تاپىلىدى.

بۇنىڭدىن 15 يىل ئىلگىرى، شۆيلىيەن بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشۈشكە توغرا كەلدى. بۇ كۈن گويا تۈنۈگۈنلا بولغاندەك، يۈرىگىمدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. بېيجىڭنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجايىپ يېقىملىق ۋە گۈزەل كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، مەن ئانچە كۆپ ئىزلەنمەيلا چەت تىل شۆيۈەنىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن پروفېسسورنىڭ ئۆيىنى تاپتىم. ئۆينىڭ دەرىزىسى ئوچۇق بولۇپ، رايال قانداقتۇ بىر شوخ، لىرىكىلىق مۇزىكىغا ئوينىماقتا ئىدى. مەن ئىشىكنى ئەدەپ بىلەن تاقىلداتتىم. ئۆيدىن ئېگىز بويلۇق، چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان، قارا ساپلىق كۆزەينەك تاقىغان بىر كىشى چىقتى. شۇ ئەسنادا رايال ئاۋازىمۇ شىپپىدە توختاپ قالدى. بىزنىڭ ئۆيدە پروفېسسور گۇەنىنىڭ رەسمىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم ۋە سول تىزىمنى ئېگىپ تۇرۇپ، "خوجنا دايى"① دەپ شىۋەچە سالام بەردىم. پروفېسسور ناتونۇش بىر شىۋە بالىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆيىگە كېلىپ قېلىشىدىن ھەيران بولسا كېرەك، ماڭا تازا بىر سەپسېلىپ قارىۋالدى-دە، "ئۆيگە كىر ئوغلۇم، قېنى ئۆيگە" دېدى شىۋەچە. مەن ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا دادام يېزىپ بەرگەن

① شىۋەچە "ياخشىمۇسىز تاغا" دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

خەتنى ئۇزاتتىم. ئۇ خەتنى تېخى ئوقۇپ بولمايلا: "بەللى ئوغلۇم، بەللى، فافورىننىڭ ئوغلى ئىكەنسەن-دە، بابا سېنى كۆرۈپلا بىرسىگە ئوخشاتقاندەك قىلىۋىدىم" — دېدى ھاياجانلانغان ھالدا. ئۇ بىردىن ئىچكىركى ئۆيگە قاراپ: "ھەي شۆھلىيەن، مېھمانغا چاي قۇيغىن" دەپ قالدى. پىروفېسسورنىڭ قىزى ئىچكىركى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. پىروفېسسورنىڭ مۇنداق ئاي پەردىسىدەك قىزى بارلىقى كىمنىڭ ئېسىگە كەلسۇن؟ ئۇزەم ئادەتتىن تاشقىرى تاتىنچاق بولغانلىقىم ئۈچۈن، بەكمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالدىم، بۇرنۇمنىڭ ئۇستىدىن قېرىشقاندەك تەر چىقىۋەردى. بەختىمگە يارىشا پىروفېسسور ناھايىتى پاراكچى ۋە قىزىقچى ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزىمۇ ئوچۇق چىراي بولۇپ، پەتنۇستا بىر ئىستاكان كوفې بىلەن نازۇ-نېمەتلەرنى ئېلىپ كىرىپ ئەدەپ-قائىدە بويىچە ئالدىمغا قويدى ۋە ماڭا: "تارتىنىپ ئولتۇرماي قېنى باقسىلا" دېدى. ئوھوي، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇزدىنمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇ شۇنداق دېدى-دە، ماڭا قاراپ مېيىغىدا بىر كۈلۈپ قويۇپ، قايتا كۆرۈنمەي كەتتى. يىگىتلىك چاغلىرىمىز، ئاشۇنداق بىر قىزنى كۆرگىنىمدە، خىيالىمغا ھېچقانداق پىكىر كەلمىدى دېسەم لاپ گەپ بولۇپ قالار. شۇ مىنۇتلاردا يۈرىكىمنىڭ قاتتىق دۈپۈلدىشىنى بېسىش ۋە ئۆزەمنى ئوسال ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، بىر يۇقىلاڭ بانا تېپىپ مەكتەپكە قايتىپ كەتمەكچى بولدۇم. ئەمما پىروفېسسور مېھمان-

دوست ئادەم ئىكەن، ئاخىرىسىدا شۇپلىيەن ئۇز قولىدا ئەتكەن چوچۇرنى يەپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

شۇ بىر بارغان پېتى ئەمدى ئاللا - بالالا ئۇ يەرگە بارماسلىقنى ئويلىدىم. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە تارتىنچاقلىقىمدىن باشقا سەۋەپ يوق ئىدى. ئەمما مېھماندوست. ياشلارنى جېنىدىن ئارتۇق كورىدىغان گوەن پىروفېسسور ئۇز خاھىشىمغا قويمىدى. شۇ يىلى چاغان ھارپىسىدا، مېنى كىچىك ماشىنىسىدا ئالغىلى كەپتۇ. بارماسلىققا ئىلاج بولمىدى. خۇداغا شۇكرى، قىزى ئويىدە يوق ئىكەن، پەقەت خانىملا بار ئىكەن. شۇ چاغدا مەن شۇپلىيەنىڭمۇ بۇ يىل مۇزىكا شۇپيۇەنگە كىرگەنلىكىنى، ھازىر رايال كەسپىدە، قوشۇمچە ناخشىنىمۇ ئوقۇيدىغانلىقىنى، شۇ كۇنى قەيەردىدۇر بىر يەردە ئويۇن قويۇش ئۇچۇن كەتكەنلىكىنى پىروفېسسورنىڭ ئۇز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. دېمەك، مەن پىرۇفېسسورنىڭ ئويىگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە، رايال چالغان دەل شۇپلىيەن بولۇپ چىقتى.

30 - ئاخشىمى، پىروفېسسور بىلەن تىلشۇناسلىق ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۇشۇپ كەتتۇق. پىرۇفېسسور چەت تىل ئالىمى بولۇپ، بىرقانچە چەتئەل تىلى ۋە شىنجياڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىنىڭ ئەھلى ئىكەن. ئۇ مېنىڭمۇ بىرقانچە تىلدىن خەۋىرىم بارلىغىنى ئۇقۇپ، سىنىغاندەك بىر نەرسىلەرنى سوراپ باقتى - دە، "يارايسەن ئوغلۇم، ياخشى ئوقۇغىن، ئىستىقبالىڭ چەكسىز ئىكەن" دەپ ماختىدى ۋە مەدەت بەردى. شەخسەن ئۇزى ماڭا بىرەر خىل چەت تىلنى ئۇگىتىپ قويماقچى بولدى - يۇ، ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دائىم كېلىپ تۇرۇشۇمنى بىرىنچى شەرت قىلىپ قويدى. ئەزەلدىن بىرەر چەت تىلىنى ئىگەللىۋېلىش ئارزۇيۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇنداق نوپۇزلۇق ۋە بىلىملىك ئۇستازغا ئىگە بولغىنىمغا بېشىم كوككە يەتكۈدەك خوشال بولۇپ كەتتىم. بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشىم، ئاخىرى تارتىنچاقلىقىمنى يېڭىپ، پىروفېسسورنىڭكىگە تولاراق قاترايدىغان بولۇپ قالدىم، شۇبىلىيەننى ياخشى كورۇپ قېلىشىم، كىنولاردا تەسۋىرلەنگەندەك قىز-يىگىتلەرنىڭ هايات-مامات مىنۇتلىرىدا بىر بىرىنى قۇتقۇزۇپ، بىر بىرىنى ياخشى كورۇپ قالغىنىدەك ئەهۋالدا بولماستىن، بەلكى بىر خىل غايىۋانە، كۈتۈلمىگەن ئەهۋالدا بولغان ئىدى. كېيىنچە يۈزۈممۇ بىرئاز قېلىنلاپ قالسا كېرەك، ئۇيىگە بارغىنىمدا، قىزنىڭ مەخسۇس خانىسىغا كىرىپ، ئەركىن پاراڭ سېلىشىدىغان بولدۇم، هەتتا چاقچاقمۇ قىلىشىپ كېتەتتۇق، ئۇ مەن كىيىپ يۈرگەن شىۋە ئاياللىرىنىڭ قولىدا تىكىلگەن خەينى كورستىپ تۇرۇپ: "هەي سەرالىق، بۇ نىمىڭىزنى تېخىچە تاشلىمىدىڭىزمۇ" دەپ چاق-چاق قىلسا، مەن تۇرۇپ: "كەچكىچە رايالنىڭ يېنىدىن قوپمايدىغان بۇرژۇئا خېنىمكەنسىز" دەپ چىشىغا تېگىپ قوياتتىم. ئەمما مۇناسىۋىتىمىز بۇنىڭ نېرىسىغا ئوتۇپ كېتەلمىدى، تاكى داشۈينى پۈتتۈرۈپ چىققۇچە كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدىم. ئىككىمىز بىللە بېيخەي باغچىسىدا قولۋاققا چۈشۈپ باغ سەيلىسى قىلغان چاغلىرىمىز بولدى، هەتتا يىراقتىكى سەددىچىن سېپىلىگىمۇ بىللە بېرىپ، ئىسمىلىرىمىزنى بىر

يەرگە ئويۇپمۇ قويغان ئىدۇق، شۇ چاغلاردا. مەن ئېيتمىغان بىلەن قىزنىڭ مەنالىق بېقىشلىرىدىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ يۈرەتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ كېتىپ، ئالاقىمىز پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ چاغدا، بىرسى، گوەن پىروفېسسور "چەتئەل ئىشپىيونى" دېگەن قالپاق بىلەن رىجىم ئاستىغا ئېلىنىپ، ئۆز ئۆيىدە تۇرۇش هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بولسا، يەنە بىرسى، شۈيلىيەن بىلەن باشقا - باشقا تەرەپتە تۇرۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۈيلىيەن ئاممۇي تەشكىلات تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەدەبىيات - سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتىدە بولۇپ، ھەمىشە سىرتتا ئويۇن قويۇپ يۈرگەچكە ئۇچرىشىش پەيتى يوق ئىدى.

1968 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ماگا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجياڭغا قايتىشقا توغرا كەلدى. مەيلى مەندە قانداق خىيال ۋە تۇسالغۇلار بولمىسۇن، ياشلىغىمدىكى ئۇنجى مۇھەببەتنى جىمغۇرلۇق قىلىپ، بوشۇگىدە تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە كوڭلۇم قىيمىدى. قىزنىڭ ئاخىرقى گېپىنى ئاڭلاپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

بىز قاتتىق سوغاق شامال چىقىۋاتقىنىغا قارىماي، يىخېيۇەن باغچىسىدا ئۇچراشتۇق. ئايرىلىش مىنۇتلىرى قىزغىمۇ ئېغىر چۈشكەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان چىرايلىق كوزلىرى مەقسەتسىزلا يىراقلارغا تىكىلەتتى. شامال ئاخىرقى يوپۇرماقلارنى قېقىپ چۈشۈرمەكتە. بىز بىر يىلى يازلىغى مەشەدە سەيلە قىلىپ يۈرگەن چېغىمىزدا كورگەن، ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسلىگىنى كەلتۈرگۈدەك ھېلىقى قىزىل، بىنەپشە رەڭ لىيەنخۇا گۈللىرى ۋە ئۇنىڭ كۈنلۈكتەك يوغان ـ يوغان كېلىدىغان يوپۇر-ماقلىرى، بىز ئۈزۈپ ئويناشقان كۇنمىڭ كولىنىڭ سۈزۈك دول-قۇنلىرى ئەمدى كورۇنمەيتتى، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۈستىنى بىر قەۋەت نېپىز مۇز قاپلىغان قارا پاتقاقنىڭ ئاستىدا لىيەنخۇا گۈلىنىڭ تومۇرلىرى قالايمىقان سۇنايلىنىپ ياتاتتى. بۇ مەنزىرىنى كورۇپ ئىچىم ئىختىيارسىز سىرىلىپ كەتتى. بىز كولنى بويلاپ، "چاڭ-لاڭ" (ئۇزۇن كارىدور)نىڭ ئىچى بىلەن كېتىپ بارغىنىمىزدا، ئارىدىكى خۇرسىنىشنى تۈگىتىش مەقسىدىدە، قايسى بىر شائىرنىڭ:

"كۈمۈش كۈلكەڭ يۇققۇ بۈگۈن ئەركە قىز،
مۇڭغا پېتىپ ياشلىنىپتۇ كوزلىرىڭ."

دېگەن مىسراسى بىلەن گەپنى باشلىماقچى بولدۇم. ئەمما بۇ مىسرالار ئاغزىمدىن چىقىشى بىلەن ئىچىمدە ئۆكۈنۈپ قالدىم. چۈنكى ئۇ چاغلاردىكى شارائىت مۇنداق سوزلەرنى ئېيتىشقا يول قويمايتتى، لېكىن قىزنىڭ بۇنداق ھېسسىياتىمنى سەزگەن-سەزمىگەنلىكىنى ئۇقمىدىم، ئۇ يەنىلا كوزىنى يىراققا تىككەن هالدا تۇرۇۋەردى.

— سىز شۈيلىيەن گۈلنى كورگەنمۇ؟ — سورىدىممەن.

— ياق.

— شۈيلىيەن (قار لەيلىسى) ھەققىدە ئىسمى جىسمىغا لايىق

كۆل. مۇشۇ تاپتا، مۇنۇ لىيەنخۇا كۆللىرى پاتقاق ئاستىدا بىقسىپ ياتقاندا، ئۇلار يۇرتىمىزدىكى تىيانشان تېغىدا راسا بەس-بەستە ئېچىلىۋاتىدۇ. سىزمۇ ئىسمىڭىزغا لايىق، تىيانشاندا ماكانلىشىپ قالسىڭىز قانداق؟

قىز بىردىن پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، غەمگە تولغان قوي كۆزلىرى بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىدى:

— گەپكە بەك ئۇستا بوپ كېتىپسىز-ھە، مېنى شىنجياڭغا قايتىڭ دەۋاتىسىزغۇ؟

مەن ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، بېشىمنى ئاستا لىڭشىتتىم.

— گېپىڭىزنى مۇشۇنداق ئەگىتىپ يۈرگىنىڭىزگە ساقمۇ-ساق ٥ يىل بولدى. مەن بۈگۈن نېمىشقا مۇنداق ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم ھەسرەت چېكىۋاتىمەن، شۇنى بىلەمسىز؟ سىزنى ئاخىرقى ھساپتا مورىمەي قايتىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم. خۇداغا شۈكرى، مۇشۇ جەھەتتە سىزگە بىر زۇۋان كىرىپ قالدى، مەن ئىچ سىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغانمەن. مېنىڭدىمۇ ھە دېگەندە شۇنداق ئوي تۇغۇلغان ئىدى...... ئەمما مەن بىر قىز تۇرسام......

شۇنداق قىلىپ ئايرىلىش مىنۇتلىرىدىلا، گەپنىڭ ئاشكارىسىنى شۇپلىيەنىڭ ئۆزى ئېيتتى.

لېكىن، ئەھۋال كېيىن مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، مەن ئۈرۈمچىگە ئەتە ماڭىمەن دېگەن كۈنى ئاخشىمى گۇەن پىروفېسسورنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇيەردە پەقەت قىزىلا بار ئىكەن. بىر چاغلاردا

بەختلىك، قىزغىن ھايات قايىنىغان بۇ ئائىلىدە غېرىپلىق ھوكۇم سۈرەتتى. پىروفېسسورنىڭ يوغان كىتاپ جازىسى ۋە شۈھلىيەنىنىڭ رايالىنىڭ ئۆز ئورنىدا يوقلۇغىنى ئىشىكتىن كىرىپلا بايقىغان ئىدىم. قىز خىرە چىراق يورۇغىدا نىمىنىدۇر يېزىپ ئولتۇرغان ئىكەن. مېنى كورۇپ، دەرھال تارتمىغا سېلىپ قويدى. ئۇ بىر قىسمىلا بولۇپ قالغان ئىدى، مەن ئەتە مېڭىپ كېتىدىغانلىغىمنى بىلدۇرگىنىمدە، ئۇ كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئەزگۇدەك قىلىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدا نىمىشقا شۇنداق يىغلىدى؟ ئۆز ۋاقتىدا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئەمما كېيىنچە، ھىلىمۇ ھەم چۈشەنمەي كېلىمەن، مانا بۇ سۈرەتنى شۇ يىغلاپ تۇرغىنىدا ماڭا بەرگەن ئىدى. مەن كېيىن چوقۇم بىللە بولىمىز دەپ تەسەللى بەردىم، ئۇمۇ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدى......

يۈگدىي سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قاتتىق بىر ئۇھ تارتىۋالدى.

— ئۇ شىنجياڭغا كېلىپ خىزمەت قىپتۇغۇ! — دىدىم گەپ قىستۇرۇپ.

— شۇنداق، كەلدى. مەن شىنجياڭغا كېلىپ بىر يىل ئوتكەندىن كېيىن، ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا كېلىشىۋالغىنىمىزدەك، يۇرتىمىزغا قايتا تەربىيە ئېلىش ئۇچۇن كەلدى. بىز ئايرىلىپ يېرىم يىلغىچە، ھەر ھەپتىسىگە خەت ئېلىشىپ تۇردۇق. ئاجايىپ قىزىق گەپ، خەنزۇلاردا "قىز كوڭلى — كۆز بۇلۇتى" دىگەن گەپ بار.

كۆز پەسلى بولغاندا ئۇنىڭدىن كېلىدىغان خەتلەر گويا كۆز بۇلۇتلىرىدەك شالاڭلاپ كەتتى. ئاخىرقى خېتى مېنى خېلى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى، چۈنكى خەت ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان، ئايىغى يوق گۇمانلىق توچكىلارغا تولغان ئىدى.

شۈېلىيەن شۇ يىلى چاغان بولۇشتىن سەل ئىلگىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ چاغلاردا مەن قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن ناھىيىدىن 70 ـ 80 كىلومېتىر كېلىدىغان قوي فېرمىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتاتتىم. دادام سابىق خەلق كومىتېتىدا ماخو تازىلاپ، قورۇ سۈپۈرۈپ يۈرۈيتتى، لېكىن ناھىيىدىكى باشقا "زوزىپەي" لەرگە ئوخشاش تېخى قالپاق كىيىپ، دۈمبا ئاستىغا ئېلىنمىغان ئىدى. شۈېلىيەنىنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ناھىيىدىكى ۋاك پەملىلىك بىر ئاغىنەم ماڭا تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلدى، مەن قاتتىق سوغاقتا قارىماي ئاتلىق يولغا چىقتىم. يولبويى ئۆزەمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەملەردەك ھېس قىلىپ كېلىمەن، ئاغىنەمنىڭ تېلېفوندا ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە شۈېلىيەن ۋاقىتلىق ئورۇنلاشقان جاي ــ ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىدىن ئۇنى تاپتىم. شۇ چاغدىكى خوشاللىغىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشىم قىيىن. قىزنى ئۇنىمىغانىغا ئۇنىماي ئۆيگە باشلاپ باردىم. ئەمما مۇشۇ مىنۇتتا بىزنىڭ ئۆيدە نېمە ۋەقەلەر بولۇۋاتقىنىنى نەدىن بىلەي...... شۈېلىيەن ئىككىمىز دەرۋازىدىن شۇنداق كىرىشىمىزگە، قارا كوزەينەك تاقىۋالغان، بېلىگە تاپانچا ئېسىپ،

بىر قولىدا سىم قامچا تۇتقان، بىر قولىدا يوغان بىر ئاپچاركا يېتىلىۋالغان بىرسى دادامنى ئالدىغا ئېتتىرگەن هالدا چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا دۇچ كەلدۇق. دادامنىڭ ئوڭ قاپىغى ئۈستىدە يېرىم غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى سىم قامچىنىڭ ئىزى بولۇپ، تېخىچىلا ئېقىۋاتقان قان ئۇنىڭ يۈز-كۆزىنى بويىۋەتكەن ئىدى. ئارقىدىن "مىنبىڭ شياۋفېندۈي"نىڭ پۈتۈنلەي قوراللىق 7-8 نەپەر ئەزاسى چىقتى. دادام شۈيلىيەنىڭ رەسىمىنى كۆرگەن ئىدى هەم ئاغىنەممۇ ئۇنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى دادامغىمۇ يەتكۈزگەن بولسا كېرەك، بىزنى كۆرۈپ بىر پەس تىنىقىرقاپ تۇرۇپ قالدى ۋە شۈيلىيەنگە قاراپ كۆزىگە موللىدە ياش ئالدى، ئەمدى بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، ھىلىقىلار مىلتىقىنىڭ پاينىگى بىلەن دادامنى ئۇرۇپ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەتتى. ئادەمنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇغىدەك ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىسە مەيلەدى-غۇ، دادامنىڭ مۇنداق قورال ئاستىدا ھەيدىلىپ كەتكىنىنى كۆرگەن شۈيلىيەن بىزنىڭ ئۆيگە كىرمەي، كېتمەن دەپ تۇرۇۋالدى ۋە ئاقىۋەت كەتتى......

ئەتە چاغان دېگەن كۈنى ئۆيۈمگە يەنە قايتىپ كەلدىم، پۈتۈن ئەس-يادىم شۈيلىيەندە ئىدى. مېنى پەقەتلا "ئۇ كۈنى نېمىشقا ئۆيگە كىرمىدى؟" دېگەن سوئال قىينايتتى. ئاخشىمى شۈيلىيەننى ئىزلەپ باردىم. كارىدورغا كىرىشىم بىلەن شۈيلىيەنىڭ ماڭا تونۇش كۆمۈش قوڭغۇراقتەك خۇش خۇي ئاۋازى ۋە قانداقتۇر ئەر كىشىلەرنىڭ قاتتىق كۈلكە-چاقچاقلىرى ئاڭلاندى.



www.uyghurkitap.com

كىرسەم، شۇيلىيەن، ئاھىيلىك ھوكۇمەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان ئالەي ئىسىملىك مۇئاۋىن مۇدىر ۋە سەنئەت ئومىكىنىڭ باشلىقى قاتارلىق بىرقانچە ئەرلەر بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئالەينىڭ چوقۇر يۈزلىرى ھاراقتىن تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەن، ئالتۇن چىشلىرىنى پاقىراتقان ھالدا توردە ھەجىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنىڭ كىرىشىم بىلەن پاراقلاپ قايناۋاتقان قازانغا سوغاق سۇ قۇيغاندەك ئۇلار شىپپىدە جىمىپ قالدى. ئالەي "ھە ساڭا بۇ يەردە نېمە بار" دېگەندەك قىلىپ ماڭا ئالىيىپ قارىدى. مەن پەقەت شۇيلىيەنگە بىر كوز ئىشارىتى قىلدىم-دە، تالاغا چىقىپ كەتتىم، ئۇ ئارقامدىن ئەگىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ كەيپى خۇش ئىدى. ئۇ: "ھە، قاپىغىڭىزدىن قار يېغىپ قاپتىغۇ، ئۆزلىرىچە كەپتۇ، باشلىق تۇرسا، قوغلىۋەتكىلى بولامدۇ؟ — دېدى ئادەتتىكى چىرايلىق كۈلۈشى بىلەن ۋە، — كەلگەن مېھمانلارنى تاشلاپ كېتىشكە بولمايدۇ" — دەپ چاغاننىڭ 1-كۈنى كەچتە كورۇشىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. شۇيلىيەن قايتىپ كىرگىنىدە، ئالەينىڭ ئۇچكىگە ئوخشاش غەلىتى مەرەپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

چاغان ئاخشىمى كېلىشكىنىمىز بويىچە ئۇچراشتۇق، مەن بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ باقماقچى بولغان ئىدىم، "بۇ يەر بېيجىڭ ئەمەس!" دەپ قولۇمنى زەردە بىلەن سىلكىپ تاشلىدى، تۇنۇگۇن ماڭا خۇش خۇي چاخچاق قىلىۋاتاتتى، بۇگۇن يەنە خۇيى تۇتۇپ قاپتۇ، مېنىڭمۇ تازا جاھىللىقىم

تۈتتى، گەپنىڭ قىسقىسى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش پەيتى يەتكەن ئىدى.

— كېلىدىغانلىقىڭىز توغرىلىق ھەجەپمۇ بىرەر خەت - خەۋەر بېرىۋەتمەپسىزغۇ؟ — دىدىم.

— يۈگىدىم، — دەپ بۇرالدى ئۇ ئارقىسىغا، — مۇناسىۋىتىمىز توغرىلىق سىز بىلەن ئاخىرقى قېتىم پاراڭلىشىشنى ئاللىقاچان دىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگەن ئىدىم. بۈگۈن گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىدىغان ۋاقىت يەتتى، ئوتكەن ئىشلارغا سالۋات، بىلەمسىز، ئۇز ۋاقتىدا ئاجايىپ غايىلىرىم بار ئىدى، پۈتۈن ئۈمىدىمنى سىزگە باغلىغان ئىدىم، ئەمدىچۇ، ئويدىكى مەسلىھەت بازارغا توغرا كەلمەپتۇ دىگەندەك، ھەممە تۈگەشتى! ئوتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇڭ، بىز بېيجىڭدا ئۇنتۇلماس بەختلىك مىنۇتلارنى ئوتكۈزدۇق، ئەمما بۇ ئىشلار ئۆزىنى، خەقنىمۇ ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن، ئەمدى ئۇلار كەلمەسكە كەتتى!

— نىمىشقا، شۇيلىمەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ئىشەنمەي.

— سىز ئۇزىڭىزنى بىر تىلشۇناس دەپ سانايسىزغۇ، — دىدى ئۇ مازاق قىلغان ئاھاڭدا، — "تېرىسى بولمىسا، تۈكى نەدىن كېلىدۇ" دىگەن ماقالنى بىلىسىزغۇ دەيمەن؟ مەن سىزنى نىمە ئۇچۈن ياخشى كورگەنلىكىمنى سىزگە تېخى ئېيتمىغان ئىدىم. دادام ئويگە كەلسىلا سىزنى "قالتىس بىلىملىك بالا، كېلىچىگى

پارلاق" دەپ ماختاۋەرگەندىن كېيىن، سىزگە كوڭلۈمنى بېرىپ يۈرگەن ئىدىم، بىر چاغلاردا بىلىملىك ئادەملەر ئەتىۋارلىق ئىدى، ئەمدى سىز نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز ئۆزى؟ ھەتتا تېخى بىرەر خىزمەتمۇ بېرىلمەپتىغۇ؟ بىلىم دېگەن نەرسىنىڭ ھازىر نېمە كېرىكى؟ ئەگەر كېرىكى بولسا، دادامدەك ئالىملارنى نېمىشقا تېخىچە بوشاتمايدۇ؟ باشقىلارنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرگىنىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ دەيمەن؟ مېنىڭ كاتتىۋاش بولغان بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى، ھازىر ئۇلكىلىك ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ كەتتى، يەنە بىر ياش ئوقۇتقۇچىمىز ھازىر مەدىنىيەت بۇسىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. سىز بولسىڭىز ئەكسىچە قاتمۇ-قات تاغلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ، قانداقتۇر تېتىقسىز ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيسىز. دەيدىغان گېپىمنىڭ يەنە بىرسى، ئېچىپ ئېيتىمەنكى، ئاتىلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇ نىكاھ سودىسى بولغان. ئۇلار ئاغىنە ئىكەن، شۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشتۇق، شۇنداق ئەمەسمۇ-يە؟ ئەمدى ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئالساق، سېسىق، سېسىغاندىمۇ ئاجايىپ سەت سېسىپ كەتتى. يەنە بىرسى، بۇ يەردىكى داڭلىق زوزىپەي① ئىكەن، ئۇنىڭ كارامىتىنى ئوتكەن كۈنى كوردۇق. سىز ياخشى ئويلاپ بېقىڭ، بىر سېسىق بىلەن بىرقارا ئوتتۇرىسىدا ياخشى گەپنىڭ بولۇشى

① زوزىپەي — كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار.

www.uyghurkitap.com

مۇمكىنمۇ، ئاخىر؟ ئەمدى ئۆزىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، ھەر ئىككىمىز سىپسىقلاردىن، شۇڭا بىرەرسىمىز بولسىمۇ مۇشۇنىڭ-دىن قۇتۇلۇپ كەتسەك دىگەن ئويۇم بار. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئالدىمىزغا كۈن ئالىلى. سىزگە مېنىڭدىنمۇ ياخشى قىزلار تېپىلىپ قالار...... — ئۇ بىر دەم توختىۋالدى - دە، — بۇنىڭدىن كېيىن ئىناق ئاكا - سىڭىللاردىن بولۇپ قالساق دەيمەن، — دىدى بىردىن مۇلايىم ئاھاڭدا.

دىمەك، مەسىلە ئايدىڭ بولدى، قەلبىم ئەلەم ۋە غەزەپكە تولدى، ئۇنىڭغا نۇرغۇن داۋلىلارنى چۈشەندۈرمەكچى بولدۇم، ئويلىسام ھەممىسى ئارتۇقچە گەپ ئىدى. ئەمما مەن بۇ قىزنى شۇنچىلىك ياخشى كورەتتىمكىن، قىزنىڭ بۇ گەپلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن ھە دىگەندىلا ئۈمىدىمنى ئۈزەلمىدىم. مەن تۇرۇپ:

— ئۇنداقتا، ھەجەپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىزغۇ؟ ئىسمىم جىسمىمغا لايىق شۈپلىيەن گۈلى بولمەن دىگىنىڭىز قېنى؟ — دىدىم.

— گېپىمنى بۇرمىلىماڭ، — دىدى شۈپلىيەن قىزىشىپ، — شىن-جياڭنىڭ نەردە ئىشلىسەم، شۈپلىيەن گۈلى بولغان دىگەن شۇ. بۇ يەردە يەنە شۇنداق بىر ئەھۋال باركى، ئانكىتنى شىنجياڭغا كەلمەستىنلا تولدۇرغان ئىدۇق، ئۇرۇمچىگە كەلگەندە، ئۆزگەر-تىپ بېرىشكە ئۇنىمىدى. بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىم تاسادىپى ھادىسە، ئۇنى ئۆزىڭىزچە باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ يەنە......

يۇڭدې ھىكايىسىنى تۈگەتكەندەك قىلىپ گېپىنى توختاتتى،

مەن ئۇنىڭدىن:

— شۇنداق قىلىپ، شۇپلىيەن ھازىر ئۆزى نەدە؟ — دەپ سورىدىم.

— شۇ يىلى ئەتىياز ئايلىرى بولسا كېرەك، ھېلىقى ئالەينىڭ "ياردىمى" بىلەن مۇشۇ شەھەردىكى سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەتكەن ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چوقۇر شۇپلىيەننى قولغا چۈشۈرىمەن دەپ كۆپ ئاۋارە بولغان ئوخشايدۇ. ئەمما شۇپلىيەن ئۆز مەقسىدىگە يېتىۋالغاندىن كېيىن "يەردىكى چاپاقىغا چۈشۈپ قالغان ئاسماندىكى غازنىڭ گۆشى يوق" دەپ ئۇنى ئوڭدا قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

— سەن شۇپلىيەن بىلەن بىرنەچچە يىل ئارىلىشىپ يۈردۈم دېدىڭ، بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشىنى بايقىمىغانمىدىڭ؟ ئەمدى سېنى نېمە دەپ ئىزلەپ كەلدى بۇ قىز؟ — دەپ سورىدىم يۇڭدېيدىن، ھېلىقى "ئاي پەرىشتىسى"دىن ئىختىيارسىز سەسكەنگەن ھالدا.

— تازا چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىپ يېتىشكە ھەقىقەتەن پۇرسەت بولمىغان ئىدى. بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردا نەلەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى خۇدا بىلىدۇ. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا يامان ئەمەستەك قىلىۋىدى، ئۆزگەرسە دەل شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزگەردى. ئەمدى نېمە ئۈچۈن يەنە مېنى ئىزلەپ كېلىپ قالدى؟ بۇ سوئالغا ئۆزەڭ بىر جاۋاب بېرىپ باقە، ئىنساننىڭ قەدىرى زادى نېمىدە؟

—پۇل، ئابروي، مەنسەپتە! — دېدىم يۈگدىنىڭ كېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىغىنى پەملەپ.

—بۇ جاۋاۋىڭ، شۈبىلىيەندەك قىزلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، دەل جايىدىن بېرىلگەن جاۋاپ بولدى ئۇكا. خۋاجۇشى ۋە پارتىيىسىنىڭ غەمخورلۇغىدا، قەددىم بىرئاز كوتىرىلىۋېدى، تەپ تارتماستىن ئىزلەپ كەلگىنىنى قارا! — دېدى يۈگدى.

—بەلكىم يېقىندا پۈتكەن كىتاۋىڭنىڭ مەتبەگە بېرىلمەكچى بولغانلىغىدىنمۇ خەۋىرى بولسا كېرەك؟

—مېنىڭ بۇ يەرگە يوتكىلىپ كەلگەنلىگىمدىن خەۋىرى بار ئىكەن، ئۈنىڭدىنمۇ خەۋىرى بولۇشى مۇمكىن.

—ھە راست، شۈبىلىيەن ھازىر ئەردىمۇ ياكى تېخى ئەرگە تەگمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم يۈگدىدىن.

—بىلىشىمچە، تېخى ئەرگە تەگمىگەندەك.

—ئون يىلدىن كېيىن...... دېگەن گېپى بار ئىكەنغۇ، ئەمدى ئۇنى قانداق قىلىسەن؟ — دېدىم چاقچاق ئارىلاش.

يۈگدى چاقچىغىمغا جاۋاپ بېرىش ئورنىغا دەرىزىنى ئۇلۇق ئېچىۋەتتى. دەرىزە ئالدىدىكى جوخار گۈلى تولۇن ئاينىڭ سۈتتەك نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. جوخارنىڭ خوش ... ئۆيى ئېچىگە مەيىن شامال بىلەن گۈپۈلدەپ ئۇرۇلدى. يۈگدى سۈپ-سۈزۈك ئاسمانغا نەز... تۇرۇپ، —ئاي شۇ...

...مۇ شۇنچە، خۇش پۇراق ھەم چىرايلىق بولسىمۇ،
... بار، ئەمدى مەن نىمە ئۈچۈن يۈزۈڭدە داغ
...دىن، نىمە ئۈچۈن تىكەنلىكسەن دەپ جوخاردىن
...بۇ ئەخمەقلىق ۋە كۈلكىلىك ئىش بولۇپ قالمامدۇ؟!
...خلەر باھارغا ئىنتىلگەندەك، ئادەممۇ بەختلىك بولۇشقا
...دۇ، لېكىن بۇ بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئوچگاي

.....

...يېنىك بىر ئۇھ تارتىپ جىمىپ قالدى. مەن ئۈنىڭ
...ماقىتەك بۇ جاۋاۋىنى ئاڭلاپ ئۈنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە
...لا چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدىم......

1978-يىل، ئوكتەبىر، غۇلجا.

(ئاپتور بۇ ھىكايىنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قاھار جېلىل

# ئاچالدا

## 1

مېھرىۋان بىلەن ئالىمنىڭ تۇنجى قېتىملىق سوھبىتى مەكتەپ-نىڭ دىخانچىلىق مەيدانىدا بولۇپ ئۆتتى. تەشۋىقات ئەتىرىدىنىڭ بۇ ياش ئەزاسى پېشانىسى كەڭ، چىرايى كۆندە كويگەن، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۇسۇپ، ئورۇق يۈزىگە چاڭ-توپا قونغان، شىمىنىڭ پۇشقىغى تىزىغىچە، يەڭلىرى جەينەككىچە تۈرۈلگەن، ئوتتۇرا بويلۇق بۇ ئادەمگە خېلى ۋاقىتقىچە غەزەپ ۋە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇردى: "ئەجىبا، بۇ چىرايىنى قەيەردىدۇ كور-گەندەك قىلىمەن. ماتېرىيالدا 30 ياش دەپ يېزىپتۇ، لېكىن شۇ تاپتا بۇ ئەرۋاھدەك ئادەم 40 ياشتىن كەم ئەمەستەك كورۈنىدۇ" دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى مېھرىۋان.

— ئولتۇر!

"ئەرۋاھ" مېھرىۋاننىڭ جىددى قىياپەتتە ئېيتقان بۇيرۇغىنى گويا ئاڭلىمىغاندەك. كورسەتكەن يەرگە ئەمەس، باشقا يەرگە ئولتۇردى ـ دە، تاماكا يوگەشكە باشلىدى. بۇ ھال مېھرىۋاننى ئۇنىڭغا بولغان غەزىۋىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا سەۋەپ بولدى.

ــ ئالىم دىگەن سەنمۇ؟

ــ ھە ـ ئە.

ــ ئەكسىلئىنقىلاۋىي جىنايەتلىرىڭنى تولۇق تاپشۇرماي بولمايدىغانلىغىنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

ئالىم تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ ئىسىنى ئالدىرىماي پۈلدى.

ــ كەمچىلىكلەردىن خالى ئەمەسمەن، لېكىن ئەكسىلئىنقىلاۋىي جىنايەت ئۆتكۈزگىنىم يوق.

ــ خاتالىقلىرىڭنى تەن ئالامسەن؟ ــ بارغانسېرى غەزىۋى ئورلەۋاتقان مېھرىۋان ئاۋازىنى تېخىمۇ قاتتىق چىقىرىپ دىدى، ــ بىلىپ قوي، سەن نەق ئەكسىلئىنقىلاپچى بولۇشقا لايىق ئادەمسەن! تېنىۋالمەن، دەپ خام خىيال قىلما!

ئالىم باشقا سوز قىلماي، تاماكىسىنى چەككىنىچە بىر ئۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇۋەردى. شۇنىڭدىن كېيىن سوھبەت ئەمىلىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى سوئال ـ جاۋاپقا كوچتى. ئالىم بەزى سوئاللارغا "بۇ مەسىلە مەندە يوق" ياكى "بۇ توھمەت" دەپ، بەزىلىرىگە بولسا، "ھەئە" ياكى "بۇ سوزنى مەن ئېيتقان" دەپ قىسقىلا جاۋاپ بېرەتتى. ئالىم توغرىسىدا مېھرىۋاننى ئۇنجى قېتىم ھەيران قالدۇرغان نەرسە شۇ بولدى.

كى، ئۇنىڭ رەت قىلغانلىرى كۆپىنچە سىياسى خاراكتېرى ئانچە ئېغىر بولمىغان مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇ ئۇلگايلا ئېتىراپ قىلغانلىرى بولسا، مېرىۋاننىڭ نەزىرىدە ناھايىتى چوڭ سىياسى خاتالىقلا ياتىدىغان مەسىلىلەر ئىدى.

— سەن بايا "مەن ئەكسىلئىنقىلاۋىي جىنايەت ئۆتكۈزگىنىم يوق" دىدىڭ، — دىدى مېرىۋان ئالىمنىڭ نوۋەتتىكى جاۋاۋىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — چاۋىياڭ يېزا ئىگىلىك شۇيۈەنى ئېلىمىز مائارىپ ئىنقىلاۋىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى شەيئى، مائارىپ سېپىدىكى بىر قىزىل بايراق. سەن بولساڭ، ئۇنىڭغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغانسەن، بۇ ئېغىر سىياسى جىنايەت ئەمەسمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنىڭغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلمىدىم، ئۆزەم ئاڭلاشتۇرالمىغان مەسىلىنى يىغىندا ئېيتتىم، — دىدى ئالىم، مېرىۋان ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۆڭلى-قارنى ئوچۇق، مەردانە ئادەملەردىلا بولىدىغان بىر خىل ئۇچقۇننىڭ يالت قىلىپ يانغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، — مەن ئەقلىي تەربىيىنى بىكار قىلىدىغان بۇنداق غەلىتە ئۆلگىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىدىغان ئالىي مەكتەپ مائارىپىنى زادى چۈشىنەلمىدىم. مەن سىلەردىن سوراي: ئۇنداقتا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئېچىپ نېمە قىلىمىز؟ كىشىلەر ھازىر ئايغا چىقىۋاتىدۇ، بىراق بىزدە بولسا، جاڭ تىيېشىڭدەك "ئۆلگىلەر" تۇپەيلىدىن ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئىككى نامەلۇملۇق

تەڭلىملەرنى يېشەلمەيۋاتىدۇ......

— سەپسەتەڭنى توختات! — مېھرىۋان ئالىمنىڭ سوزىنى بولۇۋەتتى، — مۇشۇ سوزلىرىڭنىڭ ئوزى سىياسى خاتالىق بولماي نىمە؟

— تامامەن ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرغۇچىلارنىڭ سوزلىرى، — دەپ گەپ ئارىلىدى شۇ مەيداندا بىللە بولغان مەكتەپ ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى باتۇر، — بىز سېنى ياخشى بىلىمىز، سەن ئوڭچىغا چىققان كوزگىرىچى، نەق ئەكسىلئىنقىلاپچى ئۇنسۇرسەن!

ئالىم باتۇرغا چوڭقۇر مەسخىرە كۇلكىسى بىلەن قارىدى-دە، دانە-دانە قىلىپ سوزلەشكە كىرىشتى:

— ياخشى، قېنى سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلار: ئۇنداقتا، ماۋجۇشىنىڭ: "ئوقۇشنى ئاساس قىلىش......" دىگەن سوزىنى قانداق چۇشىنىش كېرەك؟ بىزنىڭ شۇنداق چوڭ زىمىنىغا، شۇنچە كوپ نوپۇسقا ئىگە بولغان دولىتىمىزنىڭ مائارىپى ئەگەر شۇنداق ئۇلگىلەرنىڭ يولى بىلەن ماڭىدىغان بولسا، ئېلىمىزنى مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەقسىدىگە قانداق يەتكىلى بولىدۇ؟ بۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى مىليونلىغان ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى، دولىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئەمەسمۇ؟

— يولداش مېھرىۋان، بۇنىڭ ئارتۇقچە سوز قىلىشنى چەكلەش كېرەك؟ — دەپ چالۋاقىدى باتۇر، — ئاڭلىدىڭمۇ، ئۇ يەنىلا بۇرژۇئازىيىنىڭ قارا ماللىرىنى بازارغا سېلىۋاتىدۇ. ھەي،

ئەشەددى ئەكسلئىنقىلاپچى، سەن ھازىر گېزىتلەردە: "زامانى-ۋىلىشىنى تەكىتلەش شىۋجېڭجۇيىغا قاراپ ماڭغانلىق" دەپ يېزىلىۋاتقانلىقىنى كورمىدىڭمۇ؟

— سەن باتۇر سوتسيالىزىمنىڭ قانداق جەمىيەت ئىكەنلى-گىنى بىلمەيدىغان ياكى بىلسەڭمۇ ئۇنى خالىمايدىغان ئادەم-سەن؟ — دىدى ئالىم مەسخىرە بىلەن، — سېنىڭدەك تەييار ئىبارىلەرنى تەكرارلاشنىلا بىلىدىغان ئاتالمىش ئىنقىلاپچى بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغان ئوزەممۇ ئەخمەق، — كېيىن ئۇ مېھرى-ۋانغا قاراپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەرنىڭ مەقسىدىڭلار قانداقتۇ مېنىڭ "ئەكسلئىنقىلاۋىي غەرەز"لىرىمنى ئىقرار قىلدۇ-رۇش بولىدىغان بولسا، مەيلى، قولۇڭلاردىن كەلگىنىنى قىلىڭ-لار، لېكىن مەن ئالدىڭلاردا ئېيتىپ قويايكى، سىلەر بۇ مەقسىدىڭلارغا ھەرگىز يېتەلمەيسىلەر!

* * *

مېھرىۋان پاش قىلىش ماتىرىياللىرىنى كورۇۋېتىپ، بىردىنلا قەلەمنى قويۇپ، ئويلاشقا باشلىدى: "توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، — دىدى ئۇ ئوز ئوزىگە، — شۇ كۇنى ئامىنىمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى "ئالىم" دىگەندەك قىلىۋىدى، شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭ سوزلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىگىنى ھىس قىلغان ئىدىم. مانا پاش قىلغۇچىمۇ زاۋۇتتىكى ئاشۇ جالالدىن بىلەن مۇنۇ باتۇر ئىكەن. شۇنداق بۇ ئالىمنىڭ دەل ئاشۇ ئادەمنىڭ ئوزى ئىكەنلىگىدە گۇمان يوق."

ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دەرىزە ئالدىغا بېرىپ قاراڭغۇلۇققا چوككەن مەكتەپ ھويلىسىغا قارىغىنى ھالدا بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇنقى بىر ئىشنى ئەسلەشكە باشلىدى:

بىر شەنبە كۈنى مېھرىۋان بىلەن بىر ئىسمىندا ئىشلەيدىغان ئامىنە دىگەن قىز ئۇنى ئۇيىگە تەكلىپ قىلدى:

— كەچتە بىزنىڭ ئۇيگە كىرگىن، دادام كىچىككىنە ئولتۇ-رۇش قىلماقچى، ئىلگىرى مۇنداق ئولتۇرۇشلارغا بېرىپ باقمىغان مېھرىۋان كىچىك سىڭلىسىنى يېتىلەپ ھىلىقى ئۇيگە يېتىپ كەلگەندە، بىرگە ئىشلەيدىغان 3 ـ 4 قىزمۇ سىرتقى ئۇيدە ئولتۇرغان ئىكەن، ئىچكەركى ئۇيدە ئەرلەر بولسا كېرەك، ئۇ يەردىن قىزىق ـ قىزىق كۈلكە ـ چاخچاقلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر دەمدىن كېيىن كىمدۇر بىرسى دۇتارنى كونا خەلق ئاھاڭلىرىغا چېلىپ، يېقىملىق ئاۋازدا ناخشا كۈيلەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا قىزلار ئىنگلا ئەمەس ئىچكەركى ئۇيدىكى چاخچاقچى ـ لەتىپچى ئەرلەرنىڭمۇ ئاۋازى تىندى. يېڭىدىن ـ يېڭى ئاھاڭلارنىڭ چېلىنىشىغا ئەگىشىپ، ناخشىچىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يۇقۇرى كوتىرىلىپ، كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالغۇچى سادالار دەرىزە-دىن ئۇچۇپ چىقىپ زاۋۇت قورۇسىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. بۇ ناخشىلار مېھرىۋانغا شۇنداق كۈچلۈك تەسىر قىلدىكى، ئۇ ئىختىيارسىز يېنىدىكى ئامىنىدىن سورىدى:

— بۇ ناخشىچى كىم بولىدۇ؟

— 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئالىم مۇئەللىم، ئاكامنىڭ ساۋاق-

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
www.uyghurkitap.com

دىشى، — دەپ جاۋاپ بەردى ئاممە.

— ھە، مەن ناخشا ئېيتىشقا قاراپ سەنئەتتە ئىشلىسە كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن.

ساز چېلىش توختىغان ئارىلىقتا مۇشۇنداق ئولتۇرۇشلاردا بولىدىغان تالاش - تارتىش باشلاندى:

— مەجلىس - يىغىنلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئىشچىلاردىن بىرى، — مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ئىشلەپچە- قىرىش پىلانىنى قانداق ئورۇنلىغىلى بولىدىكىن - تاڭ؟

— بىزنىڭ شوئارىمىز ئىنقىلاپنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، — دەپ ئۇنىڭغا قارشى چىقتى بىرەيلەن، — يىغىن قانچە كۆپ ئېچىلسا، ئىنقىلاپنى شۇنچە چىڭ تۇتقىلى بولىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشمۇ تېز ئىلگىرىلەيدۇ.

— مېنىڭ چۈشىنەلمەيدىغان يېرىم دەل ئەنە شۇ يەردە، — ھېلىقى ئىشچى يەنە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى، — جالالىدىن، سەن "يىغىن قانچە كۆپ ئېچىلسا ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ" دەيسەن، مانا مۇشۇ ھەپتىدە بىز تولۇق 3 كۈن يىغىن ئاچتۇق. بۇ دېگەنلىك بىر ھەپتىلىك ئىش ۋاقتىنىڭ يېرىمى يىغىنلارغا كەتتى، دېگەن سۆز، بۇ ۋاقىت ئىچىدە بىز ھېچ نەرسە ئىشلەپچىقارمىدۇق، قېنى، ئېيتقىنا، بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

— ھەممىدىن مۇھىمى لۇشيەن مەسىلىسى، لۇشيەن ھەل بولىدىكەن، باشقا ئىشلار ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى

ھېلقى جالالىدىن دېگەن ئىشچى، ــ مەسۇم ئۇستام، سىزنىڭ ئىدىيىڭىزدە تېخىچە "ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرى ئەلاچىلىغى" نەزىرىيىسىنىڭ تەسىرى ئېغىر ئىكەن، بۇنى چىقىرىپ تاشلىمىسىڭىز بەكمۇ خەتەرلىك.

ــ ئۇكام جالالىدىن، سەن ئېيتقان "ئىشلەپچىقىرىش كۆچلىرى ئەلاچىلىغى" دېگەن سوز ھازىرقى كۆندە ناھايىتى كوپ ئېيتىلۋاتىسمۇ، مەن ئۇنىڭ مەنىسىگە تېخىچە چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، لېكىن مۇشۇ مەسىلىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەنكى، بۇرۇن بىزنىڭ ئىسمىنىمىز قوش چىشلىق ساپاندىن ھەپتىسىگە 20نى ياسىغان بولسا، ھازىر 10غا، ھەتتا 7 ــ 8كە چۈشۈپ قالدى، ئامما ئالدىغان ئىش ھەققىمىز بىر پۇڭمۇ كېمەيگىنى يوق. مانا بۇنى ئويلىسام، ھەقىقەتەن خىجىللىق ھىس قىلىمەن.

ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاشقا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقان مېھرىۋان: "مەسۇمكام سىياسىنى ئۆگىنىشتە خېلىلا ئارقىدا قاپتۇ، گېزىتلەرنى زادىلا كورمىسە كېرەك" دەپ ئويلاپ تۇراتتى، ئىچكەركى ئۆيدىن:

ــ بۇ مەسىلىدە مېنىڭ پىكرىم مەسۇمكامنىڭكىگە ئوخشاش، دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ــ ھە، قېنى، مۇئەللىم كوپ ئوقۇغان ئادەم، مۇئەللىمنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقايلى، ــ دېيىشتى كوپچىلىك.

ــ مېنىڭچە ئىنقىلاپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىر بىرىگە زىچ باغلانغان، ئۇزئارا تۇرتكە بولىدىغان ئىككى خىل پائالىيەت، ــ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دىدى مۇئەللىم ئالدىرىماي سۆزلەپ، — بىزنىڭ مەقسىدىمىز ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈپ جەمىيەتنىڭ ماددى بايلىقىنى ئاشۇرۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىز ئىنقىلاپ قىلىش دىگەننى مەجلىس - يىغىن ئېچىش دەپلا چۈشىنىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بۇنداق مەجلىس - يىغىنلارنىڭ توغرا - خاتالىقىنى شۇ ئورۇندىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆسۈشى ياكى ئارقىغا چېكىنىشى بىلەن ئۆلچەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىز ئىنقىلاپ قىلىمىز دەپ، ھەر ئالتە كۈننىڭ ئۈچ كۈننى ئىش توختىتىپ، مەجلىس بىلەنلا ئۆتكۈزىدىغان بولساق، ئۇنداق مەجلىس خۇددى مەسۇم ئۇستام ئېيتقاندەك نەتىجە بەرمەي قالمايدۇ.

— مەن سىزنىڭ بۇ سەپسەتىلىرىڭىزگە گەرچە تولۇق چۈشەنمىسەم، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرقى تەشۋىقاتلارنىڭ روھىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم، سىز خەتەرلىك ئادەم ئىكەنسىز ئەپەندىم، — دىدى جالالىدىن.

— تەشۋىقات كەڭ ئاممىنىڭ ئەمىلىيىتى، ئارزۇسىنى چىقىش نۇقتا قىلىشى لازىم. ئەكسى ھالدا بولىدىكەن، ئامما ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ......

— ئاڭلىدىڭلارمۇ يولداشلار، بۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ساپلا خاتا سۆزلەر چىقىۋاتىدۇ، — جالالىدىن تېخىمۇ چالۋاقاپ مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى بولۇۋەتتى، — سىز ھەقىقەتەن ئاغىنەم باتۇر ئېيتقاندەك بۇرژۇئازىيىنىڭ تازىمۇ سېسىق زىيالىسى ئىكەنسىز، ئالدىرىماڭ تېخى، بۈگۈنكى سۆزىڭىز ئۈچۈن ھساپ بېرىسىز!

— سەن تولىمۇ كوكەملىك قىلىۋاتىسەن جالالىدىن، دىدى مەسۇم ئۇستا ئۇنى ئەيىپلەپ. — باشقىلارنىڭ سوزلىرىنى ياخشىراق ئويلىنىپ باقماستىن، ئالدىراپ - تېنەپ قالپاق كىيگۈزۈۋاتىسەن، ھىساپ ئىلىش بىلەن قورقىتىۋاتىسەن، بۇ قىلىغىڭ ياخشى ئەمەس ئوكام!

— ئۇ ھىساپ ئىلىشقا ئۇستا، زاۋۇتتا ھىساپ ئالغانلىرى ئاز كىلىپ، ئەمدى باشقا ئورۇنلاردىكىدىنمۇ ئالماقچى. — دىدى قىزلاردىن بىرى مەسۇم ئۇستىنىڭ سوزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— سىلەر جالالىدىننى نىمىشقا ئەيىپلەيسىلەر؟ — دىدى مېھرىۋان نارازى بولۇپ، — ئۇنىڭ خاتا سوزلەرگە رەددىيە بەرگىنى يامانمۇ؟

قىزلار مېھرىۋان بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى بولۇۋىدى، ئىچكەركى ئويدە ئوي ئىگىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مېھمانلار، بۇ مۇنازىرىنى قويايلۇق، ئۇنداق سوزلەرنى مەجلىسلەردىمۇ يەتكىچە سوزلىشىۋالايمىز، قېنى داستىخانغا بېقىڭلار......

ئاشۇ ئىشلارنى خىيالىدىن ئوتكۈزگەن مېھرىۋان: "راست، شۇ چاغدا ئالىم دىگەن بىر ئادەم ھەقىقەتەن زەھەر تارقاتقان ئىدى، — دىدى ئوز ئوزىگە بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ ئەكسىيەتچى مەيداندا خىلىدىن بۇيان چىڭ تۇرۇپ كەلگەن خەتەرلىك ئادەم بولسا كېرەك. نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بىر ياشنىڭ بۇنداق ئاينىپ كېتىشى بەكمۇ ئېچىنىشلىق......"

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

## 2

— يولداش باتۇر، ئەمدى تېخىمۇ چۈشەندىم: بۇ ئالىم دىگەن نەرسە ھەقىقەتەن ئەكسىيەتچىل خورىگى ئۇسۇپ كەتكەن بىر جاھىل ئۇنسۇر ئىكەن.

— پېقىر كىشىلەرنى تونۇشتا يېتەرلىك تەجرىبىگە ئىگە. يولداش مېھرىۋان، بىز ئۇنىڭدىن ھېساپ ئېلىشتا قاتتىق قول بولمىساق بولمايدۇ. چۈنكى تيەنئەنمېن ئەكسىلئىنقىلاۋىي ۋەقەسى بىزگە ئالىمغا ئوخشاش كىشىلەرگە قىلچىمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق كېرەكلىگىنى ئۇگەتتى. مېنىڭچە بىز بىر يىغىن ئېچىپ، ئاممىنىڭ كۈچىنى ئۇنىڭغا ئوبدان تونۇتۇپ قويۇشىمىز كېرەك.

يىغىنمۇ ئېچىلدى. نەق مەيداندا مېھرىۋان بىلەن باتۇردىن باشقا يەنە 3 نەپەر ئوقۇغۇچى ۋە بىر مۇئەللىممۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئاما ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئالىمنىڭ "قەلبىگە ھۇجۇم قىلىشى" كېرەك ئىدى. سوھبەت جەريانىدا بۇ ۋەكىللەر ئالىمنى قاتتىق ئەيىپلەپ، ئۇنى يۇۋاشلىق بىلەن جىنايىتىنى تونۇشقا ئۈندىدى، لېكىن ئالىم بۇرۇنقىدەكلا "جاھىل" ئىدى. يىغىن جەريانىدا پات-پات سىرتقا چىقىپ تۇرغان باتۇر بىر قېتىم ھودۇقۇپ كىرىپ كەلدى-دە، ئالدىراپ:

— ئوقۇغۇچىلار بىلەن كوممۇنا ئەزالىرى سۇ تالىشىپ جىدەل-

لىشىپ قاپتۇ، سىز چىقىپ ھەل قىلمىسىڭىز بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى.

— ئۆزىڭىز ھەل قىلدۇەتسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېدى مېھرىۋان ھەيران بولۇپ.

باتۇر ھەييارلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— بىلىسىزغۇ، مەن دېگەن مەكتەپنىڭ ئۇز ئادىمى، بۇنداق ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرسەم ئانچە ياخشى بولمامدىكىن.

مېھرىۋان ئامالسىز سىرتقا چىقتى. راست دېگەندەك، ئېرىق بويىدا بىر توپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن 2 ـ 3 نەپەر كوممۇنا ئەزاسى تاكاللىشىۋاتقان ئىكەن، مېھرىۋان ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئەزالاردىن بىرى:

— يولداش، بۇ ئىشنى ئادىل سوراپ قويۇڭ، بۇگۈن سۇ تۇتۇش نوۋىتى بىزنىڭ ئىدى. بىز بۇغدايغا دان سۈيى بېرىۋاتاتتۇق، قارىساق، بۇ باللار ئېرىقنى باغلاپ سۇنى مەكتەپنىڭ كوكتاتلىقىغا ئېچىۋاپتۇ. ئەھۋالنى قانچە چۈشەندۇرسەكمۇ، بۇلار كونمەيۋاتىدۇ.

مېھرىۋان ئەزالاردىن ئەھۋ سوراپ، سۇنى ئۇلارغا ئېلىپ بەردى. قايتىپ كېلىۋېتىپ ئوقۇغۇچىلاردىن:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭلار؟ — دەپ سورىۋىدى، باللاردىن بىرى:

— باياتىن مائاۋىن مۇدىر باتۇر بىزنى چاقىرىپ: "كوكتاتلار ئۇسساپ قاپتۇ، سۇغۇرۇپ قويۇڭلار" دەپ بۇيرۇۋىدى. سۇ

www.uyghurkitap.com

تۇتۇش نوۋىتى بىزنىڭ ئەمەسلىگىنى ئېيتساق ئۇ ئاچچىقلىنىپ: "نوۋەت-پوۋەت دېگەن نىمە دېگەن گەپ ئۇ؟ ئەزالارنىڭ بۇغدىيى سۇ ئىچسە، بىزنىڭ كوكتاتلىرىمىز ئىچمەمدىكەن. مەن بۇيرۇغاننى قىلىڭلار، ئەزالار كەلسە، ئۆزەم جاۋاپ بېرىمەن!" دېدى: شۇنىڭ بىلەن سۇنى ئاچتۇق، — دېدى.

"بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ ئويلىدى مىھرىۋان، — بۇ ئىشنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، يەنە نىمىشقا بىلمەسلىككە سېلىۋالىدىكىنە؟ — ئۇ خيال بىلەن بايىقى ئوي يېنىغا يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز ئوي ئىچىدىن ئالىمنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— لۇكچەكلەر، قانخورلار! سوئال-سوراق بىلەن مەقسەدىڭلارغا يېتەلمەي ئەمدى ياۋۇزلۇققا ئۆتۈپسىلەر-دە!

ئويگە يۈگۈرۈپ كىرگەن مىرىۋان هىچ ئويلىمىغان مەنزىرىنىڭ ئۇستىدىن چۈشتى: هېلىقى "ئاما ۋەكىللىرى" ئالىمغا ئېسىلىۋېلىپ ئۇنىڭ باش-كوزلىرىگە هە دەپ ئۇرۇۋاتاتتى، باتۇر بولسا، گويا هىچنىمە بولمىغاندەك، ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ ئوز ئورنىدا ئولتۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالدىن مىھرىۋاننىڭ چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى.

— ئادەم ئۇرۇشقا رۇخسەت يوق! — دېدى ئۇ ۋە هېلىقى "ئاما ۋەكىللىرى"نىڭ گەژگىلىرىدىن تارتىپ ئاجرىتىشقا باشلىدى. باتۇرمۇ دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ، مىھرىۋانغا بولۇشقاندەك بولدى. "قەھرىمانلار" ئاخىر ئۇرۇشتىن توختىدى. لېكىن

بۇ چاغدا ئالىمنىڭ ئىغىز-بۇرنىدىن ئاققان قانلار ئاللىقاچان ئۇنىڭ كۆينىكىنى بوياشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئالىم تۈكۈرۈۋىدى، قانغا بويالغان بىر دانە چىشى يەرگە چۈشتى. ئۇ كۆينىكىنىڭ ساڭگىلاپ قالغان يېڭىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئىغىز-بۇرنىنى سۈرتتى، ئاندىن يەردىكى چىشىنى ئېلىپ ھېلىقى لاتىغا ئوراپ يانچۇقىغا سالدى. ئۆمرىدە بۇ خىلدىكى ئادەم ئۇرۇشىنى زادى كۆرۈپ باقمىغان مېھرىۋانغا بۇ مۇدھىش ئەھۋال شۇنچىلىك قاتتىق تەسىر قىلدىكى، ئۇ غەزىۋىنى باسالماي ھېلىقى "قەھرىمانلار"غا:

— بۇ ئىنقىلاپ ئەمەس، ئۇچىغا چىققان لۈكچەكلىك، سىلەر بۇ يەردىن دەرھال چىقىپ كېتىڭلار! — دېدى.

ئۇلار ئاللىنىمىلەرنى دېيىشكىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى، مېھرىۋان تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمەي غال-غال تىترەيتتى. ئۇ باتۇرنىڭ چىرايىدا ئېچىنىش ئەمەس، بەلكى ئاللىقانداق بىر خىل خاتىرجەملىكنى كۆرۈپ، غەزىۋى تېخىمۇ ئورلىدى.

— سىز ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى تۇرۇپ، ھېلىقى لۈكچەكلەرنىڭ ئادەم ئۇرۇشىغا نىمىشقا يول قويدىڭىز؟

— يولداش مېھرىۋان، ئاغزىڭىزغا قاراپ بېقىپراق سۆزلەڭ! يېنىڭىزدا بىر ئەكسىلئىنقىلاپچى تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىنقىلاۋىي ئاممىنى بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەشتىن ساقلىنىڭ، ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ خادىمى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇماڭ!

— سىزنىڭچە مەن ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ ئەزاسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ شۇنچە تاياق يېيىشىگە ئۈندىمەي قاراپ تۇرۇشۇم كېرەككەن-دە، شۇنداقمۇ؟

— ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ئۇنچىۋالا ئىچ ئاغرىتىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى، ئۇلارنىڭ ئىت جېنى خېلى مەھكەم.

— ئاخىر سىز پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى بىلەمسىز؟ ھەرقانچە ئەكسىيەتچى بولغاندىمۇ، پارتىيە سىياسىتى ئادەم ئۇرۇشنى مەنئى قىلىدىغۇ؟

— بۇ دېگەن ئىنقىلاۋىي ئاممىۋى ھەركەت! ئۇلارنىڭ چوڭ نىشانى توغرا. ئەكسىيەتچىلەر تەسلىم بولمايدىكەن، ئامما زورۇر تاپقان ھەرقانداق چارىنى قوللىنىشقا ھەقلىق.

— ھە ئىش مۇنداقكەن-دە، دېدى مېھرىۋان ئەھۋالنى چۈشىنىپ، — ئوقۇغۇچىلارنى ئەزالار بىلەن جىدەلگە سېلىپ قويۇپ، مېنى ئۆيدىن چىقىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم، بۇ قانلىق ۋەقە ئۈچۈن تېخى جاۋاپ بېرىسىز!

— كىمنىڭ جاۋاپ بېرىشىنى تېخى كۆرىمىز! — دېدى باتۇر كۆزلىرىنى ئالايتىپ ۋە سوزىنى تۈگىتىپلا ئىشىكنى جالاققىدا يېپىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار ئۇتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ تۇنجى قېتىملىق توقۇنۇش باتۇر ۋە ئالىم توغرىسىدا مېھرىۋاننى جىددى ئويلىنىشقا سالدى.

* * *

ئىككى سائەتتىن كېيىن مېھرىۋان شۇ كۈنكى ئىشلارنى تۈگىتىپ مەكتەپكە قايتىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى. ئىشخانىغا ياشىنىپ قالغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى.

— مېھرىۋان دېگەن ئۆزلىرى بولامىلا قىزىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەيمىنىپرەك.

— شۇنداق ئانا، — دېدى مېھرىۋان سەل ھەيران بولۇپ، — بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟

— قولتۇقىغا خېلى چوڭ بىر بوپپا قىستۇرۇۋالغان ئايال ئېغىر نەپەس ئالغىنىچە ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ يۈزلىرىنى مۇد-دەتتىن بۇرۇن قورۇق بېسىپ كەتكەن، چېچىنىڭ يېرىمى دېگۈ-دەك ئاقارغان 55 ياشلار چامىسىدىكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ قاپ-قارا چوڭ كۆزلىرىدە ئېغىر ھەسرەتنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

— بالام بىلەن كۆرۈشۋالسام، دەپ كېلىۋىدىم قىزىم، — دېدى ئايال مېھرىۋانغا ئۈمىت بىلەن قاراپ.

مېھرىۋاننىڭ كۆڭلىگە دەررۇ گۇمان چۈشتى-دە:

— سىز ئالىمنىڭ ئانىسى بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى ئايال ئېغىر خۇرسىنىپ، — ئۈچ ئايدىن بېرى كۆرگىنىم يوق، غەم ۋە سېغىنىش يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى، ئاخىرى بولماي مانا يېرىم كۈنلۈك يولنى پىيادە مېڭىپ كەلدىم.

مېھرىۋان ئويلىنىپ قالدى: ئەسلىدە ئالىمغا ئوخشاش كىشى-

لەرنىڭ ئۇرۇق-تۇققان، تونۇش-بىلىشلىرى بىلەن كورۇشۇشى مەنئى قىلىنغان ئىدى، لېكىن مۇنۇ ئايال ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي شۇنچە ئۇزاق يولنى پىيادە مېڭىپ كەپتۇ. مۇمكىن ئەمەس، — دەپ قايتۇرسا ئۇنىڭسىزمۇ يۇرىكى قان بولۇپ تۇرغان ئانىغا قانداق تەسىر قىلار؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ شۇ تاپتا مېھرىۋاننىڭ باتۇرنى كورۇشكە زادى رايى بولمىسىمۇ لېكىن بۇ مەسىلە ئۇستىدە ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلىشىشنى ئويلاپ، ئۇنى سۇرۇشتۇرگەن ئىدى، باتۇرنىڭ ئاللىقاچان مەكتەپكە قايتىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

— ئانا، سىزگە نىمە دىسەم بولار؟ — دىدى ئۇ ئاخىر ئايالغا مۇمكىن قەدەر سىلىق سوزلەشكە تىرىشىپ، — ئوغلىڭىزنىڭ ئۇستىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغىچە، باشقىلار بىلەن كورۇشۇش مەنئى قىلىنغان ئىدى. لېكىن سىز يىراق يولدىن كەپسىز، قانداق قىلساق بولاركىن؟

ئايال بىر مىنۇتتەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، خىيال سۇرگەندەك جىمجىت ئولتۇردى-دە، كېيىن بېشىنى كوتىرىپ ئاستا ئاۋازدا سورىدى:

— ئېيتىڭا قىزىم، مېنىڭ ئوغلۇم راستىن خەلقنىڭ دۇشمىنى بولۇپ قالدىمۇ؟

يۇرىكى يالغۇز ئوغلىنىڭ غېمى بىلەن پارە-پارە بولۇۋاتقان بۇ بىچارە ئانىغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىش كېرەك؟ مېھرىۋاننىڭ قەلبى ئازاپ ۋە ئېچىنىش تۇيغۇلىرىغا تولۇپ تاشتى.



www.uyghurkitap.com

— تېخى ئاخىرقى خۇلاسە چىقمىدى ئانا. — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن. — ھەر ھالدا ئوغلىڭىز ئۈستىدە پاش قىلىنغان مەسىلىلەر ئانچە ئاز ئەمەس.

— قىزىم، — دېدى ئايال ئېغىر خۇرسىنىپ، — مېنىڭ بالام ھەرگىز خەلققە دۈشمەن بولمايدۇ! — ئانا گويا پىكرىنى بىر ئۇقتىغا توپلىماقچى بولغاندەك بىرئاز ۋاقىت سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ ئاستا ئاۋازدا يەنە داۋاملاشتۇردى. — يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا پومېشچىكلار دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، ئالىم 7 ياشتا ئىدى. شۇ چاغدا خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا: دادىڭ خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان بولدى، سەن ھەرگىز يېتىم ئەمەس، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق سېنىڭ ئاتاڭ. سەن دادىڭنىڭ ئىزىنى باسقىن! دېگەن ئىدى. ئوغلۇمغا پارتىيە ۋە خەلق باشپانا بولدى. ھۆكۈمەت ئوقۇتۇپ ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ ئادەم قىلدى، نۇرغۇن بالىلارنى ئوقۇتۇشنى ئىشىنىپ تاپشۇردى. ئۇ دائىم ماڭا: ”سۇ ئىچكەندە، قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك، مەن خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئوقۇتۇپ، پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن“ دەيتتى. ياق، قىزىم، مەن ئوغلۇمنىڭ خەلقنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغانلىقىغا مۇتلەق ئىشەنمەيمەن. ئۇ بىرەر يامان ئادەمنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچراپتۇ.

ئۇنىڭسىزمۇ قەلبى بۇ ئايالغا بولغان ھېسداشلىق بىلەن تولغان مېھرىۋانىغا ئۇنىڭ سۆزلىرى كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئۇ

ئۇز ئانىسىنى كوز ئالدىغا كەلتۇردى. مىھرىۋان مەكتەپكە چىق-
قاندىن بۇيان خىزمەتلەر بىلەن بولۇپ، ئۇيىگە ھەپتىدە بىر
قېتىملا بارالايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئانىسى: "قىزىم، مېنى
تولىمۇ سېغىندۇردۇڭ" دەپ كوز يېشى قىلاتتى. ئەگەر شۇ
تاپتا، مىھرىۋان ئالىمنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالسا، ئانىسى قانداق
كۇنگە قالار ئىدى. "مەيلى نىمە بولسا بولار، كورسىتەي......"
ئۇ ئۇز قارارىنى ئايالغا بىلدۇرمەكچى بولۇپ، لەۋلىرىنى چىش-
لىگىنىچە توختاپ قالدى: "باياتىنقى ئۇرۇش تۇپەيلىدىن ئالىم-
نىڭ يۇزلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ، بۇ ھالدا بۇ بىچارە ئانا كورسە
قانداق بولار؟ ھەي، تاش يۇرەك قاتىللار......"

—مۇنداق بولسۇن ئانا، —دىدى ئۇ نىمىندۇر ئويلاپ، —
مەيلى كورۇشۇۋىلىڭ، ئەمما بىرىنچىدىن ھەركەتكە ئائىت سوز
قىلىشمايسىلەر، ئىككىنچىدىن، ئىككىنچىدىن...... (بۇ شەرتنى
ئۇ تولىمۇ تەسلىكتە ئېيتتى، بىر بىرىڭلار بىلەن 15 قەدەم
ئارىلىق قالدۇرۇپ كورۇشۇسلەر: مۇنداق بولغاندا ياشانغان
ئانا ئوغلىنىڭ يۇزىدىكى ئىششىغىنى بەلكى پەرق ئېتەلمەس"
دەپ ئويلىدى ئۇ)

ئانا بىلەن ئوغۇل بىر بىرىگە روبىرۇ تۇرغاندا ئانىنىڭ كوز-
لىرىدىن يامغۇردەك ياش توكۇلدى. ئۇ ئوغلىنىڭ يۇزىدىكى
ئىششىقلارنى پايقىۋېلىپ يۇرىگى ھەسرەتكە تولغان ئىدى.
ئالىم ئانىسىنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇپ كۇلۇمسىرەشكە
تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن كوزلىرىدە چەكسىز غەزەپ ۋە



ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرىدىن يۇرىگى
قاتتىق ئېزىلگەن مىھرىۋان كوڭلىدە: "ھەي ئالىم، ئالىم، بىچارە
ئاناڭنى نىمىشقىمۇ مۇشۇنداق ھەسرەتكە گىرىپدار قىلغانسەن"
دەپ ئۇنى ئەيىپلەيتتى.

—ئوغلۇم—دىدى ئانا يىغا ئارىلاش، —سەن پارتىيىنىڭ،
خەلقنىڭ غەمخورلۇغىنى راستىنلا ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ ئۇزەڭنىمۇ، ئاناڭ-
نىمۇ شۇنچە ئازاپ چېكىشكە سەۋەپ بولغان ئىشنى قىلىشقا
سېنى نىمە زورلىدى بالام؟ قايسى شەيتان ئازدۇردى سېنى؟

—جېنىم ئانا، —دىدى ئالىم تىترەك ئاۋازدا، —سىز
"ئالىم خەلق دۇشمىنى بولۇپ قالدى" دىگەن گەپكە راستىن
ئىشەندىڭىزمۇ؟

—يۇرىگىم زادى ئىشەنمەيدۇ بالام. سەن ئېشىنى يەپ،
قازىنىنى چاقىدىغان تۇزكورلاردىن ئەمەسسەن، لېكىن سەن
قانداق بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۇشۇپ قالدىڭ؟ مەن يۇزىڭدىكى
ئىششىقلارنى كوردۇم...... پومىشىكلار داداڭنى ئۇرۇپ ئولتۇر-
گەندە، ئۇنىڭ يۇزلىرىمۇ شۇنداق ئىششىغان، يېرىلغان ئىكەن.
23 يىلدىن كېيىن كىمدۇر سېنىڭمۇ يۇزىڭنى ئىششىتىپتۇ......—
ئانا ئارتۇقچە سوزلىمەي ھوڭرەپ يىغلىغىنىچە، بەلگىلەپ بېرىلگەن
چەكلىملەرنى ئەستىن چىقىرىپ، ئوزىنى ئوغلىغا ئاتتى. مىھرى-
ۋاننىڭ تاقىتىمۇ ئاخىرقى چەككە يەتتى-دە، ئۇزىمۇ يىغلىۋې-
تىشتىن قورقۇپ، يۇگۇرگىنىچە ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى......

بىر سائەتتىن كېيىن مىڭىسى چەكسىز ئوي-خىياللار بىلەن

كاراڭ بولۇپ قالغان مېھرىۋان ۋەلسىپىتىنى يېتىلەپ، مەكتەپ تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ قەلبىنى قارىمۇ-قارشى تۇيغۇلار، خىياللىنى ئېنىق جاۋاپ تېپىش تولىمۇ قىيىن بولغان سوئاللار چۇلغىۋالغان ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا تاغىسى خېلىل ئۇستام بىلەن بىرقانچە قىزنىڭ سۆزلىرى قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى.

مېھرىۋاننىڭ تاغىسى خېلىل ئۇستام پاختا زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ مېھرىۋان بىلەن بىر دىمەتلىك بائىمە ئىسىملىك قىزى ئارمىيىگە قاتناشقان بولۇپ، يېقىندا ئائىلىسىنى يوقلاپ كەلگەچكە، يەكشەنبە كۈنى مېھرىۋان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە باردى. ئۇيدە يەنە بائىمىنىڭ بۇرۇنقى ساۋاقداشلىرىدىن 3-4 قىزمۇ بولۇپ، ئۇلار بۇرۇن ئالىمنىڭ قولىدا ئوقۇغان ئىكەن. پاراڭدىن-پاراڭ چىقىپ، ئالىم توغرىسىدا گەپ ئېچىلغاندا قىزلار ئالىمنى بەكلا ماختاشتى، باتۇرنى بولسا: "قىلچىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى يوق بىر لۈكچەك" دەپ قاتتىق سۆكۈشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، باتۇرنىڭ ئەسلى ئىسمى زۇنۇن بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا باتۇرغا ئۆزگەرتكەن ئىكەن.

— باتۇرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان، — دېدى قىزلاردىن بىرى، — ئالىم مۇئەللىم شۇ چاغدا ئۇنى ئۇنداق ئىشلاردىن توسقانلىقى ئۈچۈن باتۇر ئۇنى يامان كۆرۈپ قالغان ئىكەن، دەپ ئاڭلايتتۇق. ھازىر ئۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئالىم مۇئەللىمدىن تازا ئۆچ ئېلىۋېتىپتۇ-دە!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سىلەر ئۇنداق دېگىنىڭلار بىلەن ئالىمنىڭ خاتا سۆزلىرى ئاز ئەمەس ئىكەن، — دېدى مېھرىۋان ئويچان هالدا ۋە ئالىمنىڭ بىرقانچە "قارا" سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى.

— هەي، قىزىم، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى خېلىل ئۇستام، — مەنمۇ ئىمتىھاندا ئاق قەغەز تاپشۇرغانلارنى ماختاشنى هەرگىز قوللىمايمەن. بىلىملىك بولۇش هەرگىز يامان ئىش ئەمەس قىزىم. تىرىشىپ ياخشى ئوقۇپ، ئىلىم-بىلىمنى پۇختا ئۆگىنىشنى تەكىتلىگەن مۇئەللىمنى قانداقمۇ يامان ئادەم دېگىلى بولسۇن؟ توختا، سۆزۈمنى بۆلمە. مەكتەپتە باللار ياخشى ئوقۇمىسا، زاۋۇتتا ئىشچىلار ياخشى ئىشلىمىسە، كۈن بويى شوئار توۋلاش، مەجلىس ئېچىش بىلەنلا بولسا، كوممۇنىزىم تۇرماق سوتسىيالىزىمنىمۇ قۇرغىلى بولمايدۇ قىزىم.

مېھرىۋان مۇنازىرىلىشىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرۈۋىدى، تاغىسى بىلەن قىزلار بەس-بەس بىلەن سۆزلەپ ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— قىزىم، تۇرمۇش ناهايىتى مۇرەككەپ نەرسە، — دېدى ئاخىرىدا خېلىل ئۇستام يەكۈن چىقارغاندەك بولۇپ، — بەزىدە هەق نەرسە، ناهەق؛ ناهەق نەرسە هەق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، سەن تېخى ياش، كۆپرەك ئۆگەن. كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدە نېمىنى خالايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا هەرىكەت قىل!

ئاشۇ سۆزلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن مېھرىۋان بۈگۈنكى ئىشلارنى ئويلاپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ تەشۋىقات ئەترىدىگە قاتنىشىپ مەكتەپكە كەلگىنىگە بىر ئايدىن سەل ئاشقان

ئىدى. ئەترەت باشلىغى ئۇنىڭغا تەشۋىقات ئەترىدىنىڭ ۋەزىپە-
لىرىنى قىسـقىچە سوزلەپ بەردى ـ دە، كوپرەك ئالىم ئۇستىدە
توختىلىپ، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلاپ چىقىشىنى تاپشۇرغان
ئىدى. بۇ ۋەزىپە باشتا ئۇنىڭغا ئانچە ئېغىر بىلىنمىگەن ئىـدى.
مانا بىر كۈنـنىڭ ئىـچىـدە بولۇپ ئوتـكەن ۋەقەلـەر ئۇنى
مۇشكۇل بىر ئىشقا دۇچكەلتۈرۈپ، خىيال دەرياسىغا غەرق قىلىپ
تاشلىدى......

### 3

مەكتەپنىڭ دىخانچىلىق مەيـدانى شەھەردىن 8 كىـلومېتىر
يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ئالىم 5 ئايـدىن بۇيان شۇ يەردە
يېرىم نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىۋاتاتتى. تەشۋىقات ئەترىدى-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىر ھەپتىدىن بۇيان، مېھـرىۋانـىمۇ
ئورۇن-كورپىسىنى ئېلىپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئىشلەشكە باشلە-
دى. ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە بىر تەرەپـتىن نوۋەت بىلەن
ئەمگەك قىلىشقا چىقـقان ئوقۇغۇچىـلارنىڭ ھەر خىل پائالىيەت-
لىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئالىم توغرىسى-
دىكى ئىشـنى داۋاملاشـتۇرۇش ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى دىگۇدەك
ئالىم بىلەن سوزلىشىپ، ئۇنىڭ ئوز مەسىلىلىرىنى ئىقرار قىلىشىنى
تەلەپ قىـلاتـتى. بەزىـدە ئوتـكەنكىدەك مۇنازىرىلەرمۇ بولۇپ
تۇراتتى، لېكىن ئەمدى ئالىم بۇرۇن باتۇر بىلەن مۇنازىرىلەش-

كەن ۋاقىتتىكىدەك غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ قارىماستىن، بەلكى مېھرىۋان ئالدىدا ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئاستا، پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى. مېھرىۋانمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى "سەن"لەشتىن "سىز"لەشكە ئۆزگەردى.

بىر كۈنى مېھرىۋان ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ ساپ ھاۋادا سەيلى قىلدى. ئۇ ياتاققا قايتىپ كېلىۋاتقاندا قوللىرىدا كىتاپ، دەپتەر تۇتقان 2 قىز، 1 ئوغۇل بالىنىڭ ئالىمنىڭ ياتىقىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئوغۇل — مەيدان ئىشچىسى غوپۇر ئاكىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئۇ دەررۇ تونىدى، ناتونۇش 2 قىز بولسا، 4-5 ئۆيلۈك كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى. بۇ بالىلارنى ئۇ بۇرۇنمۇ 2-3 قېتىم ئەتىگەن پەيتتە يە ئالىمنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كېتىۋاتقان ياكى چىقىپ كېلىۋاتقان ھالەتتە كۆرگەن بولسىمۇ، ئانچىلا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن ئىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئالىمنىڭ ياتىقىغا يېقىنلاشقاندا ئالىمنىڭ ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان سالماقلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بىر ھىساپتا قوشۇش ياكى ئېلىش بىلەن كۆپەيتىش ياكى بۆلۈش بىرگە كەلسە، ئالدى بىلەن كۆپەيتىش ياكى بۆلۈشنى ھىساپلاپ، ئاندىن قوشۇش ياكى ئېلىشنى ھىساپلايمىز. قېنى دوسكىغا قاراڭلار......

"مۇنداق گەپ ئىكەندە، — دەپ ئويلىدى مېھرىۋان ئاجايىپ بىر سۆيۈنۈش ئىچىدە، — تېخى دوسكىسىمۇ بار." ئۇ دەرسكە

دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئارقىسىغا ياندى. ئۇ چۈشتە ئالىمدىن تاسادىپى سوراپ قالدى:

— ياتىغىڭىزدا بالىلارنى ئوقۇتۇۋاتقان ئوخشايسىز ـ ھە؟

— بىزگە خوشنا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ بۇ يەرگە كوچۈپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولماپتۇ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلاردىن 2 قىز بار ئىكەن، مەن ئۇلارنى غوپپۇر ئاكىنىڭ بالىسى بىلەن قوشۇپ ھەركۈنى ئەتىگەندە ئوقۇتۇۋا-تىمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى ئالىم ۋە كېيىن ئىچىنىغاندەك بولۇپ قويدى، — بىراق مەشغۇلات ۋاقتىمىز ئاران 2 سائەتلا، شۇڭا سۈرئەت بەك ئاستا بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشسە، بالىلار ئوقۇشنى قانداق داۋاملاشتۇراركىن؟

"ئاجايىپ ئادەم ئىكەن بۇ ئالىم، — دەپ ئويلىدى مېھرى-ۋان، — بەزىلەر ئۇنى ئەكسىلئىنقىلاپچىلىقتا ئەيىپلەۋاتىدۇ، ئۇ بولسا بۇ يەردە نازارەت ئاستىدا تۇرۇپمۇ ئۇزلۇكىدىن بالىلار-نى ئوقۇتماقتا، ھەي، مېھرىۋان، سەن قارىسىلاش ئۈچۈن قانداق ئادەمگە دۇچكېلىۋاتىسەن ـ ھە؟......"

ئەتىسى ئۇ يولۇققان يەنە بىر ئىش ئۇنىڭ ئالىم توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىدە تېخىمۇ يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى: مېھرىۋان ئالىمنى ئىزلەپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرسە، ئالىم پۈتۈن دىققىتى بىلەن قانداقتۇ بىر كىتاپنى ئوقۇۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئوقۇۋاتقىنىڭىز قانداق كىتاپ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىزىقىپ. ئالىم كىتاپنى ئۇنىڭغا سۇندى. «ھەقىقەت دۇنيانى ئىجازەتسىز ساياھەت قىلدۇ» دەپ ئوقۇدى مېھرىۋان ۋە:

— قىزىق كىتاپمۇ؟ — دەپ سورىدى، كېيىن ئۇ ئىمىشقىدۇر كىتاپنىڭ كون مۇقاۋىسىغا قاراپ ئىختىيارسىز قوشۇپ قويدى، — سېرىق كىتاپ بولمىسۇن يەنە؟

ئالىم باشتا ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرىدى، كېيىن چىرايىدا چوڭقۇر ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل ئىپادە پەيدا بولدى.

— بۇ ياخشى بولغاندىمۇ، ئىنتايىن ياخشى كىتاپ، — دىدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، — بۇ كىتاپتا تەسۋىرلەنگەن ژولىيۇگىيۇرى بىر ئۇلۇغ ئىنسان. ئۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قاتمۇ-قات زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدىمۇ خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئىلىم-پەننى تەتقىق قىلىپ، كەشپ قىلىشتىن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمىغان، ھەقىقەت ئۈچۈن ئاخىرقى نەپسىگىچە كۈرەش قىلغان. ئەگەر بىزمۇ ئىلىم-پەننى مۇشۇ گىيۇردەك قىزغىن مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ، ئاشۇنداق ئىرادە بىلەن ئۇنى ئىگەللەشكە كىرىشسەك، ئېلىمىز تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشمەسمىدى؟ — ئالىم بىر نۇقتىغا تىكىلىپ بىر ھازا جىمجىت تۇرغاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى، — سىزمۇ كىتاپلارغا قىزىقامسىز؟

— بۇرۇن پات-پات كىتاپ ئوقۇپ تۇراتتىم، كېيىن ئوقۇمايدىغان بولدۇم.

— نېمىشقا؟ — ئالدىراپ سورىدى ئالىم.

— سىزگە نېمە دېسەم بولار، — دېدى مېھرىۋان ئويلانغان ھالدا، — بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇرۇن چىققان كىتاپلار ساپلا سېرىق كىتاپلار ئىمىش، ئۇلار ماڭا مۇنداق كىتاپلارنى ئوقۇماسلىقنى مەسلىھەت بېرىشتى. يېڭى چىققانلىرى بولسا يوق دېيەرلىك.

— ئۇلار يامان مەسلىھەت بېرىپتۇ، — ئالىم ياتاق ئىچىدە ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى، — بىلەمسىز، بۈگۈنكى كۈندە بىرمۇنچە نەرسىلەر ئارىلىشىپ مالىماتاڭلىشىپ كەتتى. نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەر يامان دەپ قارالماقتا. بۇ ئىش بىزنىڭ ئېلىمىزگە چوڭ زىيان يەتكۈزىدۇ. مەن سىزگە ئېيتسام، بۇرۇن نەشر قىلىنغان كىتاپلارنىڭ ھەممىسىنى سېرىق كىتاپ دەپ قاراش — بۇ بىر خىل ئېزىتقۇلۇق. سىز ئويلاپ بېقىڭا، ئاشۇ مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شۇنچە جاپا چېكىپ، تەر تۆكۈپ مەخسۇس ئادەملەرنى زەھەرلەش ئۈچۈنلا كىتاپ يازغانمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ ئادەملەر كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى ۋە ياشىشى ئۈچۈن كىتاپلارنى يېزىپ قالدۇرغان. مېھرىۋان، سىز ئۇ ۋاقىرغاقلارنىڭ سوزىگە ئىشەنمەڭ، كىتاپلارنى ياخشى كورۈڭ ۋە ئوقۇڭ!

قىزىق ئىش: مېھرىۋان باشتا خەلق دۈشمىنى، دەپ نەپرەت بىلەن قارىغان بۇ ئادەمنى قانچە كوپ چۈشەنگەنسېرى، ئۇنىڭ سوزلىرىنى شۇنچە دىققەت بىلەن ئاڭلايدىغان ۋە ياقتۇرىدىغان

بولۇپ قالغان ئىدى. بۈگۈنمۇ ئۇ ئالىمنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى ۋە ھېلىقى كىتاپنى ئالىمدىن سورۇۋېلىپ ناھايىتى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتى. ئەر-خوتۇن كىيۇرىلەر توغرىسىدا چوڭقۇر خىياللارنى سۈرۈپ ئۆز ئۆزىگە بىر تالاي سوئاللارنى قويدى. "ئالىم، ئالىم، سېنىڭ ئاشۇنداق مەردانە، ئۇچۇق-يورۇق ئادەم ئىكەنلىكىڭنىڭ سەۋەبىنى مانا ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. سەن ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئادەم ئىكەنسەن!......" دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ ۋە بىردىنلا ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزىمۇ تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن ئاللىقانداق بىر خىل ئىللىق سېزىمنىڭ پەيدا بولغىنىنى سەزدى......

* * *

مەيداننىڭ بىر قارا بۇقىسى بولۇپ، ۋاقتىدا كوندۇرۇلمىگەنى ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولماي بىكار يېتىپ تازىمۇ سەمرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بارغانسېرى شاشلىشىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا چاپەدىغان، بەزىدە بىر ئورۇندا تۇرۇۋېلىپ ئاياقلىرى بىلەن يەر تاتىلاپ دەھشەت سېلىپ ھوكۇرەيدىغان بەكمۇ يامان خۇي پەيدا قىلىۋالغان ئىدى. شۇڭا مەيداندىكىلەر ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭغا چېقىلىشتىن ئۆزىنى تارتتى. مەيداننىڭ يەنە بىر تاغىل ئۆكۈزى بولۇپ، ھەممە ئېغىرچىلىق شۇنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. ئۇنى ساپانغا قېتىۋالغان ئوقۇغۇچى (بۇ ھېلىقى ۋاقىتتا ئالىمنى ئۇرۇشقا قاتناشقان "ئامما ۋەكىللىرى"نىڭ بىرى ئىدى) يوغان ئۆزمە ياغىچى بىلەن قانچە ئۇرۇپ باقسىمۇ، ئۆكۈز گويا پىسەنت

قىلمىغاندەك ئورۇق، ئۇزۇن ئاياقلىرىنى ئالدىرىماي يوتكەيتتى. ئوقۇغۇچىنىڭ غەزىۋى ئورلەپ، ئۇنى ئارقا-ئارقىدىن بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. تولىمۇ ھېرىپ كەتكەنىنىڭ ئۇستىگە يېغىۋاتقان تاياق زەربى قوشۇلۇپ زادى بولالمىغان ئوكۇز بىردىنلا ئوزىنى يەرگە تاشلاپ يېتىۋالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا قارا بۇقا ئۇلاردىن 30 مېتىردەك يىراقلىقتا قۇيرۇغىنى ئەلەم قىلىپ، دەھشەت سېلىپ ھوكۇرگىنىچە تاغىل ئوكۇزگە قاراپ تۇراتتى، ھىلىقى ئوقۇغۇچى ئۇنى كورۇپ:

ـ ۋۇي، هارامزەدە، ـ دىدى غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ، ـ ماۋۇ ئوكۇز ماغدۇرسىزلىقتىن ئولەي دەۋاتىدۇ، سەن هارام تاماقنىڭ ھوكىرەپ يەر تاتىلاۋاتقانلىغىڭنى قارا؟ توختاپ تۇر، مەن سېنى ساپانغا قېتىپ ھەر بىر تۇكىڭدىن بىر چىلەكتىن تەر ئاققۇزمايدىغان بولسام ئادەم بولماي كېتەي!

ئۇ قولىدىكى تاياقنى تەڭلىگىنىچە بۇقىغا قاراپ يۇگۇردى. قۇتراشتىن خۇدىنى يوقاتقان بۇقا ئوزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىنى كورۇپ، گويا "ھە، مەن شۇنداق قىلىشىڭنى كۇتۇپ تۇراتتىم" دىگەندەك دەھشەت بىلەن ھوكىرەپ ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. شۇ پەيتتە كۇتۇلمىگەن بىر ھادىسە يۇز بەرمىگىنىدە بۇقىنىڭ ئوتكۇر مۇڭگۇزلىرى ئوقۇغۇچىنىڭ بىقىنلىرىنى تېشىۋەتكەن بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسى 15 مېتىردەك قالغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت يان تەرەپتىن تاياق كوتەرگەن ئالىم پەيدا بولدى-دە، ئوقۇغۇچىغا قاراپ: تۇرسۇن،

ئارقاڭغا قايت! — دەپ ۋاقىرىدى ۋە بۇقىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ سوڭگىچىگە ئۇردى. بۇنداق زەربىنى كۈتمىگەن بۇقا تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، ئالىمغا قاراپ ئېتىلدى. ئالىمنىڭ ئالدىراشچىلىقتا ئېلىۋالغىنى ئىنچىكە، قۇرۇق تاياق بولۇپ، بىرىنچى ئۇرۇشتىلا سۇنۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇ تاياقنىڭ قولدا قالغان 2 غېرىچتەك پارچىسى بىلەن قۇترىغان بۇقىدىن مۇداپىئەلىنىپ بولماسلىقنى چۈشىنىپ، بۇقىدىن كوزىنى ئۈزمىگەن ھالدا ئارقىسىغا قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئىش مەيدانىغا كېلىۋاتقان مېھرىۋان بۇ ئەھۋالنى كوردى-دە، ئىختىيارسىز ھالدا بۇقىغا قاراپ تاشلاندى، بۇقا ئالىمنى تاشلاپ مېھرىۋانغا ئېتىلدى.

— مېھرىۋان تېز قېچىڭ! — دەپ ۋاقىرىدى ئالىم بۇقىنىڭ كەينىدىن ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قۇيرۇغىغا ئېسىلدى، لېكىن دەل شۇ پەيتتە بۇقا گاڭگىراپ قالغان مېھرىۋاننى مۈڭگۈزى بىلەن ئىلىۋېتىشكە ئۈلگۈرگەن ئىدى. مېھرىۋان قاتتىق ۋاقىراپ يەرگە يىقىلدى. بۇ ئارىلىقتا يوغان تاياقلارنى كوتەرگەن بىر-نەچچە ئوقۇغۇچى يۈگۈرۈپ كېلىپ، بۇقىنى دۇمبالاپ ئالدىغا سېلىپ قوغلىدى. ئالىم مېھرىۋاننىڭ يېنىغا كەلگەندە، قىزنىڭ بېقىنىدىن چىققان قان كوينىكىنى قىزىل رەڭگە بويىغان ئىدى. ئالىم ئۇزىنىڭ كوينىكىنى يېشىپ قىزنىڭ يارىسىنى مەھكەم تېڭىپ، ئاۋايلاپ كوتەردى. بىر دەمدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، كوزىنى لىپپىدە ئاچقان مېھرىۋان ئۇز مەڭزىگە ئالىمنىڭ كوزلىرى-

دىن ئىككى تامچە ياشنىڭ ئېقىپ چۈشكىنىنى كوردى ۋە ئاجىز ئاۋازدا: "ئالىم ئاكا"...... دېدى ـ دە، يەنە ھوشىدىن كەتتى.

## 4

يىغىن جىددى تۈس ئالغان ئىدى. يىغىندىن بىرى تولىمۇ پائالىيەتچان بولۇپ كەتكەن باتۇر ھەممىدىن كوپ سوزلىدى:

— ئالىمدەك مۇنداق ئەكسىلئىنقىلاپچىنىڭ مەسىلىسىنى ئاللىقاچان بىر ياقلىق قىلىپ، قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى، بىز ھىلىمۇ كوپ كېچىكتۇق،— دېدى ئۇ تەكرارلاپ،— پاكىتلار تولۇپ يېتىپتۇ، ئۇ چاۋياگدىن ئىبارەت قىزىل بايراقنى، يولداش جاڭ تىيېشىڭغا زەھەرخەندىلىك بىلەن قارشى چىقىپ، تىغ ئۇچىنى مەركىزىي كومىتېتقا قاراتقانلىقىنىڭ ئوزىلا ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۇشمەن ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ......

— بۇ مەسىلىگە ئالىمنىڭ ئوزى تاكى ھازىرغىچە ئىقرار ئەمەس، ئۇ: "مەن قارشى تۇرمۇدۇم، كوزقارىشىمنى يىغىندا قويدۇم" دەۋاتىدۇ،— دەپ باتۇرنىڭ سوزىنى بولدى مېھرىۋان.

كىگىزنىڭ ئاستىدا چاشقان مىدىرلىسا دەررۇ سېزىۋالالايدىغان باتۇر مېھرىۋاننىڭ ئالىمغا بولغان كېيىنكى چاغلاردىكى مۇناسىۋىتىنى ئاللىقاچان تىنىڭ ـ تىڭلاشقا، بۇ ھەقتە تېگىشلىك كىشىلەرگە مەلۇم قىلىشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى.

— قىزىق گەپ،— دېدى ئۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسى-

www.uyghurkitap.com

رەپ، — قايسىبىر ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئۆز جىنايىتىگە ئاسانلا ئىقرار قىلغىنىنى كۆرگەنتىڭىز؟ ئۇلارنىڭ ئىقرار قىلىشىغا قاراپ تۇرسىڭىز، سىنىپىي دۈشمەنلەرگە ھەرگىزمۇ زەربە بېرەلمەيسىز، بۇنى ئۇنۇتماڭ يولداش مېھرىۋان.

— لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىر كىشى مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان قارىشىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويسا، ئالدىراپ-تېنەپ ئۇنى "زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىق"، "تىغ ئۇچىنى مەركىزىي كومىتېتقا قاراتقانلىق" دېيىشكە بولامدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يېنىكلىك بىلەن ئەنزە بېكىتىشكە بولمايدۇ! — دېدى مېھرىۋان.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ يولداشلار، — دېدى باتۇر دەررۇ مۇنازىرە تېمىسىنى يۆتكەشكە ئۇرۇنۇپ، — بۇ يەردە قانداق گەپلەر بولۇۋاتىدۇ؟ شۇنچە ئەكسىيەتچى سۆزلەرنى قىلغان بىر ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ سۆزلىرى ئىشەنچلىك بولۇپ، ئۇنى پاش قىلغان ئىنقىلابچىنىڭ سۆزلىرى يالغان ئىكەن-دە. مۇنداق سۆزلەرنىڭ تەشۋىقات دۈيىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقىنىغا تولىمۇ ئېچىنىمەن.

— يولداش باتۇر، باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئۇنىڭدا يوق مەنىلەرنى قوندۇرماڭ! — دېدى مېھرىۋان سەل جىددىيلىشىپ، — ھېچكىم تېخى ئۇنداق دەۋاتقىنى يوق. مەن بىر ئادەمنىڭ سىياسىي ھاياتىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا سۆزلەۋا-

تىمەن.

— "تېخى" دېگەن سوزىڭىزنى "ۋاقتى كەلسە شۇنداق دەي-مەن" دېگەنلىك دەپ چۈشەنسەك بولامدۇ؟ — دەپ چوڭچىلىق بىلەن سورىدى باتۇر، — "قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار" دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. ئالىم بەزىلەرنى خېلىلا قارايتىشقا ئۈلگۈر-دى......

— سىز...... سىز نىمە دىمەكچى؟ — ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى مېھرىۋان......ئالىم كىمنى قارايتىپتۇ؟

— مەن بۇرۇنلا مۇشۇنداق بولۇشتىن گۇمانلانغان ئىدىم. سىز ئالىمنىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلايمەن دەپ يۈرگەن چاغدىلا ئالىقاچان ئۇنى ياقىلاشقا باشلىغان ئىدىڭىز. مانا ھازىر ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ جىنايىتىنى تەپ تارتماستىن ئاقلاۋاتىسىز، بۇ بىزنى ۋە سىزگە ئىشەنگەن "تەشۋىقات" دۇيىنى قارىلىغانلىق بولماي نىمە؟ — باتۇر "ئەمدى مېھرىۋاننىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ، ھەتتا ئۆزىمۇ قورقۇپ مەجلىسنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ" دەپ ئويلاپ مېھرىۋانغا گىدىيىپ قارىدى.

لېكىن ئۆز قارارىنىڭ توغرىلىغىغا قەتئىي ئىشەنگەن مەردانە قەلبىنى ساختىپەزلىك، سۇيىقەستلىك تۇمانلىرى توسۇپ قالا-لامتى!؟

— ھەئە، مەن ئالىمنىڭ توغرا كوزقارىشىنى ئاقلايمەن، — دىدى مېھرىۋان ھاياجانلانغان ھالدا ھەممىنى ھەيران قالدۇ-رۇپ، — يولداشلار، بۇ يەردە ئولتۇرغان كوپچىلىگىڭلار ئالىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭدىن بۇيان ياخشى بىلىسىلەر، مېنىڭ ئۇنى چۈشەنگىنىمگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ھەقىقى پاكىتلار بىلەن ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلاپچى ئەمەسلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدىم،— مېھرىۋان ئادەتتە يىغىنلاردا پىكىر بايان قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ جىم ئولتۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان بىرنەچچەيلەننىڭ چىرايىدا بىر خىل ھېسداشلىق قىلىش ئالامىتىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ يۇقۇرى ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.— مېنىڭ قارىشىمچە ئالىم سوتسىيالىستىك جەمىيىتىمىزدىن ئىنتايىن مەنپەئەتدار بولغان، ياش ئەۋلاتلىرىمىزنى تەربىيىلەش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغان بىر ئادەم......

— يولداشلار!— دەپ چالۋاقاپ ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇۋەتتى باتۇر،— ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ تەشۋىقات ئەترىدىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەيدانىنى يوقىتىپ، ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا تەسلىم بولۇپ كەتكەنلىكىگى يالغۇز چىگىۋا داشۇيىدىلا بولغان ھادىسە ئەمەس. ئالىم مېھرىۋاننى تامامەن ئايىنىتىپ بوپتۇ.

— ماركسىزىم بىزگە كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىش لازىم، دەپ ئۆگىتىدۇ،— پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياجاندىن لەرزىگە كەلگەن مېھرىۋان باتۇرنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— مەن ئالىمغا تەئەللۇق دەپ قارالغان مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، شۇنى ئېنىق بىلدىمكى، ئالىم زادى ئەكسىلئىنقىلاپچى، ئەمەس، مەن ئىشىنىمەنكى مەكتۇپىمىزدىكى كۆپلىگەن ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلار ھەتتا مۇشۇ يىغىندا

ئولتۇرغانلار ئىچىدىكى بىرنەچچە يولداشىمۇ ماڭا ئوخشاش قاراشتا......

— باشقىلارنى قېتىۋالماڭ! — باتۇر قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇۋەتتى، — ئەلۋەتتە سىزنىڭ يۈرىگىڭىز ئۇنىمايدۇ، چۈنكى سىز ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېقىمدا بۇلغىنىپ بولدىڭىز. سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردىكى بەزى ناتوغرا، سىرلىق مۇناسىۋەتلەر بۇنى ئاللىقاچان چۈشەندۈرگەن.

— مۇنداق دېيىشكە سىزنىڭ نېمە ئاساسىڭىز بار؟

باتۇر ئەمدى مۇنازىرىلىشىشتىن قېچىپ، توخۇمدىن توك ئۈندۈرۈش، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلەشكە كىرىشتى.

— ئاساس بار، — دېدى ئۇ مەغرۇرانە كېرىلىپ، — سىزنىڭ ئالىم ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتىپ كېتىشلىرىڭىز، ئۇ ئەكسىلئىنقىلاپچىنى ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ يىغلاپ كېتىشلىرىڭىز، سوھبەتلىشىمەن، دەپ ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم يالغۇز ئۈچرىشىشلىرىڭىز ۋە يارىلانغان چېغىڭىزدا ئالىمنىڭ ھېچ تەپ تارتماستىن سىزنى قۇچاقلاپ كوتىرىشلىرى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۈگۈن بولسا، ئۇنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئاقلاۋاتىسىز. ئىش شۇ يەرگىچە بارغان ئىكەن، ئوتتۇراڭلاردا چۈشەنگىلى بولمايدىغان يەنە قانداق "سىرلىق" ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىگىنى گۇمان قىلىشقا ھەقلىقمىز! سىز ئاللىقاچان تەشۋىقات دۆيى ئەزاسى دىگەن سالاھىيىتىڭىزنى يوقىتىپ، بۇ ئەكسىلئىنقىلاپچىنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالدىڭىز مېھرىۋان؟......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېھرىۋان باتۇرنىڭ يۇقۇرقى سوزلىرىدىن كېيىن غەزەپ-نەپرەتتىن ئۆزىنى تۇتالماي، ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ:

— باتۇر، سىز بەكمۇ شەرمەندە ئىغۋاگەر ئىكەنسىز! — دېدى-دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

* * *

كېيىنكى ھەپتىدە ئالىم مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىندى، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئەترەت باشلىقى ۋە باتۇر سوزلىشىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ بۇ خىل ئۆزگىرىشتىن ۋە سوزلەشكۈچىلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتا مۇناسىۋەتلىرىدىن ئۆز ئىشىنىڭ يامان بىر تەرەپ قىلىنىشى مۇمكىنلىگىنى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىغىنى سەزگەن ئىدى. بۈگۈن كوكتاتلىقتا سۇ تۇتۇش نۆۋىتى كەلگەن بولۇپ، ئالىم كەچلىك تاماقتىچە كوكتاتلارنىڭ يېرىمىنى سۇغاردى. ئۇ قاتتىق نانىنى ئېرىقتىكى شىلدىرلاپ تۇرغان سۇغا چىلاپ يەۋاتقان چې-غىدا ئارقىسىغا ئاستا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قەدەم تاۋۇشىنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، سادىق دېگەن ئوقۇغۇچىنى كوردى.

— نىمگە كەلدىڭ ئوكام؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولغان ئالىم.

سادىق دەررۇ جاۋاپ بېرەلمەي نىمىدىندۇر تارتىنغاندەك بىر ئاز ۋاقىت ئۈندىمەي تۇردى، كېيىن بۈگۈنكى رەھبەرلىك گۇرۇپپا يىغىنىدا ئالىمغا نەق ئەكسىلئىنقىلاپچى قالپىغىنى كىيدۈ-رۇش قارار قىلىنغانلىغىنى، ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى بۇ ھەقتە ئالىمغا خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتكەنلىگىنى

سوزلەپ ئوتكەندىن كېيىن:
— ئەرز قىلىدىغان مۇئەللىم، ئورۇمچىگە، ئۇ يەردە ئاقمىسا، مەركەزگىچە بېرىڭ نىمە بولمىسۇن بۇ يەردىن كېتىڭ، — دىدى چىددى هالدا.
— سادىق ئېيتقىنا، دىدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن، — سىلەر مېنى ئەكسىلئىنقىلاپچى ئەمەس، دەپ تونىغان ئىكەنسىلەر ئۇنداقتا نىمە ئۇچۇن كېتىشىم كېرەك؟
— لېكىن بىزنىڭ قولىمىزدىن نىمە كېلىدۇ، دەيسىز مۇئەللىم، — دىدى سادىق تولىمۇ ئېچىنىش ۋە ھەسرەتلىك ئاۋازدا، — بۇگۇنكى كۇندە سىزنىڭ مەسىلىلىرىڭىزنى باتۇرغا ئوخشاشلا، تەشۋىقات ئەتىرىدىكە تايىنىپ هەل قىلدىغۇ؟ ئۇلاردىن هەر نىمىنى كۇتۇش مۇمكىن.
ئالىم سادىقنىڭ كوزلىرىدىن ياش تامچىلىرىنىڭ دومىلاپ چۇشۇۋاتقانلىغىنى كوردى - دە، ئۇنىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدى توك سوققاندەك تىترەپ كەتتى.
— ئېيتقىنىڭ توغرا ئوكام، ئۇنداقلاردىن هەر نىمىنى كۇتۇش مۇمكىن، — دىدى ئالىم بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — لېكىن ھەقىقەت بەربىر غەلىبە قىلىدۇ، ئۇلار ئېھتىمال بىر مەزگىل سەن ئېيتقاندەك ماڭا ئوۋال قىلىشى مۇمكىن، بىراق ئاخىرى ئوزلىرى شەرمەندە بولىدۇ!......
كەچكە يېقىن چىققان يېنىك شامال ئەمدى خېلى كۇچەيگەن ئىدى. سادىق قايتىپ كەتكەندىن كېيىن يالغۇز قالغان ئالىمنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆڭلى بۇزۇلـدى، ئۇ تاماكا چەكمەكچى بولۇپ سەرەڭگە يېقـ-
ۋىدى، ئېرىقتىكى سۇنىڭ ئازلاپ قالغانـلىغى كورۇندى، "باشتا
بىرەر يەردىن يار ئالغان بولـسا كېرەك" دەپ ئويلـىدى ئۇ ۋە
كەتمىنىنى كوتىرىپ ئېرىـقنىڭ باش تەرىپىگە يۇرۇپ كەتـتى.
كوكتاتلىقنىڭ 500 مېتىردەك يۇقۇرىسىدا سۇ قىر-قىرنى بۇزۇپ
دۇينىڭ ئېتىزلىـغىغا ئېقىۋاتقان ئىكەن. ئالىم بۇزۇلـغان يەرنى
دەررۇ ئېتىپ، ئارقىسىغا قايتتى. ئۇ مەكتەپتىن ئارقىدىكى دۇي
تەرەپكە چىقىدىغان كىچىك ئىشىك يېنىـغا كەلگەنـدە، ئېرىـق
بويىدا ئولتۇرغان قانداقتۇ بىر ئادەمنىڭ گەۋدىسىنى كوردى.

— كىم بۇ؟ — دىدى ئۇ قاراڭغۇدا پەرق قىلالماي.

ھىلىقى گەۋدە دەررۇ ئورنىـدىن قوزغالـدى، ئەمما نىمە ئۇچۇنـدۇر ئۇندىمىدى. ئالـىم سوئالنى قايتا تەكرارلىغانـدىن كېيىنلا، تىترەك ئاۋازدا:

— ئالىم ئاكامۇ سىز؟ بۇ مەن، — دىدى.

ئالـىم ئاۋاز ئىگىسـىنى دەرھـال تونۇپ، ئىتتىـك ئۇنىڭـغا يېقىنلاشتى.

— مېھرىۋان بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۇرۇيسىز؟

— ھازىرلا چىقـىشىم، خىيال بىلەن مۇشۇ يەرگە كېپقاپتە-مەن، — دىدى قىز.

ئۇنىڭ ئاۋازىـنىڭ غەلىتە تىترەپ چىقىۋاتـقىنىنى پايقىغان ئالىم:

— بىرەر يېرىڭىز ئاغرىمايدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ئەندىشە

بىلەن ۋە ئالمان ـ تالمان يانچۇغىدىن سەرەڭگە چىقاردى.

ــ سەرەڭگە ياقماڭ، ــ دېدى مېھرىۋان ۋە قايغۇلۇق تاۋۇشتا سوزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئالىم ئاكا، ئۇلار سىزنى..... ئۇ ئارتۇقچە سوزلىيەلمىدى.

ــ مېھرىۋان، قەدىرلىك يولداش، ــ دېدى ھاياجانلانغان ئالىم، ــ مەن ھەممىنى بىلىمەن، بۇگۇنكى مەجلىستە مەن توغرىلىق قانداق قارار چىقىرىلغىنىنىمۇ بىلىمەن. بۇ ئىشقا مەن ئالللقاچان ئىدىيە جەھەتتە ھازىرلىنىپ قويغان، لېكىن مەن...... مەن سىزگە ئوخشاش ئاق كوڭۇل، ئادىل بىر سەپداشنىڭ، كوپچىلىك ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماڭا ئىشەنگىنى ئۇچۇن ئوزەمنى تولىمۇ بەختلىك ھىساپلايمەن! ئىشەنچىم كامىلكى، ھەقىقەت بەرىبىر غەلىبە قىلىدۇ!

ئوزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغان مېھرىۋاننىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدى نازۇك ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. ئالىمنىڭ سوزلىرى ئۇنىڭ مادارسىزلانغان ۋۇجۇدىغا قايتا كۇچ بېغىشلىدى. "ئېخ، ئالىم! ــ دەپ ئويلىدى ئۇ، ــ نىمە دېگەن ئومىتۋار ئادەمسىز ـ ھە؟ مېنىڭ شۇ تاپتا قانداق قارارغا كەلگەنلىگىمنى بىلەمسىز كىن؟ ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى ئوخشاش، بېشىمىزدا قارا بۇلۇتلار قانچە ھوكۇرىمىسۇن، مەن دائىم سىز بىلەن بىر سەپتە ماڭىمەن!"

ئۇ بېشىنى كوتىرىپ ئالىمغا قارىدى. ئوشتۇمتۇت چېقىلغان چاقماق يورىغىدا ئۇنىڭ كوزلىرى ئالىمنىڭ دەرتمەن، ئومىتلىك، ئىشەنچ ۋە جاسارەتكە تولغان كوزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇز قەلبىدە كېيىنكى چاغلاردا پەيدا بولۇپ بارغانسېرى كۈچەيگەن ۋە شۇ تاپتا تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنى دولقۇنلىتىۋاتقان ھەم شېرىن ھەم ئازاپلىق تۇيغۇلارنىڭ كۈچى بىلەن جانلىنىپ كەتتى.

— ئالىم ئاكا، سىز ناھايىتى ياخشى ئادەمسىز، مەن ئۇزەمگە قانداق ئىشەنسەم سىزگىمۇ شۇنداق ئىشىنىمەن. ھەئە، مەن سىزگە چىن قەلبىمدىن ئىشىنىمەن.

ھاياتتا شۇنداق مىنۇتلار بولىدۇكى، ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن بىرەر ۋەقە، ئېيتىلغان بىرەر ئېغىز سۆز بەزىدە نەچچە يىللىق، نەچچە ئون يىللىق ئومرۇڭدە كورگەن ئىشلار ۋە ئاڭلىغان سوزلەرىدىنمۇ چوڭقۇرراق مەزمۇننى بېرەلىشى مۇمكىن. ئالىم تېخى بۇنىڭدىن 2 ئاي بۇرۇن ئۇزىگە غەزەپ-نەپرەت بىلەن قارىغان قىزنىڭ شۇ تاپتا ئېيتقان ئاشۇ بىرنەچچە ئېغىز سوزىدىن سادىق دوستىنىڭ ئۇزىگە بىلدۇرگەن يۈكسەك ئىشەنچىسىنىلا ئەمەس، يەنە ياش قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان مېھرى-ۋاپا، ساداقەت ۋە ئۇزىنى بېغىشلاش ئىستىگىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتى.

— رەخمەت مېھرىۋان، — دىدى ئۇ ۋە قاداق باسقان قوللىرى بىلەن قىزنىڭ نازۇك، ئوتتەك قىزىق قوللىرىنى تۇتۇپ مەھكەم قىستى، — مەن سىزگە ئومۇرۋايەت قەرزدارمەن!

ئالىمنىڭ ئوتلۇق نەپىسىنى ئۇز مەڭزىدە سەزگەن مېھرىۋان ئالىمنىڭ كوكرىگىگە بېشىنى ئاستا قويىدى، ئالىم ئۇنىڭ تىترەپ

تۇرغان قەددىنى باغرىغا مەھكەم باستى. ئۇلار شۇ تاپتا ئۆمۈر يولىنىڭ ئاچىلىدا ئۇچرىشىپ، بىر يولغا بىرلىكتە قەدەم تاشلىغان چاغدا نىسىپ بولغان بۇ يېڭى بەختىنىڭ شېرىن لەززىتىنى سۇرمەكتە ئىدى......

**خالىدىن ساتتار**

# بوراندىكى بۆركۈت

تاڭ شەپىغى چىڭگىز تېغىنىڭ دولقۇنسىمان چوققىلىرىغا قىزىل جىيەك تۇتۇپ، تۈن پەردىسىنى كوتىرىپ تاشلىماقتا ئىدى. ئىشچىلار رايونىدا خورازلار بەس-بەستە چىللاپ، يېڭى بىر جەڭگىۋار كۈننىڭ باشلانغانلىغىدىن دېرەك بەردى.

زاۋۇت بىناسىنىڭ ئالدىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئىشچىلار رايونىغىچە سوزۇلغان كەڭ تاش يولدا خېلىلا مايلىشىپ كەتكەن ئىشچى كىيىمى كىيگەن، ئوتتۇرا بويى، قاۋۇل بىر يىگىت چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ نېفىت ئېلىش 2-ئەترەدىنىڭ باشلىغى ئىمىن ئىدى. ئىمىن ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشىگە كورپۇسلار ئارىسىدىن ياش ئىشچى ۋەلى يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئاچچىغى بىلەن ۋاقىردى:

— ئەترەت باشلىغى، شۇمۇ قىلىقمۇ؟

ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگەچكىمۇ ياكى جىلى بولغانلىقتىنمۇ تېز - تېز نەپەس ئالاتتى. ئىسمىن ئۇنىڭ باش - ئايىغى يوق گېپىگە بىردىنلا چۈشىنەلمەي سورىدى:

— شياۋ ۋەن، نىمە گەپ؟

— نىمە گەپمىش!؟ — دىدى ۋەنلى بويىنىنى تولغاپ، — نىمە گەپ ئىكەنلىكىنى ئۆزىڭىز بىلەرسىز؟!

بۇ چاغدا جاڭ ئۇستام، تېخىنىك لى گو باشلىق بىرنەچچە ئىشچىلارمۇ يېتىپ كەلگەن ئىدى. جاڭ ئۇستام ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختاپ:

— شياۋ ۋەن، گەپنى ئالدىرىماي ئوچۇق قىلچۇ، زادى نىمە ئىش بولدى؟ — دىدى.

— نىمە ئىش بولماقچىدى، تېخى ئاخشاملا "بىر تامچە نېفىت دۈشمەنگە ئېتىلغان بىر تال ئوق، بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز بىرمۇ قۇدۇقنى قاقمايمىز" دەپ تۇۋلىغان ئادەم مانا بۈگۈن "موم قىرىش پىچىغى چۈشمىگەن قۇدۇقلارنى تاقىۋېتىڭلار" دەپ بۇيرۇق قىپتۇ، 11 - پونكىتنىڭ ھەممە قۇدۇقلىرى تاقىلىپ كەتتى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىمىننىڭ ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ كەتتى، مۇشتلىرى ئىختىيارسىز چىڭ تۈرۈلدى. لېكىن ئۇ، ئادىتى بويىچە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ۋەنلىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، سەممىي ھالدا سورىدى:

— شياۋ ۋەن، بۇ قانداق ۋەقە، باشتىن - ئاياق سوزلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باقچۇ؟!

شياۋۋەن تازا جىلى بولغان ئىدى. لېكىن ئۇ، ئىمىنىنىڭ بۇنداق سالماقلىق قىياپىتىنى كورۇپ، "ئارتۇقچە قوپاللىق قىلىۋەتتىممۇ، قانداق"دەپ ئويلاپ، ئويۇلۇپ قالدى. ئۇ جاڭ ئۇستامغا قاراپ قويۇپ سوزلەشكە باشلىدى:

— مەن شياۋجۇ بىلەن كېچىلىك ئىسمىنىغا چىققان ئىدىم، ئىككىمىز ئىككى تەرەپكە بولۇنۇپ موم تازىلىغىلى كەتتۇق. كېچە سائەت 2 دە شياۋجۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: ئەترەت باشلىقى 11-پونكىتتا "موم قىرىش پىچىغى چۇشمىگەن قۇدۇقلارنى تاقىۋېتىڭلار، دەپ تېلېفون بېرىپتۇ، بىز قانداق قىلىمىز" دىدى. مەن ئىشەنمەي ئەترەت باشلىقى "ئىمىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ" دىدىم، شياۋجۇ: "ئىشەنمىسەڭ ئوزەڭ بېرىپ سوراپباق" دىدى، مەن يۇگۇرۇپ پونكىتقا كېلىپ، ئەترەتكە تېلېفون بەرسەم ئادەم يوق ئىكەن، شۇ ئارىدا 11-پونكىتتىكى فەن سىچى كىرىپ كەلدى-دە: "تاقاپ بولدۇڭلارمۇ، جۇرۇڭلار، كېتىمىز"، — دىدى. مەن "مەن ئىشەنمەيمەن، قۇدۇقنىمۇ ئەتمەيمەن"، — دىدىم، ئۇ "ئىشەنمەيدىغان ئىمىسى بار، مەن ئوز قۇلىغىم بىلەن ئاڭلىدىم. ھەي، بىز بولساق بىر ئىشچى، ئەت دىسە ئېتىمىز، ئاچ دىسە ئاچىمىز، زامانەڭ تۇلكە بولسا، سەن ئۇنىڭ تايغىنى بول، دىگەن گەپ بار، ھازىر ھەممىسى ئەمەل بىلەن گالنىڭ كويىدا كويۇپ يۇرىدۇ، كىم بىلىدۇ، ئىمىنمۇ بىرەر ئامەتنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالدىمۇ! "ئالتۇن كورسە پەرىشتىمۇ

يولدىن چىقىدۇ-دە» دېدى. مەن: «نېمە بولسا بولسۇن، كەتمەيمەن» دېدىم. كېيىن ئۇيىلىغانسېرى ئوغام قايىنىدى، زادىلا ئولتۇرالماي قالدىم، ئاخىرى شىياۋجۇنى پونكىتتا قالدۇرۇپ، ئۆزەم ئەترەت باشلىغىنى ئىزلەپ كەلگەن ئىدىم.

— بۇ بىر سۇيىقەست! — دېدى تېخىنىڭ لى گو غەزىۋىنى باسالماي، — كۆرەش كەسكىنلىشىۋاتىدۇ، سىلەر قۇدۇقنى ئەتمەي ياخشى قىپسىلەر.

كۆرەش ھەقىقەتەنمۇ كەسكىنلىشىپ، قالايمىقانچىلىق كۆپەيگەن ئىدى. ئۆلۈشكۈن زاۋۇت پارتكومى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، ياچېيكا سېكرېتارلىرى يىغىنىنى ئاچتى، ئىمىنمۇ يىغىنغا قاتناشقان ئىدى. ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاتالمىش «ئېقىمغا قارشى تۇرۇش جەڭچىلىرى» «زاۋۇت پارتكومىغا ئوچۇق خەت» دىگەن بىر نېمىنى كۆتىرىپ كىرىپ «پارتكوم ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئىنقىلاپنى باستى» دەپ چۇقان كۆتىرىپ، پارتكوم سېكرېتارىنى قورشاپ، يىغىننى قالايمىقان قىلدى. ئىمىن يىغىندىن قايتىپ كەلگەندە، 12-پونكىتنىڭ مەسئۇلى كىرىم «ئاغرىپ قالدىم» دەپ يېتىۋالغان، 12-پونكىتنىڭ قۇدۇقلىرى بولسا بىر كۈندىلا پۈتۈنلەي ئېتىلىپ كەتكەن ئىدى. ئىمىن كەچتە ياچېيكا كېڭەيتىلگەن يىغىننى چاقىرىپ، بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرىگە قويغان ئىدى. ئىمىننىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەيلا، چاۋار ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇۋەتتى، «ئىنقىلاپ ياخشى قىلىنسىلا، ئىشلەپچىقىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزلۈكىدىن يۇرۇشۇپ كېتىدۇ، قۇدۇقلارنىڭ ئېتىلگەنلىكى، لاققا-لۇققىلارنىڭ چېقىلغانلىقىنىلا كورۇپ، چوڭ ئىشنى-لۇشىيەن كۆرىشنى ئۇنتۇپ قالىماڭلار" دەپ چالۋاقىغان ئىدى. چاۋارنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن ئىمىن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا قەتئى رەددىيە بەردى:

—بىزدە ئەمىلىيەتتە يوق سوپىدىن، تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى، دىگەن گەپ بار، —دىدى ئىمىن چاۋارنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ، —سەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشمىزغا نېفىتنىڭ قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ "ئىنقىلاپ" قىلىشقا چاقىرىش، ۋەتىنىمىزگە "نېفىت گادىيى" قالپىقىنى يېڭىۋاشتىن كىيگۈزۈشكە ئۇرۇنۇش بولماي نىمە؟

مەجلىس ئەھلىمۇ چاۋارنى تەرەپ-تەرەپتىن ئەيىپلەشتى. چاۋار ئۆزىنىڭ يېتىم قىلىپ، قولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، كېرىمنى ئىشقا سالماقچى بولۇپ، ۋاقىراپ-جاقىراپ گەپنى يوتكىۋەتتى:

—سەن توھمەت قىلىۋاتىسەن! —دىدى ئۇ كەينىگە داجىپ، قولى بىلەن كېرىمنى كورستىپ داۋام قىلدى، —بوپتۇ، مېنىڭمۇ نىمە دىسەڭ مەيلى، كېرىمدەك يېقىن ئاغىنەڭگىمۇ توھمەت قىلامسەن؛ 12-پونكىت ئۇنداق، 12-پونكىت بۇنداق دەيسەن، 12-پونكىتنىڭ قۇدۇقلىرى ئېتىلگەندە، كېرىمنىڭ ئاغرىپ قېلىپ مىدىرلىيالماي ياتقانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ. يېغا ياندىن، بالا

قېرىنداشتىن دەپ، 12 ـ پونكىت قۇدۇقلىرىنىڭ ئېتىلىپ قېلىش جاۋابكارلىغىنى نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىتتىرىسەن؟!

كېرىم ئۇزىنىڭ "ئاغرىپ قالدىم" دەپ ئىككى كۈن ئىشقا چىقماي قويۇشى بىلەنلا پونكىتتىكى قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئېتىلىپ كەتكەنلىگىدىن خېلىلا چۆچۈگەن ئىدى. ئۇ بۈگۈن مەجلىسكە زورمۇ ـ زور كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەجلىستە بولۇۋاتقان تالاش ـ تارتىشلارغىمۇ قۇلاق سالماي، بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈگدەپ ئولتۇردى. چاۋارنىڭ "12 ـ پونكىت ئۇنداق، 12 ـ پونكىت بۇنداق" دەيسەن "كېرىمدە نىمە گۇنا" دىگەن سوزىنى ئاڭلاپ، "ئىمىن مېنى تالىغىلى تۇرغان ئىكەن ـ دە" دەپ ئويلىدى ـ دە، چاچراپ قوپۇپ:

— ئىمىن بوش تۇرسام جاۋابكارلىقنى ماڭا ئارتماقچىمۇ سەن. مەن سېنىڭ ئارپاڭنى خام ئورىغانمىدىم؟! — دەپ چۇقان كوتىرىشكە باشلىدى.

ئىشنىڭ ئۇزىنىڭ كۆتكىنىدەك بولۇپ چىقىۋاتقانلىغىنى كورگەن چاۋار، تومۇرنى قىزىغىدا سوقماقچى بولدى ـ دە:

— ئىمىن، — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى ئۇچلاپ، — سەن زادى مەجلىس ئاچماقچىمۇ ياكى باشقىلارنى بوزەك قىلماقچىمۇ؟ "ئىنقىلاپ" مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىكەنسەن، قاتنىشىمەن، بولمايدىكەن قاتناشمايمەن، — ئۇ شۇ سوزلەرنى ئېيتىپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى، بوسۇغىغا كەلگەندە

www.uyghurkitap.com

توختاپ، — يولداشلار، نىمگە قاراپ ئولتۇرىسىلەر، يۈرۈڭلار.
ئىمىنىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايمىز، — دېدى-دە، چىقىپ كەتتى.
ئۇنى ئەگىشىپ، — ھە، كۆرىمىز تېخى، — دەپ غۇدۇرىغىنىچە
كېرىممۇ چىقىپ كەتتى.

قالغان يولداشلار مەجلىسنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئاخىرىدا سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان ھەممە ئادەمنى كېچىلەپ سەپەرۋەر قىلىپ، زەربىدار ئەترەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ 12-پونكىتنىڭ ئېتىلگەن قۇدۇقلىرىنى ئېچىش قارار قىلىندى. ئىمىن يىغىندىن قايتىپ، بۈگۈنكى ئىشنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلىگەن ئىدى، بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە 11-پونكىتتە بۇ ۋەقەنىڭ بولغانلىقى "ئېقىمغا قارشى تۈرۈش جەڭچىلىرى"نىڭ تېخىمۇ غالجىرلىق بىلەن ھەركەت قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدۇردى. ئىمىن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— يولداشلار ئەلنىڭ كوزى ئەللىك، كىم توغرا قىلدى، كىم خاتا قىلدى، بۇنى ئەل كورىدۇ.

— بۇ تېلېفوننى زادى كىم بەرگەندۇ؟ — دېدى شىياۋۋەن تىت-تىت بولۇپ.

— ئىت سوڭەك غاجىلىغان يەرگە شولگىينى ئېقىتىدۇ، — دېدى جاڭ ئۇستام، — بۇ چوقۇم ئېنىقلىنىدۇ.

بىراق قۇدۇقلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تاقىلىپ كەتتى-دە! — دېدى تېخنىك لى گو ئېچىنغان ھالدا.

شۇنداق، ئۇلار تەتۈر شامال چىقىرىپ ئىشنى ئاقساتماقچى، —

دىدى ئىمىن كوپچىلىككە قاراپ، ــ بىراق شامالنىڭ گۈكىرىشىگە تاغ تەۋرىمەيدۇ. بىز داچىگىلىقلارنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئىنقىلاۋىي روھىنى ئۆگىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىدىغان بولساق، بۇ تەتۈر قويۇنغا چوقۇم تاقابىل تۇرالايمىز.

يىغىندىن كېيىن ئۇلار ۋەلىسىپىتلىرىگە مىنىپ، خۇددى بەيگىگە چۈشكەن چەۋەندازلاردەك كەڭ نېفىتلىككە قاراپ چاپتى.

چاۋار ئويغىنىپ كوزىنى ئاچتى، دەرىزىدىن چۈشكەن قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى ئۇنىڭ كوزىگە سانچىلدى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كوتىرىپ، كارۋاتىنىڭ بالدىقىغا قويدى ـ دە، كوزىنى يۇمغىنىچە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

چاۋار ياغاق يۈز، دوقا ماڭلاي، ئورا كوز، 45 ياشلار چامىسىدىكى پاكار بويلۇق ئادەم بولۇپ، لەقىمى "كىرپە" ئىدى. ئۇنىڭ "چامباشچىلىق" ھۈنىرى بار ئىدى. ئۇ، بۇ "گۇمپىسى"نى دەسمايە قىلىۋېلىپ، بىر قىسىم ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان، ھەتتا 2 ـ 3 شاگىرتمۇ تۇتقان ئىدى. ئۇ، بۇ شاگىرتچاقلىرى بىلەن كېچە ـ كېچىلەپ ھاراق ئىچىپ ئەپسانە ھېكايە ئېيتىپ، ماجاڭ ئويناپ چىقاتتى. باشقىلار بىر نەرسە دېسىلا مۇشت تەڭلەپ ھەيۋە قىلىپ قورقۇتاتتى. شۇڭا ئۇنى بەزىلەر "زومىگەر" دەپمۇ ئاتايتتى. بۇ قېتىم ئۇ بىردىنلا "ئېقىمغا قارشى تۇرۇش جەڭچىسى" بولۇپ قالدى. كېيىنچە يۇقۇرىدىن ئىشەنچلىك يولەنچۇك تېپىۋېلىپ، زاۋۇتتا خېلىلا "بازىرى"

چىقىپ، 2 ـ ئەترەتنىڭ "سەركىسى" بولۇۋالغان ئىدى. "ئىقىمغا قارشى تۇرۇش جەڭچىلىرى"نىڭ بىر قېتىملىق مەخپى يىغىنىدا "يۇقۇرى"نىڭ ئىش توختىتىشلا مەركەز چوقۇم ئىپادە بىلدۇرىدۇ، دىگەن يولىيورۇغى يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ "بۇ ئەترەتتە رەھبەرلىك بەنزىسى تولۇق ئەمەس، موئاۋىن دۇيجاڭ ھىچ ئىشقا ئارىلاش-مايدۇ. پەقەتلا ئىمىن پۈت تىرەپ تۇرۇۋاتىدۇ، كېرىم بولسا ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ يۈرىدۇ، ئىشەكنىڭ گوشى ھارام بولسىمۇ، كۆچى ھالال. كېرىمنى ئىمىنغا سېلىپلا قويساق، ئىش تامام، ۋەسسالام، قوش مېغىزنىڭ تەمىنى شۇ چاغدا تېتىيمىز" دەپ ئىشنى 2 ـ ئەترەتتىن باشلاپ "ئۈلگە كورستىشنى تەكلىپ قىلغان ئىدى. بۇ "تەكلىپ"نىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭمۇ كوڭلىگە پۈككەن پىلانى بار ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھازىر "ئىشلار كوڭۇلدىكىدەك يۈرۈپ كەتكەن" ئىدى. ئاخشامقى يىغىنمۇ بۇزۇلدى. يىغىندىن كېيىن كېرىم ئىمىننىڭ نامىدا ھىلىقى تېلېفۇننى قاملاشتۇرۇپ بەردى، شۇڭا ئۇ بۈگۈن قۇدۇقلارنىڭ تاقىلىپ ئىمىننىڭ تالاڭدا قالغانلىق خۇش خەۋىرىنى كۈتۈپ، كۈن قوزا چۈش بولغىچە ئۇخلىغان ئىدى.

ئۇ، ئىشىكنىڭ بىردىن گۈلدۈرلەپ ئېچىلىشىدىن چوچۇپ كارۋاتتىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى.

ــ مەن دىمىدىمىمۇ، ئىمىن بىر تەلۋە، بۇ ئىشنى قىلمەن دىدىمۇ قىلماي قويمايدۇ! ــ دىدى. قويۇندەك كىرگەن كېرىم چاۋارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ــ ئەسلىدىلا ئىشنى بۇ يەردىن

باشلىماسلىق كېرەك ئىدى، ئەمدى ئۇ يوتقان-كۆرپىسىنى كوتىرىپ قۇدۇق بېشىغا كوچۇپلا بېرىۋاپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چاۋارنىڭ مىڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى، ئۇ سەكرەپ كارۋاتتىن چۈشتى-دە، كىيىمىنىمۇ كىيىشنى ئۇنتۇپ، جوزىنىڭ قېشىغا كېلىپ بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق-قاتتىق شورىدى ۋە كېرىمدىن كوزىنى قاچۇرۇپ دەرىزە ئالدىغا كېلىپ، تەكچىگە قويۇلغان بېلىقدانىدىكى رەڭمۇ-رەڭ بېلىقلىرىغا بىر پەس قاراپ تۇردى. ئاندىن ئۇزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ:

— بوپتۇ، ئۇ ھازىرچە شىلتىڭ ئېتىپ تۇرسۇن، ھازىر ئىچكى ئۇلكىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىسيانچىلار ئېقىمىغا قارشى قوزغالدى. يېقىندا ئۇرۇمچىدىمۇ بىر چوڭ يىغىن ئېچىلىدۇ، پۇتۇن شىنجياڭ قوزغىلىدۇ. ئىمىنىڭ تاماشىسىنى ئەنە شۇ چاغدا كورىمىز، — دىدى.

— ئىش قىلىپ، ئىش ئۇڭدىن كەلسىلا بولاتتىغۇ.

— سەن تېخىچىلا دەككە-دۈككىدە يۇرەمسەن؟ ئىمىندىن قورقۇۋاتامسەن-يە؟

— ھى، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان نىمىسى بار؟

— ئىتمۇ قورققاننى چىشلەيدۇ، ئاخشام ئۇزەڭنى بىر كورسەتىۋېدىڭ، ئۇ ئالاقزادە بولۇپ كېتىپ ئولتۇرالماي قاپتۇ، بىر-ئىككى قېتىم ئۇزەڭنى تونۇتۇپ قويساڭلا، ئۇ تۇگىشىدۇ.

— بىراق، ئۇ ھازىر قۇدۇق بېشىغا بېرىۋالدى-دە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭمۇ ئامالى بار، — دېدى جاۋار قولىدىن قاس چىقىرىپ، — ئەتە كۆرسۇن!

* * *

جاڭ ئۇستام قۇدۇق ئاغزى ئۇسكۇنىسىنىڭ ئاخىرقى بىر تال بولتىسىنى چىڭىتىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ تاش يولغا قارىدى. ئۇنىڭ سەل يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن بىر خىل تەشۋىش ۋە ئەندىشە جىلۋىلىنەتتى. چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ، پېشانىسىدە چوڭقۇر قورۇقلار پەيدا بولدى. ئۇ بېشىنى چايقاپ تىت-تىت بولۇپ، "ھەجەپ كەلمەسكە قالدى" دەپ پىچىرلاپ، پار قازىنى تەرەپكە قارىدى، ئۇ يەردە ئىمىن توپىغا مىلىنىپ، پار قازىنىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى تەكشۈرۈپ، تۈزەۋاتاتتى، ئۇ شۇنچىلىك بېرىلىپ ئىشلەيتتىكى، جاڭ ئۇستامنىڭ ئۆز يېنىغا كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى.

جاڭ ئۇستام ئىمىننى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ "ئىمىن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان خىلىلا جۇدەپ كەتتى، ئاغرىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ" — دەپ ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ غەيرەت-جاسارىتى ۋە جۈرئىتىگە قايىل بولۇپ، "دادىسىنىڭ ئۆزى" دەپ قوياتتى. ئىمىننىڭ دادىسى جاڭ ئۇستامنىڭ دوستى ئىدى، ئۇلار "چىلبۆرىلەر ماكانى، كوداڭ سوكسوكلۇق چۆل"نى ھەيۋەتلىك زامانىۋى نېفىت شەھىرىگە ئايلاندۇرۇش يولىدا مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جاپالىق جەڭ قىلغان ئىدى. ئىمىننىڭ مۇدھىش ئۆتمۈشتە گور ئازاۋىنى

تارتىپ، ئات ـ كالىدىن بەتتەر خارلانغان دادىسى يېڭى جەمـ ـيەتكە چىن مۇھەببەت باغلاپ "ئۆمرۈم ياشاردى، بۇ چولمۇ ياشىنىسۇن" دەپ قان ـ تەرىنى ئايىماي توككەن ئىدى. ئەپ ـسۇسكى، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بۇنىڭدىن 5 يىل بۇرۇن بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمىننىڭ ئائىلىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلگەن جاڭ ئۇستام ئۇلارنى دائىم يوقلاپ تۇردى. ئىمىن زاۋۇتقا كېلىپلا جاڭ ئۇستامنىڭ پونكىتىغا بولۇندى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئۆزىنىڭ راستچىللىغى، ئىشچانلىغى، كەمتەر ـ تىرىشچانلىغى بىلەن ھەممىـ ـنىڭ كوڭلىگە يېقىپ قالدى. ئۇ بىلىمگەننى تارتىنمايلا سورايتتى. سورىغاندىمۇ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى قويماي سورايتتى ـ دە، ئاندىن قايتا ـ قايتا مەشق قىلاتتى. جاڭ ئۇستاممۇ بىلگىنىنى قالدۇرماي سوزلەپ بېرەتتى. ئىنچىكە مەشغۇلاتلارنى قولمۇ ـ قول تۇتۇپ ئۇگىتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ 2 ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا ئادەتتىكى مەشغۇلاتلارنى قىلالايدىغان بولدى، كېيىن مۇئاۋىن زەنجاڭ بولدى. ئاندىن جاڭ ئۇستام بىلەن يەنە بىرەيلەننىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. مانا ئەمدى ئۇ ئەترەت باشلىغى بولۇپ، يۇكنىڭ ئېغىرىنى كوتىرىپ، ئاممىنى باشلاپ بوران ـ چاپقۇنلاردا بوران قۇشىدەك پەرۋاز قىلماقتا، ئۇ ھەر پەللە ئېشىپ، بىر قەدەم ئالغا باسقاندا، جاڭ ئۇستامنىڭ قەلبى ئېپتىخارلىققا تولۇپ ئىختىيارسىز سۆيۈنۈپ كېتەتتى.

ئىمىننىڭ ئاممىنى دادىل يېتەكلىشى بىلەن، 3 كۆنلۈك قاتتىق جەڭ ئارقىلىق، 11 ـ پونكىتنىڭ قۇدۇقلىرى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ بولدى، بۈگۈن 12 ـ پونكىتنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قۇدۇقلىرىغا تۇتۇش قىلىنماقتا. بىراق، كېرەكلىك سايمانلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولغان تېخنىك لى گو بولسا، تېخىچە كەلمەيۋاتىدۇ.

بىردىن ۋەلىنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ قارىدى، ۋەلى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەترەت باشلىقى، ئەترەت باشلىقى، — دېدى ۋەلى هاسىراپ تۇرۇپ، — چاۋار لى تېخنىكنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپتۇ.

— نېمە؟ نېمىشقا ئۇرۇپتۇ؟ — سورىدى ئىمىن.

— لى تېخنىك، سايمان ئېلىپ بەر دېسە، "مانا ساڭا سايمان، سېسىق زىيالى" دەپ ئۇرۇپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېقىن ئەتراپتا ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارمۇ يېتىپ كەلدى، هەممە غەزەپلىنىپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئىمىن يولداشلىرىغا بىر قۇر قاراپ، تەمكىنلىك بىلەن:

— مەن ئۆزەم باراي، — دېدى.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى جاڭ ئۇستام ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — ئىمىن، ئىت ئېتىلغىنى قىلمىسا كۆڭلى تىنمايدۇ، ساڭا بىرەر هادىسە يېتىپ قالسا، پۈتۈن ئەترەتنىڭ ئىشى ئاقسايدۇ. مەن باراي!

ئىمىن ئالدىدا تۇرغان ئۇستازىغا قارىدى ۋە ئۇستىسىنىڭ

قولىنى تۇتۇپ، سەممىلىك بىلەن ھىچكىمگە سەزدۇرمەي قىسىپ تۇرۇپ:

— جاڭ ئۇستام، مېنىڭ بارغىنىم تۇزۇك.

ئىمىن مەردانە قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى. جاڭ ئۇستامنىڭ يۈرىكى ئىمىننىڭ قەدىمىگە تەڭكەش بولۇپ "دۈپ-دۈپ" قىلىپ سوقماقتا ئىدى. ئۇ "سېنىڭ قەلبىڭدە باشقىلارلا بار، پەقەت ئۆزەڭلا يوق" دەپ شىۋىرلىدى جاڭ ئۇستام يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئىمىندىن كوزىنى ئۈزمەي.

* * *

ئىمىن دەسلەپ دوختۇرخانىغا بېرىپ، تېخىنىك لى گونى يوقلاپ بولۇپ، كېرىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ۋاڭ چىڭگۈي باشلىق 6 ـ 7 كىشى ھە دەپ ھويلا چۆرۈۋاتقان ئىدى.

— ھارماڭلار، — دېدى ئىمىن ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ كىنايە بىلەن، — ھە، چاۋاراخۇن سەن بۇ يەردە بىرلەشمە جەڭ قىلىپ بەك جاپا چېكىپسەن ـ دە!؟

ئىمىننىڭ كۆتۈلمىگەندە كېلىپ قېلىشى ئۇلارنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. چاۋار شالاڭ كىرپىكلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئەندىككەن ھالدا ئەتراپىغا بىر قارىدى. ئاندىن گويا ئۆزىنى كورسەتمەكچى بولغاندەك ئالدىغا ئىككى قەدەم تاشلاپ ھەيۋە بىلەن:

— گېپىڭ بولسا تۈزۈك قىل، بولمىسا بىز سېنى چىللىمىدۇق، — دېدى.

— سەندە ئۇنچىلىك جۈرئەت يوق، — دېدى ئىمىن. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆزىدىن ئۇچقان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاۋارنىڭ خۇنۇك كۆز-لىرىگە قادالدى. — مانا مەن سېنى چىللاپ كەلدىم قېنى، ئام-بارغا مەرھەمەت قىل!

— مەن بارمايمەن.

— نېمىشقا؟

— ئىشىم بار.

— سېنىڭ ئىشىڭ ئامبارچىلىققۇ؟!

— بۇنى سۈرۈشتۈرۈش ھەددىڭ ئەمەس!

— مەن، چوقۇم سۈرۈشتۈرىمەن.

ئىمىن چاۋارنىڭ ئەھۋالىنى يىپىدىن-يىڭنىسىگىچە بىلەتتى، ئۇ بۇرۇنلا ياچېيكا يىغىنىدا: "چاۋارغا ھوقۇق تۇتقۇزماسلىق كېرەك"، — دەپ تەكلىپ بەرگەن. ياچېيكا يىغىنىمۇ پۈتۈنلەي قوشۇلغان ئىدى، بىراق ئىمىن ۋاقتىنچە ئىجرا قىلمىغان ئىدى، ئىمىن بۇ پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك قارارىغا كەلدى-دە، ئالدىغا قىستاپ بېرىپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا دېدى:

— سەن ھازىر ئاچقۇچنى تاپشۇر، ھېساۋاتنى ئۆتكەز.

ئاچقۇچ — چۈشىدىمۇ ھوقۇق چۈشەۋاتقان چاۋارنىڭ جېنى ئىدى. ئۇ — "ئاچقۇچ ئاكاڭ قارىغايدا، مەن سايىمان بەرمىسەم سەن نېمە قىلالايسەن؟ دەپ كورەڭلەپ، ھەمرالىرىغىمۇ يەل بېرىپ كەلگەن ئىدى، بۇ ئاچقۇچ بولغاچقا ئۇنىڭغا ئالى سورت-لۇق تاماكا، پېچەتلىك "شىپىك" ھارىقى، "بوداق قويىنىڭ گۆش"لىرى ئۆزلۈكىدىن كېلىپ تۇراتتى. شۇ ئاچقۇچنىڭ خاسى-

يىتىدىن ئۇنىڭ قولى ئۈزۈلۈپ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولىدىغان "ئىككى دۇنيالىق" دوستلىرى كوپەيگەن ئىدى. بۈگۈن ئىمىن ئۇنىڭ بۇ ئەگۈشتەرىگە قول سوزماقتا، ئۇ گويا يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىدىغاندەك ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى چىڭ قىسىپ، ئىختىيارسىز كەينىگە داجىپ:

— بەرمەيمەن، بەرمەيمەن، — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

— بۇ ياچېيكىنىڭ قارارى.

— مەن، ياچېيكىگىنى تونۇمايمەن، مەن "مەركەزنى تونۇيمەن" ئاچقۇچنى ئولسەممۇ بەرمەيمەن، — چالۋاقىدى چاۋار.

— ھە، ئەمدى بىر ئېغىز بولسىمۇ يۈرەك سوزۇڭنى ئېيتتىڭ، — دىدى ئىمىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، — ھوقۇق دىسە جېنىڭنى بېرىدىغان ئەپتى-بەشرەڭنى ئاشكارىلىدىڭ. بىلىپ قوي، سېنىڭ قىلغانلىرىڭ ئاز ئەمەس.

— بۇ توھمەت، ھاقارەت!

— باشقىلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، ھازىر قىسىنى ئالايلى، — دىدى ئىمىن دوۋلىنىپ تۇرغان قوم-توپا، خىش-كېسەك، ياغاچ-لىم باغلاپ تەخلەپ قويۇلغان قومۇش، ئىشىك-دەرىزە ۋە خالتىسى بىلەن ياتقان سىمونتلارنى كورسىتىپ، — دولەتنىڭ بۇ نەرسىلىرىنى خالىغانچە يوتكەپ كېلىپ، خۇسۇسى ئىشقا ئىشلىتىش جىنايەت ئەمەسمۇ؟

ئىمىن ئۇنىڭ دولەت مۈلكىنى دەسمايە قىلىپ، ھايانكەشلىك، خىيانەت قىلغىنىدىن تارتىپ، قۇدۇقلارنى تاقاپ، ئىشلەپچىقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىشقا بوزغۇنچىلىق قىلغىنىغىچە، باشقىلارنى ئالداپ ئازدۇرغىنىدىن تارتىپ، پارتىيىگە قارشى تۇرغان جىنايەتلىرىگىچە بىرمۇ-بىر پاش قىلىپ تاشلىدى. ئىمىننىڭ ھەققانى ئەيىپلەشلىرى ئۇنى ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ "ھېچكىم ئۇقمايدۇ" دەپ يۈرگەن خىيانەت مەسىلىلىرىنىڭ ئېچىپ تاشلانغانلىقى جېنىغا تەگدى. ئۇ ئەلەمدىن غەزەپكە كېلىپ، خۇددى غالجىر ئىتتەك پىقىراپ كەتتى، ئالدىبۇرۇن قولىدىن چۈشۈپ قالغان ۋادۇسىنى قولىغا ئېلىپ، ئىمىنگە تەگلەپ دەۋەيلىدى. ئىمىن چاقىقانلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— چاۋار! — دېدى ئىمىن ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ، — ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چاۋارنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقە چاقماقتەك چېقىپ ئۆتتى: بىر قېتىم بىرلەشمە جەڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، دەم ئېلىش ئارىلىقىدا چېلىش بولدى. چاۋار بىر يىگىتنى يىقىتىۋالغاندىن كېيىن مەيدىسىنى كېرىپ، "مېنىڭ ئىمىن دۈيجاڭ بىلەن چېلىشىپ باققۇم بار" دەپ كورەڭلەپ كەتتى. ئىمىننىڭ "مەن چېلىشمايمەن" دېگىنىگە قارىماي، ئۇنى سورەشكە باشلىدى، ئىمىن ئىلاجسىز مەيدانغا چۈشتى، چاۋار "پەيت كەلدى، بۇنى راسا كېلىشتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپ، باش كۆتىرەلمەس قىلىۋېتەي" دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بار كۈچىنى يىغىپ، ھەممە گۇمپىسىنى ئىشقا سېلىپ،

تېپچەكلەشكە باشلىدى. ئىمىن بولسا ئۇ قاياققا سورىسە، شۇ ياققا بۇرۇلۇپ تۇرىۋەردى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى چاۋار چىڭقىلىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمدى. ئۇ، ۋاقتىدا يانپاشقا ئالاي، بولمىسا ھاردۇرۇپ قويىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويىچە شاپىلا قىلىپ ئىمىننىڭ "ئىچ قويىنىغا كىردى"، لېكىن كۈتمىگەندە، ئىمىن كاپىلا قىلىپ بىر قولىدا ئۇنىڭ گەژگىسىدىن، بىر قولىدا كاسىسىدىن قاماپ تۇتتى-دە، خۇددى چۈجە ئالغان سادەك ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بېشىدىن ئاشۇرۇپ كوتىرىۋالدى. چاۋار "ئىم، ئەمدى تۈگەشتىم" دەپ قورقۇپ تامدەك تاتىرىپ كەتتى، ئىمىن بولسا ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنى "يەرگە ئۇرمىدى" ئەكسىچە مەيداننى بىر ئايلاندۇرۇپ چىقىپ پەم بىلەن ئۆز ئورنىغا ئاستا قويۇپ قويدى. پۈتۈن مەيداندىكىلەر چۇقان سېلىشىپ كەتتى. چاۋار ئەلەمدىن ئۆلگۈدەك بولدى، شۇ چاغدا چاۋار "بۇنىڭ گۈمپىسى بار ئىكەن" دەپ ئىككىنچى ئىمىن بىلەن تۇتۇشماس بولغان ئىدى.

— چاۋار، — ئاچقۇچنى ئەككە، — دىدى ئىمىن ئۇنىڭ قولىنى تېخىمۇ قىسىپ.

چاۋار ئەمدى يەنە بىشەملىك قىلسا ئۆزى ئۈچۈن ياخشى ئاقىۋەت يوقلۇقىنى سېزىپ، ئىلاجىسىز ۋادۇنى تاشلاپ، بەل تاسمىسىغا زەنجىرلەپ قويغان ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىمىنگە ئۇزاتتى.

* * *

"ئىمىن ئېتىلگەن قۇدۇقلارنى ئېچىپ بوپتۇ، چاۋارنىڭ كەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ىنگە كىرىپ ئىشقا چىقمىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىمىن مەيدانىغا قايتىپتۇ، ئەتە زاۋۇت پارتكومى ئۇ يەردە نەق مەيدان يىغىنى ئاچىدىكەن" دېگەن خەۋەر ھەش-پەش دېگۈچە ھەممىگە ئاڭلاندى.

كېرىم بۇ خەۋەرنى خوتۇنىدىن ئاڭلاپ، خۇددى ئىلان چاقـ قاندەك تولغۇنۇپ تىپىرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنىنىڭ زەردە بىلەن: "چاۋار دېگەن بىرنىمىنى خۇددى ئاتاڭدەك قىلىپ كېتىۋىدىڭ، ئەمدىغۇ تويغانسەن" دېگەن تاپا-تەنىسى ئۇنى تۇگمەن تېشىدەك بېسىپ قەددىنى بۈكلىۋەتتى. ئۇ بېشىنى ئىككى ئالقىنىدا قىسىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

ئوتكەندە ئىمىن كېلىپ چاۋارنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى ئامبارچىلىقتىن ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن، كېرىم: "چاۋارلارنىڭ ئىشىمۇ، گۆلدۈرى بار، يامغۇرى يوق ئىشقا ئوخـ شايدۇ" دېگەن ئويغا كېلىپ، ھويلا چۆرۈشتىنمۇ قول سىلكىگەن، چاۋاردىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۆيدىن چىقماي يېتىۋالغان ئىدى. مانا ئەمدى ھەممە ئايدىڭ بولدى. ئىمىن يېڭىپ چىقتى. "ھەي، باشتىلا ئىمىننىڭ گېپىگە كىرسەم بۇ بالاغىمۇ يولۇقماس ئىكەنمەن، ئۇ مەن بىلەن سوھبەتلەشكىلى 20-30 قېتىم كەلدى، ۋاپاغا جاپا قىلىپ قوغلاپ چىقىرىۋەتكىنىمچۇ"، ئىمىن باشتىلا:

— يولداش كېرىم، ئوغىدىن شىپا ئىزلىمە، ئوغرىدىن ۋاپا، ئەمدى چاۋارغا ئەگەشكەنىڭ پايدىسى يوق، بىز ۋاقىرىغان

شوئاربغا ئەمەس، ئەمىلىي ئىشىغا قارىشىمىز لازىم. قارىغىنا، كەڭ ئامما نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، چاۋارىنىڭ كەينىگە كىرىپ، سىلەر نىمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر، ــ دەپ ئەسكەرتكەن ئەمەسمۇ؟

"ھەي، ھەممە گۇنا ئۇزەمدە!......" كېرىم ئەنە شۇنداق پۇشايماندا پۇچۇلۇنۇپ، كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى، تاڭ سۇزۇلگەندە قاپاقلىرى غەينۇلدەك ئېسىلىپ، كوزلىرى قىزىرىپ، خامۇش بولۇپ قالدى.

ــ ئۇيدە ئولتۇرۇپ، بېشىڭنى تامغا ئۇرساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، ــ دىدى ئاخىرى ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي دىگەن خوتۇنى يول كورسىتىپ، ــ ئىمىنىنىڭ ئالدىغا بارمامسەن، ئىككىڭلار بۇرۇن خېلى يېقىن ئىدىڭلارغۇ؟

ئىمىن بىلەن كېرىم ھەقىقەتەنمۇ قەدىناس دوستلار ئىدى. ئۇلار بىللە ئوستى، بىرگە ئوقۇدى، بىر كۇندە شەرەپ بىلەن نېفىتچىلار كىيىمىنى كىيىپ، بىر ئەترەتتە ئىشچى بولدى، خوشاللىقىمۇ ـ قايغۇدىمۇ بىرگە بولدى. كېيىن مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى باشلانغاندا، بەزى مەسىلىلەر ئۇستىدە بۇ ئىككى دوست ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كېلىپ چىقتى. كېرىم كېيىن "ئىسيان كوتىرىش"، "ئېقىمغا قارشى تۇرۇش" مەستانىلىرىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكىلى تۇردى. ئىمىن ئۇنىڭ بەزى كەمچىلىكلىرىنى كورسىتىپ بەرسە، ئۇ، "تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلەۋاتىدۇ"، "پادا باققاندا دوست بولۇپ، ياڭاق چاققاندا ئايرىلغان ئوخشايمىز" دەپ گۇمانلىنىپ يۇردى. ئاداشقانغا ياماشقان دىگەن-

دەك ئىمىندىن يىراقلىشىپ، ئاخىرىدا چاۋارغا يولۇقتى.

كېرىم خوتۇنىنىڭ كېپىنى ئاڭلاپ ئەقىل تاپقاندەك بولدى، لېكىن چاۋارنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ قىلغان ئىشلىرىنى — يالغان ئاغرىق بولۇۋېلىپ 12 - پونكىتنىڭ قۇدۇقلىرىنىڭ ئېتىلىشىگە سەۋەپ بولغانلىقى، چاۋارنىڭ بىر بوتۇلكا ھارىقىنى ئىچىپلا ئىمىننىڭ نامىدا تېلېفون بەرگەنلىكى ......نى ئويلاپ "ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارارمەن" دەپ ئىككىلىنىپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئىشىكنى بىرسى قاقتى، ئۇ، بۇ قاق سەھەردە كەلگەن كىمدۇ، دەپ ھەيران بولۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىمىن بۇرۇنقىدەكلا مۇلايىم، يېقىملىق كۈلۈپ تۇراتتى، كېرىم بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ قەلبى ئۇركەشلەپ، كوزىگە لوممىدە ياش كەلدى ۋە: "ئىمىن، جان دوستۇم!" دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئوزىنى ئىمىننىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

— بۇ ساۋاقنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، — دېدى ئىمىن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە دوستانە قېقىپ تۇرۇپ، — ياخشى-يامانىنى كوردۇڭغۇ.

ئۇلار بىر پەس سوھبەتلەشكەندىن كېيىن ئىش مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتى.

* * *

ئۇلار كەلگەندە ئىش مەيدانى ئاجايىپ جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. ۋەلىسىپىت بىلەن ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ئىمىن بىلەن كېرىم بۇ جەڭگىۋار مەنزىرىگە تويماستىن قارايتتى.

هكايىلەر

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1980 - يىل 3 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1980 - يىل 3 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
قاتتىق قەغەز مۇقاۋىلىغىنىنىڭ باھاسى: 1.30 يۈەن
ئاددى مۇقاۋىلىغىنىنىڭ باھاسى: 0.85 يۈەن

ئەنە نېفىت ئېلىش ئىشچىلىرى خۇددى باھار قالىغاچلىرىدەك قۇدۇقلار ئارىسىدا پەرۋاز قىلماقتا. قۇدۇق بېشىدا ياش ئەزىمەتلەر نەچچە مىڭ مېتىر ئۇزۇن سىمغا ئۇلانغان موم قىرىش پىچىغىنى كۈچ بىلەن بېسىپ، بىر سۈڭ-بىر سۈڭدىن قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈرۈپ موم تازىلىماقتا. ئۇلارنىڭ يۈزىدىن مونچاقتەك تەر تامچىلىرى سىرغىپ چۈشمەكتە. ئۇلارنىڭ بىلەكلىرى زورۇقۇپ ئىششىپ، پۇتلىرى تاياقتەك قېتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممە كىشىنىڭ چىرايىدا بىر خىل غەلىبە شاتلىقى جىلۋىلىنەتتى. ئۇزۇن سوزۇلغان تۇرۇبىلاردا دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان نېفىت ئېقىمىغا ئىشچىلىرىمىزنىڭ قانچىلىك قان-تەرلىرى سىڭىۋاتىدۇ-ھە!؟

كېرىم بىلەن ئىمىن جاڭ ئۇستام ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئىگىزلىككە يېتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا پايانسىز نېفىتلىك قۇچاق ئاچتى.

باھار شامىلىدا قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلاتتى...... كەڭ نېفىتلىك تاڭ قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرىدا تاۋلىنىپ، ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.